زۇلپىقار بارات ئۆزباش

# جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى

ISBN 7-5372-3768-9
9 787537 237680 >

ISBN7-5372-3768-9
(民文) 定价:36.00 元

www.uyghurkitap.com

جانغا ئەسقاتىدىغان

# سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى

تۈزگۈچى: زۇلپىقار بارات ئۆزباش

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

实用《快乐英语》语法手册/祖力菲卡尔·巴拉提编
乌鲁木齐/：新疆人民卫生出版社，2004.5
ISBN 7－5372－3768－9

Ⅰ．实… Ⅱ．祖… Ⅲ．英语—语法 Ⅳ．H314
中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 048772 号

责任编辑：胡尔西达· 阿布都热衣木阿吉
责任校对：热依汗·努尔

**实用《快乐英语》语法手册**
（维吾尔文）
祖力菲卡尔·巴拉提 编
*　*　*
新疆人民卫生出版社出版
（乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮编：830001）
乌鲁木齐市新协印务有限公司印刷
新疆新华书店发行
*　*　*
850×1168 毫米　32 开本　23.5 印张
2004 年 5 月第 1 版　2004 年 5 月第 1 次印刷

印数：1 — 3000　定价：36.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

بىر-ئىككى يىل ئىلگىرى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە خېلى يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان چاغلىرىمدا، ئۈرۈمچىدىكى «ۋىسال تېز تاماقخانىسى» ۋە «مەڭگۈ تاش» قىرائەتخانىسىدا بولىدىغان ئىنگلىزچە سۆھبەتلەرگە قاتنىشىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا ئىنگلىزچە ئۆگىنىش دولقۇنىنىڭ ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، ئىنگلىزچە بىلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولاتتىم. بەزى ئوقۇغۇچىلار مېنى ئورىۋېلىپ ھەر خىل تېمىلار ھەققىدە قاراشلىرىمنى سورايتتى، ئىنگلىزچە سۆزلىشىش داۋامىدا «be پېئىلىنى زادى قانداق ئەھۋاللاردا ئىشلەتسەك مۇۋاپىق بولىدۇ؟»، «مۇئەللىم، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىل قانداق بولىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا دۇچ كېلەتتىم. بۇرۇندىن ئىنگلىزچىنى ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ ياكى دەرسخانىدا بۇ تېمىدىكى گرامماتىكا دەرسلىرىنى جىق ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر بۇنداق سوئاللارغا نەزەرىيىۋى گەپلەرنى ئارىلاشتۇرماي، چۈشىنىشلىك تىلدا جاۋاب بېرىشكە تىرىشاتتىم. پاراڭ ئارىلىقلىرىدا ئىنگلىز تىلىنى خېلى ئۇزۇن ئۆگەنگەنلەرنىڭ، «داشۆ ئىنگلىز تىلى» نىڭ 4-، 5-قىسىملىرىنى كۆتۈرۈۋالغانلارنىڭ ۋە ھەتتا بىر قىسىم «ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى» نىڭ ئاغزىدىن 《You must be learn》, 《I was worked》 دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قالاتتىم، بۇنداق چاغدا سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ خاتا سۆزلەۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ توغرا سۆزلەشكە دىققەت قىلمايدىغانلىقى، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئەقەللىي قائىدە-قانۇنىيەتلىرىدىن خەۋىرى يوقلۇقى مەلۇم بولۇپ قالاتتى. كېيىن مەن ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ خېلى بىر مەزگىلگە بارغاندىن كېيىن ياخشىراق ئىنگلىز تىلى گرامماتىكا قوللانمىلىرىنى كۆرۈپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلدىم. بىر نەچچە ئوقۇغۇچۇم بەزى گرامماتىكا كىتابلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ ھېچقانچە نەپ

ئالالمىغانلىقىنى، ئىزدىگەن يېرىمنىڭ شۇ كىتابلاردىن چىقمىغىنىنى ئىنكاس قىلىشتى. كېيىن تەھلىل قىلسام، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسىنى بەك تەس دەپ ئويلايدىكەن ۋە ئۆزى چۈشەنمىگەن گرامماتىكىلىق ئاتالغۇلارنى نوپۇزلۇق، ئىنچىكە يېزىلغان كىتابلارنىڭ قەيىرىدىن ئاختۇرۇشنى بىلمەيدىكەن. ئەمەلىيەتتە، تىلشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى ئاسان دەپ قارىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن «سەرخۇش ئىنگلىز تىلى» دەرسلىكىنى يېزىش داۋامىدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنگلىزچە ئۆگىنىشىگە ئەمەلىي نەپ بېرىدىغان بىر ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى قوللانمىسى تۈزۈش نىيىتىگە كەلدىم ۋە باشقا گرامماتىكا كىتابلىرىدىن پەرقلىق يول تۇتۇش، كىتابنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق «جانغا ئەسقاتىدىغان» بولۇشى ئۈچۈن گرامماتىكىلىق ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە كارتا تۇرغۇزۇپ رەتلەشكە باشلىدىم، مىساللارنىڭ چۈشىنىشلىك، ئاممىباب بولۇشىغا دىققەت قىلدىم، زۆرۈر تېپىلغاندا بەزى مەزمۇنلارنى ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۇردۇم. بۇ جەرياندا ھېس قىلغىنىم شۇ بولدىكى، مەن ئالتە-يىلدىن بېرى نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ ئىنگلىز تىلىدىن ئىبارەت بۇ «يولۋاس» قا مىنىپ چۈشەلمەي كېلىۋېتىپتىمەن؛ ئەمما ئىنگلىز تىلىنىلا بىلىپ جىق كىتاب كۆرمىگەن، ئانا تىلىمنى ياخشى ئۆگەنمىگەن بولسام، بۇ ئەمگەك ۋۇجۇدقا چىقمايتتىكەن.

ئۆگەنگۈچىلەر ئارىسىدا ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل خاتا قاراش مەۋجۇت. بىرى، «گرامماتىكا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ» دېگەن قاراش. بۇنداق قاراشتىكىلەر قىزىققان، بەك مەغرۇر كېلىدۇ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى تۈزگەن كېسەل جۈملىنىڭ ئۆزىنى ئىمتىھانلاردا ۋە باشقا ئەھۋاللاردا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. يەنە بىرى، «گرامماتىكا ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنى باشتىن-ئاخىر قاتتىق ئۆگىنىش كېرەك» دېگەن كۆز قاراش. ئۆگەنگۈچى دەسلەپىدىلا گرامماتىكىغا ئېسىلىۋالسا ئۆگىنىشتە ئىلگىرلىيەلمەس، سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئىنگلىز تىلى گرامماتىكىسىغا دەسلەپتە بەك

كۆچەپ كەتمەسلىك، سۆزلۈك مىقدارى ئاۋۇغاندىن كېيىن سىستېمىلىق يېزىلغان بىر گراممانىكا كىتابىنى كۆرۈۋېتىش كېرەك.

بىزدە ھازىر ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئاجىز بىر ھالقا. ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئاۋۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى، ئانا تىلى سەۋىيىسى يېتەرسىز بولۇش سەۋەبلىك قىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەمگەكلەر قىلىنماي ۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە «تىل تالانتى بار» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بىزدەك خەلققە نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بىھۇدە يوللارنى ئازراق بېسىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ جەھەتتە ئىمكانىيىتى بارلار ئورتاق تىرىشسا دېگەن ئۈمىدتە. ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابنى يېزىش داۋامىدا ماڭا قىممەتلىك تەكلىپ-مەسلىھەتلەرنى ۋە ياردەملەرنى بەرگەن بىر قىسىم كەسپداشلارغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ كىتاب ھەققىدە تەنقىد-پىكىرلەرنى بېرىشىنى تىلەيمەن.

زۇلپىقار بارات ئۆز باش
2004-يىلى، 9-ئىيۇن

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. كىتابقا ئىنگلىز تىلى گراممىتىكىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان 300 دىن ئارتۇق ئاتالغۇ ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە كىرگۈزۈلدى، ئاتالغۇلار مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلدى.

2. كېيىن ئۆگەنگۈچىلەرگە پايدىلىق بولار دېگەن مەقسەتتە شۇ ئاتالغۇنىڭ ئىنگلىزچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى يېنىغا بېرىلدى، مۇندەرىجىمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە تۈزۈلدى.

3. زۆرۈر تېپىلغاندا بىر قىسىم ئاتالغۇلار ئىنگلىز تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلاندى.

4. بىر ئاتالغۇ ئۆز نۆۋىتىدە تارماق مەزمۇنغا بۆلۈنسە، تارماق مەزمۇن شۇ ئاتالغۇ تەركىبىدە ئىنچىكە چۈشەندۈرۈلمەستىن، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئايرىم چۈشەندۈرۈلدى. مەسىلەن، ئۆگەنگۈچى «رەۋىش» نىڭ «ۋاقىت رەۋىشى»، «چاستوتا رەۋىشى» دېگەن تۈرلىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئاختۇرۇپ تاپالايدۇ.

5. چۈشەندۈرۈش داۋامىدا «قىيىن نۇقتا» قىسمى قېتىلىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنى گاڭگىرىتىدىغان بىر قىسىم نۇقتىلار ئايرىم چۈشەندۈرۈلدى.

6. ئىنگلىز تىلىدىكى قائىدىسىز پېئىللار ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە
# (目录 Contents)

## ئا


(1)(抽象名词 Abstract Noun) ئابستراكت ئىسىم
(2)(简单介词 Simple Preposition) ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچى
(9)(简单连词 Simple Conjunction) ئاددىي باغلىغۇچى
(10)(简单句 Simple Sentence) ئاددىي جۈملە
(13)(简单谓语 Simple Predicate) ئاددىي خەۋەر
(14)(简单名词 Simple Pronoun) ئاددىي ئىسىم
(15)(将来一般时 Future Indefinite Tense) ئاددىي كەلگۈسى زامان
(21)(过去一般时 Past Indefinite Tense) ئاددىي ئۆتكەن زامان
ئاددىي ئۆتكەن كەلگۈسى زامان
(25)(过去将来一般时 Past Future Indefinite Tense)
(27)(现在一般时 Present Indefinite Tense) ئاددىي ھازىر زامان
(33)(一般疑问句 General Question) ئادەتتىكى سوراق جۈملە
(37)(冠词 Article) ئارتىكل (تاجسۆز)
(39)(后缀法 Suffixation) ئارقا قوشۇمچە قېتىش
(51)(特殊疑问句 Special Question) ئالاھىدە سوراق جۈملە
(55)(特指 Special Reference) ئالاھىدە كۆرسىتىش
(57)(介词 Preposition) ئالدى قوشۇلغۇچى
(66)(介词短语 Prepositional Phrase) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە
(70)(前置定语 Pre-modifier) ئالدى ئېنىقلىغۇچى
(72)(前缀法 Prefixation) ئالدى قوشۇمچە قېتىش
(84)(代词 Pronoun) ئالماش
(86)(转换法 Conversion) ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى

(88)(阴性 Feminine) ئايالچە رود

## ئە

(90)(阳性 Masculine) ئەرەنچە رود
(90)(反意疑问句 Tag Question) ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملە

## ب

(99)(主句 Main Clause) باش جۈملە
(99)(先行词 Antecedent) باشلىغۇچى سۆز
(102)(主格 Subjective Case) باش كېلىش
(103)(陈述句 Declarative Sentence) بايان جۈملە
(104)(陈述语气 Indicative Mood) بايان رايى
(104)(连词 Conjunction) باغلىغۇچى
باغلىغۇچىنىڭ تۈرلىرى
(105)(连词的分类 Classification of Conjunction)
باغلىغۇچى خاراكتېرلىك سۆز
(106)(连接性词语 Linking Expression)
(109)(连接性状语 Conjunct) باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت
(114)(连接副词 Conjunctive Adverb) باغلامچى رەۋىش
(116)(系动词 Link Verb) باغلامچى پېئىل
(117)(从句 Sub-clause) بېقىندى جۈملە
(118)(从属连词 Subordinative Conjunction) بېقىندۇرما باغلىغۇچى
(123)(单数 Singular Form) بىرلىك شەكىل
(123)(同源宾语 Cognate Object) بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى
(125)(第一人称 First person) بىرىنچى شەخس
(125)(复合名词 Compound Noun) بىرىككەن ئىسىم
بىرىكمە ئالدى قوشۇلغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(128)(复合介词 Compound Preposition)

(130)(合成法 Compounding) بىرىكتۈرۈپ سۆز ياساش ئۇسۇلى

(132)(直接宾语 Direct Object) بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى

(134)(祈使句 Imperative Sentence) بۇيرۇق جۈملە

(136)(祈使语气 Imperative mood) بۇيرۇق رايى

(137)(让步状语 Adverbial of Concession) بۇرۇلما ھالەت

بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە

(139)(让步状语从句 Adverbial Clause of Concession)

## پ

(146)(小数 Decimal) پارچە سان

(146)(逗号 Comma ) پەش

(150) پۈتىدىغان، داۋاملىشىدىغان ئۆتكەن كەلگۈسى زامان

(过去将来完成进行时 Past Future Perfect Continuous Tense)

(151)(动词 Verb) پېئىل

(153)(动词形式 Verb Form) پېئىلنىڭ شەكىللىرى

(157)(动司原形 Original Verb Form) پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى

(158)(过去式 Past Form) پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى

(158)(过去分词 Past Participle)

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى

(161)(现在分词 Present Participle)

پېئىلنىڭ باغلىغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى

(164)(分词连词 Participial Conjunction)

پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە

(165)(分词短语 Partici Pialhrase)

پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى

(167)(分词介词 Participle Preposition)

پېئىلنىڭ «to» ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئىنىقسىز شەكلى
(168)(不带《to》的不定式 Bare Infinitive)

پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلى (170)(不定式 Infinitive)

پېئىلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (179)(动词性省略 Verbal Ellipsis)

پېئىللىق ئىبارە (180)(动词短语 Verbal Phrase)

پىرسەنت (183)(百分数 Percentage)

## ت

تاللانما سوراق جۈملە (184)(选择疑问句 Alternative Question)

تەتۈر جۈملە (185)(倒装句 Inversion)

تەرتىپ سان (186)(序数词 Ordinal Numeral)

تەكىت جۈملە (189)(强调句 Emphatical Sentence)

تەكىتلىگۈچى رەۋىش (191)(强调副词 Adverb of Emphasis)

تەكىتلىگۈچى سۆز (191)(强调词 Emphasizer)

تەڭداش جۈملە (194)(并列句 Compound Sentence)

تەڭداش قوشما جۈملە
(197)(并列复合句 Compound Complex Sentence)

تولدۇرغۇچى (197)(宾语 Object)

تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە (199)(宾语从句 Objective Clause)

تولۇقلىغۇچى (205)(补语 Complement)

تۇرغۇنلۇق پېئىللىرى (209)(静态动词 Static Verb)

تۆۋەنلەيدىغان ئىنتوناتسىيە (211)(降调 Falling Tone)

تۈس (214)(体 Aspect)

تۈسلۈك پېئىل (216)(情态动词 Modal Verb)

تۈردەش ئىسىم (238)(集合名词 Collective Noun)

تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم
(239)(种类性集合名词 Class Collective)

تىل ئادىتى (240)(习惯用法 Idiomatic Usage)

تىنىش بەلگىلەر (240)(标点符号 Punctuation)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ج

(242)(句子 Sentence) جۈملە

(244)(句子成分 Members of Sentence) جۈملە بۆلىكى

(245)(句子分析 Sentence Analysis) جۈملە تەھلىل قىلىش

(249)(句型 Sentence Pattern) جۈملە شەكلى

جۈملە شەكلىنى ئالماشتۇرۇش
(253)(句型转换 Sentence Transformation)

(260)(句子省略 Clausal Ellipsis) جۈملىنىڭ قىسقىرىشى

جۈملىنى ئېنىقلايدىغان رەۋىش
(261)(句子副词 Adverb of Sentence)

## چ

(262)(频率副词 Adverb of Frequency) چاستوتا رەۋىشى

(262)(反身动词 Reflexive Verb) چەككىلەش پېئىلى

چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە
(264)(限定性定语从句 Restrictive Attributive Clause)

چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى
(271)(限制性定语 Restrictive Attribute)

(272)(限定词 Determiner) چەكلىگۈچى سۆز

(278)(限定动词 Finite Verb) چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان پېئىل

(279)(非限定动词 Infinite Verb) چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىل

چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى
(280)(非限制性定语 Non-restrictive Attribute)

چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە
(282)(非限制性定语从句 Non-restrictive Attributive Clause)

(285)(宾格 Objective Case) چۈشۈم كېلىش

چېكىت (288)(句号 Period/Full Stop)

چېكىتلىك پەش (289)(分号 Semi-colon)

چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە (292)(非真实条件句 Sentences of Unreal Condition)

## خ

خاس ئىسىم (296)(专有名词 Proper Noun)

خەۋەر (297)(谓语 Predicate)

خەۋىرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بېقىندى جۈملە (298)(表语从句 Predicative Clause)

## د

داۋاملىشىدىغان ئۆتكەن كەلگۈسى زامان (302)(过去将来进行时 Past Future Continuous Tense)

دەرىجە (303)(语态 Voice)

دەرىجە رەۋىشى (303)(程度副词 Adverb of Degree)

دەرىجە ھالىتى (305)(程度状语 Adverbial of Degree)

دەرىجە ھالەت بېقىندى جۈملە (308)(程度状语从句 Adverbial Clause of Degree)

دەقىقىلىق پېئىل (309)(瞬间动词 Momentary Verb)

## ر

راي (311)(语气 Mood)

رود (311)(性 Gender)

رول سۆز (317)(作用词 Operator)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ز

زاكوسكا سۆز (319)(小品词 Particle)
زامانىنىڭ بىردەكلىكى (319)(时态的呼应 Sequence of Tenses)
زامان ياردەمچى پېئىلى (323)(时态助动词 Tense Auxiliary)

## س

ساختا راي (324)(虚拟语气 Subjunctive Mood)
سان (332)(数词 Numeral)
سان كاتېگورىيىسى (333)(数 Number)
ساناق سان (335)(基数词 Cardinal Numeral)
سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم (338)(可数名词 Countable Noun)
سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم (339)(不可数名词 Uncountable Noun)
سەۋەب ھالىتى (342)(原因状语 Adverbial of Reason)
سەۋەب ھالەت بېقىندى جۈملە
(345)(原因状语从句 Adverbial Clause of Reason)
سوراق جۈملە (347)(疑问句 Interrogative Sentence)
سوئال بەلگىسى (347)(问号 Question Mark)
سوئال ئالمىشى (349)(疑问代词 Interrogative Pronoun)
سوئال رەۋىشى (351)(疑问副词 Interrogative Adverb)
سۆز (352)(词 Word)
سۆز تۈركۈمى (353)(词性 Word Order)
سۆز ياساش قائىدىسى (356)(构词法 Word Building)
سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى (361)(截短法 Clipping)
سۆزلەرنى يېيىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلى
(362)(拼缀法 Blending)
سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ ئوقۇش ئۇسۇلى
(366)(首字母拼音法 Acronym

سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى
(367)(首字母缩略法 Initialism)

سۈپەت (368)(形容词 Adjective)

سۈپەتنىڭ ئەسلى دەرىجىسى (374)(原级 Original Degree)

سۈپەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى (375)(最高级 Superlative Degree)

سىزىق (376)(破折号 Dash)

سىزىقچە (379)(连字号 Hyphen)

## ش

شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە
(382)(条件状语从句 Adverbial Clause of Condition)

شەرتى ھەقىقىي بولغان جۈملە
(386)(真实条件句 Sentence of Real Condition)

## ق

قاراتما سۆز (387)(呼语 Direct Address)

قايتۇرما سوراق جۈملە (387)(反问句 Echo Question)

قارشىسىغا ياندۇرۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلى
(389)(逆成法 Back-formation)

قوش ئالدى قوشۇلغۇچى (391)(双重介词 Double Preposition)

قوش پەش (392)(引号 Quotation Marks)

قوش چېكىت (393)(冒号 Colon)

قوش ئىگىلىك كېلىش (395)(双重所有格 Double Genitive)

قوش ئىنكار (397)(双重否定 Double Negative)

قوشما جۈملە (399)(复合句 Complex Sentence)

قوشما خەۋەر (400)(复合谓语 Compound Predicate)

قوشما تولدۇرغۇچى (402)(复合宾语 Compound Object)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

(405)(插入语 Parenthesis) قىستۇرما سۆز
(407)(省略 Ellipsis) قىسقارتىش
(408)(省略句 Elliptical Sentence) قىسقارتىلما جۈملە
(412)(部分倒装 Partial Inversion) قىسمەن تەتۈر جۈملە
(414)(部分否定 Partial Negation) قىسمەن ئىنكار

## ك

(417)(分数 Fraction) كەسىر سان
كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان
(418)(将来进行时 Future Continuous Tense)
كەلگۈسىدە پۈتۈپ داۋاملىشىدىغان زامان
(420)(将来完成进行时 Future Perfect Continuous Tense)
كەلگۈسىدە پۈتىدىغان زامان
(421)(将来完成时 Future Perfect Tense)
(422)(集合名词 Collective Noun) كوللېكتىپ ئىسىم
كوللېكتىپ خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم
(423)(团体性集合名词 Group Collective)
(424)(省略号 Ellipsis Dots) كۆپ چېكىت
(426)(指示代词 Demonstrative Pronoun) كۆرسىتىش ئالماش
(433)(格 Case) كېلىش
كېسىم خەۋەر بولىدىغان سۈپەت
(433)(表语形容词 Predicative Adjective)
(436)(人称代词 Personal Pronoun) كىشىلىك ئالماش

## گ

(443)(语法一致 Grammatical Concord) گىراماتىكىلىق بىرلىك
(447)(语法意义 Grammatical Meaning) گىراماتىكىلىق مەنە

## ل

لېكسىكىلىق مەنە (448)(词汇意义 Lexical Meaning)

## م

مەجھۇل دەرىجە (449)(被动语态 Passive Voice)

مەۋجۇتلۇق جۈملە (476)(存在句 Existential Sentence)

مەۋھۇم شەرتلىك جۈملە
(480)(含蓄条件句 Sentence of Implied Condition)

مەركىزىي سۆز (483)(中心词 Head Word)

مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملە
(483)(目的状语从句 Adverbial Clause of Purpose)

مەنەنىڭ بىردەكلىكى (486)(意义一致 Notional Concord)

مۇستەقىل تەركىپ (491)(独立成分 Independent Element)

مۇستەقىل پېئىل (492)(实义动词 Notional Verb)

مۇستەقىل سۆز (493)(实义词 Notional Word)

مۇستەقىل قۇرۇلما (493)(独立结构 Absolute Construction)

مۇناسىۋەت ئالمىشى (497)(关系代词 Relative Pronoun)

مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى (501)(关联连词 Correlative Conjunction)

مۇناسىۋەت رەۋىشى (503)(关系副词 Relative Adverb)

مىقدار سۆز (503)(量词 Quantitative Word)

## ن

نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملە
(508)(结果状语从句 Adverbial Clause of Result)

نۆل ئارتىكل (511)(零冠词 Zero Article)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھ

(516)(状语 Adverbial) هالەت

(517)(状语从句 Adverbial Clause) هالەت بېقىندى جۈملە

(518)(方式副词 Adverb of Manner) هالەت رەۋىشى

(519)(现在完成时 Present Perfect Tense) هازىر پۈتكەن زامان

هازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان

(525)(现在完成进行时 Present Perfect Continuous Tense)

هازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان

(527)(现在进行时 Present Continuous Tense)

(531)(动名词 Gerund) ھەرىكەتنام

(538)(动态动词 Dynamic Verb) ھەرىكەت پېئىللىرى

(540)(承受者 Recipient) ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى

(540)(大写 Capitalization) ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشى

(544)(倍数 Multiple) ھەسسىلىك سان

(546)(感官动词 Verb of Senses) ھېس-تۇيغۇ پېئىللىرى

## ئو

(548)(地点副词 Aclverb of Place) ئورۇن رەۋىشى

ئورۇن هالەت بېقىندى جۈملە

(548)(地点状语从句 Adverbial Clause of Place)

(549)(替代 Substitution) ئورنىنى ئېلىش

(551)(普通格 Common case) ئومۇمىي كېلىش

(552)(普通名词 Common Noun) ئومۇمىي ئىسىم

ئومۇملاشتۇرۇلغان تۈردەش ئىسىم

(553)(概括性集合名词 Generalizng Collective)

## ئۇ

ئۇسۇل ھالەت بېقىندى جۈملە
(554)(方式状语从句 Adverbial Clause of Manner)
(555)(重读 Stress) ئۇرغۇلۇق ئوقۇش

## ئۆ

(567)(及物动词 Transitive Verb) ئۆتۈملۈك پېئىل
(569)(不及物动词 Intransitive Verb) ئۆتۈمسىز پېئىل
ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان
(570)(过去进行时 Past Continuous Tense)
ئۆتكەندە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان
(574)(过去完成进行时 Past Perfect Continuous Tense)
(575)(过去完成时 Past Perfect Tense) ئۆتكەندە پۈتكەن زامان
(581)(主动语态 Active Voice) ئۆزلۈك دەرىجە
(581)(相互代 词 Reciprocal Pronoun) ئۆزئارا ئالماش

## ئۈ

(583)(第三人称 Third Person) ئۈچىنچى شەخس
(583)(感叹号 Exclamation Mark) ئۈندەش بەلگىسى
(586)(感叹句 Exclamatory Sentence) ئۈندەش جۈملە
(589)(感叹词 Interjection) ئۈندەش سۆز

## ۋ

(592)(间接宾语 Indirect Object) ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى
(596)(时间副词 Adverb of Time) ۋاقىت رەۋىشى
ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە

www.uyghurkitap.com

(596)(时间状语从句 Adverbial Clause of Time)
(601)(时刻表示法 Expression of Hour)ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

## ئې

(603)(定冠词 Definite Article) ئېنىق ئارتىكل
(613)(不定冠词 Indefnite Article) ئېنىقسىز ئارتىكل
(622)(不定代词 Indefinite Pronoun) ئېنىقسىز ئالماش
(637)(不定式短语 Infinitive Phrase) ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە
(638)(定语 Attribute) ئېنىقلىغۇچى
(640)(定语从句 Attribute Clause ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە
ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان سۆپەت
(644)(定语形容词 Attributive Adjective)
ئېنىقلانغۇچىنىڭ كەينىدە كېلىدىغان سۆپەت
(646)(后置形容词 Post Adjective)
ئېنىقلانغۇچىنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ئېنىقلىغۇچى
(649)(后置修饰语 Post-modifier)

## ئى

(654)(短语 Pbrase) ئىبارە
(656)(短语动词 Phrasal Verb) ئىبارىلىك پېئىل
(658)(短语介词 Phrasal Preposition) ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى
(661)(短语连词 Phrasal conjunction) ئىبارىلىك باغلىغۇچى
(661)(名词 Noun) ئىسىم
(664)(复数形式 Plural Form) ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى
ئىسىملارنىڭ قائىدىلىك ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك شەكلى
(668)(规则复数形式 Regular Plural Form)
ئىسىملارنىڭ قائىدىسىز ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك شەكلى
(672)(不规则复数形式 Irregular Plural Form)

ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە
(675)(名词性从句 Nominal Clause)
ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش
(681)(名词性物主代词 Nominal Possessive Pronoun)
(683)(名词化 Substantivization) ئىسىملاشتۇرۇش
(686)(第二人称 Second Person) ئىككىنچى شەخس
(687)(主语 Subject) ئىگە
ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىردەكلىكى
(688)(主谓一致 Subject-Verb Concord)
(690)(主语从句 Subjective Clause) ئىگە بېقىندى جۈملە
(695)(物主代词 Possessive Pronoun) ئىگىلىك ئالماش
(695)(所有格 Possessive Case) ئىگىلىك كېلىش
(702)(主语补语 Subject Complement) ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى
(704)(持续动词 Durative Verb) ئىزچىللىق پېئىلى
(704)(同位语 Appositive) ئىزاھلىغۇچى
(706)(同位语从句 Appositive Clause) ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە
(708)(否定 Negation) ئىنكار
(710)(降升调 Fall-rise) ئىنتوناتسىيىنى چۈشۈرۈپ كۆتۈرۈش
(712)(升调 Rising Tone) ئىنتوناتسىيە كۆتۈرۈش

## ي

(716)(助动词 Auxiliary Verb) ياردەمچى پېئىل
(722)(个体名词 Individual Noun) يەككە ئىسىم
(723)(半否定词 Semi-negation Word) يېرىم ئىنكار سۆز
(724)(半助动词 Semi-auxiliary) يېرىم ياردەمچى پېئىل
يېقىنتى ئاساس قىلىش پرىنسىپى
(724)(就近原则 Principle of Proximity)
(726)(年/月/日表达法 Expression of year/Month/Date)
يىل / ئاي/ كۈن ئىپادىلەش ئۇسۇلى
قوشۇمچە: كۆپ ئۇچرايدىغان قائىدىسىز پېئىللار جەدۋىلى ········ 723

www.uyghurkitap.com

# ئا

## ئابستراكت ئىسىم

## (抽象名词　Abstract Noun)

خاراكتېر، ھالەت، ھەرىكەت، ھېسسىيات ياكى باشقا ئابستراكت ئۇقۇملارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئابستراكت ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.
مەسىلەن: health (سالامەتلىك)، poverty (نامراتلىق)، arrival (يېتىپ بېرىش)، hatred (ئۆچ، ئاداۋەت)، conductivity (يەتكۈزۈشچانلىق) قاتارلىقلار.

Your fairness and impartiality has been much appreciated.

سىزنىڭ ھەمىشە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغىنىڭىز مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. [خاراكتېر]

She has no patience with people who are always grumbling.

ئۇ ھەمىشە قاقشاپلا يۈرىدىغان ئادەملەر بىلەن چىقىشالمايدۇ. [ھالەت]

Considering that they are new hands, we should give them more time for preparation.

ئۇلار يېڭىياچە بولغاندىكىن، تەييارلىق قىلىشىغا ئۇچۇن كۆپرەك ۋاقىت بېرەيلى. [ھەرىكەت]

The children had great fun playing with the puppets.

بالىلار ياغاچ قونچاق ئويناشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. [ھېسسىيات]

# ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچى
# (简单介词 Simple Preposition)

تاق سۆزلۈك ئالدى قوشۇلغۇچى ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن at, in, on, of, by, down, for, from, near, off, above, over, past, since, though, till, with, up, below, under, to, قاتارلىقلار بار.

كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

## 1. at

1) ۋاقىت، ياش، بايرامنى بىلدۈرىدۇ.

at three o'clock سائەت ئۈچتە
at dawn سەھەردە
at (the age of) 50 50 ياشتا
at Christmas مىلاد بايرىمىدا

2) ئورۇننى بىلدۈرىدۇ.

at the door ئىشىكتە
at the airport ئايرودرومدا
at the bus stop بېكەتتە
at the railway station ۋوگزالدا

3) سۈرئەت، قىممەت، تېمپېراتۇرا، تەننەرخ قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

at full speed ئەڭ تېز سۈرئەتتە
at all costs ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن ئايانماي
at a minimum cost ئەڭ تۆۋەن تەننەرخ بىلەن
at low temperature تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا

4) بەزى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ مۇقىم سۆز بىرىكمىسى ھاسىل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| at last | ئەڭ ئاخىرى |
| at once | دەرھال |
| at present | ھازىر |
| at least | ئەڭ ئاز دېگەندە |
| at most | ئەڭ كۆپ دېگەندە |
| at any rate | قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر |
| at one stroke | بىردىنلا |
| at all events | ھەر قانداق ئىش بولۇشتىن قەتئىينەزەر |
| at the same time | بىرلا ۋاقىتتا |

2. **in**

1) ۋاقىت (ۋاقىتنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ) نى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| in 1995 | 1995-يىلى |
| in the 21st century | 21-ئەسىردە |
| in a month | بىر ئايدىن كېيىن |
| in the future | كەلگۈسىدە |

2) ئورۇن ياكى يۆنىلىشنى ئىپادىلەيدۇ.

| | |
|---|---|
| in the room | ئۆيدە |
| in Shanghai | شاڭخەيدە |
| in the world | دۇنيادا |
| in the west | غەربتە |

3) «... جەھەتتە» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| in reading | ئوقۇپ چۈشىنىش جەھەتتە |
| in quality | سۈپەت جەھەتتە |
| in agriculture | يېزا ئىگىلىك جەھەتتە |
| in all respects | ھەممە جەھەتتە |

4) ئۇسۇل ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| in shorthand | تېز خاتىرىلەش ئارقىلىق |
| in simple English | ئاددىي ئىنگلىز تىلى بىلەن |
| in good order | رەتلىك (تەرتىپلىك) ھالدا |
| in a fever of excitement | زىيادە خۇشاللىق بىلەن |

5) مۇھىت ياكى شەرت-شارائىتنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| in the sun | قۇياش نۇرىدا |
| in the moonlight | ئايدىڭدا |
| in the dark | قاراڭغۇدا |
| in the shade | سايىدە |

6) بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ تۇراقلىق ئىبارە ھاسىل قىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| in fact | ئەمەلىيەتتە |
| in time | ۋاقتىدا |
| in turn | نۆۋەتلىشىپ |
| in all | جەمئىي |
| in vain | بىھۇدە |
| in case | مۇبادا، ناۋادا |
| in return | ... غا جاۋابەن |
| in public | ئوچۇق-ئاشكارا |
| in detail | تەپسىلىي، ئىنچىكە |
| in a hurry | ئالدىراشلىق بىلەن |
| in conclusion | يىغىنچاقلىغاندا |
| in one's opinion | ... نىڭ قارىشىچە |

**3. on**

1) ۋاقىت (مەلۇم بىر كۈننى كۆرسىتىدۇ) نى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| on May 4, 1999 | 1999-يىل 4-مايدا |
| on saturday morning | شەنبە كۈنى ئەتىگەندە |
| on New Year's Day | يېڭى يىل كۈنىدە |

www.uyghurkitap.com

on Christmas Eve مىلاد بايرىمى هارپىسىدا

2) ئورۇن (بىر نەرسىنىڭ يۈزى بىلەن تېگىشىپ تۇرغاندا) قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

on the desk پارتىدا
on the bed كارىۋاتتا
on the floor يەردە، پولدا
on the roof ئۆگزىدە

3) «توغرىسىدا، ھەققىدە، خۇسۇسىدا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

on this subject بۇ تېما توغرىسىدا
on English grammar ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسى ھەققىدە
on the history of the party پارتىيە تارىخى ھەققىدە
on international affairs خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە

4) بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ تۇراقلىق ئىبارە ياسايدۇ.

on duty دېجورنىلىك قىلماق
on fire ئوت كەتمەك
on time ۋاقتىدا
on sale سېتىلىۋاتىدۇ
on purpose قەستەن
on the whole يىغىپ ئېيتقاندا
on the contrary ئەكسىچە
on no account ھەرگىز

**4. of**

1) تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كۆپىنچە «…نىڭ» بولۇپ چىقىدۇ.

the wall of the city شەھەر قورغىنى
the Complete works of Zordun Sabir

زوردۇن سابىر ئەسەرلىرى توپلىمى

the fine sons and daughters of the Uyghur people

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل-قىزلىرى

2) ئىزاھلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| the month of April | 4-ئاي |
| the port of Dalian | دالىيەن پورتى |
| the city of Chongqing | چۇڭچىڭ شەھىرى |

3) قىسمەن مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| a piece of wood | بىر پارچە ياغاچ |
| some of the stars | بەزى پىلانېتلار |
| most of them | ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى |

4) تەسۋىرلەش مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| a man of courage | بىر غەيرەتلىك ئادەم |
| a lady of virture | پەزىلەتلىك ئايال |
| a man of forty | 40 ياشلىق ئەر |

5) پېئىل تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| a waste of time | ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىش |
| the education of children | بالىلار تەربىيىسى |

the exploitation of man by man

بىر-بىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

6) بەزى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ تۇراقلىق ئىبارە ياسايدۇ.

| | |
|---|---|
| of course | ئەلۋەتتە |
| first of all | ئالدى بىلەن |
| because of | ...بولغانلىقتىن، چۈنكى |
| rob ... of ... | بۇلاپ كېتىش |
| instead of... | ...نىڭ ئورنىدا |
| cure ... of ... | داۋالىنىپ ساقايماق |
| of one's own accord | تەشەببۇسكارلىق بىلەن |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. بەزى ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچىلار رەۋىش ياكى باغلىغۇچى ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: since, before, on, for قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ جۈملىدە قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىش كېرەك.

1) رەۋىش بولالايدۇ.

Have you ever been in London before?

سىز لوندونغا بېرىپ باققانمۇ؟

Tired as they were, they walked on.

ئۇلار ناھايىتى ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مېڭىشتىن توختاپ قالمىدى.

I went to Beijing in 1990. I have never been there Since.

مەن بېيجىڭغا 1990-يىلى بارغان، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا بېرىپ باقمىدىم.

2) باغلىغۇچى بولالايدۇ.

She slipped out before the meeting was over.

ئۇ يىغىن تۈگىمەي تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى.

We all criticized him, for he had taken an irresponsible attitude towards his work.

ئۇ خىزمەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن پوزىتسىيە تۇتقاچقا، ھەممىمىز ئۇنى تەنقىدلىدۇق.

I have been home only once since I came to college.

ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن بېرى ئۆيگە ئاران بىر قېتىم باردىم.

2. ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاستىدا» دېگەن سۆزنى ئىنگلىز تىلىدا ھەر ۋاقىت "under" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدۇ.

Take this blanket and lay it out under the Sun. (×)

Take this blanket and lay it out in the sun. (√)

بۇ كىگىزنى ئاچىقىپ ئاپتاپقا سالايلى.

The old cat likes to sit in the sun.

بۇ قېرى مۈشۈك ئاپتاپتا قاقلىنىشقا ئامراق.

"under the sun" دېگەن ئىبارە ئادەتتە «بۇ دۇنيا، ئالەم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

There is nothing new under the sun.

بۇ دۇنيادا يېڭى نەرسە يوق.

He spoke as if he had known everything under the sun.

ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئىشتىن خەۋىرى باردەك گەپ قىلدى.

3. "above" بىلەن "over" ھەر ئىككىلىسى «… دە، … نىڭ ئۈستىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما "above" مەلۇم ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن تىك ئۈستىدە دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈشى ناتايىن. ئۇنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزى "below" : "over" بولسا تىك ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ قارىمۇ قارشى سۆزى "under" بولىدۇ.

We flew above the clouds.

بىز بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۇچتۇق.

He lives in a flat above the shop.

ئۇ ماگىزىنىنىڭ ئۈستىدىكى بىر سارايدا ئولتۇرىدۇ.

The portrait of Karl Marx is above the desk.

پارتىنىڭ ئۈستىدە كارل ماركسنىڭ رەسىمى بار.

In boxing it is a fault to hit below the belt.

بوكس مۇسابىقىسىدە بەلنىڭ ئاستى قىسمىغا ئۇرۇش قائىدىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

Miners work below the surface of the earth.

كان ئىشچىلىرى يەر ئاستىدا ئىشلەيدۇ.

The cow weighs above two hundred kilos.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىنەكنىڭ ئېغىرلىقى 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق.

The temperature is below freezing.

تېمپېراتۇرا نۆل گرادۇستىن تۆۋەن.

Over the river there is a bridge.

دەريانىڭ ئۈستىدە كۆۋرۈك بار.

The lamp hung over the table.

لامپۇچكا ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ئېسىقلىق.

His sleeping room is over ours.

ئۇنىڭ ھۇجرا ئۆيى بىزنىڭ ھۇجرا ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدە.

The bottle fell under the table.

بوتۇلكا ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى.

We stopped under the bridge.

بىز كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدا توختىدۇق.

We waited for over an hour.

بىز بىر سائەتتىن ئارتۇق ساقلىدۇق.

It's under a mile from here to the post office.

بۇ يەر بىلەن پوچتىخانىنىڭ ئارىلىقى بىر ئىنگلىز مىلىغا يەتمەيدۇ.

## ئاددىي باغلىغۇچى
## (简单连词 Simple Conjunction)

باغلىغۇچىنىڭ شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاق باغلىغۇچى ئاددىي باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددىي باغلىغۇچى سۆز، ئىبارە، جۈملە ياكى بېقىندى جۈملىلەرنى باغلايدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان ئاددىي باغلىغۇچىلاردىن

and, but, if, as, for, after, before, because, since, so, when, until, while قاتارلىقلار بار (تەپسىلاتىنى تەگداش باغلىغۇچىنى ۋە بىقىندۇرما باغلىغۇچىدىن كۆرۈۋېلىڭ.)

He is rich <u>but</u> unhappy. ئۇ باي، لېكىن بەختسىز.

She will come <u>if</u> you a k her.

تەكلىپ قىلساڭ، ئۇ كېلىدۇ.

Water consists of hydrogen and oxygen.

سۇ ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېندىن تەركىب تاپقان.

Don't make the same mistake as I did.

ماڭا ئوخشاش خاتالىشىپ قالما.

# ئاددىي جۈملە

## (简单句 Simple Sentence)

پەقەت ئىگە (ياكى تەگداش ئىگە) ۋە خەۋەر (ياكى تەگداش خەۋەر) دىن ئىبارەت ئىككىلا بۆلەكتىن تۈزۈلگەن جۈملە ئاددىي جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

We learn English.

بىز ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىمىز. [بىر ئىگە ۋە بىر خەۋەردىن تۈزۈلگەن.]

The doctors and the nurses there tried hard to save his life.

ئۇ يەردىكى دوختۇر-سېستىرالار ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشتى. [ئىككى تەگداش ئىگە ۋە بىر خەۋەردىن تۈزۈلگەن]

Peter once lived and worked here.

پېتىر ئىلگىرى بۇ يەردە تۇرغان ۋە خىزمەت قىلغان. [بىر ئىگە ۋە ئىككى تەگداش خەۋەردىن تۈزۈلگەن]

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. ئاددىي جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى

جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئاددىي جۈملە بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئىگە + ئۆتۈمسىز پېئىل

The sun rises. قۇياش كۆتۈرۈلىدۇ.

Evening came. كەچ كىردى.

This machine works well.

بۇ ماشىنا ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ.

She is singing in the next room.

ئۇ ياندىكى ئۆيدە ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ.

2) ئىگە + باغلامچى پېئىل + كېسىم خەۋەر

He is a good boy. ئۇ بىر ياخشى بالا.

My uncle became an associate professor in 1990.

تاغام 1990-يىلى دوتسېنت بولغان.

The park looks especially beautiful early in the morning.

باغچا سەھەردە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

3) ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل + تولدۇرغۇچى

I enjoyed the movie very much.

بۇ كىنودىن بەك ھوزۇرلاندىم.

Have you had your lunch yet?

چۈشلۈك تاماق يېدىڭىزمۇ؟

We will hold a meeting after class.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن يىغىن ئاچىمىز.

4) ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل + ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى + بىۋاستە تولدۇرغۇچى

He bought me an English dictionary.

ئۇ ماڭا بىر ئىنگلىزچە لۇغەت ئېلىپ بەردى.

Will you tell us something about your school life?

مەكتەپ ھاياتىڭىز ھەققىدە بىزگە ئازراق بىر نەرسە سۆزلەپ بېرەمسىز؟

That little girl always asks the teacher all sorts of question.

ئۇ قىزچاق ھەمىشە مۇئەللىمدىن ھەرخىل سوئاللارنى سورايدۇ.

5) ئىگە + ئۆتۈملۈك پېئىل + تولدۇرغۇچى + تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى

I had my watch mended.

مەن سائىتىمنى رېمونت قىلدۇردۇم. [بۇ جۈملىدە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان.]

The workers keep their shop clean and tidy every day.

ئىشچىلار ھەر كۈنى سېخنى سۈپۈرۈپ تازىلايدۇ. [بۇ جۈملىدە سۈپەت تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان.]

We heard her singing happily in the classroom.

بىز ئۇنىڭ سىنىپتا خۇشال-خۇرام ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. [بۇ جۈملىدە پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان.]

They elected Alim their group leader.

ئۇلار ئالىمنى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا سايلىدى. [بۇ جۈملىدە ئىسىم تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان.]

The boss made his employees obey him.

خوجايىن خىزمەتچىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇنىدىغان قىلىۋەتتى. [بۇ جۈملىدە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان.]

### 2. ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرى

ئاددىي جۈملە رولى ۋە ئىشلىتىلىش مەقسىتىگە ئاساسەن بايان جۈملە،

يۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈندەش جۈملە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ (تەپسىلاتىنى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردىن كۆرۈۋېلىڭ).

## ئاددىي خەۋەر
## (简单谓语 Simple Predicate)

ئاددىي خەۋەر پەقەت بىرلا خەۋەر پېئىلىدىن تۈزۈلگەن خەۋەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاددىي خەۋەرلەردىمۇ زامان، دەرىجە ياكى رايلاردا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇ خىل خەۋەرلەر تۆۋەندىكىدەك جۈملە شەكىللىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

1. ئىگە + خەۋەر پېئىلى

بۇ خىل جۈملە شەكلىدە (مەجھۇل جۈملىدىن باشقا) پېئىل ھەمىشە ئۆتۈمسىز پېئىل بولىدۇ.

She is still sleeping. ئۇ تېخىچە ئۇخلاۋاتىدۇ.

The task has been fulfilled. ۋەزىپە ئورۇندالدى.

Don't stand on ceremony.

= (You don't stand on ceremony.) تۈزۈت قىلماڭ.

Whether we start now or later doesn't matter.

ئىشنى ھازىر باشلىساقمۇ، كېيىن باشلىساقمۇ ھېچقىسى يوق.

2. باش سۆز + خەۋەر پېئىل + ئىگە

ئاددىي خەۋەر "there"، "then" بىلەن باشلانغان بەزى تەتۈر جۈملىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئىگىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئىسىملىق سۆز بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان ئەھۋالدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

There entered a strange man.

بىر ناتونۇش ئادەم كىرىپ كەلدى.

Then came the day of his examination.

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر ئىسىمغا ئايلاندۇرۇپ، مەسىلەن بىرىدىغان
كۆنمۇ يىتىپ كەلدى.

3. it + خەۋەر پېئىلى + ئىگە

ئاددىي خەۋەردىكى يەنە بىر خىل ئەھۋال شۇكى، باشلامچى سۆز appear, chance, follow, heppen, seem قاتارلىق پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن "that" لىك بىقىندى جۈملىنى باغلايدۇ. ئالدىنقى مىسالدىكى تەتۈر جۈملە شەكلىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇنداق جۈملە شەكىللىرىنى ئەسلىگە قايتۇرغىلى بولمايدۇ، يەنى ئىگىنى جۈملىنىڭ بېشىغا قويغىلى بولمايدۇ.

It appeared that he had a taste for music.

قارىغاندا ئۇ مۇزىكىغا ئامراقتەك قىلىدۇ.

It (so) heppened that I was not in London at the time.

دەل شۇ چاغدا مەن لوندوندا يوق ئىدىم.

It seems that he was late for the train.

قارىغاندا ئۇ پويىزغا ئۈلگۈرەلمىگەندەك قىلىدۇ.

## ئاددىي ئىسىم
## （简单名词 Simple Noun）

ئاددىي ئىسىم تاق ئىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| rice | شال، گۈرۈچ، گۈرۈچ تامىقى |
| sailor | غەۋۋاس |
| traffic | قاتناش |
| elephant | پىل |
| public | جامائەت |
| computer | كومپيۇتېر |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئاددىي كەلگۈسى زامان
# (将来一般时 Future Indefinite Tense)

ئاددىي كەلگۈسى زامان كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولىدىغان ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. شەكلى

بۇ زاماندىكى پېئىلنىڭ شەكلى: ياردەمچى پېئىل shall (1-شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ) ياكى will (2-، 3-شەخسلەرگە ئىشلىتىلىدۇ) + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى.

تۆۋەندە پېئىللاردىن "work" "be" لارنى مىسالغا ئېلىپ، ئاددىي كەلگۈسى زاماننىڭ بايان جۈملە، ئىنكار جۈملە، سوراق جۈملە ۋە ئاددىي جاۋابلاردىكى ھەرخىل شەكىللىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جاۋاب شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| be | I (we) shall be there. You (He, she, They) will be there. | Will you be there? Will you (he, she, they) be there? | I (we) shall not be there. You (He, she, They) will not be there. | Yes, I will. No, I will not. Yes, I (he, she, they) will. |
| work | I (we) shall work. You (He, she, They) will work. | Will You work? Will you (he, she, they) work? | I (we) shall not work. You (He, She, They) will not work. | Yes I will. No, I will not. Yes, I (he, she, they) will. No, I (he, she, they) will not. |

دىققەت: a. will ھەمىشە ئىگە بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، "'ll" دەپ

قىسقارتىلىدۇ؛ ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا "will" ئادەتتە ھەممە شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ.

b. will, shall كەلگۈسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە كۆپ ھاللاردا ئارزۇ-ئىستەك، مەجبۇرىيەت قاتارلىق مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ (تەپسىلاتىنى ياردەمچى پېئىلدىن كۆرۈۋېلىڭ).

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ، كۆپىنچە tomorrow, from now on, next month/Monday, in a week ... قاتارلىق كەلگۈسىنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.

We shall/will sit for our exams next Thursday.

بىز كېلەر پەيشەنبە ئىمتىھانغا قاتنىشىمىز.

Our company will issue stocks through The Stock Exchange this year.

بۇ يىل شىركىتىمىز ئاكسىيە سودىسى ئارقىلىق پاي چېكى تارقىتىدۇ.

2) يۈنىلىشلىك ياكى قانۇنىيەتلىك بولغان ھادىسە ياكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

A fish will soon die if it is deprived of water.

بېلىق سۇدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ.

A drowning man will catch at a straw.

سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالاي دېگەن ئادەم ھايات قېلىش ئۈچۈن بىر تال شال پاخلىغىنىمۇ ئېسىلىۋالىدۇ.

Water will become quite tasteless if it is distilled.

سۇ ھوردىتىلسا بەك تەمسىز بولۇپ قالىدۇ.

3) ئاددىي كەلگۈسى زامانىنىڭ باشقا بىر نەچچە خىل ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

a. پىئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى +be going
مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى پىلانلىغانلىقنى ھەمدە مەلۇم بىر ئىشنىڭ پات ئارىدا يۈز بېرىدىغانلىقى ياكى مۇقەررەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

I am going to buy a new house this year.

بۇ يىل مەن بىر يېڭى ئۆي ئالماقچى بولۇۋاتىمەن.

This road is going to be opened to traffic on National Day.

بۇ يولدا دۆلەت بايرىمى كۈنى قاتناش باشلىنىدۇ.

His wife's going to have a baby.

ئۇنىڭ ئايالىنىڭ يەڭگىشىگە ئاز قالدى.

b. پىئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى +be
مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى پىلانلاشنى ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

The prime Minister is to speak on television tonight.

زۇڭلى بۈگۈن كەچتە تېلېۋىزىيە نۇتۇقى سۆزلەيدۇ.

I will count three hundred and not one of you is to move a muscle.

مەن 300 گىچە ساناپ بولغۇچە ھېچكىمنىڭ قىمىرلىشىغا رۇخسەت يوق.

A farewell meeting is to be held tonight in honor of Dr. Wilson.

بۈگۈن كەچتە دوكتور ۋىلسوننىڭ شەرىپى ئۈچۈن خوشلىشىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

c. پىئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى + be
پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە go, come, leave, start, arrive قاتارلىق پىئىللارغا ئىشلىتىلىدۇ (ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامانغا قاراڭ).

We are going to Paris on sunday; We are leaving from London Airport.

بىز يەكشەنبە كۈنى پارىژغا بارماقچى بولۇۋاتىمىز؛ بىز ئۇ يەرگە لوندون ئايرودرومىدىن يولغا چىقىمىز.

She is coming here next Monday and is staying here until May.

ئۇ كېلەر دۈشەنبە كۈنى بۇ يەرگە كېلىپ 5-ئايغىچە تۇرىدۇ.

d. go, come, begin, leave قاتارلىق يۆتكىلىشنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ئاددىي ھازىرقى زاماندا كېلىپ پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان ھەرىكەت ياكى ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ.

The winter vacation begins in February.

2-ئايدا قىشلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىلىدۇ.

The Smiths leave for HongKong at six.

سمىت ئائىلىسى سائەت ئالتىدە شياڭگاڭغا ماڭىدۇ.

e. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى + be about

مەلۇم بىر ئىشنى پات ئارىدا ياكى شۇ ھامان قىلىشنى بىلدۈرىدۇ، مەنىسى on the point of, in the act of (... قىلاي دەپ تۇرغاندا) قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرىگە تەڭ كېلىدۇ، ئادەتتە ۋاقىت ھالىتىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدۇ.

His father is about to retire.

ئۇنىڭ دادىسى پېنسىيىگە چىقاي دەپ قالدى.

Our meeting is about to start.

يىغىنىمىز باشلىناي دەپ قالدى.

## [قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

shall, will, be going to نىڭ ھەممىسى مەقسەتنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە

ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ئوخشىماسلىق بار.

1. will/shall بىلدۈرگەن ۋاقىت be going to بىلدۈرگەن ۋاقىتتىن يىراقراق بولىدۇ ھەمدە ۋاقىت دېگەندەك ئېنىق بولمايدۇ.

He will write a book one day.

ئۇ ھامان بىر كۈنى كىتاب يازىدۇ.

He's going to write to his mother tonight.

ئۇ بۈگۈن ئاخشام ئانىسىغا خەت يازماقچى.

2. كەلگۈسى پىلان ئىچىدىكى ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەندە، رەسمىي دوكلاتلاردا (گېزىت خەۋەرلىرى قاتارلىقلار) will/shall ئىشلىتىلىدۇ.

The Japanese Men's Volleyball Team will come to Beijing tomorrow.

ياپونىيە ئەرلەر ۋالىبول كوماندىسى ئەتە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىدۇ.

The American president will visit Paris next week.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كېلەر ھەپتە پارىژدا زىيارەتتە بولىدۇ.

Is there going to be a meeting this Friday.

مۇشۇ جۈمە كۈنى يىغىن ئېچىلامدۇ؟

What's going to happen now?

ھازىر نېمە ئىش يۈز بېرەر؟

3. be going to «ئىش يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئويلىنىش» «ئالدىنئالا پىلانلاش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ Will بولسا كۆپىنچە دىئالوگدا A تەرەپ B تەرەپنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنكاس بىلدۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

I am going to wash my clothes on Sunday.

مەن يەكشەنبە كۈنى كىيىملىرىمنى يۇماقچى.

A: The desk is too heavy بۇ پارتا بەك ئېغىر ئىكەن.

B: I will help you move it.

مەن ساڭا ئۇنى يۆتكىشىپ بېرەي.

4. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملىسىدە ئادەتتە be going to will/ shall. ئىشلىتىلمەيدۇ؛ بۇنداق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

If any beast comes at you, I will stay with you and help you.

ئەگەر بىرتقۇچ هايۋانلار كېلىپ قالسا مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن.

If he has time, he will do the work.

ئەگەر ئۇنىڭ ۋاقتى بولسىلا، بۇ ئىشنى قىلىدۇ.

5. be going to نى شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ تارماق جۈملىسىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، كەلگۈسى ۋاقىتنى ئىپادىلەشتە will نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

If you are going to play tennis this afternoon, you'd better have your shoes cleaned.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چويلا توپ ئوينىغىلى بارماقچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئايىغىڭنى پاكىز سۈرتۈپ قويغىن.

ئەمما will رەت قىلىش، خالاش، چىڭ تۇرۇش، خۇلاسە چىقىرىش دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرگەن چاغدا شەرت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

If he won't come we'll invite someone else.

ئەگەر ئۇ كېلىشنى خالىمىسا، بىز باشقا بىرىنى چاقىرايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

If you will kindly wait a moment I'll ask the manager to speak to you.

ئەگەر سەن بىردەم ساقلاپ تۇرالىساڭ، مەن سىينى دىرېكتور بىلەن كۆرۈشتۇرىمەن.

## ئاددىي ئۆتكەن زامان
## (过去一般时 Past Indefinite Tense)

ئاددىي ئۆتكەن زامان ئۆتكەندە مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولغان ھالەتنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئىلگىرى دائىم ياكى قايتا-قايتا يۈز بەرگەن ھەرىكەتنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

### 1. شەكلى

بۇ زاماندا پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى (2-خىل شەكلى) ئىشلىتىلىدۇ، شەخس ۋەساندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. بىرىنچى شەخس بىرلىك ۋە ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتە be پېئىلىنىڭ was دېگەن ۋارىيانتى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، قالغانلىرىدا بىردەك were ئىشلىتىلىدۇ.

1) پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىنىڭ ياسىلىشى

a. قائىدىلىك پېئىل

ئادەتتە قائىدىلىك پېئىلنىڭ كەينىگە «ed –» قېتىلىش ئارقىلىق پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ياسىلىدۇ.

ask — asked  help — helped

ئاخىرى «e» بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارنىڭ كەينىگە پەقەت «d–» لا قېتىلىدۇ.

like — liked  love—loved

ئەگەر پېئىلنىڭ ئاخىرى «y» بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، «y» نى «i» غا ئۆزگەرتىپ «ed–» قاتىمىز.

worry — worried　　　study — studied

ئەگەر پېئىلنىڭ ئاخىرى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، شۇ ھەرپ يەنە بىر تەكرارلانغاندىن كېيىن «ed—» قېتىلىدۇ.

prefer — preferred　　　admit — admitted

b. قائىدىسىز پېئىل

(قائىدىسىز پېئىللار جەدۋىلىگە قاراڭ)

تۆۋەندە «be»، «work» قاتارلىق پېئىللارنى مىسالغا ئېلىپ ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ بايان جۈملە، ئىنكار جۈملە، سوراق جۈملە ۋە ئاددىي جاۋابلاردىكى ھەر خىل شەكىللىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جاۋاب |
|---|---|---|---|---|
| be | I (He, She) was a doctor. You (we, They) were doctors | Was I (he, she) a doctor? Were we (you, they) doctors? | I (H, She) was not doctor. You (we, They) not doctors. | Yes, I (he, she) was. No, I (he, she) was not. Yes, we (You, they) were. No, we (you, they) were not. |
| work | I (You, He, She, We, They) worked. | Did I (you, he, she, we, they) work? | I (You, He, She, We, They) did not work. | Yes, I (you, he, she, we, they) did. No, I (you, he, she, we, they) did not. |

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ھەرىكەت ياكى

مەۋجۇت بولغان ھالەتنى، شۇنداقلا ئۆتمۈشتە قائىدىگە ئايلانغان ياكى تەكرار يۈز بەرگەن ھەرىكەتنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ زامان دائىم yesterday, last month, three years ago, in 1970, just now, at that time گە ئوخشاش ئۆتمۈشنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. بەزىدە يەنە when, as soon as گە ئوخشاش باغلىغۇچى سۆزلەر باشلاپ كەلگەن ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەنمۇ بىرىكىپ كېلىدۇ.

He got up at four yesterday, but he didn't get up so early this morning

ئۇ تۈنۈگۈن سائەت 4 دە ئورنىدىن تۇرغان، لېكىن بۈگۈن ئۇنداق بالدۇر تۇرمىدى.

Shanghai was regarded as the "paradise for Adventures" at that time.

ئاشۇ چاغدا شاڭخەي «تەۋەككۈلچىلەرنىڭ باغچىسى» بولۇپ قالغانىدى.

When I was in middle school, I played basketball nearly every day.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ۋاسكېتبول ئويناتتىم.

2) ئېغىز تىلىدا ئىنتوناتسىيىنى سىلىق-سىپايە چىقىرىش ئۈچۈن بەزىدە ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ ئورنىغا ئاددىي ھازىر زامان ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال wonder, want, hope قاتارلىق پېئىللاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ.

I wonder whether you would mind doing me a favor.

ماڭا بىر ياردەم قىلالارسەنمۇ؟

I hope you could lend me thet dictionary.

مەن سىزنىڭ ئاۋۇ لۇغەتنى ماڭا بېرىپ تۇرۇشۇڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

I want to know if you could work out the problem for me.

سەن ماڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بېرەلەرسەنمۇ؟

3) بەزى شەرت جۈملە ھەمدە پەرەزنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردە

ئىشلىتىلىدۇ (ساختا راي ۋە شەرت ھەقىقىي بولمىغان جۈملىگە قاراڭ)

If I worked harder, I would pass the examination.

تىرىشىپ ئۆگەنسەم، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتەلەيمەن.

It's (high) time I told him the truth.

ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىدىغان ۋاقىت كەلدى.

I'd rather I went there alone.

مەن ئۇ يەرگە ئۆزۈم يالغۇز بارايمىكىن دەيمەن.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئۆتمۈشتىكى قائىدىگە ئايلانغان ھەرىكەتنى would ۋە used to بىلەنمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئازراق پەرقى بار.

1) used to «ئىلگىرى دائىم مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەسلىكى» نى بىلدۈرىدۇ؛ would بولسا شۇ ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرىدىن ھازىرغىچە توختاپ قالماي داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

Tom used to like painting; now he likes music.

تام ئىلگىرى رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرەتتى، ھازىر مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدۇ.

In such cases, we would go to the old workers for help.

مۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا بىز ھەمىشە پىشقەدەم ئىشچىلاردىن ياردەم سورايتتۇق.

2) used to كۆپىنچە ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلىپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ دائىم يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ would بولسا

كۆپىنچە يېزىق تىلىدا ئىشلىتىلىپ، ھەرىكەتنىڭ دائىملىقىنىڭ ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە would جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا كېلىدۇ، جۈملىنىڭ بېشىدا كېلەلمەيدۇ.

It used to be a very prosperous town

بۇ ئىلگىرى تولىمۇ قايناق بازار بولىدىغان.

When I visited my aunt, she would tell me a lot of stories about her childhood.

ھاممامنى يوقلىغىلى بارسام، ئۇ دائىم ماڭا ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

A: We used to swim every day when we were children.

B: We would run down to the lake

a. كىچىكىمىزدە ھەر كۈنى سۇغا چۆمۈلەتتۇق.

b. بىز دائىم دەريا بويىغا بېرىپ سۇغا سەكرەيمىز.

2. ئاددىي ئۆتكەن زامان بىلەن ھازىر پۈتكەن زاماننىڭ پەرقىنى ھازىر پۈتكەن زاماننىڭ [قىيىن نۇقتا تەھلىلى] دىن كۆرۈۋېلىڭ.

## ئاددىي ئۆتكەن كەلگۈسى زامان
## (过去将来一般时 Past Future Indefinite Tense)

بۇ زامان ئۆتكەن كەلگۈسىنىڭ مەلۇم بىر ۋاقتىدا يۈز بەرگەن ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ.

**1.** شەكلى

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى Should ( I شەخس) ياكى would ( II ، III شەخس) + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئامېرىكىدا ھازىر I شەخس ئۈچۈنمۇ دائىم should ئىشلىتىلىدۇ. would نىڭ قىسقارغان شەكلى 《'd》. مەسىلەن: I'd, you'd, he'd دېگەندەك.

work نى مىسالغا ئېلىپ، ئاددىي ئۆتكەن كەلگۈسى زاماننىڭ بايان جۈملە ۋە ئىنكار جۈملىدىكى ئىپادىلىنىشىنى كۆرۈپ باقايلى:

| | بايان جۈملە | ئىنكار جۈملە |
|---|---|---|
| work | I (We) Should work. He (She, You, They) would work. | I (We) Should not work He (She, You, They) would not work |

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) كۆپىنچە تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Jack said that he would conduct his own defence in court.

جېك سوتتا ئۆزىنى ئاقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

The kings of Egypt thought their bodies would be well kept in the pyramids until they could come back to life.

مىسىر پادىشاھلىرى ئۆز جەسەتلىرىنى مۇشۇ پىرامىدا ئىچىدە تاكى ئۆزى تىرىلگىچە ناھايىتى ياخشى تۇرىدۇ دەپ قارايتتى.

They hoped the world would look on the pyramids as monuments to them and would remember them forever.

ئۇلار كىشىلەرنىڭ پىرامىدانى ئۆزلىرى ئۈچۈن قوپۇرۇلغان ئابىدە ھەمدە مەڭگۈلۈك خاتىرە دەپ قارىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

2) كۆپىنچە ئىلگىرى ئادەتكە ئايلانغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. (ئاددىي ئۆتكەن زامانغا قاراڭ)

Whenever he had time, he would help his parents do some house work.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ ۋاقتى بولسىلا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى.

3) ئاددىي ئۆتكەن كەلگۈسى زامان ئاددىي كەلگۈسى زامانغا ئوخشاش بەش خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ (ئاددىي كەلگۈسى زامانغا قاراڭ 3.2).

Betty said there was going to be a football match that evening.

بېتتىي شۇ كۈنى ئاخشىمى بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

That night they had all their things packed, for they were to leave the next day.

ئۇلار نەرسە-كېرەكلىرىنى شۇ كۈنىلا يىغىشتۇرۇپ بولغانىدى، چۈنكى ئۇلار ئەتىسى يولغا چىقماقچى ئىدى.

I was about to leave when he come here.

مەن ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ كېلىپ قالدى.

The librarian informed me that the book was due the following week.

كۈتۈپخانا باشلىقى ماڭا بۇ كىتابنىڭ كېلەر ھەپتە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

He rang up to tell me that he was leaving for Australia next Monday.

ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ كېلەر دۈشەنبە كۈنى ئاۋستىرالىيىگە ماڭىدىغانلىقىنى دېدى.

## ئاددىي ھازىر زامان
## (现在一般时 Present Indefinite Tense)

ئاددىي ھازىر زامان ئاساسلىقى ھازىر مەلۇم بىر ۋاقىتتا دائىم يۈز بېرىدىغان ياكى قائىدىگە ئايلانغان ھەرىكەت، دائىم مەۋجۇت بولۇپ

تۇرىدىغان ھالەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

### 1. شەكلى

بۇ زاماندا پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. جۈملىنىڭ ئىگىسى Ⅲ شەخس بىرلىكتە كەلگەندە، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ ئاخىرىغا «—s» ياكى «es—» قوشۇلىدۇ؛ I شەخس بىرلىكتە «Be» پېئىلىنىڭ «am» شەكلى، Ⅲ شەخس بىرلىكتە «Be» پېئىلىنىڭ «is» شەكلى ئىشلىتىلىدۇ، باشقا ھەر قانداق شەخستە بىردەك «Be» پېئىلىنىڭ «are» شەكلى ئىشلىتىلىدۇ؛ «have» پېئىلى Ⅲ شەخس بىرلىكتە «has» بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

1) پېئىلغا «s—» ياكى «es—» قوشۇش پرىنسىپى ئاخىرقى ھەرپى «x, ch, sh, s» ۋە «o» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارنىڭ كەينىگە «es —» قېتىلىدۇ:

miss—misses　　wash—washes

watch—watches　　fix—fixes

ئاخىرقى ھەرپى ئۈزۈك تاۋۇشتىن كېيىن «y» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللاردا «i» «y» غا ئۆزگەرتىلىپ «es —» قېتىلىدۇ.

study—studies　　try—tries

ئاخىرقى ھەرپى سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىنلا «y» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارغا ئەسلى قائىدە بويىچە بىۋاستە «s —» قېتىلىدۇ.

buy—buys　　play—plays

باشقا ئەھۋاللاردا ئادەتتە بىۋاستە «s—» قېتىلىدۇ.

work—works　　sit—sits

«have, know, be» پېئىلىنىڭ بايان جۈملە، سوراق جۈملە، ئىنكار جۈملە ۋە ئاددىي جاۋابلاردىكى ھەرخىل شەكىللىرى مۇنداق:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جۈملە |
|---|---|---|---|---|
| be | I am a teacher. He (she) is a teacher. You (we, They) are teachers. | Am I a teacher? Is he (she) a teacher? Are you (we, they) teachers? | I am not a teacher. He (She) is not a teacher. You (we, They) are not teacher. | Yes, I am. No, I am not. Yes, he (she) is. No, he (she) is not. Yes, you (we, they) are. No, you (we, they) are not. |
| know | I (You, We, They) know it. He(She) knows it. | Do you(I, We, They) know it? Does he (she) know it? | I (You, We, They) do not know it. He (She) does not know it | Yes, I (you, we, they) do. No, I (you, we, they) do not. Yes, he(she) does. No, he(she) does not. |
| have | I (You, We, They) have a Tvset. He (She) has a Tv set. | Have you (I, We, They) a Tv set? Has he(she) a Tv set? | I (You, We, They) have not a TV set. He (She) has not a TV set. | Yes, I (you, we, they) have. No, I (you, we, they) have not. Yes, he (she) has. No, he (she) has not. |

## 2 . ئىشلىتىلىشى

1) دائىملىقتا ياكى قائىدىگە ئايلانغان ھەرىكەت، دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە رەۋىش ياكى رەۋىشلىك ئىبارە بىلدۈرگەن ۋاقىت ھالىتى ( often, usually, always, everyday.

(قاتارلىقلار) never, seldom, somtimes, on Sunday, twice a month, بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ.

Mary speaks English. مارى ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ.

They go to school everyday by bus.

ئۇلار ھەر كۈنى ئاپتوبۇس بىلەن مەكتەپكە بارىدۇ.

She is always the first to hand in her paper in the exam.

ئىمتىھاندا ئۇ ھەمىشە بىرىنچى بولۇپ قەغەز تاپشۇرىدۇ.

2) ئىگىنىڭ ھەۋىسى، خاراكتېرى، ئىقتىدارى، ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

Tom likes music and painting

توم مۇزىكا بىلەن رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

Mary is always ready to help others.

مارى ھەمىشە باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ.

A force acts through contact or from a distance.

ئىقتىدار ئۆز ئارا ئۇچرىشىش ياكى مەلۇم ئارىلىق ئىچىدە ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ.

These girls speak English as well as they speak their own language.

بۇ قىزلار ئىنگلىزچىنى ئۆز تىلىدەك ياخشى سۆزلەيدۇ.

3) ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، ھېكمەتلىك سۆز ياكى مەڭگۈلۈك ھەقىقەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

The Changjiang River flows into the East China Sea.

چاڭجياڭ دەرياسى شەرقىي دېڭىزغا قويۇلىدۇ.

One swallow does not make a summer.

بىر قارلىغاچىنىڭ ئۇچقانلىقى يازنىڭ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ← بىر ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

Birds of a feather flock together.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مال تۈرى بىلەن، ئادەم خىلى بىلەن ئايرىلىدۇ.

The earth moves round the sun.

يەر شارى قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

4) ئىنگىلىز تىلىدا بەزىدە بەلگىلىمە، پىلان، ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەت ياكى ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ، جۈملىدە ھەمىشە كەلگۈسىنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى ۋە go, come, arrive, open, depart, begin, start, leave, return, be, close غا ئوخشاش پېئىللار كېلىدۇ.

The delegation leaves for Beijing tomorrow.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەتە بېيجىڭغا ماڭىدۇ.

My plane takes off at 7a. m.

مەن چىقىدىغان ئايروپىلان چۈشتىن بۇرۇن سائەت 7 دە ئۇچىدۇ.

The day after tomorrow is New Year's Day.

ئۆگۈنلۈككە يېڭى يىل بايرىمى.

5) دراما ۋەقەلىكى تونۇشتۇرۇلغان، ئاخبارات ياكى ھېكايە تېمىسى، تەنتەربىيە مۇسابىقىسى چۈشەندۈرۈلگەن، سىنىمىسى چۈشەندۈرۈلگەن، كومېدىيىلىك تەسۋىر ۋە دىئالوگلار بېرىلگەن ياكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن يازما ماتېرىياللاردا ئىشلىتىلىدۇ (بۇ زامان كۆپىنچە teach, stress, say قاتارلىق پېئىللار بىلەن بىللە كېلىدۇ).

The king Gets a Rousing Welcome in Rome.

پادىشاھ رىمدا قىزغىن قارشى ئېلىندى. [خەۋەر ماۋزۇسى]

Shakespears says, "Neither a borrower nor a lender be."

«خەققە قەرزمۇ بېرىپ تۇرمىغىن، ھەم خەقتىن قەرزمۇ ئالمىغىن» دېگەندى شېكسپىر. [نەقىل كەلتۈرۈش]

When the curtain rises, Juliet is sitting at her desk.

The phone rings. She picks it up and listens quietly.

پەردە ئېچىلىشى بىلەن تەڭ، ژۇلىتا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھالەتتە سەھنىدە پەيدا بولىدۇ، تېلېفون جىرىڭلايدۇ، ئۇ تېلېفونني ئېلىپ، قارشى

تەرەپىنىڭ سۆزىنى جىممىدە ئاڭلايدۇ. [درامىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى]

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئاددىي ھازىر زامان دائىم suppose, if, when قاتارلىق سۆزلەر باشلاپ كەلگەن شەرت جۈملە ياكى ۋاقىت ھالەت بىقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىپ، كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. دىققەت قىلمىسا، ئاددىي كەلگۈسى زامان بىلەن ئاسان ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

If it is fine tomorrow, we'll have a picnic.

ئەگەر ئەتە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ قالسا، بىز دالا تامىقى يەيمىز.

بۇ جۈملىنى ھەرگىزمۇ If it will, we'll have a picnic دەپ يېزىشقا بولمايدۇ.

When you see jane, remember me to her.

جېننى كۆرۈپ قالساڭ، ئۇنىڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قوي.

بۇ جۈملىنى "When you'll see jane, remember me to her." دەپ يېزىشقا بولمايدۇ.

As soon as he arrives, you can leave.

ئۇ كەلسىلا، سەن كەتسەڭ بولىدۇ.

بۇ جۈملىنى "As soon as he will arrive, you can leave" دەپ يېزىشقا بولمايدۇ.

Don't read until your teacher asks you.

مۇئەللىم سىنى ئوقۇ دېمىگۈچە ھەرگىز ئوقۇما.

بۇ جۈملىنى "Don't read until your teacher will tell you." دەپ يېزىشقا بولمايدۇ.

Unless he sends the money before Friday, I shall consult my lawyer.

ئۇ پۇلنى جۈمە كۈنىدىن بۇرۇن ئەكىلىپ بەرمەيدىغان بولسا، مەن ئادۋوكاتىمنى چاقىرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

"Unless he will send the money before Friday, I بۇ جۈملىنى
shall consult my lawyer." دەپ يېزىشقا بولمايدۇ.

## ئادەتتىكى سوراق جۈملە
## (一般疑问句 General Question)

"Yes" ياكى "No" بىلەن جاۋاب بەرگىلى بولىدىغان سوراق جۈملە ئادەتتىكى سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرغۇ كۆتۈرۈلىدۇ.

**1. ئادەتتىكى سوراق جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلنىڭ ئورنى**

1) to be قاتارلىق خەۋەر پېئىلى ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

Are you college students?

سىلەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ؟

2) ياردەمچى پېئىل ۋە تۈسلۈك پېئىل ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

Is English spoken in your class?

سىلەر سىنىپتا ئىنگلىزچە سۆزلەمسىلەر؟

Will he go to work by bike?

ئۇ ئىشقا ۋېلىسىپىت بىلەن بارامدۇ؟

Are the boy students playing football on the playground?

ئوغۇللار مەيداندا پۇتبول ئويناۋاتامدۇ؟

Have you read today's newspaper?

بۈگۈنكى گېزىتنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟

Will this road be broadened?

بۇ يول كېڭەيتىلەمدۇ؟

Did she promise that she would come today?

ئۇ بۈگۈن كېلىشكە ئۇنىدىمۇ؟

Has the time been changed?

ۋاقىت ئۆزگەردىمۇ؟

Had the experiment been finished by last week?

بۇ تەجرىبە ئالدىنقى ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئاياغلاشتىمۇ؟

Were your parents watching TV when you get home?

ئۆيگە بارغان چېغىڭدا ئاتا-ئاناڭ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانمىكەن؟

Shall we attend the meeting?

بىز يىغىنغا قاتنىشىمىزمۇ؟

May I leave earlier?

بالدۇرراق كەتسەم بولامدۇ؟

Must the exercise be handed in today?

تاپشۇرۇقنى چوقۇم بۈگۈن تاپشۇرىمىزمۇ؟

Can you lend me the book've finished reading?

سەن ئوقۇپ بولغان ھېلىقى كىتابنى ماڭا بېرىپ تۇرالامسەن؟

3) ياردەمچى پېئىل "do, does" لار ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

Do they know German? ئۇلار گېرمانچە بىلەمدۇ؟

Do you get up early every morning?

سەن ھەر كۈنى سەھەر تۇرامسەن؟

Does she write home very often?

ئۇ دائىم ئۆيىگە خەت يېزىپ تۇرامدۇ؟

Does the little boy love to sing?

ئاۋۇ بالا ناخشا ئېيتىشقا ئامراقمۇ؟

## 2. ئادەتتىكى سوراق جۈملىگە بېرىلىدىغان قىسقا جاۋاب

ئادەتتىكى سوراق جۈملىگە جاۋاب بەرگەندە، ئادەتتە تولۇق جۈملە ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇنداق جۈملىگە كۆپىنچە قىسقىچىلا جاۋاب بېرىلىدۇ. قىسقىچە جاۋابنىڭ قۇرۇلمىسى ئىگە + yes(no) be, have + ياكى ياردەمچى پېئىل، تۇسلۇق پېئىل (not) ، ياكى do

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(not) ياردەمچى پېئىل + ئىگە + (no) yes بولىدۇ. "Yes" بىلەن "No" دىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ، قىسقا جاۋابتىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.

— Are you tired? چارچىدىڭىزمۇ؟
— Yes, I am. ھەئە، چارچىدىم.
— No, I am not. ياق، چارچىمىدىم.
— Does she do the washing?
ئۇ كىر يۇيامدۇ؟
— Yes, she does. ھەئە، ئۇ كىر يۇيىدۇ.
— No, she doesn't. ياق، ئۇ كىر يۇمايدۇ.
— Can you swim to the other side?
سەن قارشى قىرغاققا ئۈزۈپ ئۆتەلەمسەن؟
— Yes, I can. ھەئە، ئۆتەلەيمەن.
— No, I can't. ياق، ئۆتەلمەيمەن.
— Has he passed the English test?
ئۇ ئىنگلىزچە ئىمتىھاندىن ئۆتتىمۇ؟
— Yes, he has. ھەئە، ئۇ ئۆتتى.
— No, he hasn't ياق، ئۇ ئۆتەلمىدى.

دىققەت:

doesn't=does not, can't=can not, hasn't=has not.

### 3. ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلى

1) ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلىدە "not" ئادەتتە ئىگىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئەمما كۆندىلىك ئالاقىدە "not" نىڭ قىسقارتىلغان شەكلى "n't —" ئىشلىتىلىدۇ ۋە جۈملە بېشىدىكى "be, have" ياكى ياردەمچى پېئىل قاتارلىقلار بىلەن بىرىكىپ، ئىگىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ بۇ خىل شەكلى كۆپىنچە ھاللاردا سوئال قويغۇچىنىڭ ھەيران قېلىش، تەكلىپ بېرىش، مەدھىيىلەش، گۇمانلىنىش قاتارلىق روھىي ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەدھىيە ياكى ئاپىرىن

ئوقۇشتى بىلدۈرگەن چاغدا ئۇرغۇنى چۈشۈرۈشكە بولىدۇ.

Don't you belive me?

ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ (ئەجەبلىنىش)

Won't you have more rice?

يەنە ئازراق يېمەمسىز؟ (تەكلىپ بېرىش)

Isn't it a lovely day?

ھاۋا نېمە دېگەن ياخشى-ھە! (مەدھىيە ئوقۇش)

Aren't you coming?

كەلمەمسەن؟ (گۇمانلىنىش)

2) ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلىگە جاۋاب بەرگەندە، "Yes" تىن كېيىن تەستىق شەكلىنى، "no" دىن كېيىن ئىنكار شەكلىنى ئىشلىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

Is he not a doctor? Yes, he is.

Or: No, he is not.

ئۇ دوختۇر ئەمەسمۇ؟ ياق، ئۇ دوختۇر.

ياكى: ھەئە، ئۇ دوختۇر ئەمەس.

Does she not want to go? Yes, she does.

Or: No, she doesn't.

ئۇنىڭ بارغۇسى يوقمىكەن؟ ئۇنداق ئەمەس، بارغۇسى بار ئىكەن.

ياكى: ھەئە، ئۇنىڭ بارغۇسى يوق ئىكەن.

Haven't you ever seen the film before?

Yes, we have. Or: No, we haven't.

سىلەر بۇ فىلىمنى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟ ياق، كۆرۈپ باقمىغان.

ياكى: ھەئە، كۆرۈپ باقمىغان.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئادەتتىكى سوراق جۈملىگە جاۋاب بەرگەندە "yes" ياكى "no" نى ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە "yes" نىڭ ئورنىغا all "Of course, certainly,

www.uyghurkitap.com

right, with pleasure, I guess so" نى ئىشلىتىشكە، "no" نىڭ ئورنىغا
"never, I am afraid not" قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

— Can you do me a favour?
ماڭا ياردەم بېرەلەمسەن؟

— Of course. ئەلۋەتتە

— Will you please fill in this form?
بۇ جەدۋەلنى تولدۇرۇۋەتسىڭىز بولامدۇ؟

— All right. بولىدۇ

— Can you get me a packet of detergent?
ماڭا بىر خالتا سوپۇن ئېلىپ بېرەلەمسىز؟

— With pleasure. چاتاق يوق.

— Will you be able to complete the design in time?
لايىھىلەش خىزمىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملىيالامسىلەر؟

— I guess so. مېنىڭچە بولار.

— Have you ever been to Xi'an
سىز شىئەنگە بېرىپ باققانمۇ؟

— Never. (بېرىپ باقمىغان.)

— Is there any train leaving for Changzhou tonight.
بۈگۈن كەچتە چاڭجۇغا بارىدىغان پويىز بارمۇ؟

— I'm afraid not. يوققۇ دەيمەن.

## ئارتىكل (تاجسۆز)
## (冠词 Article)

ئارتىكل بىر خىل تەكىتلەپ كۆرسەتكۈچى سۆز. ئۇ، ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ ئىسىم ۋەكىللىك قىلغان ئادەم ياكى شەيئىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. ئارتىكل ياردەمچى سۆزگە تەۋە بولۇپ، جۈملىدە مۇستەقىل

بۆلەك بولۇپ كېلەلمەيدۇ.

### 1. ئارتىكلنىڭ شەكىللىرى

ئارتىكلنىڭ ئېنىقسىز ئارتىكل (a, an) ، ئېنىق ئارتىكل (the) ۋە نۆل ئارتىكلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى بار.

A telephone is a very important means of communication.

تېلېفون ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر خىل خەۋەرلىشىش ۋاسىتىسى. (ئېنىقسىز ئارتىكل)

All students should know something about the history of their own country.

ھەممە ئوقۇغۇچى ئۆز دۆلىتىنىڭ تارىخىنى بىلىشى كېرەك. (ئېنىق ئارتىكل)

In science fiction we read of flying saucers travelling through space.

ئۇچار تەخسىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرىدىغانلىقىنى فانتازىيىلىك ھېكايىلەردىن ئوقۇغاندۇق. [ spaceنىڭ ئالدىدا ئادەتتە ئارتىكل كەلمەيدۇ، شۇڭا نۆل ئارتىكل دەپ قارىلىدۇ.]

### 2. ئارتىكلنىڭ ئورنى

1) ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىدە ئارتىكل ئادەتتە ئەڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

It is not an enormous salary but after all you can make your living.

بۇ مائاشنى ئانچە كۆپ دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا تۇرمۇشۇڭنى قامداشقا يېتىدۇ.

I met the two Swedish girls in London.

مەن لوندوندا بۇ ئىككى شۋېيتسارىيىلىك قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

2) ئارتىكلمۇ ئادەتتە all, both, exactly, what, such, rather,

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن كېلىدۇ. just, many, quite

All the tyres on the car needed replacing.

بۇ ماشىنىنىڭ بالونلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئالماشتۇرمىسا بولمايدۇ.

The preformance was rather a failure.

نومۇر زادىلا ياخشى ئوينالمىدى.

I don't think you realize what a serious crisis this is.

مېنىڭچە، سەن بۇنىڭ قانچىلىك ئېغىر كرىزىس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىدىڭ.

3) سۈپەتنىڭ ئالدىدا how/however, too, so, as قاتارلىق رەۋىشلەر بولسا، ئارتىكل سۈپەتنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

However great a disaster he suffered, john never gave up.

جون مەيلى قانداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمايدۇ.

She was so nice a girl that he fell in love with her at first sight.

ئۇ بەك ياخشى قىز بولغاچقا، ئۇ بىر كۆرۈپلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

## ئارقا قوشۇمچە قېتىش
## (后缀法 Suffixation)

ئارقا قوشۇمچە سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. سۆز يىلتىزىغا مەنىسى ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ئارقا قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق نۇرغۇن يېڭى سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەسلى سۆز يىلتىزىنى ئىسىم، پېئىل، سۈپەت ياكى رەۋىشكە ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلار. بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان ئارقا قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىچە

## 1. ئىسىم ياسايدىغان ئارقا قوشۇمچە:

1) ئادەم ياكى ھەرىكەت ئىجراچىسىنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| **— an** | |
| African | ئافرىقىلىق |
| American | ئامېرىكىلىق |
| republican | جۇمھۇرىيەتچى |
| historian | تارىخشۇناس |
| **— ant** | |
| defendant | جاۋابكار |
| contestant | رىقابەتچى |
| servant | مالاي، چاكار |
| inhabitant | ئاھالە |
| **— ar, — er, — or** | |
| abserver | كۆزەتكۈچى |
| actor | ئارتىست |
| translator | تەرجىمان |
| scholar | ئوقۇغۇچى |
| **— ee** | |
| employee | ياللانما خادىم |
| absentee | كەلمىگۈچى |
| refugee | سەرگەردان |
| examinee | ئىمتىھان بەرگۈچى |
| **— eer** | |
| mountaineer | تاغقا ياماشقۇچى |
| engineer | ئىنژېنېر |
| volunteer | پىدائىي |
| profiteer | ھايانكەش |
| **— ess** | |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| hostess | ئايال خوجايىن |
| actress | ئايال ئارتىست |
| waitress | ئايال كۈتكۈچى |
| manageress | ئايال دىرېكتور |
| — **ian** | |
| magician | سېرىكچى |
| electrician | ئېلېكترشۇناس |
| technician | تېخنىك |
| musician | مۇزىكانت |
| — **ist** | |
| physicist | فىزىك |
| artist | سەنئەتكار |
| scientist | ئالىم |
| pianist | روياللچى |

2) شەيئىلەرنىڭ نامى ياكى ئابستراكت مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| — **age** | **ھەرىكەت، سالاھىيەت، ھالەت، ئومۇمىيلىق** |
| pupilage | ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى |
| breakage | بۇزغۇنچىلىق |
| voltage | ئېلېكتر بېسىم مىقدارى |
| stoppage | توختىتىش |
| — **al** | **(ھەرىكەت، جەريان)** |
| arrival | يېتىپ بېرىش |
| approval | ئىجازەت |
| revival | قايتا گۈللىنىش |
| refusal | رەت قىلىنىش |
| -ance, -ancy, -ence, ency | ھالەت، ھەرىكەت قاتارلىقلار |
| constancy | سادىقلىق، بىردەكلىك |

| | |
|---|---|
| appearance | پەيدا بولۇش |
| efficiency | ئۈنۈمدارلىق |
| diligence | تىرىشچانلىق |
| **— dom** | **ساھە، خاراكتېر، ھالەت قاتارلىقلار** |
| freedom | ئەركىنلىك، ھۆرلۈك |
| filmdom | كىنو ساھەسى |
| wisdom | ئەقىل-پاراسەت |
| kingdom | پادىشاھلىق |
| **— er, — or** | |
| recorder | خاتىرىلىگۈچى |
| computer | كومپيۇتېر |
| thriller | ۋەھىمىلىك ھېكايە |
| sensor | سەزگۈچ |
| **— hood** | **(سالاھىيەت، خاراكتېر قاتارلىقلار)** |
| brotherhood | قېرىنداشلىق |
| childhood | بالىلىق دەۋرى |
| manhood | قىرانلىق دەۋرى |
| falsehood | ساختىلىق |
| -ion, -ison, -tion | ھەرىكەت، نەتىجە، ھالەت |
| collection | يىغىپ-توپلاش |
| action | رول |
| expression | ئىپادە |
| conclusion | خۇلاسە |
| **— sim** | **(ئىزم، تەلىمات، ئېتىقاد، خاراكتېر)** |
| communism | كوممۇنىزم |
| magentism | ماگنىت ئىلمى |
| socialism | سوتسىيالىزم |
| mechanism | مېخانىزم |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| **— ity** | (خۇسۇسىيەت، ھالەت، دەرىجە قاتارلىقلار) |
| electricity | ئېلېكتر |
| density | زىچلىق |
| reality | رېئاللىق |
| purity | ساپلىق |
| **— ment** | (ھەرىكەت، نەتىجە، جەريان) |
| arguement | تالاش-تارتىش |
| management | باشقۇرۇش |
| punishment | جازا |
| movement | ھەرىكەت |
| **— ness** | (خۇسۇسىيەت، ھالەت، دەرىجە) |
| kindness | مېھرى-شەپقەت |
| darkness | قاراڭغۇلۇق |
| tiredness | ھارغىنلىق |
| softness | يۇمشاقلىق |
| **— ry** | |
| rivalry | رىقابەت |
| bravery | باتۇرلۇق |
| slavery | قۇللۇق تۈزۈم |
| soldiery | ھەربىيلىك |
| **— ship** | |
| authorship | يازغۇچىلىق |
| citizenship | پۇقرالىق ھوقۇقى |
| hardship | قىيىنچىلىق |
| friendship | دوستلۇق |
| **— th** | |
| growth | ئۆسۈپ-يېتىلىش |

| | |
|---|---|
| depth | چوڭقۇرلۇقى |
| width | كەڭلىكى |
| truth | ھەقىقىي ئەھۋال |
| **— ure** | |
| failure | مەغلۇبىيەت |
| exposure | ئاشكارىلىنىش |
| seizure | تارتىۋېلىش |
| pressure | بېسىم |

3) ھېسسىيات تۈسىنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| **— ie** | **(كىچىكلىك ياكى يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ)** |
| bridie | قۇشنىڭ باچكىسى، كىچىك بالا |
| doggie | كۈچۈك |
| **— kin** | **كىچىك** |
| lambkin | پاقلان |
| cannikin | كىچىك قۇتا |
| napkin | كىچىك لۆڭگە، قول سۈرتىدىغان قەغەز |
| manikin | پاكار ئادەم |
| **— let** | **(كىچىك تىپتىكى)** |
| booklet | كىتابچە |
| leaflet | يۇمران يوپۇرماق |
| **—ling** | **(كىچىك)** |
| gosling | ئاققۇ چۈجىسى |
| duckling | ئۆردەك چۈجىسى |
| seedling | يۇمران نوتا |
| **— y** | **(كىچىك)** |
| Johnny | كىچىك جون |
| baby | قوزام، ساقام |
| piggy | چوشقا كۈچىكى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| patty | قيمىلىق قاتلىما |

4) ئىنگلىزچە ئاتالغۇنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| **— ery, — ry** | **(پەن، تېخنىكا)** |
| dentistry | چىش كېسەللىكلىرى تېخنىكىسى |
| chemistry | خىمىيە |
| rocketry | راكېتا تېخنىكىسى |
| surgery | تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى |
| **— graphy** | |
| biography | بىئوگىرافىيە |
| bibliography | بىبلوگىرافىيە |
| oceanography | ئوكيانشۇناسلىق |
| phonography | ئاكوستىكا |
| **— logy** | |
| physiology | فىزىئولوگىيە |
| technology | تېخنولوگىيە |
| zoology | زوئولوگىيە |
| **— meter** | |
| bathymeter | چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچىگۈچ |
| hardometer | قاتتىقلىق دەرىجىسىنى ئۆلچىگۈچ |
| humidometer | نەملىك دەرىجىسىنى ئۆلچىگۈچ |
| photometer | يورۇقلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچىگۈچ |
| **— metry** | |
| bathymetry | چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچەش ئۇسۇلى |
| geometry | گېئومېترىيە |
| thermometry | تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئۇسۇلى |
| trigonometry | ترىگنومېترىيە |
| **— nomy** | |
| astronomy | ئاسترونوم |

| | |
|---|---|
| bionomy | ئېكولوگىيە |
| economy | ئىقتىسادشۇناسلىق |
| gastronomy | ئاشپەزلىك تېخنىكىسى |

## 2. سۈپەت ياسايدىغان ئارقا قوشۇمچە

1) تەۋەلىكنى، مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| **— able, — ible** | **(… ىغىلى بولىدىغان)** |
| eatable | يېگىلى بولىدىغان |
| divisible | ئايرىغىلى بولىدىغان |
| visible | كۆرگىلى بولىدىغان |
| readable | ئوقۇغىلى بولىدىغان |
| **— al** | |
| comical | كومېدىيىلىك |
| educational | تەربىيە كۆرگەن |
| tragical | تراگېدىيىلىك |
| musical | مۇزىكىلىق |
| **— ant, — ent** | |
| dependent | بېقىنىدىغان |
| important | مۇھىم |
| excellent | مۇنەۋۋەر |
| radiant | رادىئوئاكتىپلىق |
| **— ary** | |
| exemplary | ئۈلگىلىك |
| elementary | ئاساسلىق |
| secondary | ئىككىنچى دەرىجىلىك |
| voluntary | ئىختىيارىي |
| **— ic** | |
| atomic | ئاتوملۇق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| Arabic | ئەرەبچە |
| specific | ئۆزگىچە، كونكرېت |
| heroic | قەھرىمانلارچە |
| **— ive** | |
| attractive | جەلپ قىلىدىغان |
| decisive | ھەل قىلغۇچ |
| creative | ئىجادىي |
| effective | ئۈنۈملۈك |
| **— ory** | |
| compulsory | مەجبۇرىي |
| advisory | نەسىھەتلىك |
| satisfactory | رازى بولغان |
| promissory | ۋەدىلىك |
| | 2) ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە |
| **— esque** | **(... غا ... ئوخشايدىغان ... سىمان)** |
| picturesque | سۈرەتتەك |
| grotesque | ئۆزگىچە |
| Romanesque | رىم ئۇسلۇبىدىكى |
| statuesque | ھەيكەلسىمان |
| **— ish** | **(گويا ... دەك، تەك)** |
| childish | تەتەك، بالىلىقنى تاشلىمىغان |
| bookish | كىتاب خالتىسى |
| monkeyish | مايمۇنسىمان |
| foolish | ئەخمەق، دۆت |
| **— like** | **(... غا ئوخشايدىغان)** |
| godlike | ئىلاھسىمان |
| childlike | بالىلارچە |
| warlike | ئۇرۇشقاق |

| | |
|---|---|
| manlike | ئادەمسىمان |
| — **ly** | (… خاس، … ىلارچە) |
| manly | ئەركەكلەرگە خاس |
| kingly | بەگلەرگە خاس |
| schorlarly | ئالىم سۈپەت |
| sisterly | ئاچا-سىڭىللارچە |
| — **some** | (…غا ئوخشايدىغان) |
| bothersome | بىزار قىلىدىغان |
| burdensome | ئېغىر |
| gamesome | خۇشخۇي |
| troublesome | ئاۋارىگەر |
| — **y** | (… سىمان) |
| hairy | تۈكلۈك |
| creamy | قايماقسىمان |
| sandy | قۇمسىمان، قۇم رەڭلىك |
| milky | سۈتسىمان |

3) تولغانلىقنى ياكى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| — **ful** | |
| careful | زىل، ئەستايىدىل |
| helpful | پايدىلىق |
| colourful | رەڭلىك |
| hopeful | ئۈمىدۋار |
| — **ous** | |
| courageous | قورقماس، جاسارەتلىك |
| glorious | شەرەپلىك |
| dangerous | خەتەرلىك |
| various | خىلمۇ خىل |
| — **less** | |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| colourless | رەڭسىز |
| careless | بىپەرۋا |
| hopeless | ئۈمىدسىز |
| countless | سانسىز |
| | 4) باشقا ئارقا قوشۇمچىلار |
| **—ed** | |
| talented | تالانتلىق |
| learned | بىلىملىك |
| warm-hearted | مېھرى ئىسسىق، باغرى يۇمشاق |
| winged | قاناتلىق |
| **— en** | **(... دىن ياسالغان)** |
| leaden | قوغۇشۇندىن ياسالغان |
| golden | ئالتۇندىن ياسالغان |
| wooden | ياغاچتىن ياسالغان |
| waxen | مومدىن ياسالغان |
| **— ese** | **(... دۆلەتنىڭ، ... تىلى، ... لىك)** |
| Burmese | بىرمىنىڭ، بىرما تىلى |
| Contonese | گۇاڭجۇنىڭ، گۇاڭجۇ تەلەپپۇزى |
| Japanese | ياپونىيىنىڭ، ياپون تىلى |
| Shanghainese | شاڭخەينىڭ، شاڭخەيلىك |
| **— fold** | **(ھەسسە)** |
| threefold | ئۈچ ھەسسە |
| tenfold | ئون ھەسسە |
| manifold | نۇرغۇنلىغان |
| twofold | ئىككى ھەسسە |
| **— most** | **(... ئەڭ)** |
| foremost | ئەڭ ئاۋۋالقى |
| inmost | ئەڭ ئىچىدىكى |

| | |
|---|---|
| uppermost | ئەڭ ئېگىزدىكى |
| utmost | يۇكسەك دەرىجىدىكى |

## 3. رەۋىش ياسايدىغان ئارقا قوشۇمچە

**—ly**

**(ئاساسەن ئەسلى مەنىسى بويىچە رەۋىش ياسايدۇ)**

| | |
|---|---|
| comparatively | نىسبەتەن |
| lately | يېقىندىن بۇيان |
| hourly | سائەتىگە |
| smilingly | كۈلۈمسىرىگەن، ھالدا |

«—ic» بىلەن ئاخىرلاشقان سۆپەتلەرگە ئادەتتە «ally—» قېتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| economically | ئىقتىسادىي جەھەتتە |
| emphatically | تەكىتلىگەن ھالدا |
| sympathetically | ھېسداشلىق قىلغان ھالدا |
| technically | تېخنىكا جەھەتتە |
| — **word** (s) | **(يۆنىلىش)** |
| backword (s) | كەينىگە |
| forward (s) | ئالدىغا |
| upward (s) | ئۈستىگە |
| down ward (s) | ئاستىغا |
| southward (s) | جەنۇبقا |
| outward (s) | سىرتىغا |
| — **ways** | |
| lengthways | ئۇزۇنىسىغا |
| endways | تىك |
| sideways | بىر تەرەپكە |
| noways | ھەرگىز |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 4. پېئىل ياسايدىغان ئارقا قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| — ate | (… قىلدۇرماق) |
| circulate | ئايلانماق |
| evaporate | ھورلاندۇرماق |
| oxygenate | ئوكسىدلىماق |
| — en | |
| lengthen | ئۇزارتماق |
| heighten | ئېگىزلەتمەك |
| widen | كېڭەيتمەك |
| quicken | تېزلەتمەك |
| — ify, —fy | (… لاشتۇرماق) |
| beautify | گۈزەللەشتۈرمەك |
| intensify | كۈچەيتمەك |
| electrify | ئېلېكترلەشتۈرمەك |
| simplify | ئاددىيلاشتۇرماق |
| — ize | (… لاشتۇرماق) |
| modernize | زامانىۋىلاشتۇرماق |
| organize | تەشكىللىمەك |
| popularize | ئومۇملاشتۇرۇش |
| realize | رېئاللىققا ئايلاندۇرماق |

## ئالاھىدە سوراق جۈملە
## (特殊疑问句 Special Question)

جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە سوئال قويۇلىدىغان جۈملە ئالاھىدە سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق جۈملە ئادەتتە who, whose, what, which, where, when, why, how قاتارلىق سۆزلەر بىلەن باشلانغاچقا،

«wh لىق سوئال جۈملە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جۈملە ئاخىرىدا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ ۋە ئۆرغۇ چۈشىدۇ. بۇنداق جۈملىگە «yes» ياكى «no» بىلەن ئاددىيلا جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ، سورالغان جۈملىنىڭ بۆلىكىگە چوقۇم كونكرېت جاۋاب بېرىش كېرەك.

— Who broke the glass?
ئىستاكاننى كىم چاقتى؟

— Mary did it.
مارى چاقتى.

— Whose car did you borrow for this journey?
بۇ ساياھەتكە سەن كىمنىڭ ماشىنىسىنى سورىدىڭ؟

— I borrowed Mr Hamilton's car for this journy.
بۇ ساياھەتكە خامىلتون ئەپەندىنىڭ ماشىنىسىنى سورىدىم.

— Which foreign languages have you studied?
سىز قايسى تىللارنى ئۆگەنگەن؟

— I have studied English, French and Japanese.
مەن ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى ۋە ياپون تىللىرىنى ئۆگەنگەن.

— Why do you often come late?
سەن نېمە ئۈچۈن ھەمىشە كېچىكىپ كېلىسەن؟

— Because my mother is ill.
ئانام ئاغرىپ قالغاچقا.

## 1. ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى

1) جۈملىنىڭ ئىگىسىگە ياكى ئىگىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغا سوئال قويغاندا، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەرتىپى: «بايان جۈملە + سوئال خاراكتېرلىك سۆز» شەكلىدە بولىدۇ.

Who is in charge of this project?
بۇ تۈرگە كىم مەسئۇل؟

Who would like to go out for a walk?
كىم سەيلە قىلىشنى خالايدۇ؟

Which book is yours?

www.uyghurkitap.com

قايسى كىتاب سىزنىڭ؟

Whose pen is on the desk?

ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى كىمنىڭ قەلىمى.

2) جۈملىنىڭ خەۋىرى، كېسىم خەۋىرى، تولدۇرغۇچىسى، تولدۇرغۇچىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى ياكى ھالىتىگە سوئال قويۇلغاندا، جۈملە بۆلىكىنىڭ تەرتىپى: «ئاددىي سوراق جۈملە + سوئال خاراكتېرلىك سۆز» شەكلىدە بولىدۇ.

What is your father?

دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

Whose parents are our teacher talking to?

بىزنىڭ مۇئەللىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان كىمنىڭ ئاتا-ئانىسى؟

When will the students of Class Five leave?

5-سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قاچان دەرستىن چۈشىدۇ؟

How do you go to work?

ئىشقا قانداق بارىسىز؟

3) بەزى ئالاھىدە سوراق جۈملىنىڭ مۇقىم بىرىكىش شەكلى

a. «How about …?» تەكلىپ بېرىش، ئۆتۈنۈش، تەكلىپ قىلىش، باشقىچە پىكىر بېرىش ياكى قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

How about a drink?

بىرەر ئىستاكان ئىچىشسەك قانداق؟

How about playing badminton now?

پەي توپ ئوينىساق قانداق؟

How about Jack? we can't just leave him here.

قانداق قىلىمىز، جېك؟ ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كەتسەك بولماس.

b. «How come …?» سوئال قويۇشقا ئىشلىتىلىپ، «قانداقسىگە …» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

How come I wasn't told?

مەن قانداقسىگە ئاڭلىماي قالغاندىمەن؟

How come your little son isn't going with you?

كىچىك ئوغلۇڭ قانداقسىگە سەن بىلەن بىللە ئەمەس؟

How come you didn't get any cake?

نېمىشقا تورت يېمىدىڭ؟

c . «why not» قا پېئىلنىڭ «to» ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلىنى قوشۇپ سوئال قويۇش ئارقىلىق تەكلىپ بېرىش ياكى ئىلھام بېرىش ئىپادىلىنىدۇ.

Why not go by bus?

Why not try again? — نېمىشقا ئاپتوبۇس بىلەن بارمايمىز؟

نېمە ئۈچۈن يەنە سىناپ كۆرمەيمىز؟

Why not let her do as she like?

نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىشىغا يول قويمايمىز؟

d . سوئال خاراكتېرلىك سۆزگە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنى قوشۇش ئارقىلىق ئاغزاكى سوراق جۈملە ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ.

How to say? — قانداق دېسەك بولىدۇ؟

Where to put it? — ئۇنى قەيەرگە قويىمىز؟

When to do it? — ئۇنى قاچان قىلىمىز؟

**2 . ئالاھىدە سوراق جۈملىدە تەكىتلەشنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى**

1) ھەيرانلىق، غەزەپ-نەپرەت، نارازىلىق، تاقەتسىزلىنىشتەك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشتە سوئال خاراكتېرلىك سۆزنىڭ كەينىگە «ever» قېتىلىدۇ.

Which ever do you want?

سىزگە زادى قايسىسى كېرەك؟

Who ever broke the window?

دېرىزىنى زادى كىم چاقتى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

When ever did he drop his wallet?

ئۇ پورتمالىنى زادى قاچان چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ؟

Why ever didn't you tell me you'd been ill?

ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى زادى نېمە ئۈچۈن ماڭا ئېيتمايسەن؟

2) ھەيران قېلىش، لەنەت ئوقۇش ھېسسىياتى سوئال خاراكتېرلىك سۆزنىڭ كەينىگە on earth, the devil, the hell, in the world قاتارلىق بىرىكمىلەر قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

What on earth is the matter with you?

ساڭا زادى نېمە بولدى؟

Where in the world have they been hiding?

ئۇلار زادى قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالغاندۇ؟

What the devil is happening over there?

ئۇ يەردە زادى نېمە ئىش يۈز بېرىپتۇ؟

What the hell is that thing on your head?

بېشىڭدىكى ئاۋۇ نەرسە زادى نېمە؟

## ئالاھىدە كۆرسىتىش
## (特殊指出 Special Reference)

ئوخشاش بىر تۈردىكى مەلۇم بىر ئادەمنى ياكى نەرسىنى مەخسۇس كۆرسىتىش ـ ئالاھىدە كۆرسىتىش دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئادەتتە ئېنىق ئارتىكل، ئېگىلىك ئالماش ياكى ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىشى ئىشلىتىلىدۇ.

The tiger which you saw this morning is a rare species.

سەن ئەتىگەن كۆرگەن ھېلىقى يولۋاس ئاز ئۇچرايدىغان يولۋاس تۈرىگە كىرىدۇ. ("the tiger" مەلۇم بىر يولۋاسنى ئالاھىدە كۆرسىتىدۇ.)

The English like beer.

ئەنگلىيىلىكلەر پىۋا ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ("The English" مەلۇم بىر تۈردىكى كىشىنى كۆرسىتىدۇ.)

The steam engine was invented by James.

ھور ماشىنىسى جامىس ۋات تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان.
("The steam engine" مەلۇم بىر تۈردىكى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.)

I have been waiting a long time to park my car.

ماشىنامنى توختىتىش ئۈچۈن ساقلاۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزۇن بولدى.

I wore a pair of my sister's boots.

مەن ئاچامنىڭ ئۆتۈكىنى كىيىۋالدىم.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئابستراكت ئىسىم ياكى ماددىي ئىسىمنىڭ ئادەتتىكى ئۇقۇمى ئىشلىتىلگەندە، ئادەتتە ئارتىكل قېتىلمايدۇ. ئەمما ئۇ ئالاھىدە مەزمۇن ياكى شۇ نەرسىنىڭ ئالاھىدە قىسمىنى بىلدۈرگەندە، ئادەتتە چوقۇم ئېنىق ئارتىكل قېتىلىدۇ.

She has a passion for music.

ئۇ مۇزىكىغا تولىمۇ ئامراق. (چەككىلەپ كۆرسىتىش)

What do you think of the music. ?

سىزنىڭچە بۇ مۇزىكا قانداقكەن؟ (ئالاھىدە كۆرسىتىش)

He has no sense of humour.

ئۇنىڭدا يۇمۇر تۇيغۇسى يوق. (چەككىلەپ كۆرسىتىش)

We didn't catch the humour in his remark.

ئۇنىڭ سۆزىدىن ھېچقانداق يۇمۇرىستىك تۇيغۇ ھېس قىلمىدۇق. (ئالاھىدە كۆرسىتىش)

We should open the windows often to let in fresh air.

بىز دائىم دېرىزىنى ئېچىپ، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇشىمىز لازىم. (چەككىلەپ كۆرسىتىش)

Open the window. The air is so bad.

ھاۋا بۇلغىنىپ كېتىپتۇ. دېرىزىنى ئېچىۋېتەيلى.

# ئالدى قوشۇلغۇچى
# (介词 Preposition)

ئالدى قوشۇلغۇچى ئالدى سۆز دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان سۆز تۈركۈمى بولۇپ، تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئالدى قوشۇلغۇچى جۈملىدە مۇستەقىل تەركىب بولالمايدۇ، چوقۇم ئىسىم، ئالماش قاتارلىقلار بىلەن بىرىكىپ، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ھاسىل قىلىپ، جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ.

## 1. ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تۈرلىرى

ئالدى قوشۇلغۇچى ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچى، قوشما ئالدى قوشۇلغۇچى، قوش ئالدى قوشۇلغۇچى، ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى، پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئالدى قوشۇلغۇچى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچى

كۆپ ئۇچرايدىغان ئاددىي ئالدى قوشۇلغۇچىلار:

at, in, on, of, past, round, along, against, beside, from, with

2) قوشما ئالدى قوشۇلغۇچى

كۆپ ئۇچرايدىغان قوشما ئالدى قوشۇلغۇچىلار:

inside, outside, into, onto, within, without.

3) قوش ئالدى قوشۇلغۇچى

كۆپ ئۆچرايدىغان قوش ئالدى قوشۇلغۇچىلار:
from behind, from under, until after, on to.

4) ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى

كۆپ ئۆچرايدىغان ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچىلار:
ahead of, apart from, because of, by way of, in addition to, in spite of, with regard to

5) پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئالدى قوشۇلغۇچى

كۆپ ئۆچرايدىغان پېئىلنىڭ تارماق شەكلى ئارىلاشقان ئالدى قوشۇلغۇچى:
regarding, considering, concerning, including

## 2. ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ ئورنى

ئالدى قوشۇلغۇچى ئادەتتە ئۆزى باشقۇرۇپ كەلگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

(There is) No rose without a thorn.

تىكىنى يوق ئەتىرگۈل بولمايدۇ. (تەمسىل)

They sat on the grass.

ئۇلار چۆپلۈكتە ئولتۇردى.

ئەمما تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئەھۋالدا ئالدى قوشۇلغۇچى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.

1) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى سوئال خاراكتېرلىك سۆز بولىدۇ.

Where does he come from? ئۇ قەيەرلىك؟

What are they listening to? ئۇلار نېمە ئاڭلاۋاتىدۇ؟

Which class are you in? قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇيسىز؟

2) «that» بىلەن باشلانغان ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ياكى «what» باشلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىلەردە جۈملە ئاخىرىدا كېلىدۇ.

This is what we were looking for.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىز ئىزدىگەن نەرسە مۇشۇ شۇ ئىدى.

This is the magazine that he asked about.

بۇ ـ ئۇ سورىغان ھېلىقى ژۇرنال شۇ.

It is a thing that I have dreamed of and worked for.

مانا بۇ دەل مەن ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە قىلىۋاتقان ئىش.

3) جۈملىنىڭ كەينىدە كېلىپ ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىدۇ.

This I'm perfectly sure of.

بۇ جەھەتتە مەندە چاتاق يوق.

Grammar you must work hard at; phontics you can put aside for the moment.

سەن ھازىرچە فونتىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، گراماتىكا قىسمىغا كۈچىگىن.

4) جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ مەجھۇل دەرىجە ھاسىل قىلىدۇ.

Everything Mary said was laughed at.

مارى ئېيتقانلىكى گەپ باشقىلارنىڭ كۈلكىسىنى قوزغىدى.

He is the one whose word is relied on.

ئۇ گېپىدە تۇرىدىغان ئادەم.

The question was properly dealt with.

بۇ مەسىلە جايىدا بىر تەرەپ قىلىندى.

## 3. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچىنىڭ تەركىبلىرى

ئىسىم، ئالماش، سان، ھەرىكەتنام، سۈپەت، پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە قاتارلىقلار ئادەتتە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى بولالايدۇ.

1) ئىسىم

The village lies among the hills.

كەنت تاغلار ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

They are sitting around the fire.

ئۇلار گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇردى.
We are majoring in English.
بىز ئىنگلىز كەسپىدە ئوقۇۋاتىمىز.
2) ئالماش
Shut the door after you.
ئىشىكنى ياپقاچ چىقىپ كەتكىن.
Don't look at me like that.
ماڭا ئۇنداق قارىما.
This explanation is quite beyond us.
بۇ چۈشەندۈرۈشنى بىز ئازراقمۇ ئاڭقىرالمىدۇق.
3) سان
He is a boy past ten.
ئۇ 10 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بالا.
The students came to the school in two and threes.
ئوقۇغۇچىلار ئىككىدىن، ئۈچتىن مەكتەپكە كېلىشكە باشلىدى.
4) رەۋىش
We didn't get to know it until recently.
بىز بۇ ئىشنى يېقىنغىچە بىلمەي يۈرۈپتۇق.
By then Rose had saved a little more than 1000 dollars.
روسى شۇ ۋاقىتقىچە ئاران 1000 دوللار پۇل يىغىپتۇ.
5) سۈپەت
It is far from possible.
بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.
He is given up for dead.
كىشىلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ قاراپ ئاختۇرۇش خىزمىتىنى توختىتىپ قويدى.
That man looks far from well.
ئۇ ئادەم قارىماققا كىشىگە ياخشى تەسىر بەرمەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

I know it from old.

مەن ئۇنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

6) پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى

Ten people are reportd for lost.

خەۋەردە 10 ئادەمنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئېيتىلدى.

We took it for granted that he would fulfil his promises.

بىزنىڭچە ئۇ چوقۇم ۋەدىسىدە تۇرىدۇ.

He considers the problem as settled.

ئۇ، مەسىلىنى ھەل بولۇپ بولدى دەپ قارىدى.

7) ھەرىكەتنام

We learn to speak through speaking.

بىز پاراڭلىشىش ئارقىلىق قانداق سۆزلەشنى ئۆگىنىمىز.

He was sent to prison for stealing.

ئۇ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە سولاندى.

Margaret left without saying good—bye.

مارگارت «خوش» دېمەيلا كېتىپ قالدى.

8) پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى

He had no choice but to obey.

ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتىن باشقا ئاللاش قالمىدى.

Autumn harvest was about to start.

كۈزلۈك ھوسۇل يىغىش پەيتى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى.

I ask for nothing except to be left alone.

مەن يالغۇز قالساملا بولدى، بۇنىڭدىن باشقا تەلىپىم يوق.

9) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە

We looked everywhere except in the bedroom.

ئۆيدىن باشقا ھەممە جاينى ئاختۇردۇق.

The ball rolled out from under the bed.

توپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىن دومىلاپ چىقتى.

She went out from behind the tree.

ئۇ دەرەخنىڭ كەينىدىن چىقتى.

10) بېقىندى جۈملە

I waited until after she came back.

مەن تاكى ئۇ كەلگىچە ساقلىدىم.

We can see her from where we are standing now.

بىز ئۇنى مۇشۇ جايىمىزدا تۇرۇپ كۆرەلەيمىز.

He never comes here except when he is free.

ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلاردا بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمەيدۇ.

### 4. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە تولدۇرغۇچىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

1) ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

A friend in need is a friend indeed.

باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتقان دوست ھەقىقىي دوست.

He has lost the key to the door of his room.

ئۇ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈپ قويدى.

Thing like air, water or metals are different kind of matter.

ھاۋا، سۇ ۋە مېتاللار ئوخشىمىغان تۈردىكى ماددىلاردۇر.

2) كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

You are like your mother.

سەن ئاناڭغا ئوخشايدىكەنسەن.

They are from the same province.

ئۇلار بىر ئۆلكىدىن.

All molecules are in constant motion.

مولېكۇلىلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈ ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3) تولدۇرغۇچىنى تولۇقلايدۇ.

She thought herself above others.

ئۇ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن چاغلايدۇ.

He found everything in good condition.

ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى بايقىدى.

We consider grain storage of great importance.

بىز ئاشلىق توپلاش تولىمۇ مۇھىم دەپ قارايمىز.

4) ھالەت بولىدۇ.

We went there on foot.

بىز ئۇ يەرگە پىيادە باردۇق.

The film is very popular among college students.

بۇ فىلىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

In spite of all the discomforts, the Curies went on their laboratory work.

شارائىت تولىمۇ ناچار بولسىمۇ، مارىيە كيۇرى خانىم تەجرىبىخانا خىزمىتىنى يەنىلا توختىماي قويمىدى.

## 5. ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن بولغان بىرىكىشى

ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. ئۇ كۆپىنچە پېئىل، سۈپەت، ئىسىم قاتارلىق سۆز تۈركۈمى بىلەن بىرىكىپ ئادەت سۆزلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە ھەر خىل مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1) پېئىل بىلەن بىرىكىدۇ

| | |
|---|---|
| aprove of | قوشۇلۇش، تەستىقلاش |
| adhere to | چىڭ تۇرۇش |
| concentrate on | مەركەزلەشتۈرۈش |
| devote oneself to | ئۆزىنى ... گە بېغىشلىماق |
| invest in | مەبلەغ سالماق |

| | |
|---|---|
| involve in | ئۆز ئىچىگە ئالماق |
| protect … from | قوغداش |
| reply to | جاۋاب بەرمەك |
| release … from | قۇتۇلماق، ئازاد بولماق |
| result from | … دىن پەيدا بولماق |
| succeed in | مۇۋەپپەقىيەت قازانماق |
| participate in | قاتناشماق |

2) سۈپەت بىلەن بىرىكىدۇ.

| | |
|---|---|
| be afraid of | قورقماق |
| be short of | كەمچىل |
| be suitable for | مۇۋاپىق |
| be keen on | ياخشى كۆرمەك، تەشنا بولماق |
| be considerate of | چۈشەنمەك، ھالىغا يەتمەك |
| be full of | تولماق |
| be contrary of | … بىلەن ئەكسىچە |
| be vital to | … گە نىسبەتەن مۇھىم |
| be similar to | … بىلەن ئوخشاش |
| be active in | ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىش |
| be sensitive to | … گە سەزگۈر |
| be proud of | … دىن پەخىرلىك ھېس قىلماق |

3) ئىسىم بىلەن بىرىكىدۇ.

His family depends on him for support.

ئائىلىسىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۇنىڭغا قاراشلىق.

We put no dependence on him.

بىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمىز.

Tom has applied for a visa.

تام پاسپورت ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

Jone wrote five applications for jobs, but got nothing

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جېبىن 5 پارچە خىزمەت ئىزدەش خېتى يازدى، ئەمما خىزمەت تاپالمىدى.

Davis was keenly interested in films.

رورا كىنوغا بەك قىزىقىدۇ.

I feel an objection to getting up late.

ۋاقىچە تۇرۇش بىلەن خوشۇم يوق.

Do you object to my smoking, to my shutting the window?

سەن مېنىڭ تاماكا چېكىشىمگىمۇ، دېرىزىنى يېپىشىمغىمۇ قارشى تۇرامسەن؟

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئوخشىمايدىغان ئالدى قوشۇلغۇچى ئوخشاش بىر سۆپەت بىلەن بىرىككەندە، ئوخشىمىغان مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1. be angry at sth. مەلۇم ئىش تۈپەيلىدىن ئاچچىقلانماق

be angry with sb.

(مەلۇم كىشىگە) غەزەبلەنمەك

I am angry at his misbehaviour.

مەن ئۇنىڭ بولمىغۇر ئىشى ئۈچۈن ئاچچىقلاندىم.

He was angry with himself for having made such a foolish mistake.

بۇ ئەخمىقانە ئىشتىن ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىۋاتىدۇ.

2. be familiar to sb.

مەلۇم بىر كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا تونۇش

be familiar with sth.

چۈشەنمەك (مەلۇم بىر ئىشنى)

The subject is familiar to me.

بۇ تېما مەن ئۈچۈن تونۇش.

The book is written for readres familiar with the German

language.
بۇ كىتاب گېرمان تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلار ئۈچۈن يېزىلغان.

# ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە
## (介词短语 Prepositional phrase)

ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە تولدۇرغۇچىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئادەتتە ئىسىم ياكى ئالماش ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ. سۈپەت، سان، رەۋىش، ھەرىكەتنام، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ھەمدە بېقىندى جۈملە ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولالايدۇ.

### 1. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىنىڭ تۈزۈلۈشى

1) ئىسىم ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

At birth the baby elephants stand about three feet high.

پىل بالىلىرى يېڭى تۇغۇلغان چاغدا ئېگىزلىكى ئۈچ ئىنگلىز چىسى ئەتراپىدا كېلەتتى.

It is for the purpose of learning from nature that a new science has grown up.

تەبىئەتنى چۈشىنىش مەقسىتىدە يېڭى بىر پەن بارلىققا كەلدى.

2) ئالماش ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

She stood up beside us.

ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدا ئورنىدىن تۇردى.

Man is now trying to copy all of these.

ئىنسانلار ھازىر مۇشۇ جانلىقلارنى دورىماقتا.

3) سۈپەت ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

ئاساسلىقى in short, in brief, at least قاتارلىق ئادەت سۆزلىرىدە

كۆرۈلىدۇ.

In short, I am going to live there myself.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز تۇرماقچى.

The speaker didn't know his subject, nor did hespeak well; in brief, he was disappointing.

ناتىق سۆزلىمەكچى بولغان نۇتۇقنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى چۈشەنمىگەچكە، نۇتۇقنى ياخشى سۆزلىيەلمىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بۇ نۇتۇقى كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى.

4) سان ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

Ben Franklin died in 1790 at the age of eighty-four.

بېن فرانكلىن 1790-يىلى 84-يېشىدا ۋاپات بولغان.

In four months about 15600 dispatches were carried by pigeons.

تۆت ئاي ئىچىدە تەخمىنەن 15 مىڭ 600 پارچە تېز يوللانما كەپتەر ئارقىلىق يوللاندى.

5) رەۋىش ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

Until lately, not even the best pigeons would fly at night.

تېخى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئەڭ ياخشى كەپتەرلەرمۇ كېچىسى ئۇچالمىدى.

At last the elephants strom into the runaways leading to the trap's entrance.

پىل توپى ئاخىرى قىلتاق قۇرۇلغان يولغا قاراپ يۇگۇرۇپ كېتىشتى.

6) ھەرىكەتنام ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

There is a great din of bellowing and trumpeting.

قۇلاقنى يارغۇدەك ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە شوئار توۋلىغان ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالغاندى.

If there were a yardstick for measuring man's love for wild animals, he would probably win all the prizes.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارغا بولغان مۇھەببىتىنى ئۆلچىيەلەيدىغان ئۆلچەم بولغان بولسا، ئېھتىمال ئۇ ھەممە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بولاتتى.

7) پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

They did nothing except work.

ئۇلار خىزمەتتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىدى.

It had no effect except to make him angry.

بۇنىڭ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئۈنۈمى يوق.

In Germany we do nothing but study.

گېرمانىيىدە بىز ئۆگىنىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايمىز.

He had no choice but to get down.

ئۇنىڭغا چۈشۈشتىن باشقا تاللاش يوق.

What do you like to do besides swim?

سىز سۇ ئۈزۈشتىن باشقا يەنە قانداق تەنھەرىكەت تۈرىنى ياخشى كۆرىسىز؟

8) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

The cobra crawled out from under the table.

كۆزەينەكلىك يىلان كەتىرنىڭ ئاستىدىن سوزۇلۇپ چىقتى.

The ceiling had lowered to about four hundred feet.

ئۆچۈش نۇقتىسى تەخمىنەن 400 ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىككە پەسلىدى.

9) بېقىندى جۈملە ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

It will make you more aware of how you spend your time.

ئۇ سائا ۋاقتىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى تېخىمۇ ياخشى ھېس قىلدۇرىدۇ.

Father led us along to where there was a kind of cave in the west bank of the gulch.

دادام بىزنى جىلغىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە باشلاپ

كەلدى.

This snail is a highly prized one for which men take great risks.

بۇ خىل قۇلۇلە ناھايىتى پۇلغا يارايدۇ، شۇڭا كىشىلەر خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ ئۇنى تۇتىدۇ.

### 2. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىنىڭ رولى

ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى، مۇستەقىل تەركىب قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

This was a discovery of the greatest importance.

بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر بايقاش. (ئېنىقلىغۇچى)

In a se of a week, we see thousands of the gulls in

بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بىز رەڭگى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى خىلمۇ خىل بولغان نۇرغۇن دېڭىز چايكىلىرىنى كۆردۇق. (ئېنىقلىغۇچى)

He is at ease hearing a symphony.

ئۇ سىمفونىيىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلاۋاتىدۇ. (كېسىم خەۋەر)

It was on a warm and windless afternoon.

ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا تولىمۇ ئىللىق ھەم شامالسىز ئىدى. (كېسىم خەۋەر)

For his determination and courage, many honours were given him.

ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە قەيسەرلىكى ئۇنى نۇرغۇن شەرەپكە ئېرىشتۈردى. (ھالەت)

After passing Beijing, I flew at an altitude of six hundred feet.

بېيجىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇچۇش ئېگىزلىكىنى 600

ئىنگلىز چىسى ئىگىزلىكتە ساقلىدىم. (ھالەت)

They think of those islanders as savage, backward people.

ئۇلار ئۇ ئارالدىكى كىشىلەرنى ياۋۇز ھەم قالاق دەپ قارايدۇ. (تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى)

I watched the gull on and off all afternoon.

مەن ئۇ دېڭىز چايكىسىنىڭ چۈشتىن كېيىندىن تاكى كەچكىچە بىر دەم ئۇچۇپ، بىر دەم قونۇپ يۈرگىنىنى كۆردۈم.

He became, in short, the finest actor on American stage.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئامېرىكا سەھنىسىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئارتىست بولۇپ قالدى. (مۇستەقىل تەركىب)

Other natural drugs were known which, to some extent, were able to deaden pain and induce sleep.

ئەينى چاغدا كىشىلەر باشقا بەزى تەبىئىي دورىلارنىڭ ئاغرىقنى مەلۇم دەرىجىدە توختىتىدىغانلىقىنى ۋە ئۇخلىتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. (مۇستەقىل تەركىب)

## ئالدى ئېنىقلىغۇچى
## (前置定语 Pre-modifier)

ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆز (Head word) نىڭ ئالدىدا كېلىدىغان ئېنىقلىغۇچى ئالدى ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا چەكلىگۈچى سۆز (enough بەزىدە كەينىدە كېلىدۇ)، تاق سۈپەت (قوشما سۈپەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى، ھەرىكەتنام ۋە ئىسىم ئالدى ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

**1. چەكلىگۈچى سۆز**

بىر كىتاب a book

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مېنىڭ ئىنىم | my brother |
| بۇ پارتا | this desk |
| نۇرغۇن كىشى | a lot of people |
| ئۈچ تال ئالما | three apples |
| مۇشۇنداق بالا | such a boy |

2. تاق سۈپەت

(قوشما سۈپەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، پېئىلنىڭ تارماق شەكلى ياكى ھەرىكەتنامىلار ئالدى ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

| | |
|---|---|
| بىر داڭلىق سەنئەتكار | a famous artist |
| 10 ياشلىق بىر بالا | a ten-year-old child |
| ئۇخلاۋاتقان بالا | a sleeping child |
| كارىۋاتلىق ماشىنا | a sleeping car |
| تەييار مەھسۇلات | finished products |

3. ئىسىم

| | |
|---|---|
| بىر خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى | a chemistry teacher |
| بىر رەڭلىك فىلىم | a colour film |
| بىر داستىخان | a table cloth |

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئىسىمنى ئېنىقلايدىغان سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: چەكلىگۈچى سۆز (ئارتىكل، ئىگىلىك ئالماش، كۆرسىتىش ئالماش، ئېنىقسىز ئالماش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ← سان (تەرتىپ سان، پۈتۈن سان) ← تەسۋىرىي سۈپەت (چوڭ-كىچىكلىكى، شەكلى، كونا-يېڭىلىقى، يېشى قاتارلىقلار) ← رەڭنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت ← دۆلەت تەۋەلىكى، رايون ياكى تۇرغان جايىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى سۈپەت ← ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت + ئىسىم خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى (ھەرىكەتنامىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) + ئىسىم

خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆز (ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا باشقا ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ).

my pretty purple silk dress

مېنىڭ جىگەر رەڭلىك چىرايلىق يىپەك كۆڭلىكىم

the first two beautiful little white chinese stone bridges

جۇڭگونىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىككى چىرايلىق ئاق تاشتىن ياسالغان كۆۋرۈكى

some sour green eating apples

ئاچچىق-چۈچۈك توك ئالمىلار

# ئالدى قوشۇمچە قېتىش
# (前缀法 Prefixation)

ئالدى قوشۇمچە سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. سۆز تومۇرىغا مەنىسى ئوخشىمايدىغان ئالدى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئورغۇنلىغان يېڭى سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان ئالدى قوشۇمچىلار تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە

1) پۈتۈنلەي ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە

**dis —** (يوق ئەمەس)

disappear غايىب بولۇش

disagree قوشۇلماسلىق

dislike ياخشى كۆرمەسلىك

dishonest سەمىمىيەتسىز

**in —** (ئەمەس)

(《in —》 قوشۇمچىسى باش ھەرپى n, l, m/p, r بىلەن باشلانغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلغاندا «ig—, il —, im —, ir —» بولۇپ ئۆزگىرىدۇ)

| | |
|---|---|
| incapable | قىلغىلى بولمايدىغان |
| incomplete | تولۇق ئەمەس، تولۇقسىز |
| ignoble | يارامسىز |
| impssible | مۇمكىن بولمايدىغان |
| illegal | قانۇنسىز |
| irregular | قائىدىسىز ، قائىدىگە چۈشمەيدىغان |
| **un—** | |
| unbalance | تەڭپۇڭسىز |
| unable | قابىلىيەتسىز |
| unlucky | بەختسىز ، تەلەيسىز |
| unemployment | ئىشسىزلىق |
| **non —** | |
| nonloaded | مەسئۇلىيەتسىز |
| nonage | قۇرامىغا يەتمىگەن |
| nonsmoker | تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم |
| nonmetal | مېتاللوئىد |

2) سەلبىي مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| mal — | دا(ساختا، ناچار دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ) |
| malformed | غەيرىي شەكىل |
| malfunction | كاردىن چىقماق |
| malnutrition | ئوزۇقلىنىشى ناچار |
| maltreat | ئەزمەك |
| **mis —** | (خاتا مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ) |
| mishear | خاتا ئاڭلاپ قالماق |
| misinform | خاتا يوللىماق |
| mislead | خاتا يېتەكچىلىك قىلماق |

misconduct — ئىستىلى توغرا ئەمەس

**pseudo —** (ساختا، يالغان)

pseudoatom — ساختا ئاتوم

pseudoclassic — ساختا كلاسسىزم

pseudoplastic — ساختا سۇلياۋ

pseudoscience — ساختا ئىلىم

3) ئەكس مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە يوقىتىش، چىقىرىپ تاشلاپ مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

**de —**

decentralize — تارقاقلاشتۇرۇش

defend — مۇداپىئە كۆرمەك

deoxidize — ئوكسىدسىزلىماق

**dis —**

disable — مېيىپ قىلماق

disarm — قورالسىزلاندۇرماق

disburden — يۈكتىن خالاس بولماق

disproof — قارشى ئىسپات

**un—** (قارشى مەنىدىكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ)

unbend — تۈز قويماق

unhook — ئالماق

uncover — ئاچماق

unsay — گېپىنى قايتۇرۇۋالماق

4) قارىمۇ قارشىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە تەتۈر يۈزى، قارشى تۇرۇش، تەتۈر

**anti—, ant—**

antacid — كىسلاتاغا قارشى

antractic — ئانتراكتىدانىڭ، جەنۇبىي قۇتۇپنىڭ

antiknock — تەۋرىنىشتىن ساقلىنىدىغان

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| **contra** — | (ئەكسىچە، سېلىشتۇرۇش) |
| contradiction | زىددىيەت |
| contrafactual | ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان |
| contraflow | تەتۈر ئېقىن |
| contraposition | نىسپىي ئورۇن |
| **counter** — | |
| counteraction | ئەكس تەسىرى |
| counterbalance | باراۋەرلىككە قارشى |
| countercurrent | تەتۈر توك ئېقىمى |
| counterwork | قارشى ھەرىكەت |

## 2. ئورۇن، يۆنىلىشنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| **a**— | (... نىڭ ئۈستىدە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) |
| aboard | پاراخوتتا |
| abed | كارىۋاتتا |
| aside | يېنىدا |
| ashore | قىرغاقتا |
| **by** — | (يېنىدا، ئەتراپىدا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) |
| bypass | ئەگرى يول |
| byland | يېرىم ئارال |
| bystander | ياندىن كۆرگۈچى |
| bypath | چىغىر يول |
| **en**— | (ئىچىدە، كىرمەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) |
| enfold | ئىچىگە ئېلىنماق |
| encage | قەپەزدە |

| | |
|---|---|
| entown | شەھەردە تۇرماق |
| engulf | كىرمەك |
| **fore—** | |
| | (ئالدىدا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) |
| forearm | ئالدى بىلەك |
| forecourt | ئالدى ھويلا، ئالدى مەيدان |
| forehead | پېشانە |
| forefront | ئالدىنقى سەپ |
| **in—** | (ئىچىگە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) |
| inleak | سىڭىپ كىرمەك |
| inland | ئىچكى قۇرۇقلۇق |
| inmigrate | كۆچۈپ كىرمەك |
| inside | ئىچكى قىسمى |
| **inter—** | |
| interaction | ئۆز ئارا تەسىر قىلىش |
| interdepend | ئۆز ئارا تايىنىش |
| intermolecular | مولېكۇلىلار ئارىسىدىكى |
| international | خەلقئارالىق |
| **mid—** | |
| midland | ئوتتۇرا قىسىم رايونلىرى |
| midocean | ئوكياننىڭ ئوتتۇرا قىسمى |
| midposition | ئارىلىق ئورۇن |
| midway | يېرىم يولدىكى |
| **out—** | |
| outflow | ئېقىپ چىقىش |
| outline | ئومۇمىي دائىرە |
| outshore | دېڭىز قىرغىقىدىن يىراق |
| outward | سىرتقا |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| **sub—** | |
| submarine | دېڭىز ئاستىدىكى |
| submerge | سۇغا چۆكۈپ كەتمەك |
| subsoil | ئاستىنقى قەۋەتتىكى تۇپراق |
| subway | مېترو (يەر ئاستى تۆمۈر يولى) |
| **trans—** | |
| transatlantic | ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتىدىغان |
| transform | شەكلى ئۆزگىرىش |
| transplant | كۆچۈرۈپ تىكىش |
| tranship | ئايلىنىش |
| **under—** | |
| underground | يەر ئاستىدىكى |
| underlayer | ئاستىنقى قەۋەت |
| undersea | سۇ ئاستى |
| underworld | دوزاق |

3. ۋاقىتنى، تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچىلار

| | |
|---|---|
| **ex—** | (ئىلگىرىكى، سابىق، بۇرۇنقى) |
| ex-convict | ئىلگىرىكى جىنايەت |
| ex—mayor | سابىق شەھەر باشلىقى |
| ex-serviceman | ھەربىيلىكتىن چېكىنىش |
| ex-president | سابىق زۇڭتۇڭ |
| **fore -** | (ئالدى تەرەپ، ئاۋۋالقى) |
| forecast | ئالدىنئالا دوكلات قىلماق |
| foresight | ئاۋۋال كۆرۈش |
| foretell | ماقال-تەمسىل |
| foreword | كىرىش سۆز |

**mid**—(ئوتتۇرا، ئوتتۇرىسىدىكى)

| | |
|---|---|
| midday | چىڭقى چۈش |
| midnight | يېرىم كېچە |
| midsummer | تومۇز ياز |
| midterm | مەۋسۇملۇق |
| **post-** | (كېيىن، ... كەينىدە) |
| post-classical | كلاسسىك دەۋرىدىن كېيىنكى |
| postcolonial | مۇستەملىك دەۋرىدىن كېيىنكى |
| post-election | سايلامدىن كېيىن |
| post war | ئۇرۇشتىن كېيىن |
| **pre-** | (... ئالدىدىكى) |
| preheat | ئالدىنئالا قىزىتىش |
| prehistory | تارىختىن ئاۋۋالقى |
| pre-school | مەكتەپ يېشىغا توشمىغان |
| prewar | ئۇرۇشتىن ئاۋۋالقى |
| **re-** | (قايتا، يېڭىباشتىن) |
| rebirth | قايتا تۇغۇلۇش |
| rebuild | قايتا قۇرۇش |
| recycle | قايتا ئايلىنىش |
| renew | يېڭىلاش |

## 4. تەرتىپ پەرقىنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە

| | |
|---|---|
| **by—** | (قوشۇمچە، ئىككىنچى ئورۇندىكى) |
| bylaw | قوشۇمچە قانۇن |
| byproduct | قوشۇمچە مەھسۇلات |
| bytime | تەتىل، دەم ئېلىش ۋاقتى |
| bywork | قوشۇمچە كەسىپ |
| **extra—** | (ئادەتتىن تاشقىرى، ئالاھىدە) |
| extramental | ھەددىدىن زىيادە ئىقتىدارغا ئىگە |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| extraordinary | ئالاھىدە، ئادەتتىن تاشقىرى |
| extrasensory | زىيادە سەزگۈ |
| extraspecial | ئالاھىدە |
| **micro—** | **(مىكرو تىپتىكى، كىچىك)** |
| microcomputer | مىكرو كومپيۇتېر |
| microfilm | مىكرو فىلىيونكا |
| microparticle | مىكرو زەررىچە |
| microscope | مىكروسكوپ |
| **mini—** | **(كىچىك تىپتىكى)** |
| mini-cab | كىچىك تىپتىكى كىرا ئاپتوموبىلى |
| mini-factory | كىچىك تىپتىكى زاۋۇت |
| mini-market | كىچىك تىپتىكى بازار |
| mini-skirt | قىسقا يوپكا (ھەددىدىن زىيادە قىسقا يوپكا) |
| **out —** | **(ئېشىپ كەتمەك)** |
| outclass | ··· دەرىجىسىدىن يۇقىرى |
| outdistance | ناھايىتى يىراق |
| outdo | ئاشۇرۇۋەتمەك، ئاشۇرۇپ قىلىش |
| outlearn | ئۆگىنىشى ··· دىن تېز |
| **over -** | **(ئېشىپ كەتمەك)** |
| overeat | بەك تويۇپ كەتمەك |
| overcare | سۈزمەك |
| overdress | ئالپتە (پۇزۇر) كىيىنمەك، كىيىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەك |
| overcharge | ھەق ئېشىپ كېتىش |
| **sub-** | **(قوشۇمچە، مۇئاۋىن)** |
| subeditor | مۇئاۋىن مۇھەررىر |
| subordinate | بېقىنىدىغان |
| subtropics | سۇبتروپىك بەلۋاغ |

| | |
|---|---|
| **super-** | **(ئادەتتىن تاشقىرى)** |
| superman | خىسلەتلىك ئادەم |
| supernatural | تەبىئەتتىن ھالقىغان |
| supermarket | ئادەتتىن تاشقىرى بازار، تاللا بازار |
| **under-** | **(ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان، تۆۋەن)** |
| underact | تولۇق ئورۇندىماسلىق |
| undergrown | يېتىلىشى ناچار |
| underproduction | ئىشلەپچىقىرىشى يېتەرسىز |
| undersized | بەك كىچىك |

**5. ئورتاقلىقنى، باراۋەرلىكنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە**

| | |
|---|---|
| **co-** | **(ئورتاق)** |
| coequal | باراۋەر |
| coexist | بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش |
| cohabit | بىللە تۇرۇش |
| co-operate | ھەمكارلىق |
| **homo-** | **(بىردەكلىك، ئورتاقلىق)** |
| homograph | شەكلى ئوخشايدىغان، مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر |
| homophone | ئاھاڭى ئوخشاش، مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆز |
| homoplastic | ئوخشاش تىپلىق |
| homopolar | ئوخشاش قۇتۇپلۇق |

**6. مۇكەممەللىكنى، پۈتۈنلۈكنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە**

| | |
|---|---|
| **omni-** | **(مۇكەممەل، تولۇق)** |
| omniform | ھەر خىل شەكىلدىكى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| omnipotent | ھەممە ساھەدە يېتىشكەن |
| omnipresent | ھەممىلا يەردە پەيدا بولىدىغان |
| omniscient | بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن |
| **over-** | **(تولۇق، پۈتۈنلەي)** |
| overall | ئومۇمىيۈزلۈك |
| overflow | تولماق |
| overgrow | ئۆسۈپ يېتىلىش |
| overhang | قاپلىماق |
| **pan-** | **(پان، تولۇق)** |
| pan-Africanism | پان ئافرىقىزم |
| pan-Arab | پان ئەدەبىيات |

**7. ھەجىمنى، سانىنى بىلدۈرىدىغان ئالدى قوشۇمچە**

| | |
|---|---|
| **demi-, hemi-, semi-** | **(يېرىم)** |
| demigod | يېرىم ئىلاھسىمان ئادەم |
| hemisphere | يېرىم شار |
| semicircle | يېرىم يۇملاق |
| **mono-, uni-** | **(بىر، تاق)** |
| monologue | مونولوگ |
| uniform | بىردەك |
| **bi-, di-, du-, tw-** | **(ئىككى، قوش)** |
| bicycle | ۋېلىسىپىت |
| bilingual | قوش تىللىق |
| duet | قوش كىشىلىك ناخشا |
| twice | ئىككى قېتىم |
| **tri-** | **(ئۈچ)** |
| triangle | ئۈچ قىرلىق |
| tricycle | ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت |
| **quadr-, quart-, rect-, tetra-** | **(تۆت)** |

| | |
|---|---|
| quadrangle | تۆت قىرلىق |
| quarter | تۆتتىن بىرى |
| tetrahedron | تۆت يۈزلۈك |
| **penta-, quint-** | **(بەش)** |
| pentagon | بەش قىرلىق |
| quintette | بەش كىشىلىك خور ياكى مۇزىكا |
| **hex-, sex-** | **(ئالتە)** |
| hexagon | ئالتە قىرلىق |
| sexangle | ئالتە قىرلىق |
| **hept-, sept-** | **(يەتتە)** |
| heptagon | يەتتە تەرەپلىك |
| septangle | يەتتە تەرەپلىك |
| **oct-** | **(سەككىز)** |
| octagon | سەككىز تەرەپلىك |
| octachord | سەككىز تارلىق ساز |
| **enne-, nona-** | **(توققۇز)** |
| enneagon | توققۇز تەرەپلىك |
| **dec-, deci-** | **(ئون)** |
| decade | ئون يىل |
| decimal | ئونلۇق كىچىك سان |
| **centi-** | **(يۈز)** |
| centigrade | يۈز گرادۇسلۇق، سىلتسىيە |
| centimeter | سانتىمېتىر |
| **kilo-, milli-** | **(مىڭ)** |
| kilometer | مىڭ مېتىر |
| milligramme | مىللىگرام |
| **meg-** | **(مىليون)** |
| megohm | مېگائوم (ئېلېكتر قارشىلىقى) |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| **multi-, poly-** | **(كۆپ، نۇرغۇن)** |
| multiply | كۆپەيتىش |
| polysemy | كۆپ مەنىلىك سۆز |

## 8. ئاتالغۇ شەكلىدىكى ئالدى قوشۇمچىلار

ئىنگلىز تىلىدا ئاتالغۇ شەكلىدىكى ئالدى قوشۇمچىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپىنچىسى لاتىن ۋە گىرېك تىلىدىن كەلگەن. نىسبەتەن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| **aero-** | **(ئاۋىئاتسىيە، ھاۋارايى، گاز)** |
| aerophysic | ئاۋىئاتسىيە فىزىكىسى |
| aerostatics | ئاتموسفېرا تۇرغۇنلۇقى ئىلمى |
| **auto-** | **(ئاپتوماتىك، ئۆزلۈكىدىن)** |
| autoalarm | ئاپتوماتىك سىگنال بېرىش ئەسۋابى |
| autofocus | ئاپتوماتىك يىغىلىش (فوكۇس) |
| **bio-** | **(ھاياتلىق، جانلىق، بىئولوگىيە)** |
| biosatellite | جانلىق كۆچۈرۈش سۈنئىي ھەمراھى |
| biosphere | ھاياتلىق قاتلىمى |
| **cosmo-** | **(ئالەم، دۇنيا)** |
| cosmonaut | ئالەم ئۇچقۇچىسى |
| cosmopolis | خەلقئارا مەركەز |
| electro cardiogram | يۈرەكنىڭ ئېلېكترلىك دىئاگراممىسى |
| electrodynamics | ئېلېكترو دىنامىكا |
| **geo-** | **(يەر شارى، قۇرۇقلۇق)** |
| geophone | يەر تىۋىشىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى |
| geophysics | يەر شارى فىزىكىسى |
| **micro-** | **(مىكرو، كىچىك تىپتىكى)** |
| microclimate | مىكرو كىلىمات (مىكرو ھاۋا كىلىماتى) |
| microscope | مىكروسكوپ |

**tele-** (يىراق)

teletermometer

تېمپېراتۇرىنى يىراقتىن ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىر

teletypewriter

ئېلېكترونلۇق يوللاپ بېرىدىغان پرىنتېر

## ئالماش (代词 Pronoun)

ئالماش ئىسىم ۋە ئىسىمنىڭ رولىنى ئوينايدىغان ئىبارە، تارماق جۈملە ۋە جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمىنى كۆرسىتىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئالماشلاردا شەخس، سان، كېلىش ۋە جىنس جەھەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

Mark often attempts to escape being find whenever he breaks traffic regulations.

مارك قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغاندا ھەمىشە جەرىمانە تۆلەشتىن قاچىدۇ (《he》 دېگەن ئالماش 《Mark》 دېگەن ئىسىمنىڭ ئورنىدا كەلگەن).

More money is being pumped into the education system, and we assume this will continue.

مائارىپ سىستېمىسىغا تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىنىۋاتىدۇ، بىزمۇ بۇ مەبلەغ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ دەپ قارايمىز. (《this》 دېگەن ئالماش ئالدىنقى تارماق جۈملىنىڭ ئورنىدا كەلگەن.)

Some plants are so sensitive to pollution that they can only survive in a perfectly clean environment.

بەزى ئۆسۈملۈكلەر بۇلغىنىشقا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇلار پەقەت پاكىز مۇھىتتىلا ياشىيالايدۇ. (《they》 دېگەن ئالماش 《some plants》 دېگەن ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارىنىڭ ئورنىدا كەلگەن.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

They finished the work in a short time. It wasn't easy.
ئۇلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەس.
(《it》 دېگەن ئالماش ئالدىنقى پۈتۈن جۈملىنىڭ ئورنىدا كەلگەن.)

## 1. ئالماشنىڭ جۈملىدىكى رولى

1) ئىگە بولىدۇ.

Why do you think he is a liar?
سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى يالغانچى دەپ قارايسەن؟

2) كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

Is that cup of coffee yours or mine?
ئاۋۇ ئىستاكاندىكى قەھۋە سېنىڭمۇ ياكى مېنىڭمۇ؟

3) تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

I used to smoke heavily but I gave it up three years ago.
ئىلگىرى مەن تاماكىنى بەك كۆپ چېكەتتىم، لېكىن ھازىر تاماكا تاشلىغىنىمغا ئۈچ يىل بولدى.

The letter was addressed to her.
بۇ خەت ئۇنىڭغا يېزىلغان.

4) ئىزاھلىق سۆز بولىدۇ.

I've got two boys, and they both enjoy playing football.
مېنىڭ ئىككى ئوغلۇم بار، ھەر ئىككىلىسى پۇتبولغا قىزىقىدۇ.

5) ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ

The coming of the reailways in the 1830s transformed our society and economic life.
19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى تۆمۈر يول بارلىققا كېلىپ، جەمئىيىتىمىزنى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىمىزنى ئۆزگەرتتى.

### 2. ئالماشنىڭ تۈرلىرى

1) كىشىلىك ئالماش؛
2) ئىگىلىك ئالماش؛
3) چەككىلەش ئالماش؛
4) ئۆزلۈك ئالماش؛
5) كۆرسىتىش ئالماش؛
6) سوراق ئالماش؛
7) مۇناسىۋەت ئالمىشى؛
8) ئېنىقسىز ئالماش.

## ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى
## (转换法 Conversion)

سۆز يىلتىزىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا شۇ سۆز يىلتىزىنى باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ. بۇ، ئۈچ خىل ئاساسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدا كۆپىنچە پېئىل ئىسىمغا ياكى ئىسىم پېئىلغا ئالمىشىدۇ. باشقا ئاز ساندىكى بىر قىسىم سۈپەتلەرمۇ پېئىل ياكى ئىسىمغا ئالمىشىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىمۇ پېئىل ياكى ئىسىمغا ئالمىشىدۇ، ئەمما سانى كۆپ ئەمەس.

### 1. پېئىل ئىسىمغا ئالمىشىدۇ.

I roomed with Smith in college for two years.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا سمىت بىلەن ئىككى يىل بىر ياتاقتا ياتقان.

I don't like the rush of modern life.

مەن زامانىۋى تۇرمۇشنىڭ بۇنداق ئالدىراشچىلىقىنى ياخشى كۆرمەيمەن.

He has no say in this matter.

ئۇ بۇ ئىش توغرىلىق بىر نەرسە دېمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Having been on the run for three weeks, the escaped murderer was caught at the railway station last night.

تۇردىن چۈشۈپ قېلىپ ئۈچ ھەپتە قېچىپ يۈرگەن ھېلىقى قاتىل تۆنۈگۈن كەچتە ۋوگزالدا قولغا چۈشتى.

## 2. ئىسىم پېئىلغا ئالمىشىدۇ.

Never before have I seen a submarine surface.

مەن سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ سۇ ئۈستىگە چىقىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان.

The cat was treed by a dog.

مۈشۈك ئىتتىن قورقۇپ دەرەخكە چىقىۋالدى.

The engine must be constantly oiled in order to avoid accidents.

ھادىسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماتورغا توختىماي ماي چىقلاپ تۇرۇش كېرەك.

I questioned the truth of his story.

مەن ئۇ توغرىسىدىكى گەپنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندىم.

## 3. سۈپەت ئىسىم ياكى پېئىلغا ئالمىشىدۇ.

1) سۈپەت ئىسىمغا ئالمىشىدۇ

As a footballer, he is a natural.

ئۇ ھەقىقەتەن ئىسمى-جىسمىغا لايىق پۇتبولچى.

That's my idea; can you think of a better?

ئۇ مېنىڭ ئويۇم، سىزنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق ئامالىڭىز بارمۇ؟

He kept his money in the safe.

ئۇ پۇلىنى بىخەتەر ئىشكاپتا ساقلىدى.

2) سۈپەت پېئىلغا ئالمىشىدۇ.

The rescue party braved the storm to teach the sinking ship.

قۇتقۇزغۇچ ئەترەتتىكىلەر بوران-چاپقۇنغا قارىماي چۈكۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتقا چىقتى.

The workman thinned the branches of the tree.

ئىشچى دەرەخنىڭ شاخلىرىنى چاناپ شالاڭلىتىپ قويدى.

She felt slighted because she was not asked to the party.

ئۆزىنىڭ زىياپەتكە چاقىرىلمىغانلىقىدىن ئۇ ئۆزىنى كەمسىتىلگەندەك ھېس قىلىپ قالدى.

## 4. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئالمىشىشى

I second the motion.

مەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلىمەن. (سان پېئىلغا ئالماشتى.)

Is the baby a he or a she?

بۇ بوۋاق قىزمۇ-ئوغۇلمۇ؟ (ئالماش ئىسىمغا ئالماشتى.)

I am pretty sick of the snake.

مەن يىلاندىن بەك قورقىمەن. (سۈپەت رەۋىشكە ئالماشتى.)

His argument contains too many ifs and buts.

ئۇ مۇنازىرىدە «ئەگەر» بىلەن «بىراق» دېگەن سۆزنى بەك جىق ئىشلەتكەن. (باغلىغۇچى ئىسىمغا ئالماشتى.)

## ئايالچە رود (阴性 Feminine)

ئىنگلىز تىلىدىكى «ئايالچە رود» ئادەتتە actress, cow, hers, herself, her, she غا ئوخشاش ئايال كىشى ياكى چىشى ھايۋانلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئالماشنى كۆرسىتىدۇ. جۈملىدە ئايالچە رودنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى كۆپىنچە ئايالچە رودقا ۋەكىللىك قىلىدىغان her, she, hers, herself قاتارلىق ئالماشلار بىلەن بىللە

ماسلىشىپ كېلىدۇ. ئەمما، ھايۋانلارنىڭ جىنسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسمىنىڭ بىرلىك شەكلى بولسا كۆپىنچە it, itself, its قاتارلىق ئومۇمىي ئالماشلار بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ.

The girl is working hard at her lesson.

ئۇ قىزچاق ھازىر تىرىشىپ دەرس ئۆگىنىۋاتىدۇ.

That black and white cow is ours. she/it is grazing over there.

ئاۋۇ ئالا ئىنەك بىزنىڭ. ئۇ ئاۋۇ ياقتا ئوتلاۋاتىدۇ. («رود» قا قاراڭ)

# ئە

## ئەرەنچە رود (阳性 Masculine)

ئىنگلىز تىلىدا «ئەرەنچە رود» جىنس پەرقىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئەرەنچە رودنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم (ئوغۇلبالا) boy (خوراز) cock غا ئوخشاش ئەركىشى ياكى ئەركەك هايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەرەنچە رودنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ئەرەنچە رودقا ۋەكىللىك قىلىدىغان himself, his, him, he قاتارلىق ئالماشلار بىلەن ماسلىشىدۇ. ئەمما، ئەركەك هايۋانلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ئومۇمىي ئالماش «itself, its, it» لار بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ.

The boy is playing his toys now.

بۇ بالا ئويۇنچۇقلىرىنى ئويناۋاتىدۇ.

There is a cock in the yard. It is pecking at a piece of wood.

باغدا بىر خوراز بار. ئۇ بىر پارچە ياغاچنى چوقۇلاۋاتىدۇ.

## ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملە
## (反意疑问句 Tag Question)

بايان جۈملىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىدىغان، بايان جۈملىدە كۆرسىتىلگەن پاكىتقا قارشى سوئال قويۇلۇپ، قارشى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتنى ئىسپاتلاشنى ياكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدىغان سوراق جۈملە ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملە دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمى تەستىق شەكلىدە كەلسە، كېيىنكى قىسمى ئادەتتە ئىنكار شەكىلدە كېلىدۇ؛ ئەگەر جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئىنكار شەكىلدە كەلسە، كېيىنكى قىسمى تەستىق شەكىلدە كېلىدۇ. ئەكس سوراق جۈملىگە جاۋاب بەرگەندە، ئەگەر تەستىق جۈملە بولسا «yes»، ئىنكار جۈملە بولسا «No» ئىشلىتىلىدۇ. ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى بايان جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرغۇ چۈشۈرۈلىدۇ ۋە پەس قويۇلىدۇ؛ سوراق جۈملە قىسمىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ، سوراقنى بىلدۈرسە ئۇرغۇ كۆتۈرۈلىدۇ، بايان قىلىنغان بۆلەك دەلىللەنسە ياكى ئىنتوناتسىيە كۆچەيتىلسە ئۇرغۇ چۈشۈرۈلىدۇ.

She is your English teacher, isn't she?

ئۇ سىلەرنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىڭلار، شۇنداقمۇ؟ (سوئالنى بىلدۈرگەچكە، ئۇرغۇ كۆتۈرۈلدى)

China is a great country with a long history, isn't it?

جۇڭگو ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئۇلۇغ دۆلەت. ئۇنداق ئەمەسمۇ-يا؟ (دەلىللەشنى بىلدۈرۈپ ئۇرغۇ چۈشۈرۈلدى)

## 1. ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى

بۇنداق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى have, be ياردەمچى پېئىل ياكى تۈسلۈك پېئىل + ئىگە شەكلىدە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنداق سوراق جۈملە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋابتىكى تەستىق بىلەن ئىنكارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى ئىككى مىسال ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.

You have already got our invitation, haven't you?

— Yes, we have.

بارغىقىمىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭلار، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، تاپشۇرۇپ ئالدۇق.

You didn't reaise many questions at the press con-ference, did you?

— No, I didn't.

مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا كۆپ پىكىر بەرمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

- ھەئە، پىكىر بەرمىدىم.

**2. ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملىنىڭ سوراق قىسمى بىلەن بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى بىردەك بولىدۇ.**

1) ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملىنىڭ بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى nothing, anything, everything, something قاتارلىق ئېنىقسىز ئالماش بولغاندا، سوراق قىسمىنىڭ ئىگىسى «it» بولىدۇ.

Something is better than nothing, isn't it?

يوق بولغاندىن بار بولغان ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

Something is wrong with that clock, isn't it?

ئاۋۇ سائەتتىن چاتاق چىقىپتۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

Nothing could make her alter her views, could it?

ئۇنىڭ ئوينى ھېچنېمە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

2) بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى that, this ياكى those, these قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماش بولسا، سوراق قىسمىنىڭ ئىگىسى it ياكى they بولىدۇ.

This is not a fast train, is it?

بۇ تېز پويىز ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

That is your room, isn't it?

ئاۋۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىز، شۇنداقمۇ؟

These are for you, aren't they?

ماۋۇلار سىزنىڭ، توغرىمۇ؟

Those aren't Spanish, are they?

ئاۋۇلار ئىسپانىيىلىك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

3) بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى everybody ، none ، neither each

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

everyone ، one قاتارلىق ئېنىقسىز ئالماش بولسا، هازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدا سوراق قىسمىنىڭ ئىگىسى مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئوخشاشلا «they» ئىشلىتىلىدۇ.

Everybody agreed, didn't they?

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى، شۇنداقمۇ؟

Neither could win, could they?

ھەر ئىككى تەرەپ غەلىبە قىلالمىدى، شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ؟

No one was injured in the car accident, were they?

ماشىنا ۋەقەسىدە ھېچكىم يارىلانمىدى، شۇنداقمۇ؟

4) بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى ئېنىقسىز ئالماش «one» بولسا، سوراق قىسمىنىڭ ئىگىسىدە «you» ياكى «one» ئىشلىتىلىدۇ.

One should do one's duty, shouldn't one?

ھەممە كىشى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

One should be ready to help others, shouldn't one/you?

قولىدىن كەلسىلا باشقىلارغا ياردەم بېرىش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

One can't be too careful, can one/you?

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئەستايىدىل بولغىنى ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

5) بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى each (of…) دىن تۈزۈلۈپ «ئايرىملىق، يەككىلىك» ئۇقۇمىنى بىلدۈرسە، سوراق قىسمىنىڭ ئىگىسى he بولىدۇ؛ ئەگەر «ئومۇمىيلىق» تەكىتلەنسە، سوراق قىسمىنىڭ كونتېكستىغا ئاساسەن we, you ياكى they لار ئىگە بولىدۇ.

Each should do it, shouldn't he?

ھەممە ئادەم ئىشلىشى كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

Each of us has passed the English examination, haven't we?

ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدىن ھەممىمىز ئۆتتۇق، شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ؟

Each of them participated in the experiment, didn't they?

ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەجرىبىگە قاتناشتى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

6) بايان قىسمى «there be» لىق جۈملە شەكلىدىن تۈزۈلگەن بولسا،

سوراق قىسمىدا «be» ياكى ياردەمچى پېئىل تۈسلۈك پېئىلنىڭ «there» قېتىلغان مۇۋاپىق شەكىللىرى ئىشلىتىلىدۇ.

There is no doubt about it, is there?

بۇ نۇقتىغا نىسبەتەن قىلچىلىك گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقمۇ؟

There are many tall buildings there, aren't there?

ئۇ يەردە نۇرغۇن ئېگىز بىنالار بار، شۇنداقمۇ-ئەمەسمۇ؟

There used to be no factory in this area, did/used there?

بۇ رايوندا ئىلگىرى زاۋۇت يوق ئىدى، شۇنداقمۇ؟

7) بايان قىسمىدا hardly, seldom, few, little, rarely, scarcely غا ئوخشاش يېرىم ئىنكار سۆز بولسا، سوراق قىسمىدا تەستىق شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

You seldom go to the movies now, do you?

سىز ھازىر كىنو كۆرگىلى ناھايىتى ئاز بارىسىز، شۇنداقمۇ؟

What you said is hardly true, is it?

سىزنىڭ دېگىنىڭىز دېگەندەك راست ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

Few of them know anything about mechanics, do they?

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېخانىكىنى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك، شۇنداقمۇ؟

## 3. بۇيرۇق جۈملە تەركىبىدىكى ئەكس مەنىلىك سوراق جۈملە

1) بۇيرۇق جۈملىدىن كېيىن «will you» ئىشلىتىلسە، ئۆتۈنۈش ياكى بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ.

Leave the window open, will you?

دېرىزىنى ئوچۇق قويۇڭ، بولامدۇ؟ (ئۆتۈنۈش)

Go away, will you?

كېتىڭ! (بۇيرۇق)

2) بۇيرۇق جۈملىدىن كېيىن «won't you» ئىشلىتىلسە، سەمىگە سېلىپ قويۇش، مېھمان قىلىش، تەكلىپ قىلىش، ئىلھام بېرىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

Hand in your homework tomorrow, won't you?

ئەتە تاپشۇرۇق دەپتىرىڭنى تاپشۇرۇۋەت، بولامدۇ؟ (سەمىگە سېلىش)

Have some coffee, won't you?

ئازراق قەھۋە ئىچىپ قويامسىز؟ (مېھمان قىلىش)

Come to the dinner party this evening, won't you?

بۈگۈن كەچتىكى زىياپەتكە قاتنىشىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

Work harder, won't you?

سىزمۇ تىرىشىڭ، بولامدۇ؟ (ئىلھام بېرىش)

3) ئىنكار بۇيرۇق جۈملىدىن كېيىن «will you» ئىشلىتىلىدۇ.

Don't go home right away, will you?

ئۆيگە ھازىرلا قايتىمەن دەپ تۇرۇۋالماڭ، بولامدۇ؟ (ئۆتۈنۈش)

Don't be too fussy, will you?

بەك ھودۇقۇپ كەتمەڭ، بولامدۇ؟ (ئاگاھلاندۇرۇش)

Let's not get angry, will you?

ئاچچىقلانمىساق، قانداق؟ (نەسىھەت)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. بايان قىسمى ئەگەر قوشما جۈملە بولسا، سوراق قىسمى باش جۈملىنىڭ ئىگىسى ۋە خەۋىرىگە ماسلىشىدۇ.

She said they had never lived so happy, didn't she?

ئۇ ئۇلارنى ئەزەلدىن بۇنداق بەختلىك بولۇپ باقمىغان دېدى، شۇنداقمۇ؟

He told you Mrs Smith wasn't going to the meeting, didn't he?

ئۇ سىزگە سىمىت خانىمنىڭ يىغىنغا قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقمۇ؟

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەگەر باش جۈملىنىڭ ئىگىسى بىرىنچى شەخستە كېلىپ، خەۋىرى believe, imagine, suppose, think, expect قاتارلىق پېئىللاردىن تۈزۈلگەن بولسا، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا بىر تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ئەگىشىپ كېلىدۇ، ئۇنداقتا سوراق قىسمى تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ ئىگىسى ۋە خەۋىرى بىلەن ماسلىشىدۇ.

* We belive success pays efforts, don't we? We belive success pays efforts, doesn't it?

بىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

* I think that feels a bit funny; don't I? I think that feels a bit funny, doesn't it?

مەن ئۇ ئىشنىڭ سەل كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم، شۇنداقمۇ؟

ئەگەر ئىنكارنىڭ ئورنىدا يۆتكىلىش يۈز بەرسە، تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن بېكىتىش كېرەك، يەنى ئۇنى ئىنكار دەپ قاراپ، سوراق قىسمىدا تەستىق شەكلىنى ئىشلىتىش كېرەك.

I don't suppose you are very serious, are you?

مېنىڭچە، سىز بەك ئەستايىدىل ئەمەسكەنسىز، قانداق دېدىم؟

We don't belive that Tom was a murder, was he?

بىز تومنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمىز، شۇنداقمۇ؟

2. بايان قىسمىنىڭ ئىگىسى «I am …» بولغاندا، سوراق قىسمىدا ئادەت بويىچە «aren't I» بەزىدە «ain't I» ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بايان قىسمىدا «I am not …» ئىشلىتىلگەن بولسا، بايان قىسمىدا «am I» ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

I'm doing well, aren't / ain't I?

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ناھايىتى ياخشى قىلدىم، شۇنداقمۇ؟

I'm not asking you to like it, am I?

مەن سەندىن ئۇنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلمىدىم، شۇنداققۇ؟

3. بايان قىسمى تەركىبىدىكى ئىنكار سۆز ئالدى ۋە ئارقا قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان بولسا، سوراق قىسمىغا ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ.

It's unfair, isn't it?

بۇ ئادىل بولمىدى، شۇنداقمۇ؟

She's unreliable, isn't she?

ئۇ ئىشەنچىسىز، شۇنداقمۇ؟

These children are homeless, aren't they?

بۇ باللار ئۆي-ماكانسىز، شۇنداقمۇ؟

4. بايان قىسمىنىڭ تەركىبىدە تۇسلۇك پېئىل «must» بولسا، ئاۋۋال ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەسىلەن: «must»، «چوقۇم»، «زۆرۈر» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. سوراق قىسمىدا «mustn't» ياكى «needn't» بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

He must keep his word, mustn't he?

ئۇ ۋەدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك، شۇنداقمۇ؟

You must go so soon, needn't you?

سىز شۇنچە تېزلا كېتىدىغان بوپسىز، بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

ئەگەر «must» پەرەزنى بىلدۈرسە، سوراق قىسمىدىكى خەۋەرنىڭ ئۆزگىرىشى جۈملىنىڭ كونكرېت مەنىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ.

He must be Japanese, isn't he?

ئۇ چوقۇم ياپونىيىلىك.

Chinese must have the largest number of speakers, hasn't/doesn't it?

خەنزۇچە سۆزلەيدىغانلار چوقۇم ئەڭ كۆپقۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

She must be waiting for us with anxiety, isn't she?

ئۇ چوقۇم بىزنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

You must have misheard, haven't you?

چوقۇم خاتا ئاڭلاپ قالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

It must have rained last night, didn't it?

تۆنۈگۈن ئاخشام چوقۇم يامغۇر ياغقان گەپ، شۇنداقمۇ؟

5. Let's بىلەن Let us تىن كېيىن كەلگەن ئىنكار مەنىلىك سوراق جۈملىنىڭ پەرقى.

Let's go, shall we?

بىز ماڭايلى، بولامدۇ؟

بۇ جۈملىدىكى «us» سۆزلىگۈچى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

Let us go, will you?

بىزنى ماڭغىلى قويۇڭ، بولامدۇ؟

بۇ جۈملىدىكى «us» سۆزلىگۈچى بىلەن 3-شەخسنىلا كۆرسىتىدۇ، ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. مەنىسى: «سىز بىزنىڭ مېڭىشىمىزغا قوشۇلامسىز-قوشۇلمامسىز» دېگەن مەنىنى، يەنى قوشۇلۇشنى تەلەپ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

ئالدىنقى جۈملىگە بېرىلىدىغان جاۋاب مۇنداق بولۇشى مۇمكىن:

Ok, Let's go. بولىدۇ ماڭايلى.

كېيىنكى جۈملىگە بېرىلىدىغان جاۋاب مۇنداق بولۇشى مۇمكىن:

Of course, you may go if you wan't to.

ئەلۋەتتە بولىدۇ، خالىساڭلار مېڭىۋېرىڭلار.

www.uyghurkitap.com

# ب

## باش جۈملە （主句 Main Clause）

بېقىندى جۈملە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن تارماق جۈملە باش جۈملە دېيىلىدۇ. باش جۈملە ئاساسلىق بېقىندى قوشما جۈملىدە جۈملىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولىدۇ، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

He is a man whom we should all learn from.

ئۇ ھەممىمىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئادەم.

Janet and Susan were great friends when they were at school.

جەنت بىلەن سۇسان ئوقۇۋاتقان چېغىدا جانجىگەر دوستلاردىن ئىدى.

Our teacher told us that English widely used in the world.

مۇئەللىمىمىز بىزگە ئىنگلىز تىلى دۇنيادا ئىنتايىن كەڭ ئىشلىتىلىدۇ دېگەن.

Do you know which style fits me best?

سىز قايسى پاسوننىڭ ماڭا ئەڭ يارىشىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

## باشلىغۇچى سۆز （先行词 Antecedent）

ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئېنىقلاپ كېلىدىغان سۆز باشلىغۇچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. باشلىغۇچى سۆز ئادەتتە ئىسىم ياكى ئالماشتىن تۈزۈلىدۇ، بەزىدە پۈتۈن باش جۈملە ياكى باش جۈملىنىڭ قىسمەن مەزمۇنىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

**1. ئىسىملار باشلىغۇچى سۆز بولىدۇ.**

The way (in which) he talked reminded us of his grandfa ther.

ئۇنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلى بىزگە ئۇنىڭ بوۋىسىنى ئەسلەتتى.

Sam, who is good at planning his time, has adequate time for both work and play.

سام، خىزمەتكىمۇ، ئويناشقىمۇ يېتەرلىك ۋاقىت ئاجراتقان ئاساستا ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر.

The strike which lasted a week resulted in the mana-gement accepting the workers' demands.

ئىش تاشلاش بىر ھەپتە داۋاملاشتى، باشقۇرغۇچىلار ئاخىرى ئىشچىلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

## 2. ئالماش باشلىغۇچى سۆز بولىدۇ.

Anybody that is for the suggestion can raise his hand.

بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغان ھەر قانداق ئادەم قولىنى كۆتۈرسە بولىدۇ.

There is something (that) I want to tell you.

ساڭا دەيدىغان ئازراق ئىش بار.

Those two who are clever and quick at their work will be honoured with the title of model workers.

ھەم ئەقىللىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئاۋۇ ئىككى ئادەم «مۇنەۋۋەر خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىدۇ.

## 3. پۈتۈن باش جۈملە باشلىغۇچى سۆز بولىدۇ.

She refused to come to her mother's birthday party, which I hadn't expected.

ئۇنى ئانىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە قاتنىشىشنى رەت قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن.

He may be unwilling to let us use his car, in which case we

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

have to try elsewhere.

ئۇ بىزگە ماشىنىنى بېرىپ تۇرماسلىقى مۇمكىن. ئۇنداق بولغاندىكىن، بىز باشقا يەردىن سوراپ كۆرەيلى.

We have to complete the course within two months, which is not an easy job.

بىز ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە بۇ دەرسنى تۈگىتىپ بولماسلىق بولمايدۇ. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

**4. ئاساسىي جۈملىنىڭ قىسمەن بۆلىكى باشلىغۇچى سۆز بولىدۇ.**

He said he had no money to lend me, which isn't true.

ئۇ ماڭا بېرىپ تۇرغۇدەك پۇلى يوقلۇقىنى ئېيتتى، بۇ راست گەپ ئەمەس.

Metal will bear beating with a hammer, whick a stone will not.

مېتال بازغاندا سوقۇلۇشقا چىدامىلىق كېلىدۇ، ئەمما تاش ئۇنداق ئەمەس.

Mary was always diligent in her work, which her brother seldom was.

مارى ھەمىشە باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدۇ، ئەمما ئىنىسى ئۇنداق ئەمەس.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

باشلىغۇچى سۆزنىڭ ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئادەتتە ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بەزىدە باشلىغۇچى سۆز بىلەن ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ ئارىسىغا نىسبەتەن قىسقا بولغان ئېنىقلىغۇچى ياكى قىستۇرما سۆز قاتارلىق بەزى تەركىبلەرنى قىستۇرۇشقا بولىدۇ.

There was one thing he told me which I don't belive.

مەن ئۇ ماڭا دېگەن ئىشقا ئىشەنمەيمەن.

There is much in this book which will be unpleasing to that English reader.

بۇ كىتابتىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار ئاۋۇ ئىنگلىز ئوقۇرمەننى بىئارام قىلىدۇ.

There is something, in addition to the pressure, that determines the amount of the current of electricity.

بېسىم كۈچىدىن باشقا، يەنە بەزى نەرسىلەر ئېلېكتر ئېقىمى مىقدارىنى بەلگىلىيەلەيدۇ.

## （主格 Subjective Case） باش كېلىش

ئالماشلارنىڭ كېلىشى سۆز شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئالماش جۈملىدە ئىگە ياكى كېسىم پېئىل بولغاندا، ئالماشنىڭ I, you, he, who, they, we, it, she غا ئوخشاش باش كېلىشتىكى شەكىللىرى ئىشلىتىلىدۇ.

I do the washing; he does the cooking; we share the house work.

بىز ئۆي ئىشلىرىنى مەن كىر يۇيىدىغان، ئۇ تاماق ئېتىدىغان قىلىپ بۆلۈشۈۋالدۇق. (ئىگە)

Who can answer that question?

بۇ سوئالغا كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ (ئىگە)

He hoped the passenger would be jenny and indeed it was she.

ئۇ يولۇچىنىڭ جېننى بولۇپ قېلىشىنى تىلىگەنىدى، دېگەندەك شۇ بولۇپ چىقتى. (كېسىم خەۋەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# باياں جۈملە
## （陈述句 Declarative Sentence）

ئەمەلىيەت، مەلۇم خىل ئوقتىنەزەر، كۆز قاراش ياكى پىكىر بايان قىلىنىدىغان جۈملە بايان جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بايان جۈملىنىڭ ئەستىق ۋە ئىنكار شەكلى بولىدۇ، جۈملە ئاخىرىدا چېكىت قويۇلىدۇ. ئادەتتە ئۆرغۇ چۈشىدۇ.

The sun rises in the east.

قۇياش شەرقتىن چىقىدۇ.

A friend of mine came to see me yesterday.

تۈنۈگۈن بىر دوستۇم مېنى كۆرگىلى كەپتۇ.

You shouldn't have told her the news.

سەن بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا دېمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

### 1. باياں جۈملىنىڭ ئەستىق شەكلى

Snakes are uncommon in Europe

ياۋروپادا يىلان ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

He gets an occasional letter.

ئۇنىڭغا ئاندا-ساندا خەت كېلىدۇ.

The airplane is supported by the wings.

ئايروپىلان قانىتىغا تايىنىپ ئۇچىدۇ.

### 2. باياں جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلى

She is not here yet. ئۇ تېخى كەلمىدى.

He dared not speak. ئۇ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

They usually do not stay late.

ئۇلار ئادەتتە تۈنىمەيدۇ.

We have never seen such a device

بىز ئەزەلدىن بۇنداق قۇرۇلمىنى كۆرۈپ باقمىغان.

## (陈述语气 Indicative Mood) بايان رايى

بايان رايى ئەمەلىيەت، تەستىق، ئىنكار، سوراق ۋە ئۈندەش قاتارلىق شەكىللەرنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

Sound travels about I 120 feet per second.

ئاۋازنىڭ تېزلىكى سېكۇنتىغا 1120 ئىنگلىزچىسى بولىدۇ.

The tide of history cannot be turned back.

تارىختى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ.

Have you seen my dictionary?

لۇغىتىمنى كۆردىڭىزمۇ؟

What an opportunity it is!

نېمە دېگەن ياخشى پۇرسەت بۇ-هە!

## (连词 Conjunction) باغلىغۇچى

سۆز-جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاشتا ئىشلىتىدىغان سۆز تۈركۈمى باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. باغلىغۇچى ئۆزى مۇستەقىل هالدا جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ.

Our industry is fairly advanced and diversified.

بىزنىڭ سانائىتىمىز ناهايىتى ئىلغار هەم كۆپ خىل.

Will they arrive this afternoon or tomorrow afternoon?

ئۇلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېلەمدۇ ياكى ئەتە چۈشتىن كېيىنمۇ؟

Nothing is hard in this world if you dare to scale the height.

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

www.uyghurkitap.com

We all know who she is, where she lives and why she often comes here.

بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە نېمە ئۈچۈن دائىم بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

## باغلىغۇچىنىڭ تۈرلىرى
## （连词的分类 Classification of Conjunctions）

**1. باغلىغۇچىلار شەكلىگە ئاساسەن تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ.**

1) ئاددىي باغلىغۇچى (بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ)

بۇ باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن and, since, but قاتارلىقلار بار. (ئاددىي باغلىغۇچىغا قاراڭ)

2) مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى ئايرىم-ئايرىم ئىككى سۆزدىن تۈزۈلىدۇ، ھەمىشە بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ تۈردىكى باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن not only … but also, either … or, both … and قاتارلىقلار بار. (تەپسىلاتىنى مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

3) پېئىلنىڭ باغلىغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى (پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان سۈپەتداش شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ)

بۇ خىلدىكى باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن provided, respecting, supposing قاتارلىقلار بار.

(تەپسىلاتىنى پېئىلنىڭ باغلىغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

4) باغلىغۇچىلىق ئىبارە (ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ)

بۇ تۈردىكى باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرىدىن so that,

as well as, as soon as, in order that قاتارلىقلار بار. (تەپسىلاتىنى باغلىغۇچىلىق ئىبارىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

**2. باغلىغۇچىلار بىلدۈرگەن مەنىسى ۋە باغلىغان تەركىب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.**

1) تەڭداش باغلىغۇچى (تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى سۆز، ئىبارە ياكى جۈملىنى باغلايدۇ)

بۇ تۈردىكى باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن neither … nor, or, and قاتارلىقلار بار (تەڭداش باغلىغۇچىغا قاراڭ).

2) بېقىندۇرما باغلىغۇچى (قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى باغلايدۇ).

بۇ خىلدىكى باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرىدىن as long as, so that, when, because قاتارلىقلار بار (بېقىندۇرما باغلىغۇچىغا قاراڭ)

## باغلىغۇچى خاراكتېرلىك سۆز
## (连接性词语 Linking Expression)

باغلىغۇچى خاراكتېرلىك سۆز ھەم خەۋەر ياكى خەۋەر پېئىلىنى ئېنىقلىمايدۇ، ھەم پۈتۈن جۈملىگە نىسبەتەن ئىزاھات بەرمەيدۇ، ئەمما جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدا باغلاش رولىنى ئويناپ، ھالەت خاراكتېرلىك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ، ئالدى-كەينىدىكى ئىككى جۈملىنى مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، جۈملىدە كېلىدىغان ئورنى بىر قەدەر تۇراقسىز بولىدۇ. باغلىغۇچى خاراكتېرلىك سۆزلەردىن ئادەتتە رەۋىش، رەۋىش خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىكمىسى قاتارلىقلار بار. كۆپ ئۇچرايدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك سۆزلەرنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرەيلى:

| | باغلىغۇچى خاراكتېرلىك سۆز |
|---|---|
| ئاپتورنىڭ ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ مۇددىئاسى | مىساللار |
| كۈچەيتىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | furthermore, moreover, again, besides, additionally, etc. |
| رەت-تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | first, later, then, finally, for a start, in the next, to begin with, in the first place, last word, etc |
| بۇرۇلۇشنى (قارشىلىقنى) بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | however, yet, anyhow, evertheless, though, at any rate, in any case, instead, after all, on the contrary, on the other hand, meanwhile, in the meantime, etc. |
| ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | likewise, similarly, in other words, namely, that is to say, so to speak, rather, equally, to be more exact, etc. |
| سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | thus, therefore, accordingly, hence, in that case, as a result, etc. |
| تەكىتلەشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | in fact, of course, indeed, as a matter of fact, certainly, etc. |
| مىسال كەلتۈرۈشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | for example, for instance, etc. |
| سۆھبەت تېمىسىنى يۆتكەشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | by the way, incidentally, etc. |
| خۇلاسىلەشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر | overall, generally, in general, in a word, in short, in sum, to sum up, to conclude, on the whole, in conclusion, etc. |

The house is small, and furthermore, it's too far from the town.

بۇ ئۆي بەك كىچىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەرگىمۇ يىراق. (كۆچەيتىش)

We can't go. To begin with, it's too cold. Besides, we've no money.

بىرىنچىدىن ھاۋا بەك سوغۇق، ئىككىنچىدىن پۇلىمىز يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بارالمايمىز. (تەرتىپ، كۆچەيتىش)

It is very good; yet it can be better.

ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ئەمما يەنىمۇ ياخشىلىغىلى بولارمۇ؟ (بۇرۇلۇش، قارشىسىدىن چىقىش)

For this job you need a lot of patience; likewise, you need a sense of humor.

بۇ خىزمەتتە سەن ناھايىتى چىدامچان بولۇشۇڭ، شۇنداقلا يۇمۇرلۇق بولۇشۇڭ كېرەك. (ئوخشاشلىق)

The rain was heavy, and consequently the road was flooded.

يامغۇر قاتتىق ياغقاچقا، يوللارنى سۇ بېسىپ كەتتى. (سەۋەب-نەتىجە)

"Did you hear the explosion?""Indeed I did."

— بومباردىمان قىلغاننى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئاڭلىدىم. (تەكىتلەش)

That government is going to reduce spending in several areas; for example, education and health have been put on the list.

ئۇ ھۆكۈمەت بىر قانچە ساھەدىكى چىقىمنى ئازلىتىشنى پىلانلىدى. مەسىلەن: مائارىپ ۋە سەھىيە قاتارلىق ساھەلەر مۇشۇ تىزىملىككە كىرگۈزۈلدى. (مىسال كەلتۈرۈش)

I must go now. Incidentally, if you want that book,

www.uyghurkitap.com

I'll bring it next time.

مەن ماڭىدىغان بولدۇم. ھە راست، ھېلىقى كىتاب ساڭا كېرەك بولسا، كېلەر قېتىم ئالغاچ كېلەي. (ئېمىنى يۆتكەش)

You can't make me! I won't do it! In short no!

سەن مېنى ئۇ ئىشنى قىلىشقا زورلىما! مەن بۇ ئىشنى قىلمايمەن! قىسقىسى، ھەرگىز قىلمايمەن! (خۇلاسىلەش)

## باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت
## (连接性状语 Conjuct)

باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت جۈملىلەر ئارىسىدا كېلىپ جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاش رولىنى ئوينايدۇ، بىر قانچە گرامماتىكىلىق بىرلىكنى باغلاپ، كۆپىنچە رەۋىش، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە، ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت رولىغا ئاساسەن يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. كۆرسىتىش (ئوخشاشلىقنى، تەكىتلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت

بۇ خىل باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەتنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن to begin with, in the first place, first(ly), second(ly), third, one, two, three, on one hand… on the other hand, for one thing… (and) for another (thing), next, then, finally, last, equally, likewise, similarly, in the same way, also, furthermore, moreover, in particular, what is more, above all, in addition, in fact, as a matter of fact قاتارلىقلار بار.

First(ly), he is my friend, and secondly he is in desperate need.

بىرىنچىدىن، ئۇ مېنىڭ دوستۇم. ئىككىنچى، ئۇنىڭ ھازىر قولى بەك قىسقا.

Men must wear a jacket and tie; similarly, women must wear a skirt or dress, not trousers.

ئەرلەر چاپان كىيىپ، گالىستۇك تاقىغىنىغا ئوخشاش ئاياللارمۇ كوپتا ياكى ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىشى، ھەرگىزمۇ ئىشتان كىيمەسلىكى كېرەك.

He has the opportunity, the motivation, and above allthe courage to do it.

ئۇنىڭدا بۇ ئىشنى قىلىشقا نىسبەتەن پۇرسەت، غەيرەت، بولۇپمۇ چىدام بار.

## 2. خۇلاسىلەشنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت

بۇ خىلدىكى باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەتنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن altogether, overall, then, therefore, thus, in all, in conclusion, in sum, to conclude, to sum up, to summarize, in general, generally, on the whole, in short, in a word قاتارلىقلار بار.

Overall, it is a good book.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر ياخشى كىتاب.

I will, in conclusion, say a few words about the arrangement.

ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

In a word, we should maintain close ties with the masses.

قىسقىسى، بىز ئاممىا بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشىمىز كېرەك.

## 3. ئىزاھلاشنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك

www.uyghurkitap.com

**ھالەت**

بۇ خىل باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەتنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن namely, thus, in other words, for example, for instance, that is, that is to say, specifically, so to speak, rather, equally, to be exact قاتارلىقلار بار.

Several countries, specifically the USA, Britain, and France, have signed the agreement.

بىر نەچچە دۆلەت ـ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىلەر بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

Everybody has his merits. Take that boy for instance, he is most conscientious and hard working.

ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. مەسىلەن: ئاۋۇ بالىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ تولىمۇ ئاڭلىق ھەم تىرىشچان.

How can a solution be found to the current disease of contemporary socity, namely the international economic crisis?

قانداق قىلغاندا ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى يۇقۇملۇق كېسەلنى، يەنى خەلقئارا ئىقتىسادىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپقىلى بولىدۇ؟

### 4. نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت

بۇ خىل باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەتنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن accordingly, consequently, hence, now, so, therefore, thus, as a consequence, in consequence, as a result, of course, on that account, in that case, then قاتارلىقلار بار.

These birds are very rare and therefore protected by law.

بۇ قۇشلار بەك ئاز ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇلار قانۇن تەرىپىدىن

قوغدىلىدۇ.

He withdrew from the world, and as a consequence was forgotton.

ئۇ تەركىدۇنيا بولۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى.

## 5. ھۆكۈمنى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت

بۇ خىلدىكى باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەتنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن else, otherwise, then, in other words, in that case قاتارلىقلار بار.

Do what you are told; otherwise you will be punished.

دېگىنىمدەك قىل، بولمىسا جازالىنىسەن.

We must constantly study hard, (or) else we'll lag behind.

بىز توختىماستىن تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بولمىسا باشقىلارنىڭ كەينىدە قالىمىز.

He didn't answer my question; in other words, he disapproved of my proposal.

ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى قوللىمىدى.

## 6. سېلىشتۇرۇش (تەكرارلاش، ئالماشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇش، يول قويۇش) نى بىلدۈرىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەت

بۇ خىلدىكى باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ھالەتنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن better, more accurately, alternatively, again, rather, on the other hand, instead, conversely, on the contrary, in contrast, in/by comparison, besides, nevertheless, however, still, yet, at any rate, anyhow, all the same قاتارلىقلار بار.

He invited several friends, or better, several people he

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

thought were friends.

ئۇ بىر نەچچە دوستىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستى ھېسابلايدىغان بىر نەچچەيلەننى چاقىردى (تەكلىپ قىلدى) (تەكرارلاش)

He might go and again he might not

ئۇ بېرىشىمۇ، بارماسلىقىمۇ مۇمكىن. (ئالماشتۇرۇش)

Last summer I went to France. This year I'm going to Italy instead.

مەن بۇلتۇر فرانسىيىگە بارغان. بۇ يىل ئىتالىيىگە بارماقچى بولۇۋاتىمەن. (بۇ جۈملىدە سېلىشتۇرۇش بىلەن ئالماشتۇرۇش بىرىكىپ كەتكەن)

I have not nearly done. On the contrary, I have only just begun.

مەن ئازراقمۇ قىلىپ بولالمىدىم. دەل ئەكسىچە، مەن تېخى ئەمدىلا باشلىدىم. (سېلىشتۇرۇش)

She didn't get the award after all.

Still, her results were very good.

ئۇ گەرچە مۇكاپاتقا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى يەنىلا ناھايىتى ياخشى بولدى. (ئۆتۈنۈش، يول قويۇش)

It was raining hard, but we got there in time all the same.

ئۇ چاغدا قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى. لېكىن بىز يەنىلا ئۇ يەرگە ۋاقتىدا يېتىپ باردۇق. (ئۆتۈنۈش)

## 7. سۆھبەت تېمىسىنى يۆتكەشنى بىلدۈرىدىغان ھالەت خاراكتېرلىك باغلىغۇچى

بۇ خىل ھالەت خاراكتېرلىك باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن incidentally, now, by the way, meantime, mean while, in the meantime, in the mean while قاتارلىقلار بار.

I must go now. In cidentally, if you want that book, I'll bring it next time.

مەن هازىر ماڭمىسام بولماي قالدى. ھە راست، ھېلىقى كىتاب ساڭا لازىم بولسا، كېلەر قېتىم ئالغاچ كېلەي.

I want to tell you what I have seen on my journey, but, by the way, how is your mother.

مەن ساڭا بۇ قېتىمقى ساياھىتىمدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمنى ئېيتىپ بەرمەكچى. ھە راست، ئاناڭ ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟

The new secretary won't come untill next week; in the meantime we've arranged for a temporary one.

يېڭى شۇجى كېلەر ھەپتە كېلىدۇ. ئۇنىڭغىچە بىر ۋاقىتلىق شۇجىدىن بىرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇردۇق.

## باغلامچى رەۋىش
## (连接副词 Conunctive Adverb)

باغلامچى رەۋىشلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن why, when, where, ho قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار ئىگە بىقىندى جۈملە، تولدۇرغۇچلۇق بىقىندى جۈملە ياكى كېسىم پېئىللىق بىقىندى جۈملىلەرنى باشلاپ كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، باغلامچى رەۋىشلەردىن يەنە besides, moreover, therefore, however, so, nevertheless قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار جۈملىلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش ياكى ئالدى-كەينىدىكى ئىككى جۈملىنى بىر-بىرىگە تېخىمۇ زىچ باغلاش رولىنى ئوينايدۇ.

That's why she didn't see the doctor.

ئۇ دەل ئۇنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

When they will leave for Pudong is unknown.

ئۇلارنىڭ پۇدۇڭغا قاچان بارىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

Nancy studied hard; thus she improved much in her Chinese.
نەنسى تىرىشىپ ئۆگەنگەچكە، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئۆستى.
There was no news; nevertheless, she went to hoping.
ھېچقانداق خەۋەر بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزمىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

قاتارلىق however, nevertheless, moreover باغلامچى رەۋىشلەر پەقەت مەنە جەھەتتىلا ئالدى-كەينىدىكى ئىككى جۈملىنى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدۇ، خەت ياكى شەكىل جەھەتتە ئىككى جۈملىنى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئارماق جۈملىدىن كېيىن چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ ياكى «and» قوشۇلىدۇ؛ ئەگەر يېڭى جۈملە يېزىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، باغلامچى رەۋىشنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ.

* It is raining hard;however.I still want to go there. It is raining hard; however, I still want to go there.

يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتىدۇ. ھالبۇكى مەن يەنىلا ئۇ يەرگە بارماقچى. (چېكىتلىك پەش ئىشلىتىلدى)

It is raining hard, and however, I still want to go (قوشۇلغان and ···) there. It is raining hard. However, I still want to go there.

(يەنە بىر جۈملە باشلانغاندا، جۈملىنىڭ بېشىدىكى باغلامچى رەۋىشنىڭ باش ھەرپى چوڭ يېزىلدى.)

She drove very fast to the airport. However, she missed the plane.

ئۇ ئايرودرومغا ماشىنىسى ئۇچقاندەك ھەيدەپ باردى. ئەمما ئايروپىلانغا ئۈلگۈرەلمىدى.

I can't go. Nevertheless, thank you for inviting me.
مەن بارالمايمەن. ئەمما مېنى تەكلىپ قىلغىنىڭىزغا ناھايىتى رەھمەت

ئېيتىمەن.

The price is too high, and moreover, the house isn't in a suitable position.

ئۆينىڭ باھاسى بەك يۇقىرى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆينىڭ جايلاشقان ئورنىمۇ تازا مۇۋاپىق ئەمەسكەن.

I'd like to go with you; however, my hands are full.

مېنىڭ سەن بىللە بارغۇم بار، ئەمما قولۇم پەقەت بوشمايۋاتىدۇ.

## باغلامچى پېئىل (系动词 Link Verb)

be پېئىلى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى باغلامچى پېئىل بولالايدۇ، كۆپىنچە باغلامچى پېئىللار لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ ھەمدە كېيىنكى خەۋەرنى باغلاپ، ئىگىنىڭ ئەھۋالىنى ئىزاھلايدۇ، كۆپ ئۇچرايدىغان باغلامچى پېئىللاردىن be, grow, prove, feel, look, run, appear, become, come, fall, get, go, lie, rest, remain, sell, stand, sound, stay, seem, taste, turn قاتارلىقلار بار.

Unity is power.

ئىتتىپاقلىق - كۈچ.

Her advice did prove sound.

ئۇنىڭ نەسىھىتى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق.

He gave up the job because he felt unwell.

ئۇ خىزمىتىدىن ۋاز كەچكەچكە خاراموش يۈرىدۇ.

One does not necessarily grow wiser as he grows old.

ئادەملەرنىڭ قېرىغانسېرى چوقۇم ئەقىللىقلىشىپ كېتىشى ناتايىن.

She looked very tired, but she was still cheerfull.

ئۇ قارىماققا ناھايىتى ھارغىن كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كەيپىياتى يەنىلا ناھايىتى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

The streams ran dry because it had not rained for months.
يامغۇر ياغمىغىنىغا نەچچە ئاي بولغاچقا، ئېرىقلار قۇرۇپ كەتتى.

## (从句 Sub-clause) بېقىندى جۈملە

قوشما جۈملىدە بىر تارماق جۈملە يەنە بىر تارماق جۈملە (باش جۈملە) بېقىنىپ كېلىپ، شۇ جۈملىنى تولۇقلايدۇ، بۇنداق تارماق جۈملە بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. بېقىندى جۈملىنى ئادەتتە بېقىندۇرما باغلىغۇچى، مۇناسىۋەت ئالمىشى قاتارلىقلار باشلاپ كېلىپ، جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولىدۇ. بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە بېقىنىدۇ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

We'll set out <u>when</u> our teacher comes.
مۇئەللىمىنىڭ كېلىشىگىلا، بىز يولغا چىقتۇق. (بېقىندۇرما باغلىغۇچى)

Everybody worked with great enthusiasm although the weather was extremely cold.
هاۋا ناهايىتى سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك ناهايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئىشلىدى. (بېقىندۇرما جۈملە)

It has been over sixty years since the long March ended in victory in 1935.
1935-يىلى ئۇزۇن سەپەر غەلىبىلىك ئاياغلاشقاندىن تارتىپ هازىرغىچە 60 يىل ۋاقىت ئۆتتى. (بېقىندۇرما باغلىغۇچى)

You should respect those who are your seniors.
ئۆزۈڭدىن چوڭلارنى هۆرمەتلىشىڭ كېرەك. (مۇناسىۋەت ئالمىشى)

What was once regarded as impossible has now be-come a reality.
ئىلگىرى مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارالغان ئىشلار هازىر رېئاللىققا

ئايلاندى. (مۇناسىۋەت ئالمىشى)

He is driving a car that/which can travel at 150 miles an hour.

ئۇ سائەتلىك سۈرئىتى 150 ئىنگلىز مىلىغا يېتىدىغان بىر ماشىنىنى ھەيدەۋاتىدۇ. (مۇناسىۋەت ئالمىشى)

He came at a time when we needed help.

ئۇ دەل بىز ياردەمگە موھتاج بولۇپ تۇرغاندا كەلدى. (مۇناسىۋەت رەۋىشى)

Yesterday we visited the house where the First Natio-nal Congress of the Communist party of China was held.

تۈنۈگۈن بىز جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 1-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاينى ئېكسكورسىيە قىلدۇق. (مۇناسىۋەت ئالمىشى)

## بېقىندۇرما باغلىغۇچى
## (从属连词 Subordinative Conjunction)

قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى باغلايدىغان باغلىغۇچى بېقىندۇرما باغلىغۇچى دېيىلىدۇ.

بېقىندۇرما باغلىغۇچى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1. ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە (ئىگە بېقىندى جۈملە، كېسەم پېئىللىق بېقىندى جۈملە، تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە ۋە ئىزاھلىق سۆز خاراكتېرىدىكى بېقىندى جۈملە) نى باشلاپ كېلىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچى.

بۇ خىلدىكى باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن that, if, whether قاتارلىقلار بار.

That they will succeed is certain.

ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئېنىق (مۇقەررەر).

The fact is that he is a reliable business man.

ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئىشەنچىلىك سودىگەر.

I don't Know if he knows that woman.

مەن ئۇنىڭ ئۇ ئايالنى تونۇيدىغان-تونۇمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

Word came that she worked as a part time secretary at a local joint-venture company.

ئۇنىڭ بىرلەشمە مەبلەغ ئىگىلىكىدىكى بىر يەرلىك شىركەتنىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك خەۋىرى تارقالدى.

I wonder whether we shall be in time for the last bus or whether we shall have to walk home.

مەن ئۆيگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئاپتوبۇستا كېتىشىمىزنى ياكى پىيادە كېتىشىمىزنى بىلەلمەي قالدىم.

**2. ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچى**

1) ۋاقىتنى ئىپادىلەيدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن once, before, when, since, as soon as, no sooner … than قاتارلىقلار بار.

Once you begin, you must continue.

سەن باشلاش بىلەنلا ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغىن.

One must sow before one can reap.

زىرائەت تېرىغاندىن كېيىن ئاندىن ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ.

When water is made cold enough, it turns into ice.

سۇ سوۋۇپ مەلۇم نۇقتىغا بارغاندا مۇزغا ئايلىنىدۇ.

No sooner had he got to Britain the he began to complain of the weather.

ئۇ ئەنگلىيىگە كېلەر-كەلمەيلا ھاۋادىن قاقشىغىلى تۇردى.

2) ئورۇننى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن where,

wherever قاتارلىقلار بار.

Water power stations are built where there are big waterfalls.

سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى سۇ ناھايىتى جىق چۈشىدىغان جايغا قۇرۇلدى.

Wherever there is matter, there is motion.

قەيەردە ماددا بولىدىكەن، شۇ يەردە ھەرىكەت بولىدۇ.

3) شەرتنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن unless, as long as, but that, in case (that), if قاتارلىقلار بار.

Unless there is motion, there is no work.

ھەرىكەت بولمايدىكەن، تۆھپە بولمايدۇ.

You can go out, as long as you promise to come back before 4 o'clock.

سائەت 4 تىن ئاۋۋال كېلىپ بولۇشقا ۋەدە بېرەلىسەڭ، چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

But that I saw it, I could not have believed

ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام، ئىشەنمىگەن بولاتتىم.

In case I forget, please remind me of my promise.

ئەگەر مەن ئۇنتۇلۇپ قالسام، مېنىڭ بەرگەنلىكىمنى ئەسكەرتىپ قويۇڭلار.

4) مەقسەتنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن so that, in order that قاتارلىقلار بار.

Speak slowly so that we can understand you.

گېپىڭنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئاستىراق سۆزلىگىن

Turn on the light so that we can see better.

ئېنىقراق كۆرۈشىمىز ئۈچۈن توكنىياندۇرۇپ قويايلى.

We used the computer in order that we might save time.

كومپيۇتېردىن پايدىلىنىشىمىز ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈندۇر.

www.uyghurkitap.com

5) نەتىجىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن so that, such … that, so … that قاتارلىقلار بار.

My pen fell under my desk, so that I couldn't see it.

قەلىمىم پارتامنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەچكە كۆرەلمىدىم.

Aluminium is light and strong so that it is widely used in aviation industry.

ئاليۇمىن يېنىك ھەم چىداملىق بولغاچقا، ئاۋىئاتسىيە سانائىتىگە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

This is such a small transistor radio that I can carry it in my pocket.

بۇ شۇنچىلىك كىچىك تىپتىكى كرىستال لامپىلىق رادىئو، مەن ئۇنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالىمەن.

6) سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن because, since, as, now that قاتارلىقلار بار.

The pipe was replaced because it had been corroded.

بۇ تۇرۇبا چىرىپ كەتكەچكە ئالماشتۇرۇۋېتىلدى.

Since you insist, I'll go with you.

سەن چىڭ تۇرۇۋالغاندىكىن، سەن بىلەن بارسام باراي.

Now (that) you mention it, I do remember?

سەن ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭ بىلەنلا مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلدى.

7) ئوخشاتمىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن as, as if, just as, as thought قاتارلىقلار بار.

Please paint me as I am.

مېنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ھالىتىمنى سىزىڭ.

He looked as if he had seen the ghost.

ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ئالۋاستىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ئىدى.

Most plants need sunlight just as they need water.

كۆپىنچە ئۆسۈملۈكلەر سۇغا قانچىلىك ئېھتىياجلىق بولسا، كۈن

نۇرغىمۇ شۇنچە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

8) يول قويۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن though, even if/though, no matter what (how, which, who, when) قاتارلىقلار بار.

Though they are so poor, they have enough to eat.

ئۇلار گەرچە ئىنتايىن كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن يېمەك-ئىچمىكى ھەر ھالدا يېتىدۇ.

Even if they failed, they never stopped trying.

گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىناقنى توختىتىپ قويمىدى.

Every substance, no matter what it is, is made up of atoms.

ھەر قانداق ماددا، مەيلى ئۇ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاتومدىن تۈزۈلىدۇ.

9) سېلىشتۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن than, as … as سۇپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى + be … سۇپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى + the قاتارلىقلار بار.

Facts speak louder than eloquence.

پاكىت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

Radio waves travel as fast as light.

رادىئو دولقۇنى نۇرغا ئوخشاش ناھايىتى تېز تارقىلىدۇ.

The smaller the particles are, the more freely they move.

زەررىچە قانچە كىچىك بولغانسېرى، ھەرىكىتى شۇنچە ئەركىن بولىدۇ.

[قىيىن نۇقتا-تەھلىلى]

بېقىندۇرما باغلىغۇچىنى ئۆگەنگەن چاغدا، تىلدىكى يۈزەكى ھادىسىنىڭ خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك. 《when》 نى مىسالغا ئېلىپ، تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى سېلىشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرەيلى.

They began to cry when they heard the sad news.
ئۇلار بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ تاشلىدى. (بېقىندۇرما باغلىغۇچى)

I didn't remember when he had told me about it.
ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ماڭا قاچان دېگەنلىكى ئېسىمدە قالماپتۇ. (سوراق رەۋىش)

He will never forget the day when he joined the party.
ئۇ پارتىيىگە كىرگەن ئاشۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. (مۇناسىۋەت رەۋىشى)

## بىرلىك شەكىل
## (单数 Singular Form)

ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

Manchester is a big city in the north of England.
مانچېستىر ئەنگلىيىنىڭ شىمالىدىكى بىر چوڭ شەھەر.

A friend in need is a friend indeed.
دوست باشقا كۈن چۈشكەندە سىنىلار.

How the plan is to be carried out still needs to be discussed.

## بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى
## (同源宾语 Cognate Object)

بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى تولدۇرغۇچىنىڭ بىر تۈرىدۇر. بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى بىلەن شۇ تولدۇرغۇچىنى ھاسىل قىلغان پېئىل

ئوخشاش بىر سۆز ياكى ئوخشاش بىر سۆز يىلتىزىدىن ئۆزگىرىپ چىققان بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ پېئىللارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆتۈمسىز پېئىللار بولۇپ، ئادەتتە بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچىدىن باشقا تولدۇرغۇچىلار بىلەن بىرىكمەيدۇ. بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. پېئىل بىلەن تولدۇرغۇچىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ**

He laughed a happy laugh.

ئۇ ناھايىتى خۇزۇرلىنىپ كۈلدى.

He smelled a smell of cooking.

ئۇنىڭ بۇرنىغا قورۇمىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى.

She smiled a strange smile.

ئۇنىڭ چىرايىغا غەلىتە بىر خىل كۈلۈمسىرەش تېپىپ چىقتى.

**2. پېئىل بىلەن تولدۇرغۇچىنىڭ يىلتىزى ئوخشاش بولىدۇ.**

He lived a happy life.

ئۇ بەختلىك ياشاۋاتىدۇ.

Chris will sing a song for us.

كرىس بىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بەرمەكچى.

They ought to be encouraged to think their own thoughts.

ئۇلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

**3. پېئىل بىلەن تولدۇرغۇچى ئوخشاش مەنىلىك بولىدۇ.**

Tom will run a loo-metre race with Jack.

توم جەك بىلەن 100 مېتىرغا يۈگۈرۈشتە بەسلەشمەكچى.

She smiled her relief and began to work again.

ئۇ ئېچىلىپ-يېيىلىپ بىر كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن، ئىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

The manager nodded his agreement.

دىرېكتور بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى.

## بىرىنچى شەخس
## （第一人称 First person）

I （مەن） بىلەن we （بىز） بىرىنچى شەخس ئالمىشىشىنىڭ باش كېلىشتە كەلگەن شەكلى بولۇپ، سۆزلىگۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىرىنچى شەخسنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى me ۋە us بولىدۇ. "I" ھەر قانداق ئەھۋالدا چوڭ يېزىلىدۇ.

The other day when I was shopping, a woman stopped me and asked me the way to the post office.

يېقىندا، مەن سودىلىق قىلىۋاتقان چاغدا بىر ئايال مەندىن «پوچتىخانىغا قانداق بارىدۇ؟» دەپ سورىدى.

Where shall we sit? Let's sit here.

قەيەردە ئولتۇرساق بولار؟ بۇ يەردە ئولتۇرايلى.

We're late. I expect the film will have started by the time we get to the cinema.

بىز كېچىكىپ قالدۇق، مېنىڭچە، بىز كىنوخانىغا بېرىپ بولغۇچە كىنو باشلىنىپ بولىدىغۇ دەيمەن.

## بىرىكمە ئىسىم
## （复合名词 Compound Noun）

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىسىم بىرىككەن ئىسىم دېيىلىدۇ. گەرچە بىرىككەن ئىسىم تەركىبىدىكى ھەر قايسى بۆلەكلەرنى مۇستەقىل قوللىنىشقا بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ

بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن بىرىككەن ئىسىملار تاق ئىسىم دەپ قارىلىدۇ.

### 1. بىرىككەن ئىسىمنىڭ تۈزۈلۈشى

1) ئىسىم + ئىسىم

airport ئايرودروم
necklace مارجان
spaceship ئالەم كېمىسى
lifeboat قۇتقۇزۇش كېمىسى

2) ئىسىم + ھەرىكەتنام

Walking—stick ھاسا
carving—knife گۆش توغراش پىچىقى
fishing—rod. قارماق دەستىسى
swimming—pool سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى

3) ئىسىم + پېئىل

pickpocket يانچۇقچى
crossroad تۆت كوچا
typewriter پىرىنتېر

4) ئىسىم + سۈپەت

grandchild نەۋرە-چەۋرە
loud-speaker ئاۋاز ياڭراتقۇ

5) ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە + ئىسىم

mother-in-law قېيىنئانا
editor-in-chief باش مۇھەررىر

6) رەۋىش + ئىسىم

looker-on يائدىن كۆرگۈچى
passer-by يولۇچى
listener-in ئاڭلىغۇچى

7) رەۋىش + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ياكى ئۆتكەن زامان سۈپەتداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەكلى

قۇرامىغا يەتكەن ئادەم grown-up

كەمچىلىك drawback

8) ئىبارىلىك بىرىككەن ئىسىم

كىرەكسىز ئادەم good-for-nothing

**2. بىرىككەن ئىسىمنىڭ يېزىلىش شەكلى**

1) بىر سۆز شەكلىدە يېزىلىدۇ

ئاي نۇرى moonlight

باش ئاغرىقى headache

قاغا blackbird

ئائىلە ئايالى housewife

چاشقان تۇتقۇچ mousetrap

هور ماشىنىسى steamengine

چىش چوتكىسى toothbrush

2) ئىككى ئىسىم ئايرىلىپ يېزىلىدۇ

گۈلخانا flower shop

پوچتىخانا post office

ساقچى مەھكىمىسى police station

يۈك ماشىنىسى goods train

**3. بىرىككەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى**

1) كۆپلۈك قوشۇمچىسى 《s》 ئادەتتە بىرىككەن ئىسىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ.

موتسىكىلىتلار motorcycles

كىر ئالغۇلار washing-machines

چىش كولىغۇچلار toothpicks

ئوتتۇرىدىكىلەر go-betweens

2) كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىرىككەن ئىسىم تەركىبىدىكى كونكرېت ئىسىمنىڭ كەينىگە قوشۇلىدۇ. كونكرېت ئىسىمنى ئادەتتە سۈپەت، ئالدى

قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ياكى رەۋىش ئىپىنقلايدۇ.

ئوقۇش ياردەم پۇلى grants-in-aid

كىرىم comings-in

نەۋرە grand children

ئەسكەرلەر armymen

3) «man» ياكى «men» دىن ھاسىل بولغان بىرىككەن ئىسىملارنىڭ تەركىبىدىكى ھەر ئىككى بۆلەكنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۆزگىرىدۇ.

ئەر چاكارلار (خىزمەتچىلەر) menservants

ئايال ئوقۇتقۇچىلار women teachers

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بىرىككەن ئىسىم ئىچىدە ئەڭ مۇھىم شەكىل «ئىسىم + ئىسىم» ياكى «ئىسىم + ھەرىكەتنام» بولۇپ، بىرىنچى ئىسىم ئىككىنچى ئىسىمنى ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئورنى ئالمىشىپ تۇرىدۇ، مەنىسىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ.

ئوتلاقتا ئوينايدىغان پەي توپ lawn-tennis

پەي توپ ئوينايدىغان ئوتلاق tennis-lawn

ئۆي باقىدىغان ئىت house dog

ئىت ئۇۋىسى dog-house

قارت playing-card

قارت ئويناش card playing

## بىرىكمە ئالدى قوشۇلغۇچى
## (复合介词 Compound Preposition)

بىر ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن يەنە بىر ئالدى قوشۇلغۇچى ياكى رەۋىشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئالدى قوشۇلغۇچى بىرىككەن ئالدى

قوشۇلغۇچى دېيىلىدۇ. بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن without, within, into, onto, outside, inside, upon, throughout, underneath قاتارلىقلار بار.

A writer without a pen is like a soldier without his gun.

قەلىمى يوق يازغۇچى مىلتىقى يوق ئەسكەرگە ئوخشايدۇ.

He has been out four times within an hour.

ئۇ بىر سائەت ئىچىدە تۆت قېتىم چىقتى.

A fall into the pit, a gain in your wit.

بىر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر قېتىم ئەقىل تاپىسەن.

The letter was pushed underneath the church door.

خەت چېركاۋ ئىشىكىنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈۋېتىلدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. بەزى بىر ككەن ئالدى قوشۇلغۇچىلار جۈملىدە رەۋىش بولالايدۇ.

There is nobody within. ئىچىدە ئادەم يوق.

The house is painted throughout.

ئۆينىڭ ھەممە يېرى ئالا قويۇلماي سىرلىنىۋېتىلدى.

She wore a coat with a dress underneath.

ئۇ ئىچىگە ئۇزۇن كۆڭلەك، تېشىغا چاپان كىيىۋالدى.

2. بەزى بىر ككەن ئالدى قوشۇلغۇچىلار جۈملىدە سۈپەت بولىدۇ.

Ask the switchboard operator for an outside line.

سىم ئۇلىغۇچىنى چاقىرىپ، سىرتتىن بىر تال سىم ئۇلايلى.

I want an inside seat in the coach, unless it is too full inside.

ماشىنا ئىچى بەك قىستا-قىستاڭ بولمىسا، مەن ئىچىدە ئولتۇراي.

3. بەزى بىر ككەن ئالدى قوشۇلغۇچىلار جۈملىدە ئىسىم بولىدۇ.

Don't judge a thing from the outside.

نەرسىلەرنىڭ سىرتىغا قاراپلا ھۆكۈم چىقارماسلىق كېرەك.

The easiest way to capture a fortress is from within.

# بىرىكتۈرۈپ سۆز ياساش ئۇسۇلى
## （合成法 Compounding）

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنى ئۆز ئارا قوشۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى بىرىكتۈرۈپ سۆز ياساش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ - ئۈچ خىل ئاساسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىرىدۇر. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئاساسلىقى ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىللارنى ياسىغىلى بولىدۇ، رەۋىش، ئالماش، ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە باغلىغۇچىلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىقمۇ سۆز ياسىغىلى بولىدۇ، ئەمما سۆز تۈركۈملىرىدىن ياسالغان سۆزلەر ناھايىتى ئاز.

### 1. بىرىككەن ئىسىم

At the bottom of the hill there is a dangerous crossroads.

تاغ باغرىدا بىر خەتەرلىك تۆت كوچا ئېغىزى بار.

The skyscraper is perhaps the most typically modern of all forms of construction.

ئاسمانپەلەك بىنالار بەلكىم ھەرخىل شەكىللەر ئىچىدىكى ئەڭ تىپىك بولغان زامانىۋى شەكىلدۇر.

It is not the function of the dictionary-maker to tell you how to speak.

قانداق سۆزلەشنى ئۆگىتىش لۇغەت تۈزگۈچىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

### 2. بىرىككەن سۈپەت

High-speed rail travel is still a long way off in America.

ئامېرىكىدا يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىش يىراق كەلگۈسىدىكى ئىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

Miss peggy Childs wanted to let people know that she was energetic and outgoing.

پېگگي چايلدىس خېنىم كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھەم ئوچۇق-يورۇقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولدى.

We have reduced some prices for offseason visitors.

بىز ساياھەت پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندە كەلگەن ساياھەتچىلەرگە باھادا سەل ئېتىبار قىلدۇق.

## 3. بىرىككەن پېئىل

The public is still window-shopping.

كىشىلەر مالغا قاراپلا تۇرىدۇ، لېكىن ئالمايدۇ.

The rebels conspired to overthrow the regime.

شۇ چاغدا ھۆكۈمگە قارشى تۇرغۇچىلار ئاستىرتتىن ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇۋېتمەكچى بولغان.

The woman who baby-sits my small brother gets paid £1.50 an hour.

مېنىڭ كىچىك ئۇكامغا قارايدىغان ھېلىقى ئايال سائىتىگە 1.50 فوند ستېرلىڭ ئالىدۇ.

They are mass-producing this instrument.

ئۇلار بۇ خىل ئەسۋابنى ناھايىتى زور كۆلەمدە ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ.

## 4. باشقا سۆز تۈركۈملىرى

During the war houses were destroyed wholesale.

ئۇرۇش مەزگىلىدە ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كۆمپەيكۇم بولۇپ كەتكەنىدى.

She's an interesting person but her husband is real nothing.

ئۇ ـ كىشىلەر ناھايىتى قىزىقىدىغان شەخس، لېكىن ئۇنىڭ ئېرى بولسا ئادەتتىكى ئادەم. (ئالماش)

I could feel the tension throughout her body.

مەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىتىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمەن. (ئالدى قوشۇلغۇچى)

However hard I tried, I could not find the answer.

مەن شۇنچە قىلىپمۇ مەسىلىگە جاۋاب تاپالمىدىم. (باغلىغۇچى)

## بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى
## (直接宾语 Direct Object)

بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى تولدۇرغۇچىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھەمىشە ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ياكى ھەرىكەتنى ئورۇندىغۇچى بولىدۇ. سۆز، سۆز بىرىكمىسى، ئىبارە ۋە بېقىندى جۈملە بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولالايدۇ.

**1. سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.**

ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ھەمدە ئىسىم ئورنىدا كېلەلەيدىغان ئالماش «سان»، ئىسىملەشكەن سۈپەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

The boy has broken the cup.

ئىستاكاننى ھېلىقى بالا چېقىۋەتتى.

They saw playing in the garden a group of childrenaged from six to twelve.

ئۇ 6 ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان بىر توپ بالىنىڭ گۈللۈكتە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى.

I helped them as far as I could.

مەن ئۇلارغا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلدىم.

The visitors to the art exhibition totalled 20000.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە جەمئىي 20 مىڭ ئادەم كەلدى.
The Chinese people always respect the old.
جۇڭگولۇقلاردا ئەزەلدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەت بار.

**2. ئىبارىلەر بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.**

ھەرىكەتنامىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ۋە پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلىدىن تۈزۈلگەن ئىبارىمۇ بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

I love lying on my back and staring at the sky.
مەن ئوڭدا يېتىپ ئاسماننى تاماشا قىلىشقا ئامراق.
He doesn't deny his breaking the agreement.
ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.
She hopes to go to university next year.
ئۇ كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپكە چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.
I don't know who to go to for advice.
مەن كىمدىن مەسلىھەت ئېلىشنى بىلەلمەي قالدىم.

**3. بېقىندى جۈملىلەر بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.**

《that》 لىك بېقىندى جۈملە بىلەن 《-who》 لىق بېقىندى جۈملىلەر بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 《who》 لىق بېقىندى جۈملىلەر يەنە ئىسىم ۋە ئالماشقا ئوخشاش ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

I doubt that they will come.
مېنىڭچە ئۇلارنىڭ كېلىشى ناتايىن.
The students demanded that the four computers be returned to rhem immediately.
ئوقۇغۇچىلار ھېلىقى تۆت كومپيۇتېرنى ئۆزلىرىگە دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.
I don't know whether peter actually took the money.

مەن پېتىرنىڭ پۇلىنى راستىنلا ئالغان-ئالمىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

Don't put off till tomorrow what you can do today.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

## بۇيرۇق جۈملە

## (祈使句 Imperative Sentence)

بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، جېكىلەش، چاقىرىقنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دېيىلىدۇ. بۇيرۇق جۈملىدە ئىگە قىسقىرىپ كېتىدۇ، خەۋىرى پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىدىن بولىدۇ، جۈملە ئاخىرىغا چېكىت ياكى ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. ئوقۇغاندا ئۆرلەش چۈشۈرۈلىدۇ.

### 1. بۇيرۇق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى

1) تەستىقىي قۇرۇلما

a. ئۆتۈمسىز پېئىل

stop! — توختا

Get out! — چىقىپ كەت!

Speak a little slower; I can't follow you.

ئاستىراق سۆزلەڭ، مەن ئىنىق ئاڭلىيالمىدىم.

b. تولدۇرغۇچى + ئۆتۈملۈك پېئىل

Give it to me. — ئۇنى ماڭا بەر.

Hand in your test papers.

ئىمتىھان قەغىزىڭىزنى تاپشۇرۇۋېتىڭ.

Lay down your arms! — قورالىڭنى تاشلا!

c. كېسىم پېئىل + باغلامچى پېئىل

Be careful! — دىققەت قىلىڭ (ئاۋايلاڭ)!

Be quick! — تېز رەك بول!

Be faithful to the party's educational task.

پارتيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولايلى.

2) ئىنكار قۇرۇلما. تەستىقىي قۇرۇلمىنىڭ ئالدىغا "do not (don't)" قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

Don't move! قىمىرلىما

Don't make any noise!

پاراڭ سالماڭلار!

Don't be late next time!

كېلەر قېتىم كېچىكىپ قالما!

Don't be afraid of making mistakes.

خاتالىشىپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقما

3) «let» بىلەن باشلانغان بۇيرۇق جۈملە

Let my try. سىناپ باقاي

Let us start work at once.

ئىشنى دەرھال باشلايلى. («us» بۇ يەردە ئادەتتە سۆزلىگۈچى ياكى ئۈچىنچى شەخسنى كۆرسىتىدۇ.)

Let's put the matter to vote.

بۇ ئىشنى ئاۋازغا قويايلى. (بۇ يەردىكى «S'» ئادەتتە ئاڭلىغۇچى بىلەن سۆزلىگۈچىنى كۆرسىتىدۇ.)

## 2. بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئىگىسى

بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئىگىسى ئادەتتە ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەمما بەزىدە ئۆتۈنۈش ۋە بۇيرۇقنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى ئېنىقلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا جۈملىنىڭ ئىگىسى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ ياكى قاراتما سۆز شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

Come in, everybody! كىرەيلى، كۆپچىلىك!

Somebody fetches a basin of water.

بىرىڭلار، بىر جاۋۇر سۇ ئەكىلىڭلار.

You two sweep the floor.

ئىككىڭلار پولنى سۈپۈرۈۋېتىڭلار.

You mind your own business!

ئۆزۈڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشما!

Those in favour of the plan, please raise your hands.

بۇ پىلانغا قوشۇلىدىغانلار قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار.

### 3. ئىنتوناتسىيە كۈچەيدۇ

تەستىقىي بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئالدىغا «do» قوشۇش ئارقىلىق ئىنتوناتسىيە كۈچەيتىلىدۇ.

Do be quite! تىنچلىنىڭلار!

Do help me, please. ماڭا ياردەم قىلىڭلار.

Do let's go to the football match.

بىز پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى چوقۇم بارىمىز.

## بۇيرۇق رايى
## (祈使语气 Imperative Mood)

بۇيرۇق رايى ئۆتۈنۈش، بۇيرۇق ياكى نەسىھەتنى بىلدۈرىدۇ. (تەپسىلاتىنى بۇيرۇق جۈملىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

Make yourself at home.

تارتىنماڭ (قورۇنماڭ) (ئۆتۈنۈش)

Let me have a try, will you?

سىناپ باقسام بولامدۇ؟ (ئۆتۈنۈش)

Be sure to get there on time!

ئۇ يەرگە چوقۇم ۋاقتىدا بار! (بۇيرۇق)

Don't close the window!

www.uyghurkitap.com

دېرىزىنى ياپما! (بۇيرۇق)

Be reasonable.

داۋلىنىقراق بولغىن. (نەسىھەت)

Take care not to catch cold.

ئاۋايلا، سوۋۇپ قالمىسۇن. (نەسىھەت)

## بۇرۇلما ھالەت
## （让步状语 Adverbial of Concession）

تارماق جۈملىدە ئۆتتۈرىغا قويۇلغان ئەھۋالغا قارشى بۇرۇلما پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

**1. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە بۇرۇلما ھالەت بولىدۇ.**

بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن in spite of, despite (the fact that), for all (that), not withstanding قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىدۇ.

He came to the meeting despite his illness.

گەرچە ئۇ ئاغرىق بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يىغىنغا كەلدى.

Notwithstanding the lateness of the hour, we started on our journey.

گەرچە ناھايىتى كېچىككەن بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا سەپەرگە چىقتۇق.

Reactionaries will never stop making trouble for all their repeated failures.

ئەكسىيەتچىلەر قايتا-قايتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى توختاتمىدى.

**2. پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە بۇرۇلما هالەت بولىدۇ.**

بۇنداق پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن granted, granting, conceding, admitting قاتارلىقلار بار. پېئىلنىڭ تارماق شەكلى بىلدۈرگەن ھەرىكەت مۇھاكىمىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە بۇرۇلما هالەتنىڭ پەرىزى بولىدۇ.

Admitting what you say, I still think that you made a mistake.

دېگىنىڭىز ئەمەلىيەت بولسىمۇ، لېكىن مەن سىزنى يەنىلا خاتالىشىۋاتامدىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن.

Granted that we have made some progress, we should not be conceited.

بىز ئازراق ئىلگىرى باسقان بولساقمۇ، لېكىن بەك مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك.

Weighing more than two thousand tons, the automatic forging press is operated by one worker only.

ئاپتوماتىك پىرېسلاش ماشىنىسىنىڭ ئېغىرلىقى 2000 توننىدىن ئارتۇق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى پەقەت بىرلا ئادەم باشقۇرىدۇ.

**3. بېقىندى جۈملە بۇرۇلما هالەت بولىدۇ.**

بېقىندۇرما ئالماش while, if although, though بىرىككەن ئالماش even if, even though قاتارلىقلار باشلاپ كەلگەن جۈملىلەر هالەت بولۇپ، بۇرۇلما هالەت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

While I understand what you say, I can't agree with you.

نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، لېكىن مەن قوشۇلالمايمەن.

I forgot my apponment although my secretary reminded me.

كاتىپىم ئەسكەرتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا ۋەدەمنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

Even if she is too old to work much, the old lady is very enthusiastic about neighbourhood affairs.

## بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە
## (让步状语从句 Adverbial Clause of Concession)

بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە مەلۇم بىر خىل ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن باش جۈملىنىڭ خەۋىرى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يەنىلا يۈز بېرىدۇ. بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، ئادەتتە باش جۈملىدىن پەش ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بەزىدە باش جۈملىدىن كېيىن ياكى باش جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ. باش جۈملىدىن بۇرۇن كەلگەندە، باش جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەيدۇ، باش جۈملىدىن كېيىن كەلگەندە، پۈتكۈل بېقىندى جۈملىنىڭ مەزمۇنىنى تەكىتلەيدۇ.

### 1. بېقىندۇرما باغلىغۇچى باشلاپ كەلگەن بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە

بۇ تۈردىكى بېقىندۇرما باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن even if, although, though, while, even though قاتارلىقلار بار. ئادەتتە though بىلەن although نى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما پەرەزنى ئىپادىلىگەندە although نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

Though/Although he did not see me, I saw him.

ئۇ مېنى كۆرمىدى، ئەمما مەن ئۇنى كۆردۈم.

The cadre often goes in among the masses, though/although he is very old.

بۇ كادىر گەرچە ياشقا چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە ئامما ئارىسىغا بېرىپ تۇرىدۇ.

He was not unhappy although he had to live alone.

ئۇ گەرچە يەككە-يېگانە ياشاشقا مەجبۇر بولسىمۇ، لېكىن قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ.

He would not be unhappy though he should have to live alone.

ئۇ يەككە-يېگانە ياشاشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. (پەرەز)

Though all the world were against me, I shouldstill hold to my opinion.

پۈتۈن دۇنيادىكىلەر قارشى تۇرغان تەقدىردىمۇ، مەن يەنىلا ئۆز كۆز قارىشىمدا چىڭ تۇرىمەن. (پەرەز)

even if بىلەن even though ئوخشاش مەنىدە بولۇپ، كۆپىنچە بۇرۇلما ئۇقۇمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

Even if/though it rains, we will go on with our work.

يامغۇر ياغقان تەقدىردىمۇ، بىز داۋاملىق ئىشلەۋېرىمىز.

We'll start on our journey even if/though the weather is bad.

هاۋا ناچار بولغان تەقدىردىمۇ، بىز يەنىلا ساياھەتكە چىقىۋېرىمىز.

Don't be conceited even if/though you've achieved great success in your studies.

ئۆگىنىش جەھەتتە بۈيۈك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرسەڭمۇ، لېكىن مەغرۇرلانماسلىقىڭ كېرەك.

while نىڭ مەنىسى although گە تەڭ كېلىدۇ، ئەمما، while باش جۈملىنىڭ ئالدىدىلا كېلەلەيدۇ.

While David loves his daughter, he is very strict with her.

داۋىد قىزىغا شۇنچە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن قىزىغا بەك قاتتىق تەلەپ قويىدۇ.

While I admit his good points, I can see his short comings.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس.

While I have sympathy for the little boy, I don't think I can help him.

مەن ئۇ بالىغا ھېسداشلىق قىلسامۇ، لېكىن ياردەم بېرەلمەيمەن.

## 2. سوراقنى بىلدۈرىدىغان سۆز+ ever باشلاپ كەلگەن بۆرۈلما ھالەت بېقىندى جۈملە

بۇ تۈردىكى سۆزلەردىن whom ever , whoever , wherever , however , whatever , whichever , whenever, (whether نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىقلار بار بولۇپ، «مەيلى ··· دىن قەتئىينەزەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېغىز تىلىدا كۆپىنچە سوراقنى بىلدۈرىدىغان سۆز + no matter ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە مۇشۇنداق سۆزلەر باشلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىلەردە may ياكى might ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

Whoever telephones, tell them I'm out.

كىمنىڭ تېلېفون ئۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنى چىقىپ كەتتى دەڭلار.

We are determined to fulfil the task, whatever happens.

مەيلى نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەزىپىنى تاماملىشىمىز كېرەك.

We'll insist on doing it however difficult it may be.

بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىغىچە قىلىمىز.

Does British foreign policy remain the same whichever party is in power.

مەيلى قايسى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئەنگلىيىنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتى ئوخشاشمۇ؟

The needle has the same mass whether it is hot or cold.

بۇ يىڭنە مەيلى ئىسسىقتا بولسۇن ياكى سوغۇقتا بولسۇن ماسسىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

The dog follows me wherever I go. (=The dog fololows me no matter where I go.)

قەيەرگىلا بارماي، بۇ ئىت ھەمىشە ماڭا ئەگىشىۋالىدۇ.

Whenever and however the invaders come, they will be wiped out clean. ( = No matter when and how the invaders come, they will be wiped out clean.)

تاجاۋۇزچىلار قاچان ۋە قانداق كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىلىدۇ.

## 3. تەتۈر بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە

بۇرۇلمىنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈن گاھىدا بېقىندى جۈملىدىكى تولۇقلىغۇچى ياكى ھالەتنى جۈملىنىڭ بېشىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇنداق بېقىندى جۈملىلەرنى باشلاپ كېلەلەيدىغان مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلىرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن as, though, that, be قاتارلىقلار بار.

Rushly as he acted, he had some excuse. (=Though he acted rushly, …)

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئالدىراڭغۇلۇقىدىن سەل خىجىللىق ھېس قىلدى.

Busy as he is, he never misses a volley-ball match. (=Though heis busy, …)

ئۇ ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىملىق ۋالىبول مۇسابىقىسىنى كۆرمەي قويمايدۇ.

Strong man as you may be, you can't do it single-handed. (=Though you may be a strong man, …)

مەيلى سەن قانچىلىك قاۋۇل بولۇپ كەت، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ يالغۇز قىلالمايسەن.

Child that she was, she was desperate with hunger. (=Though she was a child, …)

ئۇ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئاچلىققا پىسەنت قىلمىدى.

Strong man that he is, he has been severely put to test during the past few weeks. (=Though he is a strong man, …)

ئۇ قەيسەر ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۆتكەن بىر قانچە ھەپتە ئىچىدە ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلدى.

Difficult though the task was, they managed to accomplish it in time. (=Though the task was difficult, …)

ۋەزىپە مۇشكۈل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىدى.

Early in the evening though it was, the clouds made it almost dark in the forest. (=Though it was early in the evening, …)

تېخى ئەمدىلا گۇگۇم چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەر ئورمان بولغانلىقتىن قاپقاراڭغۇ تۈس ئالغانىدى.

All magnets behave the same, be they large or small. (=…, whether they are large or small.)

ماگنىتلار چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولىدۇ.

Be he a friend or enemy, the law regards him as a crimminal. (=Whether he is a friend or enemy, …)

مەيلى ئۇ دوست ياكى دۈشمەن بولسۇن، قانۇندا جىنايەتچى دەپ قارىلىدۇ.

4. سۆز بىرىكمىسى باشلاپ كېلىدىغان بۇزۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە

granted/granting (that), admitting بىرىكمىلىرىدىن بۇنداق سۆز (that), for all that, in spite of the fact that, despite the fact that, regardless of the fact that, not withstanding (the fact) that قاتارلىقلار بار.

Granted that you've made some progress, you should not be conceited.

ئازراق ئالغا بىسىپلا تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقىڭ كېرەك.

Admitting that you are naturally clever, I don't think you'll make much improvement, for you pay no atten-tion to your lesson.

مەيلى سەن تۇغما ئەقىللىق بولۇپ كەت، دەرسكە كۆڭۈل بۆلمىسەڭ، مەن سەندە ئىلگىرىلەش بولدى دەپ قارىمايمەن.

They are good people, for all that their ways are not the same as ours.

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىزنىڭكىگە ئوخشىمىغىنى بىلەن، ئۇلار ياخشى ئادەم.

Remain modest in spite of/despite the fact that you have made great progress in English.

ئىنگلىز تىلىدا قانچىلىك ئىلگىرى بىسىپ كەت، يەنىلا كەمتەر بولۇشۇڭ كېرەك.

I would go notwithstanding (that) he advised me not to.

ئۇ ماڭا «بارما» دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن يەنىلا بارىمەن.

They travelled on, notwithstanding the fact there is a storm.

بوران-چاپقۇندا قالسىمۇ، لېكىن ئۇلار سەپىرىنى توختىتىپ قويمىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەن بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە مەنە جەھەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئادەتتە، سۆزلىگۈچى ئۆزى دېگەن ئىشنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى بىلمىسە، شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە بولىدۇ؛ ئەگەر سۆزلىگۈچى ئۆزى دېگەن ئىشنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى بىلسە ھەمدە باش جۈملە بېقىندى جۈملىدىكى ئەھۋال بىلەن قارىمۇ قارشى بولسا، بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە بولىدۇ.

If he is inexperienced, he won't accomplish the task.

ئەگەر ئۇنىڭ تەجرىبىسى بولمىسا، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ. (شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە)

If he is inexperienced, he is at any rate eager to learn.

ئۇ تەجرىبىسىز بولسىمۇ، لېكىن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆگىنىپ كېتىۋاتىدۇ. (بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملە)

If he is poor, how can he afford the house?

ئۇ كەمبەغەل بولسا، قانداقمۇ ئۆيي سېتىۋالالايدۇ؟ (شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە)

If he is poor, he is at least honest.

ئۇ كەمبەغەل بولسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا سەمىمىي.

# پ

## (小数 Decimal) پارچە سان

پارچە سان پۈتۈن ساننىڭ كەينىگە كەسىر چېكىتى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. كەسىر چېكىتىنىڭ ئالدىدىكى سان پۈتۈن سان قائىدىسى بويىچە ئوقۇلىدۇ، كەسىر چېكىتىنىڭ كەينىدىكى سان ھەر قايسى پۈتۈن ساننىڭ رەت-تەرتىپى بويىچە ئوقۇلىدۇ.

| | |
|---|---|
| 0. 1 | zero point one |
| 2. 35 | two point three five |
| 45. 76 | forty-five (four five) point seven six |

One ounce is equal to 28. 35 gram.

بىر ئونسىيە 28.35 گرامغا تەڭ.

This book is 2. 25 inches thick.

بۇ كىتابنىڭ قېلىنلىقى 2.25 دىيۇم كېلىدۇ.

It spots a monkey in a treetop 2. 5 kilometres away.

ئۇ 2.5 كىلومېتىر نېرىدىكى دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر مايمۇن بارلىقىنى بايقىدى.

In 1985 the Group sales were 32 billion dollars with profits of 2. 8 billions.

1985-يىلى بۇ گۇرۇھنىڭ سېتىش سوممىسى 32 مىليارد دوللار بولۇپ، 2 مىليارد 800 مىليون دوللار پايدا ئالدى.

## (逗号 Comma) پەش

پەش (،) قىسقا توختاشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىچە:

### 1. پاراللېل تەركىبلەرنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

Resistors, transistors, capacitors and connectors are small electronic parts.

رېزىستور، كرىستال لامپا، كوندېنساتور ۋە تۇتاشتۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئېلېكترونلۇق زاپچاسلاردۇر.

The air was clear, fresh, sweet.

ھاۋا ئوچۇق، ساپ ھەم ئېللىق.

He should, or rather must, attend better to his studies.

ئۇ جەزمەن، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، چوقۇم ئۆگىنىشىنى قاتتىق كۆچەيتىش كېرەك.

We worked, we swam, we read, we slept, and we saw the summer pass by quickly.

يازلىق تەتىلىمىز ئىشلەش، سۇغا چۆمۈلۈش، كىتاب ئوقۇش، ئۇخلاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى.

### 2. ئىككى تارماق جۈملىنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

I looked all over the house for that letter, and it was in my pocket all the time.

ھېلىقى خەتنى تاپىمەن دەپ ئۆينى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقىپتىمەن، ئەسلىدە خەت يانچۇقۇمدا ئىكەن.

Life is not easy, but we have to live on.

ياشاش ئاسان ئەمەس، ئەمما ياشىماي بولمايدۇ.

Give me liberty, or give me death.

ماڭا ياكى ئەركىنلىك بەر، ياكى مېنى ئۆلتۈرۈۋەت.

He hasn't been to Beijing, nor have I.

ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ باقمىغان، مەنمۇ بېرىپ باقمىغان.

3. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئىزاھلىق سۆزنىڭ ئالدى-كەينىدە كېلىدۇ.

Nanjing, the provincial capital of Jiangsu, has a long history.

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغان نەنجىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

Robert Burns, a Scottish poet, wrote many simple and homely lyrics.

روبېرت بۆرنس شوتلاندىيىلىك شائىر بولۇپ، نۇرغۇن ئاددىي، ئەمما چۈشىنىشلىك لىرىكىلارنى يازغان.

4. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىشلىتىلىدۇ.

I have many books, chinese and English.

مەندە خەنزۇچە، ئىنگلىزچە نۇرغۇن كىتاب بار.

The meeting, attended by over five thousand people, welcomed the Chinese delegation.

5000 كىشىدىن ئارتۇق يىغىن ئەھلى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالدى.

5. مۇستەقىل تەركىبلەرنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Ladies and gentlemen, it is a great honour and pleasure to speak here.

خانىملار، ئەپەندىلەر، بۇ يەردە سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن ئۆزۈمنى تولىمۇ خۇشال ۋە شەرەپلىك ھېس قىلىمەن.

Well, that's all for today.

بولدى، بۈگۈن مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

Come on, George, join us in the game.

گېئورگى، كېلىپ بىز بىلەن بىللە ئوينىغىن.

www.uyghurkitap.com

Yes, I did see him steal the car.

توغرا، مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ماشىنا ئوغرىلىغىنىنى كۆردۈم.

I am, to tell you the truth, thoroughly sick of office work.

راستىنى ئېيتسام، ئىشخانىنىڭ ئىشلىرىدىن تولىمۇ زېرىكتىم.

As a matter of fact, I had never thought you could win.

ئەمەلىيەتتە، مەن سىنىڭ يېڭىۋالىدىغانلىقىڭنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان.

They did not, however, succeed in their plot.

لېكىن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

**6. جۈملە بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ھالەت (بېقىندى جۈملە) نىڭ ئالدى ياكى كەينىدە ئىشلىتىلىدۇ.**

Caesar, having defeated the Gauls, led his army into Britain.

كىسار گاۋلىلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئارمىيىنى باشلاپ بىرىتانىيىگە كىردى.

Convinced of the accuracy of his facts, he stuck to his opinion.

ئۇ ئۆز پاكىتىنىڭ توغرىلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەچكە، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىدا چىڭ تۇردى.

After making repeated but unsuccess ful attempts to get the car going, they decided to telephone a garage.

ماشىنىنى قايتا-قايتا زىۋنت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ماشىنا ئوت ئالمىغاچقا، ئۇلار رېمونتخانىغا تېلېفون ئۇرۇش قارارىغا كەلدى.

The wall whitewashed, the old man started to paint the fence.

تامنى ئاقارتىپ بولغاندىن كېيىن، بوۋاي توساق توسۇشقا باشلىدى.

Because he is ill, he is absent today.

ئۇ ئاغرىپ قالغاچقا، بۈگۈن كېلەلمىدى.

7. يىل، ئاي، كۈن ناملىرى ۋە ئادرېسنى ئايرىشتا پەش قويۇلىدۇ.

July 1,1921 — 1921-يىلى 1-ئىيۇل

Nanjing Road, Shanghai, china

جۇڭگو شاڭخەي نەنجىڭ يولى

8. ئىسىم بىلەن فامىلىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى ئىنگلىز تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە بولماي ئالماشتۇرۇۋېتىلگەندە، ئوتتۇرىدا پەش ئىشلىتىلىدۇ.

Shakespeare, William — شېكسپىر، ۋىلىيام

Kennedy, John — كېننېدى، جون

9. سالام خەتنىڭ تۈگەنچىسىدە كېلىدىغان تەكەللۇپ سۆزىنىڭ كەينىدىن پەش كېلىدۇ.

Sincerely yours,

Yours faithfully,

10. بەزىدە مىڭدىن يۇقىرى سانلارنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، ئۈچ خانە بىر گۇرۇپپا بولىدۇ.

1,200 12,000 120,000 120,000,000

## پۈتىدىغان، داۋاملىشىدىغان ئۆتكەن كەلگۈسى زامان
## (过去将来完成进行时)
## (Past Future perfect Continuous Tense)

پۈتىدىغان، داۋاملىشىدىغان ئۆتكەن كەلگۈسى زامان ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ۋاقىتتا باشلىنىپ كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقىتقىچە داۋاملاشقان ياكى

داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

**1. شەكلى**

بۇ زاماننىڭ پېئىللىق شەكلى

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان سۈپەتداش شەكلى Should (would)+have+been+v. +ing دىن تۈزۈلىدۇ.

**2. ئىشلىتىلىشى**

ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ۋاقىتتا تۇرۇپ قارىغاندا، كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئىزچىل داۋاملاشقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

George said that he would have been working in this company for four years in another month's time.

گېئورگى يەنە بىر ئاي ئۆتسە ئۆزىنىڭ ئاشۇ شىركەتتە ئىشلەۋاتقىنىغا تۆت يىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

She decided to retire that winter, By that time she would have been teaching here for forty years.

ئۇ شۇ يىلى قىشتا پېنسىيىگە چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىغا 40 يىل بولىدۇ.

## پېئىل (动词 Verb)

ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ياكى ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ شەخس، سان، زامان، دەرىجە، راي قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە ئىگە.

پېئىل مورفولوگىيىلىك رولىغا ئاساسەن باغلامچى پېئىل، ياردەمچى پېئىل، تۈسلۈك پېئىل ۋە مۇستەقىل پېئىل قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان پېئىل

(چەكلىمىلىك پېئىل) ۋە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىل (چەكلىمىسىز پېئىل) دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

تۈزۈلۈشى (شەكلى) گە ئاساسەن تاق خەتلىك پېئىل ۋە كۆپ خەتلىك پېئىل دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مەنىسىگە ئاساسەن ھەرىكەت پېئىللىرى ۋە ھالەت پېئىللىرى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

پېئىل ئىنتايىن مۇھىم سۆز تۈركۈمى بولۇپ، جۈملىدە ھەمىشە خەۋەرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

Please do me a favour.

ماڭا ياردەملىشىۋېتىڭە. (ئۆتۈملۈك پېئىل)

The questions will be discussed at a meeting tomorrow.

ئەتىكى يىغىندا مۇشۇ مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. (ئۆتۈملۈك پېئىل)

The sun rises in the east.

قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلىدۇ. (ئۆتۈمسىز پېئىل)

Oh, it's such a pity! We should have booked earlier!

ھەي، بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ. بېلەتنى بالدۇرراق زاكاز قىلساق بوپتىكەن. (ئۆتۈمسىز پېئىل)

She has gone to the cinema.

ئۇ كىنو كۆرگىلى كەتتى. (ياردەمچى پېئىل)

While eating, he was writing a letter.

ئۇ تاماق يېگەچ خەت يېزىۋاتاتتى. (ياردەمچى پېئىل)

Change is inevitable.

ئۆزگىرىش - مۇقەررەر ھادىسە. (باغلامچى پېئىل)

You look very well today.

بۈگۈن كەيپىياتىڭىز ناھايىتى ياخشى كۆرۈنىدۇ. (باغلامچى پېئىل)

You can imagine the kinds of mistakes.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن بۇنداق خاتالىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايسەن. (تۇسلۇك ياردەمچى پېئىل)

May I borrow your bicycle for a moment.

ۋېلسىپىتىڭىزنى ماڭا بىر دەم بېرىپ تۇرالامسىز؟ (تۇسلۇك ياردەمچى پېئىل)

Put it another way then.

باشقا خىل يول بىلەن يېشىپ باقايلى. (تاق خەتلىك پېئىل)

Go over your notes as soon as you can after class.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىنلا خاتىرەڭگە كۆز يۈگۈرتۈپ قوي. (كۆپ خەتلىك پېئىل)

She gave up applying for jobs sometime ago.

يېقىندا ئۇ خىزمەت ئىلتىماس قىلىشتىن ۋاز كەچتى. (كۆپ خەتلىك پېئىل)

Each package that we are sending contains12 items.

بىز سېلىۋەتكەن خالتىلارنىڭ ھەربىرىگە 12 پارچە نەرسە قاچىلانغان. (ھالەت پېئىلى)

I was talking to Mr. Green when the phone rang.

تېلېفون جىرىڭلىغاندا، مەن دەل گىرىن ئەپەندى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتىم. (ھەرىكەت پېئىلى)

## پېئىلنىڭ شەكىللىرى
## (动词形式 Verb Form)

ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۆت خىل ئاساسىي شەكلى بار. ئۇلار: ئەسلى شەكلى، ئۆتكەن زامان شەكلى، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى، ھازىرقى زامان تارماق شەكلى. ئۇلار ياردەمچى پېئىللار بىلەن قوشۇلۇپ پېئىلنىڭ زامىنى، رايى ۋە دەرىجىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

| پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى | ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى | هازىرقى زامان تارماق شەكلى |
|---|---|---|---|
| go | went | gone | going |
| work | worked | worked | working |
| make | made | made | making |
| blow | blew | blown | blowing |

ئادەتتىكى ئەھۋالدا پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىدىن كېيىن «s» قوشۇمچىسى قېتىلسا پېئىلنىڭ ئۈچىنچى شەخس بىرلىك شەكلى ياسىلىدۇ.

**1. ئەسلى شەكلى**

پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى لۇغەتتە بېرىلگەن شەكلىنى كۆرسىتىدۇ.

**2. ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (قائىدىلىك پېئىل)**

كۆپىنچە پېئىللارنىڭ كەينىگە «-ed» قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ياسىلىدۇ. مۇنداق پېئىللار قائىدىلىك پېئىللار دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق پېئىللارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| ياسىلىش ئۇسۇلى | مىسال |
|---|---|
| پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە «-ed» قېتىلىدۇ. | listen-listened<br>want-wanted<br>mix-mixed<br>clean-cleaned |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| move-moved<br>note-noted<br>live-lived<br>provide-provided | «e» ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللارغا «-ed» قېتىلىدۇ. |
| study-studied<br>dry-dried<br>supply-supplied<br>imply-implied | پېئىلنىڭ ئاخىرى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلىشىپ، ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «y» ھەرپى بولسا، «y» ھەرپى «i» ھەرپىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن «-ed» قېتىلىدۇ. |
| play-played<br>stay-stayed<br>enjoy-enjoyed<br>destroy-destroyed | پېئىلنىڭ ئاخىرى سوزۇق تاۋۇشتىن كېيىنلا «y» ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، بىۋاسىتە «-ed» قېتىلىدۇ. |
| infer-inferred<br>plan-planned<br>commit-committed<br>transfer-transferred | پېئىلنىڭ ئاخىرى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، شۇ ھەرپ تەكرار يېزىلغاندىن كېيىن «-ed» قېتىلىدۇ. |

### 3. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (قائىدىسىز پېئىللار)

ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى ياساشتا يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىكىگە بويسۇنمايدىغان پېئىللار قائىدىسىز پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) ئۆتكەن زامان شەكلى، ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ۋە ئەسلى شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| burst | burst | burst |
| cast | cast | cast |
| read | read | read |

2) ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| find | found | found |
| creep | crept | crept |
| dig | dug | dug |

3) ئەسلى شەكلى، ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| eat | ate | eaten |
| freeze | froze | frozen |
| grow | grew | grown |

## 4. هازىرقى زامان تارماق شەكلى

پېئىلنىڭ هازىرقى زامان تارماق شەكلى پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ كەينىگە «-ing» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ياسىلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ.

| ياسىلىش ئۇسۇلى | مىسال |
|---|---|
| پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىگە «-ing» قوشۇلىدۇ. | dry-drying<br>listen-listening<br>work-working<br>fight-fighting |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| take-taking<br>make-making<br>move-moving<br>provide-providing | تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان ھەرپ «e» بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللاردا «e» ئېلىپ تاشلىنىپ «- ing » قېتىلىدۇ. |
| put-putting<br>ban-banning<br>let-letting<br>commit-committing | پېئىلنىڭ ئاخىرى يېپىق بوغۇم بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، شۇ ھەرپ تەكرار يېزىلغاندىن كېيىن «-ing» قېتىلىدۇ. |
| die-dying<br>dye-dyeing<br>be-being<br>picnic-picnicking | ئالاھىدە ئەھۋال |

## پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى
## （动词原形 Original Verb Form）

پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى پېئىلنىڭ لۇغەتتە بېرىلگەن شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئادەتتە ئاددىي ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغان ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتە، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ ئاخىرىغا «-s» ياكى «-es» قېتىلىدۇ.

1 Like sports.

مەن تەنتەربىيىنى ياخشى كۆرىمەن.

London stands on the River Thames.

لوندون شەھىرى تايمس دەرياسى بويىغا جايلاشقان.

Pride goes befor a fall.

تەكەببۇرلار مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ.

## پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى
## （过去式　Past Form）

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر. ئۇنىڭ ياسىلىشىنى پېئىل شەكىللىرى دېگەن بۆلەكتىن كۆرۈۋېلىڭ.

John Taylor saved three lives that day.

جون تەيلور شۇ كۈنى ئۈچ جاننى قۇتقۇزۇۋالدى.

Tom Eadie was recognized as a master diver.

توم ئېددىي تېخنىكىسى ئالاھىدە يۇقىرى غەۋۋاس دەپ ئېتىراپ قىلىندى.

After the war Johnny went home to Newark and finished high school.

ئۇرۇشتىن كېيىن جوننى ئانا يۇرتى نېۋاركقا قايتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يەردە تاماملىدى.

## پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى
## （过去分词　Past participle）

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئادەتتە مەجھۇل مەنىنى ياكى ئاللىقاچان تاماملانغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، كېسىم خەۋەر، ھالەت ۋە تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.

**1. ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.**

ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئېنىقلىغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغاندا، ئېنىقلانماقچى بولغان سۆزنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كەلسە بولىدۇ. ئالدىدا كەلگەندە ئادەتتە ئېنىقلانغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدۇ. كەينىدە كەلگەندە ئادەتتە ئىبارە شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىگە تەڭ كېلىدۇ.

The plance turned back southwest less populatedcountry.

ئايروپىلان كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئاھالە ئانچە زىچ ئولتۇراقلاشمىغان غەربىي جەنۇپ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

The only route left open to them leads toward the hidden trap.

ئۇلار ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىردىنبىر يول يوشۇرۇن قىلتاققا تۇتاشقان ئىدى.

We heard their sudden excited clamor when they caught sight of a school of fish.

مەن ئۇلارنىڭ بىر توپ بېلىقنى كۆرگەندىكى تۇيۇقسىز ۋە ھاياجانلىق ۋارقىراشلارنى ئاڭلىدىم.

**2. كېسىم خەۋەر بولىدۇ.**

ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ئىبارە كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

The other two bags were undamaged.

باشقا ئىككى خالتا ساپساق ئىكەن.

When the Democratic candidates conceded defeat, Mrs priest felt rewarded for her efforts.

دېموكراتىك پارتىيىنىڭ نامزاتلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندا، پرىست خانىم ئۆز تىرىشچانلىقىدىن ھۇزۇر ھېس قىلدى.

**3. ھالەت بولىدۇ.**

Undaunted, they started out once more, with the same result.

ئۇلار يەنە قەيسەرانە ھالدا يولغا چىقتى. ئەمما نەتىجىسى يەنىلا ئوخشاش بولدى. (ئۇسۇل ھالىتى)

Worn out by the compaign, she longed to be at home with her family.

سايلام رىقابىتى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزۈۋەتكەچكە، ئۇ قايتىپ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن جەم بولۇشنىلا ئويلاپ قالدى. (سەۋەب ھالىتى)

When summoned by her nurse, she rose and departed very obediently.

سىستىرانىڭ نەسىھەت قىلىشى بىلەن، ئۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. (ۋاقىت ھالىتى)

Drenched beyond recognition, kate Shelly gasped her news to the stationmaster.

ئۈستى-بېشى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ تونۇغۇسىز سىياقتا كىرىپ قالغان كەيت شېللى ئەنسىكەن ھالدا خەۋەرنى ئىستانسا باشلىقىغا ئېيتتى.

## 4. تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ.

He didn't wish it mentioned.

ئۇ بۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىدى.

He found it inhabited by a race of Indians.

ئۇ ئۇ يەردە بىر ئىندىئان قەبىلىسىنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ۋە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلىدىن ياسالغان ئىبارە ھالەت بولغاندا، ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى كۆپىنچە ئەھۋالدا باش جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك.

They went home exhausted.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن چېغىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندى.

The orchestra was once again performing the prelude of Beethoven's Symphony No. 5, encouraged by the audience's standing ovation.

مۇزىكا ئەترىتى تاماشىبىنلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بېتخوۋېننىڭ «5-سىمفونىيىسى» نىڭ مۇقەددىمىسىنى يەنە ئورۇنلاپ بەردى.

2. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى بىلەن ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ھالەت بولغاندا، ئاسانلا ئارىلىشىپ قالىدۇ. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى مەجھۇل ئىش ياكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ياكى ھەرىكەت پېئىل تارماق شەكىللىرىنىڭ پۈتكەن شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ئادەتتە جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىش ياكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

Broken to pieces, the watch was useless.

سائەت چېقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئىشلەتكىلى بولمىدى.

Having been cut short, her hair reminded me of her mother.

ئۇنىڭ چېچىنى كەستۈرۈۋەتكەندىن كېيىنكى ھالىتى ماڭا ئۇنىڭ ئاپىسىنى ئەسلەتتى.

They rushed into their classroom, hearing the bell ringing.

ئۇلار قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

## پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى
## (现在分词 Present Participle)

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى يەنە پېئىلنىڭ《ing》 نىڭ قېتىلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئۆزلۈك مەنە ۋە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. ئىنىقلىغۇچى بولىدۇ.

1) پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىنىڭ ئادەتتىكى شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئىبارىلىك شەكلى ئېنىقلىغۇچى بولالايدۇ، ئەمما پۈتكەن ۋە پۈتكەن داۋاملاشقان شەكلى ئېنىقلىغۇچى بولالمايدۇ. ئۆزلۈك دەرىجىسىنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىنىڭ ئادەتتىكى شەكلى ئېنىقلىغۇچى بولغاندا، ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە كەلسە بولىدۇ. ئالدىدا كەلگەن چاغدا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ھالەت ياكى تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلەلمەيدۇ. كەينىدە كەلگەن چاغدا ھالەت ياكى تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كەلسە بولىدۇ. بۇ چاغدا پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىگە تەڭ بولىدۇ.

In all my years by the sea, only once have I seen a dying gull.

دېڭىز ساھىلىدا تۇرۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، مەن پەقەت بىر قېتىملا ئۆلەي دەپ قالغان بىر چايكىنى كۆرگەنىدىم.

His voice sounded like water running over stones in a brook.

ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىگە ئېرىقتىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنى ئەسلىتىدۇ.

2) پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىدە كەلگەن ئادەتتىكى شەكلى ۋە ئۇنىڭدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ئېنىقلىغۇچى بولغان چاغدا، ئادەتتە ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

There are all sorts of stories about divers being held under water until they drowned.

غەۋۋاسلارنىڭ سۇ ئاستىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە خىلمۇ خىل ھېكايىلەر بار.

Those who are going to keep up the wonderful progress being made in science and engineering need math more than anyone else dose.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلىم-پەن ۋە قۇرۇلۇش ساھەسىدە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ماتېماتىكىغا باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ.

**2. كېسىم خەۋەر بولىدۇ.**

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىنىڭ ئادەتتىكى شەكلى ۋە ئۇنىڭدىن تۈزۈلگەن ئىبارىلەر بەزىدە كېسىم خەۋەر بولىدۇ، ئەمما پۈتكەن ۋە داۋاملىشىپ پۈتكەن شەكلى كېسىم خەۋەر بولالمايدۇ.

The noise is deafening.

ۋاراڭ-چۇرۇڭ قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتتى.

Driving a herd of wild elephants into a trap is thrilling and dangerous.

بىر توپ ياۋا پىلنى قىلتاققا چۈشۈرۈش كىشىنى جىددىيلەشتۈرىدىغان خەتەرلىك ئىش.

**3. ھالەت بولىدۇ.**

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان ئارماق شەكلى ۋە ئۇنىڭدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ھالەت بولىدۇ.

Recovering, we grimly floundered toward the top.

ھاردۇقىمىز چىققاندىن كېيىن بىز قەيسەرلىك بىلەن تاغ چوققىسىغا ياماشتۇق. (ۋاقىت ھالىتى)

Knowing English well, he translated the article without a dictionary.

ئۇ ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلگەچكە، ماقالىنى لۇغەت ئىشلەتمەي تۈرۈپ تەرجىمە قىلىۋەتتى. (سەۋەب ھالىتى)

On lunch hours he went around studying and talkingnotes on all animals.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇ بارلىق ھايۋانلار ھەققىدە ئىزدىنى ۋە

خاتىرە قالدۇردى. (مەقسەت ھالىتى)

4. تولدۇرغۇچىلىق تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ.

We also see them <u>dozing</u> on the ledges near the sea on a quiet day.

ئۇلارنىڭ شامالسىز تىنچ كۈندە دېڭىز بويىغا يېقىن جايدىكى تاش ئۈستىدە مۈگدەپ ياتقىنىنى بىزمۇ كۆرگەن.

I thought of icebergs <u>sailing</u> so majestically south untill they were off New Foundland.

مەن يوغان-يوغان مۇز پارچىلىرىنىڭ جەنۇبتىن تاكى يېڭى فىنلاندىيىگىچە ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ قالدىم.

# پېئىلنىڭ باغلىغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى

## (分词连词 Participial Conjunction)

پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ياكى ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن ئۆزگەرگەن باغلىغۇچى پېئىلنىڭ باغلىغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پېئىلنىڭ باغلىغۇچى بولىدىغان تارماق شەكىللىرىدىن provided, providing, supposing, seeing that قاتارلىقلار بار.

<u>Supposing</u> it snows heavily, what shall we do?

قاتتىق قار يېغىپ قالسا قانداق قىلارمىز؟

I will go <u>provided</u> (that) my expenses are paid.

ئەگەر مېنىڭ خىراجەتلىرىمنى باشقىلار كۆتۈرسە مەن بارىمەن.

<u>Providing</u> (that) there is no opposition, we shall hold the meeting here.

قارشى پىكىرلەر بولمىسا، بىز پىغىنتى مۆشۈ يەردە ئاچايلى.

Seeing (that) she's old enough to get married, I don't think you can stop her.

مېنىڭچە، قىز بالا ياتلىق بولۇش قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇنى توسۇپ بولالمايسەن.

## پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە
## (分词短词 Participial phrase)

پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ تولۇقلىغۇچىسى ياكى ئېنىقلىغۇچىسىدىن تۈزۈلگەن ئىبارىنى كۆرسىتىدۇ.

### 1. تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە

He was a middle-aged man wearing spectacles.

ئۇ كۆزەينەك تاقىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئىدى.

The front door bell jangled viciously, interrupting her deglihtful lispeculations.

ئالدى ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىددىي جىرىڭلىشى ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرىنى ئۈزۈپ قويدى.

### 2. تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە

Rain fell again, making the streets impassable.

يامغۇر يېغىۋەرگەچكە، كوچىلار ماڭغۇسىز بولۇپ كەتتى.

"Sit down, don't bein such a hurry," … replied the grocer, pushing him back into the chair.

— ئولتۇرۇڭ، جىددىيلەشمەڭ، — دەپ جاۋاب بەردى يېمەكلىك سودىگىرى ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزغاچ.

## 3. كېسىم خەۋەر ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئارىلاشقان ئىبارە

He was staring down at the letter, looking a little ill.

ئۇ خەتنى ئوقۇپلا چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى.

## 4. ھالەت ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان پېئىلنىڭ تارماق شەكلى ئارىلاشقان ئىبارە

Carl saw that they had come well prepared.

كارل ئۇلارنىڭ تەييارلىق بىلەن كەلگەنلىكىنى سېزىۋالدى. (رەۋىش)

n returned home just as the Revolutionary war began, arriving in time to sign the Declaration of Independence.

فرانكىلىن مۇستەقىللىق ئۇرۇش باشلىنىشىغا ئۇلگۇرۇپ دۆلەتكە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» غا قول قويۇشقا توغرا كېلىپ قالدى. (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ۋە ئېنىقسىز شەكلى)

Designed to seek out the heat of an enemy aircraft engine, the missile is now going through its paces for the kill.

دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ ماتورىنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بۇ خىل باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئېنىبرگىيىسى ھازىر سىناق قىلىنىۋاتىدۇ. [ئېنىقسىز شەكىل]

www.uyghurkitap.com

# پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى
# (分词介词 Participle Preposition)

پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن ئۆزگەرگەن ئالدى قوشۇلغۇچى پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن concerning, regarding, barring, respecting, considering, touching, concluding قاتارلىقلار بار.

She said nothing concerning him.

ئۇ توغرىسىدا، ئۇ ھېچنىمە دېمىدى.

Done spoke to me regarding his future.

دېيىن ماڭا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئىشانى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

Nobody else knows, barring you and me.

سەن، مەن ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

They discussed problems respecting air pollution in cities.

ئۇلار شەھەر ھاۋاسىنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسى ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى بىلەن پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى ئوخشاش بولغاچقا، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇلار شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولغىنى بىلەن، مەنە جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ.

We are considering going to Germany.

بىز گېرمانىيىگە بېرىش توغرىسىدا ئويلىشىۋاتىمىز. (پېئىلنىڭ

هازىرقى زامان تارماق شەكلى)

She looks young, considering her age.

ياش جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ناھايىتى ياخشى كۆرۈنىدۇ. (پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى)

Inform me touching this matter.

بۇ ئىش توغرىسىدىكى خەۋەرنى ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ. (پېئىلنىڭ ئالدى قوشۇلغۇچى بولىدىغان تارماق شەكلى)

The two steamers appeared to be touching each other, but fortunately there wasn't an accident.

بۇ ئىككى كېمە سوقۇلۇشۇپ كەتتى. ئەمما بەختكە يارىشا ۋەقە يۈز بەرمىدى. (پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى)

## پېئىلنىڭ 《to》 ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى

## (不带 to 的不定式 Bare Infinitive)

پېئىلنىڭ 《to》 ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى ئادەتتە بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ تولدۇرغۇچىسىنىڭ تولۇقلىغۇچىسىدا كۆرۈلىدۇ (پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىگە قاراڭ)، يەنە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**1. ياردەمچى پېئىل ۋە كۆپ قىسىم تۈسلۈك پېئىللارنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.**

Do be here on time.

بۇ يەرگە جەزمەن ۋاقتىدا كەل.

You may go now.

سەن ھازىر ماڭساڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. «why» باشلاپ كەلگەن سوئال جۈملىلەردە كۆرۈلىدۇ.

Why study maths?

نېمە ئۈچۈن ماتېماتىكا ئۆگىنىش كېرەك؟

Why be uncomfortable if it can be avoided?

ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە ئۈچۈن بىئارام بولىسەن؟

3. بەزى مۇقىم ئىبارىلەردە كۆرۈلىدۇ.

He let fall a hint of his intensions.

ئۇ بەزى مەقسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

Don't let go the handle!

رولنى قويۇۋەتمە!

The girl let slip that she had been a witness to the accident.

بۇ قىز ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى مەقسەتسىزلا دەپ سالدى.

4. بەزى مۇقىم ئىبارىلەرنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

We had better go over the circuit once more.

بىز ئەڭ ياخشىسى سىم يولىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ باقايلى.

I'd rather have some fruit juice to start with.

مەن ئاۋۋال ئازراق مېۋە شىرنىسى ئىچىپ تۇراي.

He would sooner resign than take part in such dishonest business deals.

ئۇ ئىستىپا بېرىشكە رازىكى، ئۇنداق ساختا سودىلارغا قاتناشمايدۇ.

I cannot but stay in bed.

مەن يېتىپ ئارام ئالمىسام بولمايدۇ.

## پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى
## （不定式 Infinitive）

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ بەلگىسى بولغان 《to》 نىڭ كەينىگە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، مۇستەقىل خەۋەر بولالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى شەخس ۋە ساندا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئەمما ئۆزىدە پېئىلنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر ئۆتۈملۈك پېئىل بولسا، تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كەلسە بولىدۇ. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئۆزى بىللە كەلگەن تولدۇرغۇچى، ھالەت قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى) قىلىپ، ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىدە ئىگە، كېسىم خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك ۋە تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.

1. ئىگە بولىدۇ.

To love is to choose.

سۆيگۈ دېمەك، تاللاش دېمەكتۇر.

To dig a canal through hundreds of miles of wilderness and swamps seemed improbable.

نەچچە يۈز ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان قاقاسلىق ۋە سازلىق ئاستىغا بىر قانال كولاش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش.

ئەمما، بەزىدە (بولۇپمۇ ئېغىز تىلىدا) 《it》 يالغان ئىگە بولغاندا، ھەقىقىي ئىگە جۈملىنىڭ كەينىگە يۆتكىلىپ، جۈملىنى بىر قەدەر سىلىق كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

It took months for the ice to break up.

مۇز قاتلىمى بىر نەچچە ئايدا ئاندىن پارچىلىنىدۇ.

It is a general practice to use pump to transport liquids.

پومپا ئارقىلىق سۇيۇقلۇق يەتكۈزۈش كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇل.

It is the hunter's job to drive the great animals into the trap.

زور ھايۋانلارنى قاپقانغا چۈشۈرۈش ئوۋچىلارنىڭ ئىشى.

2. كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

This capsule is to bring down the fever.

بۇنداق كاپسۇل قىزىتما ياندۇرىدۇ.

One of their duties was to warn ships and planes when a storm was coming.

بوران-چاپقۇن بولغاندا كېمە ۋە ئايروپىلانغا سىگنال بېرىش — ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

Its aim is to find out how animals' apparatus work so that man can copy them for his own use.

بۇنىڭدىكى مەقسەت — ھايۋان ئورگانىزملىرىنىڭ قانداق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىش. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىش ئۈچۈندۇر.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئەگەر جۈملىنىڭ ئىگە قىسمىدا مۇستەقىل پېئىل «do» بولسا، بەزىدە قىسقارتىۋېتىلىشمۇ بولىدۇ.

All he could do was warn people out of the way.

ئۇنىڭ قولىدىن كەلگىنى پەقەت كىشىلەرنى يول بېرىشكە ئاگاھلاندۇرۇشلا بولدى.

All you have to do is find it.

سەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ئۇنى تېپىش.

The first thing they had to do was choose a suitable place.

ئۇلار قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئىش - مۇۋاپىق ئورۇن تاللاش.

What he will do is spoil the whole thing.

ئۇنىڭ قىلماقچى بولغىنى ئىشلارنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىش.

3. تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

The dry climate of Egypt has helped to preserve the pyramids.

مىسىرنىڭ قۇرغاق ھاۋا كىلىماتى پىرامىدالارنىڭ ئۇزۇن يىلغىچە ساقلىنىشىغا پايدىلىق.

I went to see the factory after looking round the offices.

ھەممە ئىشخانىلارنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە زاۋۇتنى كۆرگىلى باردىم.

I pledge to use all my strength and ability to live up your expectations of me.

سىلەرنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىڭلارنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاقلاشقا كاپالەتلىك قىلىمەن.

[قېيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. بەزى پېئىللار ئادەتتە ئېنىقسىز شەكلىنى تولدۇرغۇچى قىلىدۇ. مەسىلەن: begin, wish, hope, like, hate, expect, decide, remember, offer قاتارلىقلار.

Sailors often wished to send mail home.

ماتروسلار ھەمىشە ئۆيلىرىگە خەت سېلىشنى ئويلايتتى.

Things began to come out of the store windows.

نەرسە-كېرەكلەر دۇكانلارنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

In 1944 the U.S. armed force decided to find the silver.

1944-يىلى ئامېرىكا ئارمىيىسى بۇ كۈمۈشلەرنى تېپىشنى قارار قىلغانىدى.

How can you expect to make headway if you don't work?

ئىشلىمىسەڭ، قانداقمۇ ئىلگىرىلىيەلەيسەن؟

2. بەزى قوشما تولدۇرغۇچىلاردا، ئاۋۋال «it» شەكلەن تولدۇرغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، ئاندىن ھەقىقىي تولدۇرغۇچى (پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى) كەينىگە قويۇلىدۇ.

I don't think it wise to drink.

ھاراق ئىچىش مېنىڭچە ئاقىلانىلىك ئەمەس.

Money can make it easier to hide.

پۇل جىنايەتنى ئاسانلا يوشۇرۇپ قالالايدۇ.

We consider it necessary to combine theory with practice.

بىز، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش زۆرۈر دەپ قارايمىز.

### 4. ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئېنىقلىغۇچى بولغاندا، ئېنىقلانغان سۆزنىڭ كەينىدە كېلىشى كېرەك.

I have got a story to tell you.

ساڭا دەيدىغان بىر ھېكايە بار.

Once these goals exist, the scientific method furnishes means to realize them.

مۇشۇ نىشانلا بولىدىكەن، ئىلمىي ئۇسۇل ئاشۇ نىشاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ۋاستە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

In the old days, the miners and trappers had metal and furs to trade for the supplies they needed.

ئىلگىرى، كان ئىشچىلىرى ۋە ئوۋچىلار ھەر خىل مېتال ۋە

تېرىلەرگە ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنى ئالماشتۇراتتى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. كۆپلىگەن ئېنىقسىز شەكىل ۋە ئۇ ئېنىقلىغان سۆزلەردە پېئىل - تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت بار بولسا، ئەگەر ئېنىقسىز شەكىل ئۆتۈمسىز پېئىل بولسا، ئۇنىڭ كەينىدە چوقۇم ئالدى قوشۇلغۇچى كېلىشى شەرت.

There are three phone calls to listen to.

تېلېفوننىڭ ئۈچىلىسى سايراپ كەتتى.

Please give me a piece of paper to write on.

ماڭا خەت يازغۇدەك بىر ۋاراق قەغەز بېرىڭ.

There ought to be something to fill your stocking with.

پايپىقىڭ ھەممىشە تومپىيىپلا تۇرىدىكەنغۇ!

2. بەزى ئىسىملاردىن كېيىن ئېنىقسىز شەكىلنى ئېنىقلىغۇچى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: chance, reason, time, way, need, right, effort, drive, decision, struggle, wish, tendency قاتارلىقلار.

He had not a chance to raise his rifle.

ئۇ قورالىنى كۆتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

There was no reason to think of robbery.

بۇلاڭچىلىق ھەققىدە ئويلاشقا ھېچقانداق ئاساس يوق ئىدى.

He found a way to make the knowledge useful: he invented dir lightning rod.

ئۇ بىلىمنى ئىشلىتەلەيدىغان بىر يولنى تاپتى، يەنى چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسۋابىنى كەشپ قىلدى.

3. «there be» لىق قۇرۇلمىدا، ئېنىقلانغان ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ئېنىقسىز شەكىلنىڭ لوگىكىلىق تولدۇرغۇچىسى بولغاندا، ئېنىقسىز شەكىلگە ئۆزلۈك دەرىجە ۋە مەجھۇل دەرىجىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما، سۆزلىگۈچى ئېنىقسىز شەكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلدۈرگەن ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغاندا، ئۆزلۈك دەرىجە ئىشلىتىلىدۇ؛ ھەرىكەتنى باشقا ئادەم ئىجرا قىلغاندا، مەجھۇل دەرىجە ئىشلىتىلىدۇ.

There is little to block the view.

كۆرۈش سىزىقىنى توسۇۋالغۇدەك ھېچنېمە يوق.

There is no time to be lost.

ئىسراپ قىلغۇدەك ۋاقىت يوق.

There is a lot to know about this man.

بۇ ئادەمدە بىز بىلگۇدەك نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

There is nothing to fear but fear itself.

قورقۇنچتىن باشقا ھېچنېمىنىڭ قورقۇنچىلىكى يوق.

There was no time to think; there was only time to give the medicine.

ئويلىنىپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقىت قالمىدى، دەرھال دورا بېرىش كېرەك.

ئەمما، تۆۋەندىكى جۈملىدە ئىككى خىل شەكىلنىڭ بەرگەن مەنىسى ئوخشىمايدۇ.

There is nothing to do now. (=We have nothing to do now.)

ھازىر قىلغۇدەك ئىش يوق.

There were many things to be done. (=We had to do many things then.)

شۇ چاغدا قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىش بار ئىدى.

### 5. ھالەت بولىدۇ.

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ھالەت بولغاندا، مەقسەت، نەتىجە، سەۋەب، ئۇسۇل قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

1) مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ.

بىرەر ئىش تەكىتلەنگەندە، ھەمىشە in order to so as to قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

We do that so as to save time.

بىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىمىز ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈندۇر.

We were looking for a place to have breakfast.

بىز ئەتىگەنلىك تاماق يېگۈدەك بىرەر جاي ئىزدەۋاتاتتۇق.

I woke up and reached for an extra blanket to makemyself comfortable.

مەن ئويغىنىپ كېتىپ، راھەترەك يېتىش ئۈچۈن ئۈستۈمگە ئەدىيال يېپىۋالدىم.

He must come to the surface slowly in order to allowhis body to adjust to the change in pressure.

ئۇ بەدىنىنى بېسىم كۈچىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاستا-ئاستا سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشى كېرەك.

2) نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ.

He went home to find his old friend John waiting for him.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، قەدىناس دوستى جوننىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغىنىنى كۆردى.

The warship had survived the war to sail once more under the Stars and Stripes.

بۇ ئۇرۇش پاراخوتى ئۇرۇشتا ئامان قالغاچقا، يەنە يۇلتۇزلۇق بايراق ئېسىلىپ سەپەرگە چىقتى.

**[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]**

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ تەركىبىدە ئەگەر 《only》 بار بولسا، كۈتۈلمىگەن ياكى خەيرلىك بولمىغان نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ.

He survived the crash only to die in the desert.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ گۇمۇرۇلۇش ھادىسىسىدە جېنى ئامان قالدىيۇ، قۇملۇقتا ئۆلۈپ كەتتى.

Now and then the bird struggled to its feet and took a few unsteady steps, only to sink to the rock again.

قۇش تۇرۇپ-تۇرۇپ تىپىرلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مۇدۇرۇپ-چوقۇرۇپ بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، يەنە تاش ئۈستىگە يىقىلدى.

3) سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ.

I rejoiced to hear that you are well again.

ساقىيىپ قالغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتىم.

Many women are proud to see their names make headlines.

نۇرغۇن ئاياللار ئۆز ئىسمىنىڭ گېزىت يۈزىگە چىققىنىدىن پەخىرلىنىدۇ.

4) ھەرىكەت ئۇسۇلىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ خىل ئىنىقسىز شەكىلنى كۆپىنچە «as if» ياكى «as though» قا ئوخشاش ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچىلار باشلاپ كېلىدۇ.

Still others yell back at the cranes as if to cheerthem on their way.

يەنە بەزى كىشىلەر گويا ئۇلارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك، كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۇرنىلارغا ۋارقىرىدى.

He raised his head as though to command silence.

ئۇ گويا كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرماقچى بولغاندەك، بېشىنى كۆتۈردى.

5) سۈپەت، رەۋىش، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ياكى ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى) لەرنى ئېنىقلايدۇ، جۈملىدە نەتىجە ياكى سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان ھالەت رولىنى ئوينايدۇ.

I am glad to hear that news.

ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. (سەۋەب)

He was too tired to go any farther.

بەك ھېرىپ كەتكەچكە ماڭغۇدەك ماجالىم قالمىدى. (نەتىجە)

We were disappointed to learn that you could not come.

كبلەلمەيدىغانلىقىڭنى ئۇقۇپ، بىز ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندۇق. (سەۋەب)

He was too busy with his discoveries to bother with making money.

ئۇ تەتقىقات بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، پۇل تېپىشقا چولىسى تەگمىدى. (نەتىجە)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سۆپەتتىن كېيىن كەلگەن پىئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ ئۆزلۈك شەكلى مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

1. سۆزلىگۈچىنىڭ ئېنىقسىز شەكىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە بولغان ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت. بۇ خىل سۆپەت كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن awkward, hard, impossible, easy, healthy, dangerous, convenient, simple, pleasant, painful, interesting, tedious قاتارلىقلار بار.

The rule is easy to remember.

بۇ قائىدە ئاسان ئەستە قالىدىكەن.

That question is impossible to answer.

ئۇ سوئالغا جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ.

It is hard to believe that one can get so close.

ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق يېقىن ماڭالىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

2. جۈملە ئىگىسى (ئادەم ياكى نەرسە) ئۆزىدە ھازىرلىغان خاسلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆپەت. بۇنداق سۆپەتلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن strong , easy , valuable , beautiful, big, bright, clear , frosty , heavy, rough, smooth, steep قاتارلىقلار بار.

The irom box was too strong to break with ordinary tools.

www.uyghurkitap.com

بۇ تۆمۈر ساندۇق بەك پۇختا، ئادەتتىكى ئەسۋابلار بىلەن ئاچقىلى بولمايدۇ.

These animals are easier to tame than wild African elephants.

بۇ ھايۋانلارنى بويسۇندۇرۇش ئافرىقىنىڭ ياۋا پىللىرىنى بويسۇندۇرۇشقا قارىغاندا ئاسان.

3. «fit (unfit), ready» قاتارلىق سۈپەتلەردىن كېيىن كەلگەن ئىنىقسىز شەكىلنى ھەم ئۆزلۈك دەرىجىدە، ھەم مەجھۇل دەرىجىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

The steak is ready to eat (to be eaten).

كالا گۆشى تەييار بولدى.

The river is polluted and the water is unfit to drink (to be drunk).

بۇ دەريا بۇلغانغان، سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدۇ.

## پېئىلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (پېئىل خاراكتېرلىك چۈشۈپ قېلىش)
## (动词性省略 Verbal Ellipsis)

پېئىلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (پېئىل خاراكتېرلىك چۈشۈپ قېلىش) مەزمۇننى قىسقارتىش بويىچە ئايرىلىدىغان قىسقارتىش شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ خەۋەر پېئىلدا كۆرۈلىدىغان بىر خىل قىسقىرىش ھادىسىسىدۇر. بۇ خىل ھادىسە ئاساسىي پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىلنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە كۆرۈلىدۇ.

### 1. ئاساسىي پېئىلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (قىسقىرىشى)

Ice is the solid state, water (is) the liquid state, and water vapor (is) the gaseous state.

مۇز قاتتىق ھالەتتە، سۇ سۇيۇق ھالەتتە، ھور گاز ھالەتتە بولىدۇ.

Is he complaining? — He may be (complaining); I don't care.

ئۇ غۇتۇلداۋاتامدۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇ. پەرۋايىم پەلەك.

I think Mother should be told. — She has been (told).

مېنىڭچە، چوقۇم ئانىسىغا دېيىشى كېرەك. – ئۇ ئاللىبۇرۇن دەپ بولدى.

## 2. ياردەمچى پېئىلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى (قىسقىرىشى)

One of her brothers was killed at Gettysburg; another (was) taken prisoner.

ئۇنىڭ بىر ئىنىسى گېتتىسبۇرگ ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن، يەنە بىر ئىنىسى ئەسىرگە چۈشكەن.

John must have been playing football and Mary (must have been) doing her home work.

جون پۇتبول ئويناۋاتقان، مارى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

# پېئىللىق ئىبارە
# (动词短语 Verbal Phrase)

ئىبارىلىك پېئىلدىن (Phrasal Verb) باشقا، يەنە ئادەتكە ئايلانغان پېئىللىق سۆز بىرىكمىسى بار بولۇپ، ئۇلار پېئىللىق ئىبارە دەپ ئاتىلىدۇ. پېئىللىق ئىبارە تەركىبىدە بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان ئىككى مۇستەقىل سۆز بار بولۇپ، پۈتۈن ئىبارە گويا بىر پېئىلغا ئوخشاش تەسىر بېرىدۇ، مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**1. پېئىل + ئىسىم + ئالدى قوشۇلغۇچى**

مەسىلەن: set fire to (ئوت قويۇش)، catch sight of (كۆرۈش)، catch hold of (تۇتۇش)، make room for (بوش ئورۇن، چىقىرىش)، lay siege to (قورشىماق) قاتارلىقلار.

I caught sight of a man riding a pony down the street.

مەن تايچاق مىنىۋالغان بىر ئادەمنىڭ كوچىنى بويلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

Their action set fire to public opinion.

ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى جامائەت پىكرى قوزغاپ قويدى.

I managed to catch hold of his leg.

مەن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭ پاچىقىنى تۇتۇۋالدىم.

They made room for cows on their crowded ships.

ئۇلار پاراخوتتىكى قىستا-قىستاڭچىلىقتا ئىنەككە ئورۇن بوشىتىپ بەردى.

In 1870, the Germans laid siege to the city of paris.

1870-يىلى گېرمانىيىلىكلەر پارىژ شەھىرىنى قورشىۋالغان ئىدى.

**2. پېئىل (ئاساسلىقى باغلامچى پېئىل «be») + سۈپەت + ئالدى قوشۇلغۇچى**

مەسىلەن: be afraid of (قورقماق)، be ignorant of (بىلمەسلىك)، be patient with (چىداشلىق)، be preferable to (قىلىشقا ئەپلىك بولماق)، be particular with (رىئايە قىلىش، قوسۇر تېپىش) قاتارلىقلار.

He is afraid of dogs.

ئۇ ئىتتىن قورقىدۇ.

They are ignorant of what happened.

ئۇلار يۈز بەرگەن ئىشتىن خەۋەرسىز.

She is very particular about what she wears.

ئۇ كىيىنىشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

I think travelling by air is preferable to travelling by train.

مېنىڭچە، ئايروپىلاندا ساياھەت قىلىش پويىزدا ساياھەت قىلىشتىن ئەۋزەل.

The profession as a doctor demands you to be patient with the sick.

دوختۇر ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، كېسەللەرگە سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش تولىمۇ مۇھىم.

3. be + of + ئىسىم

بۇ خىل ئىبارە تەركىبىدىكى ئىسىم ئادەتتە ئابستراكت ئىسىم بولىدۇ. مەسىلەن: be of importance (مۇھىم)، be of value (قىممەتلىك، قىممىتى بار)، be of interest (قىزىقىپ قالماق)، be of use (پايدىلىق، پايدىسى بار) قاتارلىقلار.

Planning is of great importance.

پىلانلىق بولۇش ئىنتايىن مۇھىم.

Every experience is of value.

ھەر قانداق تەجرىبە قىممەتلىك بولىدۇ.

Special skills will be of use in that field.

ئۇ ساھەدە ئالاھىدە ماھارەت بەك ئىشلەيدۇ.

f our products are of interest to you, please let I specific inquiry.

سىلەر تەرەپ بىزنىڭ مەھسۇلاتىمىزغا قىزىققان بولسا، كونكرېت مەقسىتىنى ئېيتسۇن.

# پىرسەنت
# （百分数 Percentage）

پىرسەنت پۈتۈن سان (ياكى كەسىر سان) ۋە پىرسەنت بەلگىسى (%) دىن تۈزۈلىدۇ. پىرسەنت بەلگىسى pə'sent/per cent (%) دەپ ئوقۇلىدۇ، پىرسەنت percent دەپ بىر سۆز ھالىتىدە قوشۇلۇپ يېزىلىشىمۇ بولىدۇ.

《80%) — eight precent دەپ،

《60%) — zro point six percent دەپ،

《500%) — five hundred percent دەپ ئوقۇلىدۇ.

They are willing to give me 15% discount.

ئۇلار ماڭا 15% لىك ئېتىبار باھادا بېرىشكە قوشۇلدى.

We normally require a 10% deposit for orders of this kind.

بۇ مەھسۇلاتنى زاكاز قىلىشتا، بىز ئادەتتە 10% رەنە پۇلى ئالىمىز.

Return on total assets was 14.5 percent, solvency was 50 percent.

ئومۇمىي مۈلۈكنى دوكلات قىلىش نىسبىتى 14.5%، قەرزنىڭ تۆلىنىش نىسبىتى 50%.

We have 60% of our employees involved outside of Europe.

بىزنىڭ 60% ئىشچى-خىزمەتچىمىز ياۋروپا سىرتىدا خىزمەت قىلىدۇ.

If you lend someone money at 5%, the five per cent he pays you is clalled the "interest."

ئەگەر سەن بىرسىگە پۇل قەرز بېرىپ تۇرساڭ، ئۇ كىشى ساڭا ئارتۇق قايتۇرۇپ بەرگەن پۇلنىڭ 5% ى «ئۆسۈم» دەپ ئاتىلىدۇ.

# ت

## تاللانما سوراق جۈملە
## (选择疑问句 Alternative Question)

تاللانما سوراق جۈملىدە «or» بىلەن باغلانغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تاللاشقا بولىدىغان جاۋاب ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، جۈملىدىكى تەڭداش جاۋاب جۈملىنىڭ ھەر خىل بۆلىكى بولالايدۇ. تاللانما سوراق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئادەتتىكى سوراق جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشايدۇ، باغلىغۇچى «or» نىڭ ئالدىدىكى بۆلەك ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدۇ؛ «or» نىڭ كەينىدىكى بۆلەك ياكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تاللانما سوئال جۈملىدە ئۇرغۇ چۈشىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ جانلىق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

Do you want coffee or tea? — Either will do.

قەھۋە ئىچەمسىز ياكى چايمۇ؟ ـ قايسى بولسا بولۇۋېرىدۇ.

Are you a worker or a teacher? — I am a teacher.

سىز ئىشچىمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىمۇ؟ ـ مەن ئوقۇتقۇچى.

Shall we go home or stay here for the night? — We'd better go home.

ئۆيگە كېتەمدۇق ياكى مۇشۇ يەردە قونۇپ قالامدۇق؟ ـ ئەڭ ياخشىسى ئۆيگە كېتەيلى.

Is Jack or Tom Tim in the reading—room? —Tom, I guess.

قىرائەتخانىدىكىسى جېكمۇ، توممۇ ياكى تىممۇ؟ ـ مېنىڭچە تومغۇ دەيمەن.

Shall I go or will you go yourself? — I shall go myself.

مەن بارامدىم ياكى سەن ئۆزۈڭ بارامسەن؟ ـ مەن ئۆزۈم باراي.

www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. بەزىدە، تاللانما سوراق جۈملىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «not» كېلىپ، ئالدىنقى قىسمى بىلەن قارشى بولغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق شەكىل كۆپىنچە ئالدىراۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىيات تۈسىنى ئالىدۇ. بۇنداق جۈملىگە «yes» ياكى «no» بىلەن جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

Are you going shopping or not? — Yes.

سەن زادى سودىلىق قىلغىلى بارامسەن ياكى بارمامسەن؟ ــ بارىمەن.

Are you coming or not? — No, I'm not coming.

سەن زادى كېلەمسەن ياكى كەلمەمسەن؟ ــ كەلمەيمەن.

2. يەنە بىرخىل تاللانما سوراق جۈملىدە بىر ئالاھىدە سوراق جۈملىدىن كېيىن، تاللاشقا بولىدىغان جاۋاب بېرىلىدۇ. تاللاشقا بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى جاۋابتا ئۆرغۇ كۆتۈرۈلىدۇ، باشقىلىرىدا ئۆرغۇ چۈشىدۇ.

Who has broken the window, Tursun or Alim?

دېرىزىنى كىم چاقتى، تۇرسۇنمۇ ياكى ئالىممۇ؟

Where shall we gather, at the school gate or in the playground?

قەيەردە يىغىلىمىز، مەكتەپ دەرۋازىسىدىمۇ ياكى مەيدانىدىمۇ؟

How shall we go there, by bus or by bike?

ئۇ يەرگە قانداق بارىمىز، ئاپتوبۇستا بارىمىزمۇ ياكى ۋېلسىپىتتىمۇ؟

## تەتۈر جۈملە

## (倒装 Inversion)

ئىنگلىز تىلىدا ئادەتتە جۈملىلەرنىڭ تەرتىپى ئىگە ئالدىدا، خەۋەر كەينىدە كېلىدۇ. بۇ، تەبىئىي تەرتىپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر خەۋەر ئالدىدا ياكى قىسمەن خەۋىرى جۈملىنىڭ ئالدىدا، ئىگە كەينىدە كەلسە، تەتۈر جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. تەتۈر جۈملە ئاساسلىقى تولۇق تەتۈر جۈملە

(Full Inversion) ۋە قىسمەن تەتۈر جۈملە (Partial Inversion) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. تولۇق تەتۈر جۈملە

جۈملىدە خەۋىرى ئالدىدا، ئىگىسى كەينىدە كېلىدىغان تەرتىپ تولۇق تەتۈر جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

The followed eight years of the War Against the Japanese Invasion.

كەينىگە ئۇلىشىپلا سەككىز يىللىق ياپونغا قارشى ئۇرۇش بولدى.

Equally inexplicable was his behaviour towards his son.

ئوخشاشلا چۈشەنگىلى بولمايدىغىنى ـ ئۇنىڭ ئوغلىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىدى.

### 2. قىسمەن تەتۈر جۈملە

قىسمەن خەۋەر ئالدىدا، ئىگە ۋە باشقا بۆلەكلەر جۈملە كەينىدە كېلىدىغان تەرتىپ قىسمەن تەتۈر جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

Never did he speak about his own merits.

ئۇ ئەزەلدىن ئۆز تۆھپىسى ھەققىدە سۆزلىمەيدۇ.

Often had I intended to speak of it.

مەن نەچچە قېتىم ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق سۆزلىمەكچى بولغانىدىم.

Seldom do I go there.

مەن ئۇ يەرگە كەمدىنكەم بارىمەن.

## تەرتىپ سان
## (序数词 Ordinal Numeral)

سانلار ئىچىدە «نەچچىنچى» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سان تەرتىپ سان دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: first (بىرىنچى)، fifth (بەشىنچى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار. تەرتىپ سان مەلۇم نەرسىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەر ئىچىدىكى رەت-تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، the second place (ئىككىنچى ئورۇن). تەرتىپ سانلار ھەمىشە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. مەسىلەن، the fourth chapter (4-باب)

## 1. تەرتىپ ساننىڭ ئوقۇلۇشى

1) تەرتىپ ساننىڭ first, second, third دىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى تۈپ ساننىڭ كەينىگە كەينى قوشۇمچە «th-» نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى fifth, eight, ninth, twelfth نىڭ ئۆزگىرىشى بىر قەدەر ئالاھىدىرەك.

2) 20 دىن يۇقىرى تەرتىپ سانلاردا، 10 خانىلىك سانغا تۈپ سان، بىر خانىلىك سانغا تەرتىپ سان ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئوتتۇز تۆتىنچى thirty-fourth دەپ، ئاتمىش بەشىنچى sixty-fifth دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

3) ئاخىرى «ty-» بىلەن ئاخىرلاشقان 10 دىن يۇقىرى پۈتۈن 10 خانىلىك سانلاردا «y» «i» غا ئۆزگەرتىلىپ، كەينىگە «eth» قېتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەللىكىنچى fiftieth دەپ، توقسىنىنچى ninetieth دەپ ئىپادىلىنىدۇ.

4) ئېختىمۇ چوڭ بولغان بەزى تەرتىپ سانلار

يۈزىنچى one hundredth

ئىككى يۈز ئىككىنچى two hundred and second

مىڭىنچى one thousandth

تۆت مىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە بىرىنچى

four thousand two hundred and twenty-first

قىرىق بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىشىنچى

forty-one thousand two hundred and sixtieth

بىر مىليونىنچى one millionth

## 2. تەرتىپ ساننىڭ ئىشلىتىلىشى

تەرتىپ سان جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، كېسىم خەۋەر، ھالەت ۋە تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.

The sixth is the last.

ئالتىنچىسى ـ ئەڭ ئاخىرقىسى. (ئىگە)

Hob has already eaten six cakes and is starting on the seventh.

خوب ئالتە پارچە تورت يەپ بولۇپ، 7-پارچىسىنى يېيىشكە باشلىدى. (تولدۇرغۇچى)

D. H. Lawrence was the fourth child of a coal miner.

D. H. لاۋرېنس بىر كۆمۈر كېنى ئىشچىسىنىڭ 4-بالىسى ئىدى. (ئېنىقلىغۇچى)

When did you first go there?

سىز ئۇ جايغا بىرىنچى قېتىم قاچان بارغان؟ (ھالەت)

In fact, one scientist put the elephant third among the ten most intelligent wild animals.

ئەمەلىيەتتە، بىر ئالىم ئەڭ ئەقىللىق 10 ياۋايى ھايۋاننى رەتكە تۇرغۇزۇپ، پىلنى ئۇنىڭ ئىچىدە 3-ئورۇنغا قويدى. (تولۇقلىغۇچى)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

تەرتىپ سان ئادەتتە ئېنىق نەرسىلەرنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەتتە چەكلىگۈچى سۆز ئارقىلىق ئۇنىڭ نەرسىلەرنىڭ ئېنىق تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان رولى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، the second of May (2-ماي)، my first visit (مېنىڭ تۇنجى زىيارىتىم) قاتارلىقلار. ئەمما تەرتىپ سانلارنىڭ ئالدىدا بەزىدە ئېنىقسىز ئارتىكلمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ـ نەرسىلەرنىڭ رەت-تەرتىپىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى، «يەنە بىرى»، «ئىككىنچىسى» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

A second prison was checked, with the same result.

يەنە بىر تۈرمىمۇ ئاختۇرۇلدى. نەتىجىسى ئوخشاش بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

He played the tape for a third time.

ئۇ بۇ لېنتىنى 3-قېتىم قويدى.

## تەكىت جۈملە

## (强调句 Emphatical Sentence)

تەكىت جۈملە جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان بىر خىل گراماتىكىلىق ۋاستىدۇر. كۆپ ئۇچرايدىغان تەكىت جۈملە شەكىللىرى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل بولىدۇ.

**1. «It is … that …» شەكلىدە كەلگەن جۈملە شەكلى**

بۇ تۈردىكى جۈملە شەكىللىرىدىن It is not, … that … It is not … until … , It is not … but … that … قاتارلىقلار بار.

It is not helps but obstacles that make a man.

بىر ئادەمنى ئادەم قىلىدىغىنى ياردەم ئەمەس، بەلكى قىيىنچىلىقتۇر.

It is not how much you read but how you read that really counts.

ھەقىقىي مۇھىم بولغىنى سىنىڭ قانچىلىك ئوقۇغانلىقىڭدا ئەمەس، بەلكى سىنىڭ قانداق ئوقۇغانلىقىڭدا.

It was not until midnight that they sighted the snowcapped peak.

ئۇلار يېرىم كېچىدىلا ئاندىن ئاپئاق قار قاپلىغان تاغ چوققىسىنى كۆردى.

ئەگەر تەكىتلەنگەن بۆلەك ئادەمنى كۆرسەتسە، «that» نى «who» غا ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

It was Edison who (that) invented the gramophone.

فاتىفوننىڭ ئىجادچىسى ئىدىسون.

سۆزلىگۈچىنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن، بۇ خىل جۈملە شەكلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا جۈملە تەركىبىدىكى ئىگە، تولدۇرغۇچى، ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى ۋە ھالەت قاتارلىق بۆلەكلەرنى تەكىتلىسە بولىدۇ.

John gave Mary a handbag at Christmas.

مىلاد بايرىمىدا جون مارىغا بىر قول سومكىسى سوۋغا قىلدى.

It was John who (that) gave Mary a handbag at Chirstmas. It was a handbag that John gave Mary at Christmas. It was ry that John gave a handbag to at Christmas. It was at Christmas that John gave Mary a handbag.

ئەمما، بۇنداق جۈملە شەكلى بىلەن خەۋەر پېئىلنى تەكىتلەشكە بولمايدۇ، كېسىم خەۋەرنى تەكىتلەشمۇ بەك ئاز كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن: مۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ:

☆It was gave Mary a handbag …

☆It is a teacher that he is.

**2. «What … is …» شەكلىدە كەلگەن جۈملە شەكلى**

بۇ جۈملە شەكلى ئىگە ۋە تولدۇرغۇچىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. «It is … that …» جۈملە شەكلى بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۇ يەنە جۈملە خەۋىرىنى تەكىتلەيدۇ.

What hurts is my left leg.

ئوڭ پاچىقىم ناھايىتى ئاغرىۋاتىدۇ.

(=My left leg hurts. ئىگە تەكىتلەندى)

What the country needs most is wise leadership.

بۇ دۆلەت ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغىنى دانا رەھبەرلىك.

(=The courtry needs wise leadership most.

(تولدۇرغۇچى تەكىتلەندى)

What he did was (to) take a plane to Beijing.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇنىڭ قىلغىنى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا بېرىش بولدى.
(=He took a plane to Beijing. خەۋەر تەكىتلەندى)

## تەكىتلىگۈچى رەۋىش
## (强调副词 Adverb of Emphasis)

تەكىتلىگۈچى رەۋىش دەرىجە رەۋىشى بىلەن ئوخشاش (دەرىجە رەۋىشكە قاراڭ).

## تەكىتلىگۈچى سۆز
## (强调词 Emphasizer)

تەكىتلىگۈچى سۆز ـ جۈملە ياكى جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنىڭ ئورغۇسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**1. رەۋىش تەكىتلىگۈچى سۆز بولىدۇ.**

بۇ تۈردىكى رەۋىشلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن rather, quite, terriby, awfully, frightfully, horribly, ئۇنىڭدىن باشقا يەنە realyly fearfully, dreadfully قاتارلىقلار بار. كېيىنكى تۈردىكى رەۋىشلەر تەكىتلىگۈچى سۆز بولغاندا، ھەمىشە ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، "very" ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ.

I was feeling terriby awkward.

شۇ چاغدا مەن شۇنچىلىك دېلىغۇل بولغاندىم.

The captain is considered a fearfully talented man.

ھەممە كىشى كاپىتاننى ئالاھىدە تالانتلىق ئادەم دەپ قارىشىدۇ.

**2. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى تەكىتلىگۈچى سۆز بولىدۇ.**

بۇ تۈردىكى ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن without (any), under any/no circumstances, without (a) doubt, on no account, at any/no costs, at no time, at all times, by all/no means, not at all قاتارلىقلار بار.

Without (any) question his new novel will be the best seller next year.

شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ يېڭى رومانى كېلەر يىلى ئەڭ بازارلىق كىتابقا ئايلىنىدۇ.

Without (a) doubt she can do a good job of it.

شۈبھىسىزكى، ئۇ بۇ ئىشنى ياخشى قىلالايدۇ.

We have to complete the task at all costs.

بىز قانچىلىك بەدەل تۆلىسەكمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلايمىز.

On no account must this switch be touched.

بۇ ۋىكلىيۇچاتىلغا قەتئىي تەگمەڭ.

**3. «do» تەكىتلىگۈچى سۆز بولىدۇ.**

I do hope he will pass the final exam this time.

مەن سىنىڭ بۇ قېتىم مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كېتىشىڭنى ھەقىقەتەن ئۈمىد قىلىمەن.

You need not lie to me. You did go to that place, and many people saw you there.

ماڭا يالغان ئېيتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سەن ئۇ يەرگە بېرىپتىكەنسەن، نۇرغۇن كىشىلەر سېنى ئۇ يەردە كۆرۈپتۇ.

**4. سۇپەت بىلەن پېئىلنىڭ ئارماق شەكلى پېئىل بولىدىغان تەكىتلىگۈچى سۆز**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| beastly bad weather | زىيادە ناچار ھاۋا |
| blind mad man | قىپقىزىل ساراڭ |
| flattering sweet words | ياغلىما گەپلەر |
| scorching hot furnace | قىزىق ئوچاق |

5. ئىسىم سۈپەت بولىدىغان تەكىتلىگۈچى سۆز

| | |
|---|---|
| a stone deaf man | ئۇچىغا چىققان پاڭ |
| a brand new suit | يېپيېڭى كىيىم |
| her dirt-poor parents | ھەددىدىن زىيادە كەمبەغەل ئاتا-ئانا |

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. تەكىتلىگۈچى سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدىغان رەۋىشنى رەسمىي بولمىغان ژانىردا سۈپەت شەكلىدە قوللىنىشقا بولىدۇ، بىراق رەۋىش مەنىسىدە كېلىدۇ.

My uncle is a dreadful good cook.

تاغام ئىنتايىن ئۇستا ئاشپەز.

It was a terrible tough job climbing that mountain.

ئۇ تاغقا چىقىش بەسى مۇشكۇل ئىش.

2. right, pretty, good, rare, jolly, dead, precious, plenty قاتارلىق رەۋىشلەرمۇ رەسمىي بولمىغان ژانىر (تىل مۇھىتى) لاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، سۈپەتنى تەكىتلەيدۇ.

She has reached a good old age.

ئۇ ئاللىبۇرۇن قېرىلىق يېشىغا يەتتى.

We should make precious short work of bad habits.

بىز ناچار ئادەتلىرىمىزنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۈگىتىشىمىز لازىم.

3. ئاز ساندىكى بىر قىسىم تەكىتلىگۈچى سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلغاندا، بەزى

چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ.

His daughter is so intelligent.

ئۇنىڭ قىزى ئاجايىپ ئەقىللىق.

بۇ جۈملىنى ھەرگىزمۇ 《☆ his so intelligent daughter》 دەپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. چوقۇم So intelligent a daughter of his ياكى Such an intelligent daughter of his دېيىش كېرەك.

# تەڭداش جۈملە

# （并列句 Compound Sentence）

تەڭداش جۈملە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق تەڭداش، ئەمما ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل جۈملە بولالايدىغان ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ، ئۇلار ھەمىشە تەڭداش باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان تەڭداش باغلىغۇچىلاردىن or, so, for, but, and, yet قاتارلىقلار بار، بەزىدە چېكىتلىك پەش بىلەنمۇ باغلىنىدۇ.

## 1. تەڭداش جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى

In summer we swim in the river and we push each other under the water.

يازدا بىز دەريادا سۇغا چۆمۈلىمىز، سۇدا ئۆز ئارا ئىتتىرىشىپ ئوينايمىز.

Suzhou is an old city, but it has many modern factories.

سۇجۇ بىر قەدىمىي شەھەر، ئەمما سۇجۇدا نۇرغۇن زامانىۋى زاۋۇتلار بار.

The project was hard, for it took over twenty years to finish it.

بۇ قۇرۇلۇش ناھايىتى تەستە پۈتكەن، ئۇنى پۈتتۈرۈشكە 20 يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋاقىت كەتكەن.

Hurry up; it's getting late.

تېز بول؛ ۋاقىت ئاز قالدى.

The moon went down; the stars grew pale; the cold day broke;the sun rose.

ئاي غەربكە ئولتۇردى؛ يۇلتۇزلار شالاڭلىدى؛ سوغۇق كېچە ئاستا-ئاستا يورۇدى؛ قۇياش كۆتۈرۈلدى.

## 2. تەڭداش جۈملىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

1) تەڭداش مۇناسىۋەت

In 1844 Engels met Marx, and they became friends.

1844-يىلى ئېنگېلس ماركس بىلەن تونۇشتى، ئۇلار دوست بولۇپ قالدى.

I help her and she helps me.

مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن، ئۇمۇ ماڭا ياردەم قىلىدۇ.

Neither could theory do without practice, nor could practice do without theory.

ئەمەلىيەتسىز نەزەرىيە بولمايدۇ، نەزەرىيەسىز ئەمەلىيەتمۇ بولمايدۇ.

2) تاللانما مۇناسىۋەت

Be modest, or you will never learn anyowthing.

كەمتەر بول، بولمىسا مەڭگۈ بىر نەرسە ئۆگىنەلمەيسەن.

Make haste, or you will miss the plane.

تېز بول، بولمىسا ئايروپىلانغا ئۈلگۈرەلمەيسەن.

Either he didn't speak distinctly or I didn't hear well.

ئۇ ئېنىق سۆزلىمىدى ئەمەس، مەن چۈشەنمىدىم.

Milk must be kept in a cool place, or else it will go sour.

سۈتنى سوغۇق جايدا قويۇش كېرەك، بولمىسا بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

3) كۈچەيتمە مۇناسىۋەت

Not only should you study well, but you shoud also help others.

سەن ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغا ياردەم بېرىشىڭ كېرەك.

In the recent years not only has the peasants' clothing changed much, but their housing has also improved greatly.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ كىيىم-كېچىكى جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى تۇرالغۇ ئۆي جەھەتتىمۇ چوڭ ياخشىلىنىش بولدى.

4) ئۇلىنىش مۇناسىۋىتى

The professor gave us a report, and then we had a discussion.

پروفېسسور بىزگە دوكلات بەردى، ئاندىن بىز مۇنازىرىلەشتۇق.

The bell rang and the students went to the playground to-do morning exercises.

قوڭغۇراق چېلىندى، ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا چىقىپ ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ئوينىدى.

5) بۇرۇلما مۇناسىۋەت

We love peace, but were not afraid of war.

بىز تىنچلىقنى سۆيىمىز، ئەمما ئۇرۇش قىلىشتىن قورقمايمىز.

They came across many difficulties, yet they finished the work in time.

ئۇلار نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتى، ئەمما ئۇلار يەنىلا ۋەزىپىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىدى.

She has difficulty in learning geometry; however, she works hard and is making rapid progress.

ئۇ گېئومېترىيە ئۆگىنىشتە قىينىلاتتى، ئەمما ئۇ تىرىشىپ ئۆگەندى ھەمدە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى.

www.uyghurkitap.com

## تەڭداش قوشما جۈملە
## (并列复合句 Compound Complex Sentence)

تەڭداش باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق جۈملە بەزىدە يەنە ئۆز ئىچىدە قوشما جۈملە ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، مانا شۇ تەڭداش قوشما جۈملىدۇر.

If the reader cannot figure out what the writer meant to say, he often cannot even analyze what went wrong with the sentence, and he certainly cannot suggest to the writer how the bewildering sentence might be fixed up.

ئەگەر كىتابخان ئاپتورنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمىسە، ھەمىشە جۈملىدىكى خاتالىقلارنى ئانالىز قىلالمايدۇ ھەمدە ئۇ ئاشۇ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان جۈملىنى قانداق تۈزىتىش توغرىسىدا ئاپتورغا پىكىر بېرىشكە ئامالسىز قالىدۇ.

The imperialists' war-like nature will never change, but if the people of the world fight resolutely, they can smash the imperialists' war plots.

تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئۇرۇشخۇمار تەبىئىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. ئەمما، ئەگەر دۇنيا خەلقى قەتئىي كۆرەش قىلىدىغانلا بولسا، تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئۇرۇش سۇيىقەستلىرىنى يىمىرىۋەتكىلى بولىدۇ.

## تولدۇرغۇچى (宾语 Object)

تولدۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم بۆلىكى بولۇپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ياكى ھەرىكەت كەلتۈرۈپ چىقارغان نەتىجىنى بىلدۈرىدۇ. تولدۇرغۇچى ئۆز ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن بىۋاسىتە

تولدۇرغۇچى (Direct Object) ، ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى (Indirect Object) ، بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى (Cognate Object) ۋە قوشما تولدۇرغۇچى قاتارلىق ئىنچىكە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

1. بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى

He disappointed his family.

ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى.

Oxygen does not burn, but does support burning.

ئوكسىگېن كۆيمەيدۇ، ئەمما كۆيۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

He confessed that he disliked her from the first.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنى دەسلەپتىلا ياخشى كۆرمىگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

2. ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى

The play's success brought her great satisfaction.

بۇ ئورۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىدىن تولىمۇ قانائەتلەندى.

His books bring him £1000 a year.

ئۇ نەشر قىلىنغان كىتابىدىن يىلىغا 1000 فوندستېرلىڭ پايدا ئالدى.

The mother bought the dictionary for the girl.

ئانىسى ھېلىقى لۇغەتنى قىزى ئۈچۈن سېتىۋالدى.

3. بىر مەنبەلىك تولدۇرغۇچى

She dreamed a sweat dream. ئۇ تاتلىق بىر چۈش كۆردى.

He slept a long sleep. ئۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلىدى.

They fought a fierce fight.

ئۇلار بىر مەيدان شىددەتلىك ئېلىشتى.

### 4. قوشما تولدۇرغۇچى

I prefer my coffee strong.

مەن قەھۋەنى قېنىق ئىچىشنى ياخشى كۆرىمەن.

I didn't notice him waiting.

مەن ئۇنىڭ ساقلاۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماپتىمەن.

You must make the public take notice of us.

سەن چوقۇم كۆپچىلىكنى بىزگە دىققەت قىلدۇرۇشۇڭ كېرەك.

## تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە
## （宾语从句　Object Clause）

جۈملىدە تولدۇرغۇچى ئورنىدا كېلىدىغان بېقىندى جۈملە تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى بىلەن ئىگە بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشتۇر.

### 1. بېقىندۇرما باغلىغۇچى باشلاپ كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە

مۇشۇ تۈردىكى بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن that, if whether قاتارلىقلار بار.

We are all agreed that the proposal is a good one.

بىز ھەممىمىز بۇ تەكلىپنى ياخشى دەپ قارايمىز.

I regret that I didn't come to your birthday party.

ئەپسۇس، تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشۇڭغا كېلەلمىدىم.

He has found out that the capital of the country lies in the

coasted area.

مەن بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختىنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىغا جايلاشقانلىقىنى بايقىدىم.

No one knows whether he is alive or dead.

ئۇنىڭ هايات ياكى هايات ئەمەسلىكىنى هېچكىم بىلمەيدۇ.

He asked me whether or not I was satisfied with his answer.

ئۇ مەندىن ئۆز جاۋابىدىن قانائەتلەنگەن-قانائەتلەنمىگەنلىكىمنى سورىدى.

Please tell us whether we'll go with you or stay at the hotel.

بىزنىڭ سىلەر بىلەن بىللە بارىدىغانلىقىمىزنى ياكى مېھمانخانىدا قالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بەرسىڭىز.

She asked if anyone was there in the room.

ئۇ ئۆيدە ئادەم بار-يوقلۇقىنى سورىدى.

I wonder if I have mistaken you <u>for your</u> for your twin brother.

سىزنى قوشكېزەك ئىنىڭىزغا ئوخشىتىپ خاتا تونۇپ قالدىممۇ ـ قانداق؟

By using ultrasonic waves we can find out if there is a flaw in the metal.

ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق مېتال ئىچىدە يېرىق بار-يوقلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## 2. باغلىغۇچى ئالماش باشلاپ كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە

بۇ تۈردىكى بېقىندى جۈملىلەرنى باشلاپ كېلىدىغان، كۆپ ئۇچرايدىغان باغلىغۇچى ئالماشلاردىن who, what, whoever, whatever, which, (whom), whichever قاتارلىقلار بار.

We must find out who did all this for us.

كىمنىڭ بىز ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىز كېرەك.

I wonder who will play in the basketball match.

بۇ مەيدان ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنى كىملەرنىڭ ئوينايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

Can you tell me who should be responsible for the broken window.

ئەينەك چاققانلىق مەسئۇلىيىتىنى كىم ئۈستىگە ئېلىش كېرەكلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

Do you know whom I met in the street this morning?

بۈگۈن ئەتىگەن كوچىدا كىمنى كۆرگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟

You haven't told me whom I'm going to meet at the airport.

ئايرودرومغا كىمنى ئالغىلى بارىدىغانلىقىمنى تېخى ئېيتمىدىڭىز.

We haven't decided on whom we shall select as our group leader.

گۇرۇپپا باشلىقىمىز ئۈچۈن كىمنى سايلاشنى تېخى قارار قىلمىدۇق.

Don't put off until tomorrow what should be done today.

بۈگۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەتىگە قويماسلىق كېرەك.

I can't describe to you what I felf at that moment.

شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ساڭا قانداق تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئامالسىزمەن.

I haven't made up my mind what elective subjects I am to take next term.

كېلەر مەۋسۇمدا تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلەردىن قايسىلىرىنى ئۆتۈشنى تېخى قارار قىلمىدىم.

Can you foretell which of them swims the fastest?

ئۇلارنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ سۇنى ئەڭ تېز ئۈزىدىغانلىقىنى قىياس قىلالامسىز؟

Please tell us exactly which of the diesel engines you want.

سەلەركىلىك ماتورنىڭ قايسىسىنى ئالىدىغانلىقىڭلارنى ئېنىقراق ئېيتىڭلار.

I can't remember which of the two cities she comes from, Los Angeles or San Francisco?

مەن ئۇنىڭ لوس ئانژېلىس ۋە سان فرانسىسكودىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنىڭ قايسىسىدىن كەلگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدىم.

I'll accept what ever you give me.

مەن سەن بەرگەن ھەر قانداق نەرسىنى قوبۇل قىلىمەن.

We should do whatever we can to help others.

بىز چامىمىزنىڭ يېتىشىچە باشقىلارغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

My mother will give me whatever I want as my brithday present.

ئانام ماڭا مەن ياخشى كۆرىدىغانلىكى نەرسىنى تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن سوۋغا قىلىدۇ.

You may give the tickets to whoever wishes to go with you.

سەن بۇ بېلەتلەرنى سەن بىلەن بىللە بېرىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ھەر قانداق بىرىگە بەرسەڭ بولىدۇ.

You can tell whoever is waiting that I'll be back in ten minutes.

ساقلاۋاتقانلارغا مېنى 10 مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ دەپ قويسىڭىز بولىدۇ.

The manager presented a menu to whoever he met at the resturant.

دېرىكتور رېستوراندا ئولتۇرغانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسىگە بىردىن تاماق تىزىملىكى بەردى.

You may choose whichever you borrow within a week.

قايسىسى لازىم بولسا، شۇنى تاللىساڭ بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

You should return whichever you borrow within a week.

مەيلى قانداقلا نەرسە سورىما، ئۇنى بىر ھەپتە ئىچىدە قايتۇرۇشۇڭ كېرەك.

He always lends a helping hand to whoever needs it.

مەيلى كىم ياردەمگە موھتاج بولمىسۇن، ئۇ ھەمىشە ياردەم بېرىدۇ.

### 3. باغلامچى رەۋىش باشلاپ كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە

بۇ تۈردىكى بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باغلامچى رەۋىشلەردىن where, when, how, why قاتارلىقلار.

Do you know when supper starts today?

بۈگۈن قايسى ۋاقىتتا كەچلىك تاماق تارتىلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

Your monitor will tell you when you'll gather at the school gate.

مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا قاچان يىغىلىدىغانلىقىڭلارنى سىنىپ باشلىقىڭلار ئۇقتۇرىدۇ.

Could you tell me where I can find now?

ھازىر مەن ئۇنى قەيەردىن ئىزدىسەم تاپالايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

I want to find out where the nearest post office is.

مەن ئەڭ يېقىن پوچتىخانىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى.

They asked me why I got up so late.

ئۇ مەندىن نېمە ئۈچۈن بۇنچە ۋاقچە ئورنۇمدىن تۇرغانلىقىمنى سورىدى.

I don't know why the meeting was postponed.

يىغىننىڭ نېمە ئۈچۈن كەينىگە سۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيمەن.

I was thinking how strange it was.

ھېلىقى ئىشنىڭ نەقەدەر غەلىتە ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ

قالدىم.

He didn't say anything about how he managed to pass the examination.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىمتىھاندىن قانداق ئۆتكەنلىكى ھەققىدە ھېچنىمە دېمىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ۋە تولۇقلىغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان بەزى نۇرغۇن جۈملىلەردە، باش جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچى تولۇقلىغۇچىلىق قۇرۇلمىسىنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن، باش ئالماش «it» شەكلىدە تولدۇرغۇچى قىلىنىپ، تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ.

We consider it necessary that a plan should be made before doing a work.

بىز، بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال پىلان تۈزۈۋېلىش كېرەك دەپ قارايمىز.

I put it to you whether that is the best solution of the problem.

مەن ساڭا بۇ زادى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىمۇ-ئەمەسمۇ دېگەن توغرىدا ئويلىنىپ بېقىش تەكلىپىنى بېرىمەن.

2. «that» باشلاپ كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە، ئادەتتە «that» چۈشۈپ قالسا بولىدۇ. ئەمما تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا «that» نى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

1) «that» چۈشۈپ قالغاندا، جۈملىنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

They told us once again that the situation was serious.

ئۇلار بىزگە ئەھۋالنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنە بىر قېتىم ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

They told us that once again the situation was serious.
ئۇلار بىزگە ئەھۋالنىڭ يەنە ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

2) باش جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ئارىسىدا قىستۇرما سۆز بولىدۇ.

She explained, unwillingly, that she had done it with the president's permission.
ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىشقا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى خوشياقماسلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

We decided, in view of his special circumstances, that we would take him with us.
ئۇنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدۇق.

3. تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ۋاستىلىك نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر سوراق جۈملە بىلەن ئوخشاش مەنە بەرگەندە «whether» ياكى «if» باشلاپ كەلسە بولىدۇ. بىراق ئەگەر تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ۋاستىلىك سوراق جۈملە بولمىسا، ئادەتتە «whether» بىلەن باشلىنىدۇ.

You have to justify whether your journey is really necessary.
سەن زادى شۇ سەپەرگە چىقمىساڭ بولمايدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى ئېنىق دېيىشىڭ كېرەك.

You can judge for yourself whe ther it is good or not.
بولامدۇ-بولمامدۇ، ئۆزۈڭ ھۆكۈم قىل.

## تولۇقلىغۇچى
## (补语 Complement)

تولۇقلىغۇچى جۈملىنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرىدىن بىرى. تولۇقلىغۇچى ئادەتتە تولدۇرغۇچىنىڭ كەينىدە كېلىدىغان، تولدۇرغۇچىنى تولۇقلاپ

چۈشەندۈرىدىغان بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ. تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىدىغان كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پېئىللاردىن catch, call, believe, appoint, fell, elect, declare, consider, choose, keep, judge, imagine, have, get, find, prefer, name, make, leave, know, suppose, start, select, see, prove, think قاتارلىقلار بار. تولۇقلىغۇچى بولىدىغان سۆز ۋە ئىبارىلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. تولۇقلىغۇچى بولىدىغان سۆز تۈركۈملىرى

ئىسىم، سۈپەت، سان ۋە رەۋىش قاتارلىقلار تولۇقلىغۇچىلىق رولىنى ئۆتەيدۇ.

They considered him a genius.

ئۇلار ئۇنى تالانت ئىگىسى دەپ قارايدۇ.

I always find her happy.

قاچانلا كۆرسەم ئۇ خۇشال-خۇراملا تۇرىدۇ.

The chairman has declared the meeting over.

رەئىس يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

### 2. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە تۈرىدىكىلەر تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.

If you keep your head above water, you won't drown.

ئەگەر بېشىڭنى سۇدىن چىقىرىۋالساڭ، تۇنجۇقۇپ قالمايسەن.

The strike left the railway system in that country in utter confusion.

ئىش تاشلاش شۇ دۆلەتنىڭ تۆمۈر يول سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

The guests arrived sooner than was expected, and caught him in his working clothes.

مېھمانلار مۆھلەتتىن بۇرۇن كېلىپ قالغاچقا، ئۇنى ئىش كىيىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەنلا كۆرۈپ قالدى.

**3. پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى (ئىبارە) تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.**

The smoke started her coughing.

تاماكا ئۇنى يۆتەلدۈرۈۋەتتى.

We found the child hiding in the cave.

ھېلىقى بالىنىڭ تاغ ئۆڭكۈرىگە مۆكۈۋالغانلىقىنى بايقىدۇق.

Peter has scarcelly any money saved for his old age.

پېتىر كېيىنلىكى ئۈچۈن ئاساسەن ھېچقانداق پۇل يىغمىدى.

**4. ئېنىقسىزلىق قۇرۇلما (ئىبارە) تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.**

I thought him to be an excellent choice.

مەن ئۇنى ئەڭ لايىقىدىكى نامزات دەپ قارايمەن.

I advised Mary to see a doctor.

مەن مارىغا دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە نەسىھەت قىلدىم.

ئەمما، feel, hear, watch, see قاتارلىق ھېس-تۇيغۇ پېئىللىرىدىن كېيىن ھەمدە let, have, make قاتارلىق مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى پېئىللاردىن كېيىن، ئېنىقسىزلىق قۇرۇلما تولدۇرغۇچى بولغاندا، «to» ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدۇ.

Did anyone hear John leave the house?

جوننىڭ بۇ ئۆيدىن كەتكەنلىكىنى بىرەرسىڭلار ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

Heat makes substances expand and can change water into steam.

قىزىقلىق جىسىملارنى كېڭەيتىدۇ، سۇلارنى ھورلاندۇرىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

گەرچە ئادەتتىكى ئەھۋالدا تولۇقلىغۇچى تولدۇرغۇچىدىن كېيىن كەلسىمۇ، لېكىن مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋالغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئەگەر تولدۇرغۇچى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان بىر ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولسا، ئۇنى تولۇقلىغۇچى بولىدىغان سۈپەتنىڭ كەينىگە يۆتكەشكە بولىدۇ.

He made clear his views on this unusual proposal.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غەلىتە تەكلىپكە بولغان كۆز قارىشىنى شەرھلىدى.

Many people consider impossible what really is possible.

نۇرغۇن ئادەملەر ئەمەلىيەتتە قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغان ئىشلارنى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دەپ قارايدۇ.

2. ئەگەر تولدۇرغۇچى ئېنىقسىز شەكىل (ئىبارە)، ھەرىكەتنام (ئىبارە) ياكى «that» لىك بېقىندى جۈملىدىن تۈزۈلگەن ھەمدە كەينىگە يۆتكەش توغرا كەلگەن بولسا، ئەسلى تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنىغا بىر شەكلەن تولدۇرغۇچى (باش تولدۇرغۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) «it» نى قىبتىش كېرەك.

She soon found it possible to do this regulary.

ئۇ بۇ ئىشنى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە قىلىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا بايقىدى.

They deemed it a sheer waste of time arguing about it.

ئۇلار بۇ ئىش ئۈچۈن تالاش-تارتىش قىلىپ يۈرۈش ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق دەپ قارايدۇ.

We often hear it said that the world is becoming smaller.

بىز ھەمىشە يەر شارىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۇرغۇنلۇق پېئىللىرى
# (静态动词 Static Verb)

تۇرغۇنلۇق پېئىللىرى نىسپىي تۇرغۇن ھالەتتە تۇرىدىغان پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. تۇرغۇنلۇق پېئىللىرى ئادەتتە ھازىرقى زامان شەكلىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى تۇرغۇنلۇق پېئىللىرى تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. 《be》 ۋە 《have》 پېئىلى**

He is a doctor

ئۇ بىر دوختۇر.

This was a limestone cave.

بۇ بىر ھاكتاش ئۆڭكۈرى ئىدى.

Have a little ambition, Buddy!

سەل غايىلىكرەك بول، بالام!

**2. ھالەت پېئىلى 《be》 ياكى 《have》 مەنىسىدە كېلىدىغان پېئىللار**

بۇ تۈردىكى پېئىللارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن concern, compare, belong to, apply to, involve, depend on, consist of قاتارلىقلار بار.

This rule applies to everyone.

بۇ قائىدە ھەممە ئادەمگە تەدبىقلىنىدۇ.

I have to weigh what he said.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى دەڭسەپ باقاي.

Our rate of discount depends on the quantity you order.

بىزنىڭ باھا چۈشۈرۈش نىسبىتىمىز سىلەر زاكاز قىلىدىغان مالنىڭ

سانىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

Using English in business involves both knowing how to use English and knowing how to do business.

ئىنگلىز تىلىدا سودا قىلىشتا چوقۇم ئىنگلىز تىلىنى قانداق ئىشلىتىشنى ھەمدە قانداق سودا قىلىشنى بىلىۋېلىش كېرەك.

3. ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار

بۇ تۈردىكى پېئىللاردىن taste, smell, hear قاتارلىقلار بار.

But inside, he heard low groans.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، بىرىنىڭ ئىسەدەپ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

He felt a thrill the moment he got into the theatre.

ئۇ تىياتىرخانىغا كىرىپلا دەماللىققا ھاياجانلىق ئىلكىدە قالدى.

As soon as I got out the plane, I smelled something peculiar.

ئايروپىلاندىن چۈشۈشۈمگىلا غەلىتە بىر پۇراق بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى.

4. پسىخىكا ۋە روھىي ھالەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار

بۇ تۈردىكى پېئىللارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن worry, envy, care, believe, remember, think, like, hope, hate, forget, fear, expect, wish, imagine قاتارلىقلار بار.

It's nothing to worry about.

ئەنسىرىگۈدەك ھېچ ئىش يوق.

Do you think it will do any good?

سەن بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى بار دەپ قارامسەن؟

Do you remember how much each parcel weighs?

ھەربىر خالتىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئوخشىمىغان لىكسىكىلىق مەنىنى بىلدۈرگەندە، ھەرىكەت پېئىلى

www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇرغۇنلۇق پېئىللىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

The flowers smell sweet.

گۈل ناھايىتى خۇش پۇراق ئىكەن. (تۇرغۇنلۇق پېئىلى)

She was smelling the flowers.

ئۇ گۈلنى پۇراۋاتىدۇ. (ھەرىكەت پېئىلى)

## تۆۋەنلەيدىغان ئىنتوناتسىيە
## (降调 Falling Tone)

تۆۋەنلەيدىغان ئىنتوناتسىيە ئىشلىتىلىدىغان جۈملىنىڭ جۈملە بېشىدىكى بىرىنچى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇمنىڭ ئىنتوناتسىيىسى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىنتوناتسىيە بارا-بارا تۆۋەنلەيدۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇمنىڭ ئىنتوناتسىيىسى تۆۋەنلەيدۇ (تۆۋەندىكى جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدىغان «٧» بەلگىسى تۆۋەنلەيدىغان ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرىدۇ). تۆۋەنلەيدىغان ئىنتوناتسىيە تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

### 1. ئاددىي بايان جۈملە

There are two books on the ↓ table

ئۈستەلدە ئىككى كىتاب بار.

She's a very good ↓ actress. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئارتىس.

I can't find my pencil ↓ enywhere.

قېرىندىشىمنى ھېچنەدىن تاپالمىدىم.

### 2. ئالاھىدە سوراق جۈملە

Which subject do you pre ↓ fer?

سەن قايسى دەرسكە تېخىمۇ ئامراق؟

Which road shall we ↓ take? بىز قايسى يولدا ماڭىمىز؟

How long do you want to ↘ keep it?
سىز ئۇنى قانچە ئۇزۇن ساقلاتماقچى؟
Who told you to wait ↘ here?؟ كىم ساڭا بۇ يەردە ساقلا دېدى؟

### 3. بۇيرۇق جۈملە
تىنچلىنىڭلار
Keep ↘ silence.
ئىشىكنى ياپماڭ.
Leave the door ↘ open.
ماڭا ئۇنداق گەپ قىلماڭ.
Don't talk to me like ↘ that.
ماڭا سائەت 11 دە تېلېفون ئۇر.
Ring me up at e ↘ leven.

### 4. ئۈندەش جۈملە
نېمە دېگەن ئەقىللىق بالا-ھە!
What a bright ↘ boy!
ھاۋا نېمە دېگەن ياخشى-ھە!
What a nice ↘ day!
سىز بەك ياخشىكەنسىز! ياكى رەھمەت!
How ↘ nice of you!
ناھايىتى ياخشى قىپسەن!
Well ↘ done!
سىلەر ھەقىقەتەن كور ئىكەنسىلەر!
How ↘ blind you all are!

### 5. تاللانما سوراق جۈملىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاللانما قىسمى
Is he from ↗ Canada of from A ↘ merica?
ئۇ كانادالىقمۇ ياكى ئامېرىكىلىقمۇ؟
Shall I send it to ↗ you or to ↘ them?
مەن ئۇنى سىلەرگە ئاپىرىپ بېرىمەنمۇ ياكى ئۇلارغىمۇ؟
Did you spend your holidays in the ↗ city or in the ↘ countryside?
تەتىلنى شەھەردە ئۆتكۈزدىڭىزمۇ ياكى يېزىدىمۇ؟

### 6. قايتۇرما سوراق جۈملىنىڭ بايان قىسمى
The book on the desk is ↘ yours, ↗ isn't it?

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۇستەلدىكى كىتاب سىزنىڭ، شۇنداقمۇ؟

You saw him leave the ↓ house, didn't you?

سىز ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىز، شۇنداقمۇ؟

I don't think you could have ↓ done it, ↗ could you?

مېنىڭچە، سىز قىلىپ بولالمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

ئەگەر بايان قىلغۇچى ئۆزى بايان قىلغان بۆلەكنى مۇقەررەرلەشتۈرسە، قايتۇرما سوراق جۈملە قىسمىدا ئىنتوناتسىيىنى تۆۋەنلەتسە بولىدۇ.

— I was born in 1976.

مەن 1976-يىلى تۇغۇلغان.

—So you are ↓ twenty, ↓ aren't you?

ئۇنداقتا سىز 20 ياشتا، شۇنداقمۇ؟

It's a fine ↓ day, ↓ isn't it?

ھاۋا ناھايىتى ياخشى، شۇنداقمۇ؟

## 7. ئىستىلىستىكىلىق سوراق جۈملە

ئىستىلىستىكىلىق سوراق جۈملە جاۋاب تەلەپ قىلمايدۇ، چۈنكى جاۋاب شۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدىلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئۇندەش جۈملىگە ئوخشاش ھەمىشە تاقەتسىزلىنىۋاتقان بىر خىل تۇسنى بىلدۈرىدۇ.

Isn't it ↓ enough? (It should be enough)

يەنە يەتمىدىما؟ (يېتىشى كېرەك ئىدىغۇ)

Aren't they ↓ pretty? (They obviously are!)

ئۇلار چىرايلىق ئەمەسمۇ؟ (بەك چىرايلىققۇ)

Wasn't it a good ↓ film? (Certainly it was).

ئەجىبا ئۇ ياخشى فىلىم ئەمەسمۇ؟ (ئەلۋەتتە ياخشى)

(Give me the newspaper.Well, can I ↓ have the newspaper?

ھەي، گېزىت كۆرسەم بولامدۇ؟ (ماڭا گېزىت بېرىڭ).

## 8. جاۋاب ئورنىدا كېلىدىغان قىسقا سوراق جۈملە

—I've Just seen John.
- مەن تېخى بايىلا جوننى كۆردۈم.

— ↓ Have you?
- شۇنداقمۇ؟

— He said he wouldn't come.
- ئۇ كەلمەيمەن دېدى.

— ↓ Did he?
- شۇنداقمۇ؟

## (体 Aspect) تۈس

پېئىلنىڭ تۈسى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئۇسۇلىدىكى پېئىلنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئۇسۇلى ئاساسلىقى ھەرىكەتنىڭ شۇ تاپتا ئورۇنلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى ئاللىبۇرۇن ئورۇنلىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

Mary plays well.

مارى ناھايىتى ياخشى چالىدۇ.

Mary is playing well.

مارى ناھايىتى ياخشى چېلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلى ھازىرقى زامانىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، تۈسى ئوخشىمايدۇ. بىرىنچى جۈملىدە ئىپادىلەنگىنى دائىملىقتا ئايلانغان ھەرىكەت؛ ئىككىنچى جۈملىدىكىسى بولسا ھازىر ئورۇنلىنىۋاتقان ھەرىكەت.

I have taught this class for ten years.

بۇ سىنىپقا مەن 10 يىل دەرس ئۆتتۈم.

By the time I left the school I had taught that class for ten years.

بۇ مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان ۋاقتىمدا ھېلىقى سىنىپقا دەرس ئۆتتۈۋاتقىنىمغا 10 يىل بولغانىدى.

يۇقىرىقى ئىككى جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلى《teach》بىلدۈرگەن زامان ئوخشاش ئەمەس. بىرى ھازىر، يەنە بىرى ئۆتمۈش. ئەمما ئۇلارنىڭ تۈسى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسىدە ھەرىكەتنىڭ تاماملىنىپ بولغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

يۇقىرىقى جۈملىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، زامان بىلەن تۇس ئۆز ئارا بىرلەشكەن بولىدۇ. ئەمما، زامان بىلەن تۇس بەزىدە ئايرىۋېتىلىدۇ.

I'm so happy to see you.

سىزنى كۆرگىنىمدىن ناھايىتى خوشالمەن.

I'm glad to have seen you.

سىزنى كۆرۈپ ناھايىتى خوش بولدۇم.

بىرىنچى جۈملىدىكى «to see» ئاددىي ھازىرقى زامان، ئىككىنچى جۈملىدىكى «to have seen» پۈتكەن زامان شەكلى بولۇپ، ئۇلاردا زامان پەرقى مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت تۇس پەرقىلا مەۋجۇت.

مۇشۇنىڭدىن خۇلاسە چىقارغاندا، تۆۋەندىكى جۈملىدىكى ئىنفىنىتىۋ شەكىللەر زامان بىلەن تۇسنىڭ بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما تۇس پەرقىلا بار.

For a moment I seemed to have lost consciousness.

دەماللىققا سېزىمىمنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالدىم.

He seems to be recovering.

ئۇ قارىغاندا ئەسلىگە قايتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

They went there to be given further training.

ئۇلار ئىلگىرى ئۇ يەرگە بېرىپ تېخىمۇ ياخشى تەربىيە ئالغان.

I am glad to have been given a chance to visit your country.

دۆلىتىڭلارنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن ناھايىتى خوشالمەن.

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىنگلىز تىلىدا داۋاملىشىۋاتقان تۇس ۋە تاماملانغان تۇس دەپ ئىككى خىل تۇس بار. داۋاملىشىۋاتقان تۇس ياردەمچى پېئىل «be» بىلەن پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن

تۈزۈلىدۇ. تاماملانغان تۇس ياردەمچى پېئىل have/has بىلەن پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ.

## تۇسلۇك پېئىل
## (情态动词 Modal Verb)

تۇسلۇك پېئىل مۇئەييەن لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ مۇستەقىل پېئىل بىلەن بولغان پەرقى شۇكى، ئۇ ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرمەيدۇ، پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ ھەرىكەت ياكى ھالەتكە بولغان پوزىتسىيىسى ياكى كۆز قارىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: «ئىمكانىيەت»، «مۇقەررەرلىك»، «كېرەك، لازىم» دېگەندەك. ئۇ ئادەتتە مۇستەقىل خەۋەر بولالمايدۇ، پەقەت باشقا يەنە بىر پېئىل بىلەن بىرىككەندىلا ئاندىن خەۋەر بولالايدۇ.

كۆپىنچە تۇسلۇك ياردەمچى پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامانىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئۆتكەن زامان شەكلى ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ھازىرقى زامانىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمما ئىنتوناتسىيىسى ئاجىزراق بولىدۇ. تۇسلۇك ياردەمچى پېئىل بىلەن «not» بىرىكىپ ئىنكار شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.

| ھازىرقى زامان شەكلى | ئۆتكەن زامان شەكلى | ئىنكار شەكلى |
|---|---|---|
| can | cculd | cannot/can not<br>could not |
| my | might | may not<br>might not |
| must | — | must not |
| will | would | will not<br>would not |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

| | | |
|---|---|---|
| shall | should | shall not<br>should not |
| ought to | — | ought not to |
| need | — | need not |
| dare | — | dare not |
| — | used to | used not to |

**1. Can, Could**

1) ئىمكانىيەتنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ھەم ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تەن قۇۋۋىتى ياكى زېھنىي قۇۋۋىتىنى بىلدۈرىدۇ، ھەم شەيئىلەرنىڭ مەلۇم بىر رولنى ئوينىيالايدىغان-ئوينىيالمايدىغان ئىقتىدارىنى بىلدۈرىدۇ.

I can take it or let it alone.

مەن ئۇنى يېسەممۇ، يېمىسەممۇ بولىدۇ.

Can the customer afford your service or product?

ھېلىقى خېرىدار سېنىڭ مۇلازىمىتىڭ ياكى مەھسۇلاتىڭنى قوبۇل قىلالامدۇ-يوق؟

In 1930's, scientists discovered that the atom couldbe split and split again when bombarded with heavey neutrons.

30-يىللاردا، ئالىملار بۇ خىل ئاتومنىڭ ئېغىر نېيترونلار پارتىلىغاندا ئۈزلۈكسىز پارچىلىنىدىغانلىقىنى بايقىغانىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. be able to بىلەن can نىڭ مەنىسى يېقىن كېلىدۇ. بىراق be able to نىڭ تېخىمۇ كۆپ زامان شەكلى بار ھەمدە تۇسلۇك پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

The patient was soon able to sit up and read.

بىمار شۇ ھامان ئۆرە ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

We regret not being able to accept your order.

بەك ئەپسۇس، سىلەرنىڭ زاكاز تالونىڭلارنى قوبۇل قىلالمايدىغان بولدۇق.

If your price is fair, we may be able to locate buyers for you.

ئەگەر سىلەر قويغان باھا لايىقىدا بولسا، بىز سىلەرگە خېرىدار تېپىپ بېرەلەيمىز.

If you open your L/C immediately, we shall be ableto ship the goods this month.

ئەگەر سىلەر ھازىرلا ئىناۋەتلىك كىنىشكىسى بەرسەڭلار، بىز مۇشۇ ئايدىلا مال سالىمىز.

They had been able to cut their production time by nearly a third then.

شۇ چاغدا ئۇلار $\frac{1}{3}$ قىسىمغا يېقىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتىنى قىسقارتىۋەتكەنىدى.

2. ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ.

If winter comes, spring cannot be far away.

قىش كەلسە، باھارمۇ كەينىدىنلا كېلىدۇ.

How could I give you more than that?

مەن ساڭا قانداقمۇ ئۇنىڭدىن جىق بېرەلەيمەن؟

A person with the will to write can always find the opportunity.

يېزىقچىلىق قىلىمەن دېگەن ئادەمگە پۇرسەت دېگەن ھەمىشە تېپىلىپ تۇرىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. «can» ئېھتىماللىقنى بىلدۈرگەندە، كەينىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن ئېنىقسىز شەكلى مەجھۇل دەرىجىدە كەلسە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

More market information can be found there.

ئۇ يەردىن بازار ئۇچۇرلىرىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2. «can» ئېھتىماللىقنى بىلدۈرگەندە، «may» بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ. ئەمما «can» ئەمەلىيەتتىكى ئېھتىماللىقنى، «may» بولسا تەسەۋۋۇردىكى ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ.

You may break the body, but you cannot break the spirit.

تەننى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتالىشىڭ مۇمكىن، ئەمما روھنى بوزغۇنچىلىققا ئۇچرىتالمايسەن.

3. «ئىجازەت» نى ئىپادىلىگەندە، ئىنكار شەكىل «can not/can't» «چەكلەش» نى بىلدۈرىدۇ. سوراق جۈملىدە ئىشلىتىلگەندە «could» نىڭ ئىنتوناتسىيىسى «can» دىن ئاجىزراق بولىدۇ.

You can take the lift to the 15th floor.

سەن لىفىت ئارقىلىق 15-قەۋەتكە چىقساڭ بولىدۇ.

Father said we could go to the concert.

دادام بىزنى مۇزىكا كېچىلىكىگە بېرىڭلار دېدى.

If it's school success you're after, you can't neglect studying.

سەن ئۆگىنىش جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان بولساڭ، ھەرگىز بوشىشىپ قالما.

We can borrow two books at a time from the lending section of the library.

بىز كۇتۇپخانىنىڭ كىتاب ئارىيەت بېرىش بۆلۈمىدىن ھەر قېتىمدا ئىككى پارچە كىتاب ئارىيەت ئالساق بولىدۇ.

Could you show me the way to the post office, please?

ماڭا پوچتىخانىغا بارىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويالامسىز؟

[قېيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. «could» بىۋاسىتە بايان رايىدا ئىشلىتىلگەندە ئۆتمۈشنى بىلدۈرىدۇ؛ شەرت رايىدا ئىشلىتىلگەندە، ئەگەر كەينىدىن ئادەتتىكى شەكىلدىكى ئېنىقسىز شەكىلنى ئەگەشتۈرۈپ كەلسە، ھازىر ياكى كەلگۈسىنى بىلدۈرىدۇ. پۈتكەن زامان شەكىلدىكى ئېنىقسىز شەكىلنى ئەگەشتۈرۈپ كەلسە، ئۆتمۈشنى بىلدۈرىدۇ.

At any rate, he knows he <u>could write</u> it better.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ياخشى يازالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. (ئۆتمۈشنى كۆرسەتتى)

You <u>could have made</u> a more detailed plan.

سەن ئەسلىدە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك قىلىپ بىر پىلان تۈزۈپ چىقسالىڭ بولاتتى. (ئۆتمۈشنى كۆرسەتتى)

<u>Could you endure</u> the poverty if I went away?

ئەگەر مەن كەتسەم، بۇ نامراتلىققا چىدىيالامسەن؟ (ھازىر ۋە كەلگۈسىنى كۆرسەتتى).

## 2. may, might

1) ئىجازەتنى بىلدۈرىدۇ، كەينىدىن پەقەت ئادەتتىكى شەكىلدىكى ئېنىقسىز شەكىل ئەگىشىپ كېلەلەيدۇ. بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئىجازەت بەرمەسلىكنى ئىپادىلەشتە «may not» ئىشلىتىلىدۇ.

<u>May</u> I use your phone?

تېلېفونىڭىزنى ئىشلەتسەم بولامدۇ؟

He <u>may</u> keep the dictionary as long as he needs it.

بۇ لۇغەتنى ئۇ قانچە ئۇزۇن ئىشلەتكۈسى كەلسە، شۇنچە ئۇزۇن ئىشلەتسۇن.

<u>May</u> I borrow your toothbrush? -No, you-<u>may not</u>.

چىش چوتكىڭىزنى ئىشلەتسەم بولامدۇ؟

- ياق، بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2) «ئېھتىماللىق» نى بىلدۈرگەندە، 《may》 نىڭ ئېھتىماللىقى 《might》 قا قارىغاندا چوڭ بولىدۇ.

She might never see them again.

ئۇ ئۇلارنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن.

I wondered if I might have next Friday off.

كېلەر جۈمە كۈنى دەم ئالالامدۇق-ئالالمامدۇق، بىلمەيمەن.

But someday the experiment may succeed.

بۇ تەجرىبىدە ھامىنى بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز.

If your class is very small, this may be best dealt with as a whole class.

ئەگەر سىنىپىڭلاردىكى ئوقۇغۇچى بەك ئاز بولسا، ئەڭ ياخشىسى پۈتۈن سىنىپ بويىچە مەشىقە قاتنىشىڭلار.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. 《may》 نىڭ كەينىدىن ئادەتتىكى شەكىلدىكى ئېنىقسىز شەكىل كەلسە، تەسەۋۋۇردىكى «ئادەتتىكى ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ.»

Life on any earthlike planet may prove to be similar.

يەر شارى تۈرىدىكى پلانېتلاردا ھاياتلىقنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن.

Parallel lines may be extended into infinity and never intersect.

پاراللېل سىزىقلارنى چەكسىز ئۇزارتقاندىمۇ ھەرگىز كېسىشمەيدۇ.

2. well, as well قاتارلىق ھالەت بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە، ئىپادىلىنىدىغان ئېھتىماللىق دەرىجىسى كۈچىيىدۇ.

They might well take it badly.

ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا بولغان ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن.

It may well rain before tonight.

بۈگۈن كەچ كىرگىچە يامغۇر يېغىپ قېلىشى مۇمكىن.

We may as well finish the job, now we've got so far with it.

بۇ ئىشنى قىلىپ خېلى بىر يەرگە ئاپاردۇق، تۈگىتەلمەسلىكتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق.

3. «might» شەرت رايىدا ئىشلىتىلگەندە، پەرەز ياكى سىيلىق-سىپايىلىك ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەمىشە ئەسلىدىكى «ئېھتىمال، ئىجازەت» قاتارلىق تۈس مەنىلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ.

Might I ask for a photograph of Mr John Smith?

جون سىمىت ئەپەندىنىڭ سۈرىتىدىن بىرنى سورىسام بولامدۇ؟

Possibly the Council of Learned Societies mightbe given the task.

بۇ ۋەزىپە ئېھتىمال ئىلمىي كومىتېتقا تاپشۇرۇلۇشى مۇمكىن.

This new tool may reveal secrets which might never have been learned by other methods.

بۇ خىل يېڭى قورال ئارقىلىق ئىلگىرى باشقا ئاماللار بىلەن بىلىشكە مۇمكىن بولمىغان سىرلارنى ئاچقىلى بولىدۇ.

### 3. must

1) مەجبۇرىيەت، زۆرۈرىيەت، بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ ئىنكار شەكلى must not بولۇپ، چەكلەشنى بىلدۈرىدۇ.

They must be perfectly quiet.

ئۇلار جەزمەن ئىنتايىن تىنچلىنىشى كېرەك.

Cars must not be parked in front of the entrance.

ماشىنىنى كىرىش ئېغىزىغا توختىتىشقا بولمايدۇ.

You must see the doctor immediately!

سەن ھازىرلا دوختۇرغا كۆرۈنۈشۈڭ كېرەك!

www.uyghurkitap.com

When a new student comes to the university he <u>must</u>get to know the buildings and classrooms well.

يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن بارلىق بىنا ۋە سىنىپلارنى پىششىق بىلىۋېلىشى كېرەك.

《need》 باشلاپ كەلگەن سوئالغا تەستىقىي جاۋاب بەرگەندە، 《must》 نى ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنىڭ مەنىسى «زۆرۈر» دېگەنلىك بولىدۇ؛ ئەمما 《must》 باشلاپ كەلگەن سوئالغا ئىنكار جاۋاب بەرگەندە، 《need not》 نى ئىشلىتىش كېرەك، ئۇنىڭ مەنىسى «زۆرۈرىيىتى يوق» ، «ھاجەتسىز» دېگەنلىك بولىدۇ. ھەرگىزمۇ 《must not》 نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى 《must not》 «چەكلەش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

<u>Need</u> you go yet? — Yes, I <u>must</u>.

- تېخى سەنمۇ بارامسەن؟
- ھەئە، بارمىسام بولمايدۇ (بېرىشىم كېرەك).

<u>Must</u> we take all the books back to the library? —No, you <u>needn't</u>.

- بارلىق كىتابلارنى كۇتۇپخانىغا قايتۇرۇپ كىرىمىزمۇ؟
- ياق، ھاجىتى يوق.

2) مۇقەررەرلىكنى بىلدۈرىدۇ، «چوقۇم» ، «مۇقەررەر» ، «ھەمىشە» دېگەن سۆزلەرگە باراۋەر كېلىدۇ.

Fish <u>must</u> die out of water.

بېلىق سۇدىن ئايرىلسا مۇقەررەر ئۆلىدۇ.

A work ill done <u>must</u> be done twice.

ياخشى قىلالمىغان ئىشنى چوقۇم يېڭىۋاشتىن قىلىش كېرەك.

In longer reces competitors <u>must</u> save enough strength to end the race in a strong finish.

ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە تەنھەرىكەتچىلەر ئەڭ ئاخىرىدا بوسۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەمىشە يېتەرلىك بەدەن قۇۋۋىتى قالدۇرۇپ قويۇشى

كېرەك.

3) ئېھتىماللىقنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، كۆپىنچە پەرەزگە ئىشلىتىلىدۇ.

If Alim left here at four, he must be home by now.

ئەگەر ئالىم سائەت 4 دە بۇ يەردىن ماڭغان بولسا، بۇ كەمگە ئۆيىگە يېرىپ بولدى.

It must have been about **10** o'clock, I suppose.

پەرىزىمچە، شۇ چاغدا سائەت 10 لار بولغان بولسا كېرەك.

《must》 تىن كېيىن ئېنىقسىز شەكىلنىڭ پۈتكەن شەكلى ئىشلىتىلگەندە، ئاللىبۇرۇن يۈز بەرگەن ئەھۋالغا بولغان پەرەزنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنكار شەكلى بولغان 《can not》 نىڭ كەينىگە ئادەتتە ئېنىقسىز شەكىلنىڭ پۈتكەن شەكلى قوشۇلىدۇ.

Alim can't have received my letter.

ئالىمنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

4) كۈتمىگەن ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

Why must you be so stubborn?

نېمىشقا بۇنچە جاھىللىق قىلىسەن؟

After I gave her my advice, she must go and do the opposite.

مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

Just when we were ready to go away for the holidays, the baby must catch meales.

تەتىلنى ئۆتكۈزۈپ كېلىشكە تەييار بولۇپ تۇرۇشىمىزغا، قىزىشقاندەك بالىغا ئەسۋە چىقىپ كەتتى.

5) 《must》 مەجبۇرىيەت ياكى زۆرۈرىيەتنى بىلدۈرگەندە، ئەسلىدىنلا زامان ئۆزگىرىش شەكلى بولمىغاچقا، ئورنىغا باشقا سۆزنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى 《have to》 بولۇپ، ئەگەر 《must》 نىڭ ئورنىغا 《had to》 ئىشلىتىلسە، ئۆتمۈشنى بىلدۈرىدۇ؛ 《must》 نىڭ ئورنىغا 《shall/will have to》 ئىشلىتىلسە، كەلگۈسىنى

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرىدۇ.

I had to repeat the massage twice before the secretary understood it.

مەن خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇمىسام، سېكرېتار چۈشەنمەيدۇ.

You' ll have to study harder if you want to pass the final examination.

ئەگەر مەۋسۇملۇق ئىمتىھاندىن ئۆتمەن دەيدىكەنسەن، تېخىمۇ تىرىشىشىڭ كېرەك.

He would have to go back to school before he could understand a daily newspaper.

ئۇ پەقەت مەكتەپكە يەنە كىرىپ ئۆگەنگەندىلا ئاندىن گېزىتنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ.

《must》 «زۆرۈر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەندە، 《have to》 نىڭ مەنىسىگە يېقىنلىشىدۇ، ئەمما ئىشلىتىش ئورنىدا پەرق بولىدۇ. 《must》 سۇبيېكتىپ كۆز قاراشنى تەكىتلەيدۇ، 《have to》 بولسا ئوبيېكتىپ ئېھتىياجنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ.

Our teacher said that all the students must come to class on time.

مۇئەللىمىمىز ھەممە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە ۋاقتىدا كېلىشى كېرەك دېدى.

I'm afraid you' ll have to do this; it's a rule of the college.

مېنىڭچە، سەن چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشىڭ كېرەك، بۇ مەكتەپنىڭ بىر قائىدىسى.

**4. Will**

《will》 تۇسلۇك پېئىل بولغاندا، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1) جۈملە ئىگىسىنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى ياكى ئىرادىسىنى بىلدۈرىدۇ، ھەممە شەخسكە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

He will meet you with the motor at the station.

ئۇ بېكەتكە ماشىنا بىلەن بېرىپ سىزنى كۈتۈۋالىدۇ.

Don't worry; the thief will be arrested in no time.

ئەنسىرىمەڭ، ئوغرى بىردەمدىلا تۇتۇلىدۇ.

I will write at once to Jane and ask her to return the camera on Sunday.

مەن جېنغا يەكشەنبە كۈنى ھېلىقى سۈرەتكە تارتىش ئاپپاراتىنى ئەپكېلىپ بېرىش توغرىسىدا ھازىرلا خەت يازىمەن.

2) سۆزلىگۈچىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچى شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ.

Will you cut that out?

ئۇنى ئۈچۈرۈۋەتسىڭىز بولامدۇ؟

Will you come to our fair?

سودا يىغىنىمىزغا قاتنىشىپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

Come here for a moment, will you?

بۇياققا بىر كېلىۋېتىڭ، بولامدۇ؟

Will you suggest the most convenient time?

ئەڭ قۇلايلىق ۋاقىتنى دېسىڭىز بوپتىكەن؟

3) سۆزلىگۈچىنىڭ پەرىزىنى بىلدۈرىدۇ، 2-، 3-شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ.

The manager will be here any minute now.

دىرېكتور خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

The more people interviewed, the more exact the estimate will be.

ئادەملەر قانچە كۆپ قاتناشسا، ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

4) ئىگىنىڭ ئادىتىنى بىلدۈرىدۇ، كۆپىنچە چاستوتا ھالىتىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، ھەممە شەخسكە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

Every Sunday, my father and I will go fishing.

ھەر يەكشەنبە كۈنى دادام ئىككىمىز بېلىق تۇتقىلى بارىمىز.

Sometimes the cat will lie there all afternoon.

بۇ مۈشۈك بەزىدە چۈشتىن كەچكىچە ئاشۇ يەردە ياتىدۇ.

When she is in trouble, she will ask her teacher for advice.

ئۇ ھەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلگەندە، مۇئەللىمدىن مەسلىھەت سورايدۇ.

5) بايان جۈملىدە، will سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

"You will wait here!" he ordered.

— مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ.

"You will tell me!"exclaimed the American.

— سەن ماڭا ئېيت! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى ئامېرىكىلىق.

You will have to believe—very hard—in yourself.

سەن ئۆزۈڭگە ئىشىنىشىڭ، قەتئىي ئىشىنىشىڭ كېرەك.

**5. would**

would تۈسلۈك پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلگەندە، ئەگەر كەينىدە ئەگەشتۈرۈپ كەلگىنى ئاددىي ئېنىقسىز شەكىل بولسا، ھازىرقى ياكى كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئەگەر ئەگەشتۈرۈپ كەلگىنى پۈتكەن ئېنىقسىز شەكىل بولسا، ئۆتمۈشنى بىلدۈرىدۇ.

1) ئارزۇ-ئىستەك ياكى مەقسەتنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە ئىنكار جۈملىدە كۆرۈلىدۇ.

She also knew that she would not do it.

بۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلىدۇ.

He promised he would not take the dictionary out of the reading room again.

ئۇ لۇغەتنى قىرائەتخانىدىن ئەمدى ھەرگىز ئېلىپ چىقمايمەن دەپ ۋەدە بەردى.

He said he would be fast enough, if called upon to do so.

ئۇ ئەگەر زۆرۆر تېپىلسا، ئۆزىنىڭ ناھايىتى تېزلىكتە ھەرىكەتكە كېلەلىغانلىقىنى ئېيتتى.

If she had known you were ill, she would have come to see you.

ئۇ سىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىڭنى بىلگەن بولسا، سىنى كۆرگىلى كېلەتتى.

2) ئەدەپ بىلەن ئېيتىلغان ئۆتۈنۈش، تەكلىپ ياكى كۆز قاراشنى بىلدۈرىدۇ. ھەممە شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ.

Would he accept tho post? — Yes, he would.

ـ ئۇ بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلارمۇ؟

ـ ھەئە، قوبۇل قىلىدۇ.

Would you kindly forward the letter to her?

ئېغىر كۆرمەي بۇ خەتنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويالارسىزمۇ؟

3) ئىلگىرى كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

When we were clildren we would go skating every winter.

كىچىك ۋاقتىمىزدا بىز ھەر يىلى قىشتا مۇز تېيىلغىلى باراتتۇق.

Sometimes he would sit there for hours, doing nothing at all.

بەزىدە ھېچ ئىش قىلماستىن ئۇ يەردە سائەتلەپ ئولتۇرىدۇ.

［قىيىن نۇقتا تەھلىلى］

«ئېنىقسىز شەكىل + would» بىلەن «ئېنىقسىز شەكىل + used to» ئارقىلىق ئىلگىرى تەكرار يۈز بەرگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئەمما، كېيىنكىسى بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ چاستوتىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ ھەمدە ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ قايتا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. 《used to》 نىڭ ئەسلىدىنلا «دائىم» دېگەن مەنىسى بار

بولغاچقا، ئۇنى چاستوتا ھالىتى بىلەن ئىپىقلاشنىڭ ھاجىتى يوق.

I used to swim in that river when I was young.

ياش ۋاقتىمدا مەن ھەمىشە ئاشۇ دەريادا سۇغا چۆمۈلەتتىم.

I used to play games in the park with other boys.

مەن ئىلگىرى باشقا باللار بىلەن بىللە مۇشۇ باغچىدا ئوينايتتىم.

Occasionally she would come to see us.

ئۇ ئاندا-ساندا بىزنى كۆرگىلى كېلىدۇ.

Every evening she would teach me English.

شۇ چاغدا ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ماڭا ئىنگلىز تىلى ئۆگىتەتتى.

## 6. Shall

«shall» تۇسلۇك ياردەمچى پېئىل بولغاندا تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1) قارار، بۇيرۇق، ۋەدە قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

Shall he leave tomorrow? — Yes, he shall.

- ئۇ ئەتە چوقۇم كېتەمدۇ؟
- ھەئە، ئۇ چوقۇم كېتىدۇ.

We shall defend our motherland, whatever the cost may be.

مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىز چوقۇم ئانا ۋەتىنىمىزنى قوغدايمىز.

Joseph, look at my Christmas present! And you shall have half.

جوسىف، قارا مېنىڭ مىلاد بايرىمىلىق سوۋغىتىمغا! ئۇنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرەي.

2) قارشى تەرەپتىن پىكىر ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ. 1-، 3-شەخسكە ئىشلىتىلىدۇ.

Shall the boy wait?

ھېلىقى بالا ساقلاپ تۇرماقچىمىدى؟

Shall I open the door for you?

ساڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشىم كېرەكمۇ؟

Shall we proceed at once to the matter in hand?

بىز دەرھال قولىمىزدىكى ئىشنى پۈتتۈرۈۋېتەيلى بولامدۇ؟

3) ئەھدىنامە، قائىدە-نىزام، قانۇنىي بۇيرۇق بويىچە ئۆتەش زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيەتنى بىلدۈرىدۇ.

Each competitor shall wear a number.

ھەربىر تەنھەرىكەتچى نومۇر تاقىشى كېرەك.

Gambling in any form shall be banned.

ھەر قانداق شەكىلدىكى قىمار چەكلىنىدۇ.

## 7. Should

1) مەجبۇرىيەت ياكى مەسئۇلىيەتنى بىلدۈرىدۇ. «كېرەك، لازىم» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

You should do it for your own good.

ئۆز مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن سىلەر مۇشۇنداق قىلىشىڭلار كېرەك.

The delegation argued that an international central bank should be established.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قارىشىچە، خەلقئارالىق بىر مەركىزىي بانكا قۇرۇش كېرەك ئىكەن.

2) ئېھتىماللىق ياكى ئارزۇ-تىلەكنى بىلدۈرىدۇ.

The book you require should be in our library.

سىزگە لازىملىق كىتابلار كۇتۇپخانىمىزدا بارغۇ دەيمەن.

You should work harder at your pronunciation.

سىز تەلەپپۇزغا بەكرەك كۈچىشىڭىز كېرەك.

I should like to have this over as soon as possible.

www.uyghurkitap.com

مەن بۇ ئىشلارنى تېزرەك پۈتسىكەن دەيمەن.

3) كۈچلۈك ھېسسىيات مەسىلەن: ھەيران قېلىش، نارازى بولۇش، غەزەپلىنىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

It seems so unfair that this should happen to me.

مۇشۇ ئىشقا مېنىڭلا ئۇچراپ قېلىشىم تولىمۇ ئادالەتسىزلىك بولدى.

No one but good climbers should challenge this mountain.

پەقەت ماھىر تاغقا ياماشقۇچىلارلا بۇ تاغقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ.

Why should the island be so rich in this strange treasure?

نېمە ئۈچۈن بۇ ئارالدا ئاجايىپ-غارايىپ ئېسىل تاشلار شۇنچە كۆپكىنە؟

4) ئېگە بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە، ئەگەر باش جۈملىدە ئەپسۇسلىنىش، ئەنسىرەش، زۆرۈرىيەت قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولسا، بېقىندى جۈملىدە ھەمىشە «should» ئىشلىتىلىدۇ.

I am sorry that she should be so careless.

ئۇنىڭ بۇنچە پەرۋاسىزلىقىدىن مەن تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم.

I am anxious that our plan should not fail.

مەن پىلانىمىزنىڭ چوقۇم ئىشقا ئېشىشىنى ئىنتايىن ئۈمىد قىلىمەن.

In the beginning, it is necessary that one shouldlook into Nazi's history of army's expansion.

ئالدى بىلەن ناتسىستلارنىڭ ئارمىيە كېڭەيتىش تارىخىنى تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك.

5) «ئېنىقسىز شەكىل + should» نىڭ پۈتكەن زامان شەكلى ئىلگىرى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما قىلىنمىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ.

They shouldn't have been so late.

ئۇلار بۇنچە كېچىكمەي كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى.

She should have answered my letter a week ago.

ئۇ خېتىمغا بىر ھەپتە ئىلگىرى جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى.
You should have told me about it.
سەن ئەسلىدە ئۇ ئىشنى ماڭا ئېيتىپ قويۇشۇڭ كېرەك ئىدى.

**8. ought to**

1) ought to «مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت» نى بىلدۈرگەن چاغدا، «should» بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ، ئىنتوناتسىيىسى «should» دىن كۈچلۈك بولىدۇ.

You ought to be up, sir.
تۇرىدىغان ۋاقتىڭىز بولدى، ئەپەندىم.

You ought to pay the money.
سىز پۇلنى تۆلىۋېتىشىڭىز كېرەك.

You ought to go home and see your mother on Mother's Day.
ئانىلار بايرىمىدا ئۆيگە قايتىپ ئانىڭىزنى يوقلىشىڭىز كېرەك.

2) «كېرەك»، «لازىم» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ.

Such things oughtn't to be done.
بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

You ought to come with us.
سەن بىز بىلەن بىللە كېلىشىڭ كېرەك.

She ought to be praised for what she has done.
ئۇ قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن تەقدىرلىنىشى كېرەك.

There ought to be more hospitals in such a densely populated area.
بۇنىڭدەك نوپۇس زىچ جايدا دوختۇرخانا تېخىمۇ كۆپ بولۇشى كېرەك.

You ought to go about more, It would do you good.
كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بېرىشىڭ كېرەك، بۇ ساڭا پايدىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

3) ئېھتىماللىقنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، «چوقۇم، جەزمەن» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ.

They ought to arrive today.

ئۇلار جەزمەن بۈگۈن كېلىدۇ.

Ought she to take up that job? — Yes, she ought to.

ئۇ ئۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلارمۇ؟

- ئۇ چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ.

How many games do you think we ought to win between us this coming year?

سىنىڭچە، كېلەر يىلى قايسىمىزنىڭ ئۇتقىنى كۆپرەك بولار؟

4) «ئېنىقسىز شەكىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ought + to» كۆرسەتمە ۋە تەكلىپنى بىلدۈرىدۇ.

You ought to be doing your homework

سەن ھازىر تاپشۇرۇق ئىشلىشىڭ كېرەك.

I think we ought to be starting.

مېنىڭچە، باشلايدىغان ۋاقتىمىز بولدى.

5) «ئېنىقسىز شەكىلنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى+ought to» تەستىق جۈملىدە ئىشلىتىلىپ، ئىلگىرى يۈز بەرگەن ھەرىكەتكە بولغان پەرەزنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئىلگىرى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئەمما قىلىنمىغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ. «ئېنىقسىز شەكىلنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى + ought not to» بولسا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنىڭ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

He ought to have told her about this earlier.

ئۇ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا بالدۇرراق ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

She ought to have answered my letter a week ago.

ئۇ خېتىمگە بىر ھەپتە ئىلگىرىلا جاۋاب يېزىشى كېرەك ئىدى.

If they had started at seven, they ought to have got there

by now.

ئەگەر ئۇلار سائەت 7 دە يولغا چىققان بولسا، بۇ كەمگە ئاللىبۇرۇن يېتىپ بولاتتى.

They ought not to have let you out of hospital so soon.

ئۇلار سېنى دوختۇرخانىدىن بۇنچە بۇرۇن چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى.

You ought not to have hurt her feelings.

سەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

9. **need**

تۈسلۈك ياردەمچى پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلگەندە «need» دا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتە ئاددىي ھازىر زامان شەكلىدە كەلگەندە، كەينىگە «s» قېتىلمايدۇ. سۇئال جۈملىدە كەلگەندە ئىگە بىلەن ئورنى ئالمىشىدۇ.

1) «need» سوئال جۈملە، ۋاستىلىك سوئال جۈملە ۋە ئىنكار جۈملىدە ئىشلىتىلگەندە «زۆرۈر، كېرەك» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

Need I answer that question?

ئۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشىم زۆرۈرمۇ؟

I ask him whether I need come.

مەن ئۇنىڭدىن كېلىش-كەلمەسلىكىمنى سورىدىم.

You needn't be angry with her, for she is very young.

ئۇ تېخى كىچىك، ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئىنكار جۈملە تەركىبىدە hardly, seldom, no, scarcely قاتارلىق رەۋىشلەر بولسا ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

You need have no anxiety on my account.

مەن ئۈچۈن غەم يېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق

I hardly/scarcely need say how much I enjoyed my birthday

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

party.

تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشۇمنىڭ قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولغانلىقىنى ئېيتىپ يورۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

2) «need not» تىن كېيىن ئېنىقسىز شەكىلنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى كەلسە، كۆپىنچە ھاللاردا قىلىش زۆرۈرىيىتى بولمىغان ھەرىكەتنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

You needn't have told them that.

سەن ئۇلارغا بۇ ئىشنى دېمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.

He didn't have woken me up, I don't have to go to work today.

ئۇ مېنى ئويغاتمىسا بولاتتى، چۈنكى مەن بۈگۈن ئىشقا بارمايتتىم.

3) «need» دىن تۈزۈلگەن سوراق جۈملىگە ئەستىق جاۋاب بەرگەندە، كۆپىنچە «need» «must» نىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

Need you go yet? — Yes, I must.

سەن يەنە بارامسەن؟

— ھەئە، يەنە بارىمەن.

Need we buy that book? — Yes, you must.

بىز ئاشۇ كىتابنى سېتىۋېلىشىمىز كېرەكمۇ؟

— ھەئە، سېتىۋېلىشىڭلار كېرەك.

**10. dare**

1) سوراق جۈملە، ئىنكار جۈملە ۋە شەرت بېقىندى جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

Dare you swim across the river?

دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالامسەن؟

It was dark outside the room. He dared not go out to fetch water.

تالا قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇ سۇ ئالغىلى چىقالمىدى.

If the aggressors dare come, they will never be able to get away.

ئەگەر تاجاۋۇزچىلار كېلىپلا قالسا، ھەرگىز قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ.

2) «dare» ئادەتتە تەستىق جۈملىدە ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەمما تەستىقنى بىلدۈرىدىغان جاۋابتا ۋە «I dare say» دېگەن ئادەت سۆزىدە ئىشلىتىلىپ، «قارىشىمچە، ئېھتىمال، مۇمكىن» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

You daren't go there, dare you? — Yes, I dare.

سەن ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمايسەن، شۇنداقمۇ؟

– ياق، پېتىنالايمەن.

It'll rain tomorrow, I dare say.

مېنىڭچە، ئەتە يامغۇر يېغىشى مۇمكىن.

I dare say you're thirsty after all that tennis.

توپ ئويناۋېرىپ ئۇسساپ كەتتىڭغۇ دەيمەن.

3) «dare» ئادەتتە ھازىرقى زامان ياكى كەلگۈسى زاماندا ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ۋاسىتىلىك نەقىل كەلتۈرۈشتە ئۆتمۈشنى بىلدۈرىدۇ.

She daren't tell the boss because she doesn't want to make trouble.

ئۇ خوجايىنغا ئېيتىشقا پېتىنالمايدۇ، چۈنكى ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋېلىشنى خالىمايدۇ. (ھازىر)

We shall see whether you dare keep your word.

سۆزۈڭنىڭ راست-يالغانلىقىغا كېيىن بىر نېمە دەيمىز. (كەلگۈسى)

She said she daren't tell them.

ئۇ ئۇلارغا دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. (ئۆتمۈش)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدا «dare» كۆپىنچە مۇستەقىل پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، «to» لىق ئېنىقسىز شەكىلنى ئەگەشتۈرۈپ كەلسە بولىدۇ، ئەمما ئىنكار جۈملە ياكى سوراق جۈملىدە، «dare» نىڭ كەينىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«to» كېلىۋەرسىمۇ ياكى قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ. جۈملە تەركىبىدە nobody, anybody, no one قاتارلىقلار بولسا، «dare» نىڭ كەينىدىكى ئېنىقسىز شەكىل «to» ئەگەشتۈرۈپ كەلسە بولىدۇ، ئەگەشتۈرۈپ كەلمىسىمۇ بولىدۇ.

No one dared (to) speak of it.

ھېچكىم بۇ ئىش توغرىسىدا سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

Do you dare (to) suggest that I am capable of such an act?

مېنىڭ بۇنداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمنى سەن قانداق بىلىۋالدىڭ؟

**11. used (to)**

1) «used to» نىڭ كەينىدىن پەقەت ئېنىقسىز شەكىلنىڭ ئادەتتىكى شەكلىلا ئەگىشىپ كېلەلەيدۇ، ئادەتكە ئايلانغان ھەرىكەت ياكى دائىم يۈز بېرىدىغان ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ، ئىلگىرىكى مۇشۇ ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ھازىر داۋاملىشىشتىن توختىغانلىقىنى ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

I used to measure with this instrument.

ئىلگىرى مەن ھەمىشە مۇشۇ ئەسۋاب ئارقىلىق ئۆلچەيتتىم.

She used to burn the midnight oil.

ئىلگىرى ئۇ ھەمىشە كېچىلىك ماشىنا ھەيدەيتتى.

There used to be a bookstore nearby.

ئىلگىرى مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بىر كىتابخانا بار ئىدى.

People used to think that the earth was flat.

ئىلگىرى كىشىلەر يەر شارىنى تەكشى دەپ قارايتتى.

I used no to like opeare, but now I am getting interested.

ئىلگىرى مەن ئوپېرانى ياقتۇرمايتتىم، ئەمما ھازىر بارغانسېرى

ئامراق بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

2) «used to» نىڭ سوئال شەكلى بىلەن ئىنكار شەكلىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار.

Used + ئىگە + to … ?

جاۋاپ {Yes, ئىگە + used to.
No, ئىگە + usedn't to.

Did + ئىگە + use to …?

جاۋاپ {Yes, ئىگە + did.
No, ئىگە + didn't.

He used to play football at school?

ئۇ ئىلگىرى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا دائىم پۇتبول ئوينامتى؟

Used he to play football at school?

Yes, he used to.

No, he usedn't to.

ياكى Did he use to play football at school?

Yes, he did.

No, he didn't.

ئۇ ئىلگىرى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا دائىم پۇتبول ئوينامتى؟

- ھەئە، دائىم پۇتبول ئويناپتتى.

- ياق، دائىم ئويىنمايتتى.

## تۈردەش ئىسىم
## (集合名词 Collective Noun)

تۈردەش ئىسىم بىر قانچە گەۋدىدىن تەركىب تاپقان ئومۇمىي گەۋدىنى

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرىدۇ. ئۇ كوللېكتىپ خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم، تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان تۈردەش ئىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

I wonder why people are so fond of action film.

كىشىلەرنىڭ جانبازلىق فىلىملىرىگە نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئامراقلىقىغا ھەيرانمەن.

The committe was unable to agree on a policy and decided to meet again next month.

كومىتېت بىر تۈرلۈك سىياسەت ئۈستىدە بىرلىككە كېلەلمەي، كېلەر ئايدا يەنە يىغىن ئېچىشنى قارار قىلدى.

تۈردەش ئىسىملار ئادەتتە بىرلىك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىسىمۇ، لېكىن بەزى تۈردەش ئىسىملارنى ھەم بىرلىك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن ھەم كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

## تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم
## （种类性集合名词 Class Collective）

تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم مەلۇم بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ، كۆپىنچە بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ، ئادەتتە ئالدىغا ئېنىقسىز ئارتىكل بىۋاستە قوشۇلمايدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىملاردىن luggage, clothing, merchandies, machinery, furniture, equipment قاتارلىقلار بار.

How much furniture did you buy for your new flat?

يېڭى ئۆيۈڭگە قانچىلىك ئۆي جاھازىسى ئالدىڭ؟

Is the machinery still in good working order?

ھېلىقى ماشىنا خېلى ياخشى ئىشلەۋاتامدۇ؟

Dr. Jones ordered two pieces of equipment for the lab.

دوكتور جونس تەجرىبىخانىسىغا ئىككى يۈرۈش ئۈسكۈنە زاكاز قىلدى.

## تىل ئادىتى
## (习惯用法 Idiomatic Usage)

تىل ئادىتى مەلۇم بىر تىل ياكى تىل شەكلىنىڭ دائىملىق قائىدىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: 《between you and me》 توغرا جۈملە، 《between you and I》 بولسا خاتا جۈملە دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى 《between》 بولسا ئالدى قوشۇلغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ئالماش چوقۇم چۈشۈم كېلىشتە كېلىشى كېرەك. بەزى جۈملىلەر گىراماتىكا جەھەتتىن توغرا (grammatically correct) ، ئەمما تىل ئادىتى جەھەتتىن توغرا ئەمەس (idiomatically incorrect) . مەسىلەن: ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۈچىلەر «ئۇ ئۆگىنىشتە ياخشى» دېگەننى ھەمىشە 《His study is good》 دەپ ئىپادىلەيدۇ. بۇ جۈملىدە ھېچقانداق گىراماتىكىلىق خاتالىق يوق. ئەمما بۇ جۈملىنى 《He is good at his study》 دەپ ئىپادىلىسە، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنە مەسىلەن: «مەن ئۇنى خاتا دەپ قارايمەن» دېگەن جۈملىنى ئىنگلىز تىلىدا 《I don't think he is right》 دەپ ئىپادىلەش كېرەك.

## تىنىش بەلگىلەر
## (标点符号 Punctuation)

تىنىش بەلگىلەر يېزىق تىلىدىكى تىنىش، رىتىم ۋە ئىنتوناتسىيىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە بولۇپ، جۈملە ياكى جۈملە تەركىبلىرىنى ئايرىش ياكى

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدە كۆرسىتىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئاساسلىق تىنىش بەلگىلەر تۆۋەندىكىچە:

| | |
|---|---|
| چېكىت ( . ) | Period/Full Stop |
| پەش ( ، ) | Comma |
| سوئال بەلگىسى ( ؟ ) | Question Mark |
| ئۈندەش بەلگىسى ( ! ) | Exclamation Mark |
| قوش چېكىت ( : ) | Colon |
| چېكىتلىك پەش ( ؛ ) | Semicolon |
| قوش پەش<br>(ياكى نەقىل كەلتۈرۈش بەلگىسى) (" ") | Quotation |
| سىزىق (—) | Dash |
| تىرناق (( )) | Brackets |
| سىزىقچە (-) | Hyphen |
| سۆز قىسقارتىش بەلگىسى ( ' ) | Apostrophe |
| كۆپ چېكىت (…) | Ellipsis |

ئىنگلىز تىلىدا چېكىت، سوئال بەلگىسى ۋە ئۈندەش بەلگىسى قاتارلىق تىنىش بەلگىلەر جۈملە ئاياغلاشقاندا ئىشلىتىلىدۇ.

# ج

## (句子 Sentence) جۈملە

تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي-پىكىرنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى بىر قانچە سۆزنىڭ ئۆز ئارا بىرىكمىسى جۈملە دېيىلىدۇ. جۈملىدىكى بىرىنچى سۆزنىڭ باش ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ. جۈملە ئاخىرىدا چېكىت، سوئال بەلگىسى ياكى ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

Exercise will do you good.

تەنھەرىكەت بەدىنىڭگە پايدىلىق.

Does he work hard?

ئۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەمدۇ؟

If only she had come to the party yesterday.

تۈنۈگۈن ئۇ ئولتۇرۇشقا كەلگەن بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

### 1. جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى

1) خەۋەر + ئىگە

Day dawns. تاڭ ئاتتى.

Coal burns. كۆمۈر كۆيىدۇ.

All mortals die. ئادەم ھامىنى ئۆلىدۇ.

2) كېسىم خەۋەر + باغلامچى پېئىل + ئىگە

Caroline's father is a professor.

كارولىنىنىڭ دادىسى بىر پروفېسسور.

Miss Jones and her younger sister are very polite.

جونس خېنىم ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى ناھايىتى ئەدەپلىك.

3) تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

Ruth understands English. رۇت ئىنگلىز تىلىنى بىلىدۇ.

The little girl smelt the flowers. قىزچاق گۈلنى پۇراپ قويدى.

The boy found his watch. ھېلىقى بالا سائىتىنى تاپتى.

4) بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى + ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە

I wrote Mr Smith a letter. مەن سمىت ئەپەندىگە خەت يازدىم.

Mother bought me a birthday present.

ئانام تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن سوۋغات ئاپتۇ.

5) تولۇقلىغۇچى + تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە

The judge proved her innocent.

سوتچى ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

We considered the proposal impractical.

بىز بۇ تەكلىپنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارايمىز.

Our maths teacher found George intelligent.

بىزنىڭ ماتېماتىكا مۇئەللىمىمىز گىئورگىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

## 2. جۈملىنىڭ تۈرلىرى

1) جۈملە رولىغا ئاساسەن

a) بايان جۈملە (بايان جۈملىگە قاراڭ)

b) سوراق جۈملە (سوراق جۈملىگە قاراڭ)

c) بۇيرۇق جۈملە (بۇيرۇق جۈملىگە قاراڭ)

d) ئۈندەش جۈملە (ئۈندەش جۈملىگە قاراڭ) دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

2) قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن:

a) ئاددىي جۈملە (ئاددىي جۈملىگە قاراڭ)

b) تەڭداش جۈملە (تەڭداش جۈملىگە قاراڭ)

c) قوشما جۈملە (قوشما جۈملىگە قاراڭ)

d) تەڭداش قوشما جۈملە (تەڭداش قوشما جۈملىگە قاراڭ) دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## جۈملە بۆلىكى
## (句子成分　Members of Sentence)

جۈملە بۆلىكى جۈملىنىڭ ھەر قايسى تەركىبىي قىسىملىرى بولۇپ، ئادەتتە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلىدۇ. جۈملىدە سۆز بىلەن سۆز ئارىسىدا ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن سۆز بىرىكمىسى ئارىسىدا مۇئەييەن بىرىكىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى ئوخشىمىغان مۇناسىۋەتكە ئاساسەن، ئىگە (Subject) ۋە خەۋەر (Predicate) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ ئايرىغاندا، خەۋەر پېئىلى (Predicate Verb)، كېسىم خەۋەر (Predicative)، تولدۇرغۇچى (Object)، تولۇقلىغۇچى (Complement)، ئېنىقلىغۇچى (Attribute) ۋە ھالەت (Adverbial) قاتارلىق ئەگەشمە بۆلەكلەرگە ھەمدە ئىزاھلىق سۆز (Appositive)، قىستۇرما سۆز (Parenthesis)، قاراتما سۆز (Direct Address) قاتارلىق ئەگەشمە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

They (s)make (v)him (o)the chairman (c)every year (A).

ئۇلار ئۇنى ھەر يىلى رەئىسلىككە سايلايدۇ.

Beijing (s), the capital of Chaina (App.), is (v) a beautiful (Att.) city (p)

بېيجىڭ جۇڭگونىڭ پايتەختى بولۇپ، ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەردۇر.

You (s) are working (v) hard (A), George (Direct Address).

جاپا چەكتىڭ، گېئورگى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# جۈملە تەھلىل قىلىش
# (句子分析 Sentence Analysis)

جۈملە تەھلىل قىلىش ـ جۈملىنىڭ ھەر قايسى گرامماتىكىلىق بۆلەكلىرىگە ھۆكۈم قىلىش ھەمدە ھەر قايسى بۆلەكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېپىپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. جۈملە تەھلىل قىلىش جۈملىنىڭ مەنىسىنى (بولۇپمۇ ئۇزۇن جۈملە) تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمىزگە پايدىلىق. جۈملە تەھلىل قىلغاندا چوقۇم جۈملىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بەلگىسى تۆۋەندىكىچە:

ئىگە (subject تۈز سىزىق) ————

خەۋەر (predicate ئەگرى سىزىق) 〰〰〰

(خەۋەردىن كېيىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچىغا ئەگرى سىزىقلىق ئىستىرېلكا سىزىمىز) 〰〰〰

ھالەت (adverbial ئۈزۈك سىزىق) ------------

ئېنىقلىغۇچى (attribute قوش سىزىق) ════

## 1. ئاددىي جۈملىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن مىسال

We go to work every day except on sunday.

يەكشەنبە كۈنىدىن باشقا كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەيمىز.

1) بۇ ئاددىي جۈملىدۇر. بۇ جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى (sv) خەۋەر + ئىگە.

2) «we» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، بۇ جۈملىدە ئىگە بولغان.

3) «go to work» پېئىللىق ئىبارە بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان.

4) «every day except on sunday» ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە بولۇپ، ۋاقىت ھالىتى بولغان.

I gave them several lectures on linguistics.

مەن ئۇلارغا تىلشۇناسلىق ھەققىدە بىر قانچە قېتىم لېكسىيە سۆزلىدىم.

1) بۇ ئاددىي جۈملە. بۇ جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى (svo. od) بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى + ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە.

2) «I» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ئىگە بولغان.

3) «gave» پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان.

4) «them» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بولغان.

5) «several lectures» ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، جۈملىدە بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولغان.

6) «on linguistics» ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە بولۇپ، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولغان، «lectures» نى ئېنىقلىغان.

Facts have proved these worries groundless.

ئەمەلىيەت بۇنداق ئەندىشە قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

1) بۇ ئاددىي جۈملە. بۇ جۈملىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى (svoc) تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى + تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە.

2) «facts» ئىسىم بولۇپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

3) «have proved» پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان.

4) «these worries» ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولغان.

5) «groundless» سۈپەت بولۇپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولغان.

## 2. تەڭداش جۈملىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن مىسال

It was getting late, so I quickened my steps.

كەچ بولۇپ كەتتى، شۇڭا مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم.

1) بۇ تەڭداش جۈملە. بۇ جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى (svo) تولدۇرغۇچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

+ خەۋەر + ئىگە + so + (svc) كېسىم خەۋەر + باغلامچى پېئىل + ئىگە

2) «it» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ئىگە بولغان.

3) «was getting late» خەۋەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «was getting» باغلامچى پېئىل، «late» بولسا كېسىم خەۋەر.

4) «so» باغلىغۇچى بولۇپ، ئىككى تارماق جۈملىنى ئۆز ئارا باغلىغان.

5) «I» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ئىگە بولغان.

6) «quickened» پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

7) «my steps» ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولغان.

The sun rose, and the fog dispersed.

قۇياش كۆتۈرۈلدى، تۇمان تارقىدى.

1) بۇ تەڭداش جۈملە بولۇپ، جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى (sv) خەۋەر + ئىگە + and + (sv) خەۋەر + ئىگە.

2) «the sun» خەۋەر بولۇپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

3) «rose» پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان.

4) «and» تەڭداش باغلىغۇچى بولۇپ، ئىككى تارماق جۈملىنى باغلىغان.

5) «the fog» ئىسىم بولۇپ، جۈملىدە ئىگە بولغان.

6) «dispersed» پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان.

He called at my house, but I was not at home.

ئۇ ئۆيۈمگە يوقلاپ كەپتۇ، ئەمما ئۆيدە بولماي قاپتىمەن.

1) بۇ تەڭداش جۈملە بولۇپ، جۈملە قۇرۇلمىسى (svc) كېسىم خەۋەر + باغلامچى پېئىل + ئىگە + but + (svo) تولدۇرغۇچى + خەۋەر + ئىگە

2) «He» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

3) «called at» ئىبارىلىك پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان.
4) «my house» ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە بولۇپ، تولدۇرغۇچى بولغان.
5) «but» تەڭداش باغلىغۇچى بولۇپ، ئىككى تارماق جۈملىنى باغلىغان.
6) «I» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.
7) «was not at home» جۈملىدە خەۋەر بولغان.

### 3. قوشما جۈملىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن مىسال

We can read of things that happened 5000 years ago in the Near East, where people first learned to write.

بىز 5000 يىل ئىلگىرى يېقىن شەرقتە يۈز بەرگەن ئىشلار يېزىلغان تارىخنى ئوقۇيالايمىز، ئۇ يەردىكى كىشىلەر تۇنجى بولۇپ خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن.

1) بۇ بىر قوشما جۈملە.
2) «we» كىشىلىك ئالماش بولۇپ، جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن.
3) «read of» پېئىل، جۈملىدە خەۋەر بولغان.
4) «things» ئىسىم، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولغان.
5) «that happened … to write …» ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە بولۇپ، «things» نى ئېنىقلىغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى «where people … to write» چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بولۇپ، «the Near East» نى تولۇقلاپ چۈشەندۈرگەن.

When an ionic reaction occurs, one or more electrons are transferred from one atom to another.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىئونلاردا رېئاكسىيە يۈز بەرگەندە، بىر ياكى بىر قانچە ئېلېكترون بىر ئاتومدىن يەنە بىر ئاتومغا يۆتكىلىدۇ.

1) بۇ قوشما جۈملە

2) one or more electrons are transferred from one atom to another باش جۈملە. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 《one or more electrons》 ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە بولۇپ، باش جۈملە بولغان؛ 《are transferred》 پېئىلنىڭ مەجھۇل شەكلى بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر بولغان؛ 《from one atom to another》 ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە بولۇپ، جۈملىدە ھالەت ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

3) 《when an ionic reaction occurs》 ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 《when》 بېقىندۇرما باغلىغۇچى بولۇپ، بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كەلگەن؛ 《an ionic reaction》 ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە بولۇپ، ئىگە بولغان؛ 《occurs》 پېئىل بولۇپ، جۈملىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

# جۈملە شەكلى

## (句型 Sentence Pattern)

جۈملە شەكلى جۈملىنىڭ ئاساسىي «قېلىپى» بولۇپ، خىلمۇ خىل جۈملىلەر ئەنە شۇ «قېلىپ» تىن ئۆزگەرگەن. ئىنگلىز تىلىدا بەش خىل ئاساسىي جۈملە شەكلى بار بولۇپ، ئۇلار پېئىل بىلەن زىچ باغلانغان.

1. «(SV) پېئىل — ئىگە» لىق قۇرۇلما

بۇ خىل جۈملە شەكلىدىكى پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىل بولغاچقا، كەينىدىن تولدۇرغۇچى ۋە تولۇقلىغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلەلمەيدۇ. بۇ خىل جۈملە شەكلىنىڭ تەركىبىدە ھالەت بولىدۇ.

تۆمۈر داتلىشىدۇ. Iron rusts.

Everybody laughed. ھەممەيلەن كۈلۈپ كەتتى.

The temperature fell. تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىدى.

Alim studies very hard. ئالىم ئۆگىنىشتە ناھايىتى تىرىشچان.

## 2. «(SVS) تولۇقلىغۇچى — پېئىل — ئىگە» لىق قۇرۇلما

بۇ خىل جۈملە شەكلىدىكى پېئىل باغلامچى پېئىل بولۇپ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باغلامچى پېئىل «be». «be» دىن باشقا يەنە بىر قەدەر كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باغلامچى پېئىللار بار. ئۇلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىر تۈرى «be» تۈرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىگە تۇرۇۋاتقان بىر خىل ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

stand, rest, smell, taste, look, seem, sound, prove

قاتارلىقلار. يەنە بىر تۈرىنىڭ مەنىسى «become» نىڭ مەنىسى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىگىنىڭ بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: bocome, run, grow, get قاتارلىقلار. ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچى قىسمى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك تارماق جۈملە قاتارلىقلاردىن تۈزۈلسە بولىدۇ.

Mr Snow is an engineer. سنوۋ ئەپەندى بولسا بىر ئىنژېنېر.

The game is interesting. بۇ ئويۇن بەك قىزىقارلىق.

The machine is out of order. ماشىنىدىن كاشىلا چىقتى.

The twin brothers are as like as two peas.

بۇ قوشكېزەك ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ.

This is what I said. مېنىڭ دېگىنىم دەل شۇ.

You do look well. كەيپىياتىڭ بەك ياخشى كۆرۈنىدىغۇ.

This plan seems impossible.

بۇ پىلان ئەمەلگە ئاشمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

The dish tasted wonderful. قورۇما ناھايىتى ئوخشاپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

Mary got very angry. مارى ناھايىتى ئاچچىقلاندى.

The price sounds reasonable. بۇ باھا خېلى لايىقىدا ئىكەن.

It is growing colder and colder.

ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ.

My father became blind when he was very young.

دادام ياپياش ۋاقتىدىلا كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتىكەن.

**3. «تولدۇرغۇچى — پېئىل — ئىگە» (SVO) لىك قۇرۇلما**

بۇ خىل جۈملە شەكلىدىكى خەۋەر پېئىلى ئۆتۈملۈك پېئىل بولۇپ، كەينىدىن تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلەلەيدۇ. بۇ خىل جۈملە شەكلىدە ئادەتتە ھالەت بولماي تۇرۇپمۇ تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي-پىكىرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. لېكىن، بەزى ئەھۋاللاردا ھالەت بولمىسا بولمايدۇ.

They opened the door. ئۇلار ئىشىكنى ئاچتى.

She is reading a novel. ئۇ رومان ئوقۇۋاتىدۇ.

He has been looking for his lost watch.

ئۇ ئېخىچە يىتۈپ كەتكەن سائىتىنى ئىزلەۋاتىدۇ.

The teacher treated us kindly.

مۇئەللىم بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

His sister put the vase on the table.

ئۇنىڭ ئاچىسى گۈل لوڭقىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

That man brought his suitcases upstairs.

ھېلىقى ئادەم چامىدانلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى.

**4. «تولۇقلىغۇچى — تولدۇرغۇچى — پېئىل — ئىگە» (SVOCO) لىك قۇرۇلما**

بۇ خىل جۈملە شەكلىدىكى خەۋەر پېئىلى پەقەت بەزى قوش تولدۇرغۇچىلىق ئۆتۈملۈك پېئىل بىلەنلا چەكلىنىدۇ ھەمدە ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىلىق ۋە بىۋاستە تولدۇرغۇچىلىق ئۆتۈملۈك پېئىل

ئەگەشتۈرۈپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن: write, buy, tell, send, give, envy, lend, bring, leave, cause قاتارلىقلار.

I never gave the matter a thought.

بۇ ئىشنى مەن ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان.

She sent her husband a telegram.

ئۇ ئېرىگە تېلېگراما سالدى.

He told us a most interesting story.

ئۇ بىزگە ناھايىتى قىزىقارلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەردى.

Mother bought me a dress for my birthday.

ئانام تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن بىر كۆڭلەك ئېلىپ بەردى.

The delay caused us a great deal of trouble.

ئىشنىڭ كېيىنگە سۈرۈلۈشى بىزگە ناھايىتى چوڭ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرۈپ بەردى.

I don't envy you your trip in this bad weather.

مەن سىنىڭ ھاۋا مۇشۇنداق ئوسال كۈندە سەپەرگە چىققىنىڭغا ھەۋەس قىلمايمەن (ھەسەت قىلمايمەن).

## 5. «(SVOCO) تولۇقلىغۇچى — تولدۇرغۇچى — پېئىل — ئىگە» لىك قۇرۇلما

بۇ خىل جۈملە شەكلىدىكى پېئىل مۇرەككەپ پېئىل. تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە، سۈپەت خاراكتېرلىك ئىبارە، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىل، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە قاتارلىقلاردىن تۈزۈلسە بولىدۇ.

People consider him a fool.

كىشىلەر ئۇنى ئەخمەق دەپ قارايدۇ.

I am finding him a rather difficult person to work with.

مېنىڭچە ئۇ بىر ئىشتا ئاسان چىقىشقىلى بولمايدىغان ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

We proved him wrong.

بىز ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق.

We must hold ourselves responsible to the people.

بىز چوقۇم ئۆزىمىزنى خەلققە مەسئۇل قىلىشىمىز كېرەك.

I can't have you running up and down the stairs all day.

مەن سىنىڭ كۈن بويى بىناغا چىقىپ-چۈشۈپ يۈرۈشۈڭگە قاراپ تۇرالمايمەن.

He asked me to keep the secret.

ئۇ مەندىن مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى ئۆتۈندى.

She got the TV set repaired.

ئۇ تېلېۋىزورنى ئوڭشاپ بولدى.

دىققەت: S=Subject (ئىگە)

V=Verb (پېئىل)

C=Complement (تولۇقلىغۇچى)

O=Object (تولدۇرغۇچى)

Oi=Indirect Object (ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى)

Od=Direct Object (بىۋاستە تولدۇرغۇچى)

Co=Object Complement

(تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى)

# جۈملە شەكلىنى ئالماشتۇرۇش
## (句型转换 Sentence Transformation)

لېكسىكىلىق ۋاستە ۋە گراماتىكىلىق ۋاستە ئارقىلىق بەزى ئىنگلىزچە جۈملىلەرنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئەسلى جۈملە بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان مەنىدە ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. جۈملە شەكلىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن ئاددىي جۈملە بىلەن

تەڭداش جۈملىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، ئاددىي جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش، تەڭداش جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار بار.

### 1. ئاددىي جۈملە بىلەن تەڭداش جۈملىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش

1) ئاددىي جۈملىنى تەڭداش جۈملىگە ئالماشتۇرۇشتا، كۆپىنچە هاللاردا ئاددىي جۈملىدىكى ئىبارە تارماق جۈملىگە ئۆزگەرتىلىدۇ ھەمدە باغلىغۇچى ئارقىلىق تەڭداش جۈملە ھاسىل قىلىنىدۇ.

In spite of his failure in the race, Charles did not feel discouraged.

گەرچە مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن چارلىز ھەرگىزمۇ مەيۈسلەنمىدى.

→Charles lost the rase but he didn't feel discouraged.

چارلىز گەرچە مۇسابىقىدە كەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ لېكىن قىلچە مەيۈسلەنمىدى.

To our great surprise, his plan succeeded.

بىزنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇنىڭ پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

→His plan succeeded, so we were greatly surprised.

ئۇنىڭ پىلانى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاچقا، بىز تولىمۇ ھەيران قالدۇق.

He came to late to see the first part of the show.

ئۇ ناھايىتى كېچىكىپ كەلگەچكە، ئويۇننىڭ بىرىنچى قىسمىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

→He came late, so he missed the first part of the show.

ئۇ كېچىكىپ كەلدى، شۇڭلاشقا ئويۇننىڭ بىرىنچى قىسمىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

You must take exercise every day to preserve your health.

ساغلام بولىمەن دەيدىكەنسەن، كۈندە چېنىقىپ بېرىشىڭ كېرەك.

→You must take exercise every day, or you won't preserve your health.

كۈندە چېنىقىشىڭ كېرەك، بولمىسا ساغلام بولالمايسەن.

Sleeping but little and thinking much, I find nights long.

ئۇنى-بۇنى ئويلاپ ئۇخلىيالمىغاچقا، كېچە ماڭا بەك ئۇزۇندەك تۇيۇلدى.

→I find nights long, for I sleep but little and think much.

كېچە ماڭا بەك ئۇزۇن بىلىندى، چۈنكى ھېلى ئۇ، ھېلى بۇ خىيالىمغا كىرىۋېلىپ ناھايىتى تەستە ئۇخلىدىم.

The day being fine, we went on an excursion.

ھاۋا ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، شەھەر سىرتىغا ساياھەت قىلغىلى چىقتۇق.

→The day was fine, so we went on an excursion.

ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى، شۇڭلاشقا بىز شەھەر سىرتىغا ساياھەت قىلغىلى چىقتۇق.

2) تەڭداش جۈملىنى ئاددىي جۈملىگە ئالماشتۇرغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا بىر تارماق جۈملە ئىبارىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ، شۇنداقلا تەڭداش باغلىغۇچى چىقىرىۋېتىلىپ (ئەگەر تەڭداش باغلىغۇچى بار بولسا)، ئاددىي جۈملىگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

Tom was poor in health, and therefore he was unable to work.

تومنىڭ تېنى ئاجىز، شۇڭا خىزمەت قىلالمايدۇ.

→Because of his poor health, Tom could not work.

سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا، توم خىزمەت قىلالمايدۇ.

Alim had to work harder, or he couldn't catch up with the

others.

ئالىم تېخىمۇ تىرىشمىسا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇ باشقىلارغا يېتىشەلمەيدۇ.

→Alim had to work harder so as to catch up with the others.

باشقىلارغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن ئالىم تېخىمۇ تىرىشمىسا بولمايدۇ.

He worked very hard, but he failed in the exam.

ئۇ ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن، بىراق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

→With all his hard work, he failed in the exam.

ئۇ ياخشى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

The child is six and he can start school.

بالا 6 ياشقا كىردى، مەكتەپكە كىرسە بولىدۇ.

→The child can start school at the age of six.

بالا 6 يېشىدا مەكتەپكە كىرسە بولىدۇ.

## 2. ئاددىي جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش

1) ئاددىي جۈملىنى قوشما جۈملىگە ئالماشتۇرۇشتا، ئادەتتە ئىسىم، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ياكى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن بەزى سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىبارە مۇناسىپ بېقىندى جۈملىگە كېڭەيتىلىپ، قوشما جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

It was a pity for them to miss such a good film.

بەك ئەپسۇس، ئۇلار مۇشۇنداق ياخشى فىلىمنىمۇ كۆرمەپتۇ.

→It was a pity that they missed such a good film. (تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

The question now is how to carry out the plan.

نۆۋەتتىكى مەسىلە ـ بۇ پىلاننى قانداق ئىجرا قىلىشتۇرۇش.

www.uyghurkitap.com

→The question now is how we should carry out the plan

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

He was fool enough to tell them everything.

ئۇ بەك ئەخمەق ئىكەن، ئۇلارغا ھەممە ئىشنى دەۋېتىپتۇ.

→He was so foolish that he told them everything.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

Every one of us dislikes this rule, the source of all troubles.

ھەممەيلەن بۇ قائىدىدىن بىزار، چۈنكى ئۇ بارلىق ئاۋارىچىلىقنىڭ مەنبەسى.

→Every one of us dislikes this rule, which is the source of all troubles.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش).

2) قوشما جۈملىنى ئاددىي جۈملىگە ئايلاندۇرۇشتا، بېقىندى جۈملە كۆپىنچە ھەر خىل مۇناسىپ ئىبارىلەرگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

The man who is coming this way is my chemistry teacher.

بۇ ياققا كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئادەم مېنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچۇم.

→The man coming this way is my chemistry teacher.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

Though it wäs raining, they had to work in the fields.

گەرچە يامغۇر يېغىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئېتىزدا ئىشلىمىسە بولمايتتى.

→In spite of the rain, they had to work in the fields.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

As soon as heard the new, he rushed to the scone.

ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا نەق مەيدانغا شۇ ھامان يېتىپ باردى.

→On hearing the news, he rushed to the scene.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

I was so tired that I could not walk any farther.

بەك ھېرىپ كەتكەچكە ئازراق ماڭغۇدەكمۇ مادارىم قالمىدى.

→I was too tired to walk any farther.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

As the sun set, we started for home.

كۈن ئولتۇرغاندا بىز ئۆيگە قايتتۇق.

→The sun setting, we started for home.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

I am thinking of what I should do next.

مەن كېلەركى قەدەمدە نېمە قىلىشىم كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن.

→I am thinking of what to do next.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

He advised that we start off early.

ئۇلار بىزگە بالدۇرراق يولغا چىقىڭلار دەپ تەكلىپ بەردى.

→He advised us to start off early.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

### 3. تەڭداش جۈملە بىلەن قوشما جۈملىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش

1) تەڭداش جۈملىنى قوشما جۈملىگە ئايلاندۇرۇشتا، تەڭداش جۈملە تەركىبىدىكى بىر تارماق جۈملە بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

Try again and you will succeed.

يەنە بىر تىرىشساڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىسەن.

→If you try again, you will succeed.

ئەگەر يەنە تىرىشساڭ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسەن.

Hurry up, or you will miss your train.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېزرەك بول، بولمىسا پويىزغا ئۈلگۈرەلمەيسەن.

→If you don't hurry, you will miss your train

ئەگەر سەن تېزرەك بولمىساڭ، پويىزغا ئۈلگۈرەلمەيسەن.

Mr Smith is seventy years old, but he still has good eyesight.

سمىت ئەپەندى 70 ياشقا كىرىپ قالدى، لېكىن كۆرۈش قۇۋۋىتى يەنىلا شۇنداق ياخشى.

→Although Mr Smith is seventy years old, he has good eyesight.

سمىت ئەپەندى گەرچە 70 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ياخشى.

I placed the book on the table and it is still there.

مەن كىتابنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدۇم، ئۇ ھازىرمۇ شۇ يەردە.

→The book that I placed on the table is still there.

مەن ئۈستەلگە قويۇپ قويغان ھېلىقى كىتاب ھازىرمۇ شۇ يەردە.

He loved her and she knew it.

ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

→She knew that he loved her.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

2) قوشما جۈملىنى تەگداش جۈملىگە ئايلاندۇرۇشتا، بېقىندى جۈملە كۆپىنچە بىر تارماق جۈملىگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

If milk is not kept in a cool place, it will go sour.

ئەگەر سۈت سالقىن جايدا ساقلانمىسا بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

→Milk must be kept in a cool place, or else it will go sour.

سۈتنى سالقىن جايدا ساقلاش كېرەك، بولمىسا بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

Although he has made great progress, yet he remains modest.

گەرچە ئۇ ناھايىتى ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شۇنداق كەمتەر.

→He has made great progress, but he remains modest.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

I threw the ball to Tom, who threw it to john.

مەن توپنى تومغا ئېتىپ بەردىم، توم ئۇنى يەنە جونغا ئېتىپ بەردى.

→I threw the ball to Tom and he threw it to john.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

He uses an old desk, one leg of which is broken.

ئۇ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بىر كونا پارتىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

→He uses an old desk and one of its legs is broken.

(تەرجىمىسى يۇقىرىدىكىسى بىلەن ئوخشاش)

## جۈملىنىڭ قىسقىرىشى
## (句子省略 Clausal Ellipsis)

جۈملىنىڭ قىسقىرىشى جۈملە ياكى بېقىندى جۈملىنىڭ پۈتۈنلەي ياكى كۆپ قىسمىنىڭ قىسقىرىپ كېتىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### 1. جۈملىنىڭ پۈتۈنلەي قىسقىرىشى

Are you a doctor? — Yes (I am a doctor).

سىز دوختۇرما؟

- ھەئە

Do you smoke? — No (I don't smoke).

سىز تاماكا چېكەمسىز؟

- ياق

You have done better this time (that you did before).

سەن بۇ قېتىم تېخىمۇ ياخشىراق قىلىشىڭ كېرەك.

I asked when she would leave, and she said she didn't know (when she would leave).

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنىڭدىن قاچان ماڭىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ بىلمەيمەن دېدى.

**2. جۈملىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ قىسقىرىشى**

I finished writing that story and it's going to be published.
— When (is it going to be published)?

مەن ھېلىقى ھېكايىنى يېزىپ بولدۇم، ئۇ پات يېقىندا نەشر قىلىنىدۇ.
ـ قاچان نەشر قىلىنىدۇ؟

They still have some copies in stock. — Did you ask how many (copies they have in stock)?

ئۇلارنىڭ ئىسكىلاتىدا بۇ كىتابتىن يەنە ئازراق بار.
ـ سەن قانچىلىك بارلىقىنى سوراپ باقتىڭمۇ؟

## جۈملىنى ئېنىقلايدىغان رەۋىش
## (句子副词　Adverb of Sentence)

جۈملىنى ئېنىقلايدىغان رەۋىش پۈتۈن جۈملىنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ ياكى پۈتۈن جۈملىگە قارىتا چۈشەنچە بېرىدۇ، ھەمىشە جۈملە بېشىدا كېلىدۇ، پەش ئارقىلىق جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. جۈملىنى ئېنىقلايدىغان رەۋىشلەرنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن luckily, generally , frankly , briefly , personally , unfortunately قاتارلىقلار بار.

Luckilly, no one was hurt.

ھېلىمۇ ياخشى ھېچكىم يارىلانمىدى.

Personally, I'm not interested in this detective story.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن بۇ رازۋېدكا ھېكايىسىنى ياخشى كۆرمىدىم.

Briefly, there is nothing more I can do about it.

قىسقىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىش توغرىسىدا زادىلا ئامالسىز قالدىم.

Unfortunately, he felt ill on his birthday.

قېرىشقاندەك، ئۇ تۇغۇلغان كۈنىدە ئاغرىپ قالدى.

# چ

## چاستوتا رەۋىشى
## (频率副词 Adverb of Frequency)

چاستوتا رەۋىشى 《How often》 (قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم) دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئادەتتە جۈملىدىكى ئاساسلىق پېئىلنىڭ ئالدىدا بولىدۇ. چاستوتا رەۋىشىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن، scarcely، rarely، seldom، never، always، frequently، occasionally، almost، often، regulary قاتارلىقلار بار.

She <u>always</u> does her work well.

ئۇ خىزمىتىنى ئىزچىل ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

Jane has <u>never</u> done that before.

جېن ئەزەلدىن ئۇنداق قىلىپ باقمىغان.

We <u>occasionally</u> saw her walking along the river bank.

بىز ئۇنىڭ دەريا بويىدا مېڭىپ يۈرگىنىنى ئاندا-ساندا كۆرۈپ قالىمىز.

Take the medicine <u>regulary</u> three times a day.

دورا بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ۋاقتىدا يېيىلىدۇ.

## چەككىلەش پېئىلى
## (反身动词 Reflexive Verb)

چەككىلەش ئالماشنى بىۋاستە تولدۇرغۇچى قىلىدىغان پېئىل چەككىلەش پېئىلى دېيىلىدۇ. چەككىلەش پېئىلىنىڭ كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن abandon oneself to (مەلۇم بىر ئىشقا قاتتىق بېرىلىپ كەتمەك)، lose oneself in (پۈتۈن ئەسيادى بىلەن؛ مەپتۇن بولماق؛ بېرىلىپ كەتمەك)، behave oneself (يۈرۈش-تۇرۇشى جايىدا)، fling oneself (سەكرەپ كىرمەك، ئاتلانماق، كىرىشمەك)، address oneself (to) (مەلۇم بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولماق؛ بايان قىلماق، شەرھلىمەك)، absent oneself from (قاتناشماسلىق، كەلمەسلىك)، apply oneself to (پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماق)، assert oneself (ئۆزىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش)، assure oneself (ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش)، enjoy oneself (كۆڭۈللۈك ئوينىماق)، avenge oneself on (... دىن ئۆچ ئالماق)، present oneself (مەيدانغا بارماق، ھازىر بولماق)، pull oneself together (روھلانماق، جانلانماق)، show oneself (پەيدا بولماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك)، take oneself off (ئايرىلماق، كەتمەك)، throw oneself into (... غا ئۆزىنى بېغىشلىماق)، thrust oneself into (... غا ئۆزىنى بېغىشلىماق) قاتارلىقلار بار.

He abandoned himself to grief.

ئۇ ئازابتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.

I need to rest now, but from now on you should behave yourself.

مەن ھازىر ئارام ئالىمەن، بىراق ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بول.

The guard flung himself to the ground as the bullets flew past overhead.

ئوقلار مۇھاپىزەتچىنىڭ بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋېدى، ئۇ دەرھال يەرگە يېتىۋالدى.

There are two question to which I will address myself in this lecure.

بۈگۈنكى لېكسىيىدە مەن ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

# چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

## (限制性定语从句 Restrictive Attributive Clause)

چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئېنىقلانغان سۆزگە قارىتا چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلاش رولىنى ئويناشتا كەم بولسا بولمايدۇ. چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئەگەر قىسقارتىۋېتىلسە، پۈتۈن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىر چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ. چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن ئۇ ئېنىقلىغان سۆزنىڭ ئارىسىدا پەش كەلمەيدۇ.

### 1. چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئادەمنى ئېنىقلايدۇ.

بۇ تۈردىكى بېقىندى جۈملىنى ئادەتتە whom، who، whose، which، that قاتارلىق مۇناسىۋەت ئالمىشى باشلاپ كېلىدۇ.

1) who (بەزىدە that) بېقىندى جۈملىدە ئىگە بولىدۇ.

An old friend of mine who serves in the army came to see me yesterday.

ئارمىيىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن بىر كونا دوستۇم تۈنۈگۈن مېنى كۆرگىلى كەپتۇ.

The superior people are those who understand the times

زاماننى چۈشەنگۈچى دانىشمەن بولىدۇ.

There are only a few men that live in that village

ئۇ كەنتتە پەقەت بىر نەچچە ئادەملا تۇرىدۇ.

2) «whom» ياكى «that» بېقىندى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئالدىدا ئالدى قوشۇلغۇچى بولسا، پەقەت «whom» نىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسقارتىۋېتىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

The man (whom) they wanted to visit is a scientist.

ئۇلار زىيارەت قىلماقچى بولغان ھېلىقى كىشى بىر ئالىم.

Have you met the person (that) he was speaking about?

Have you met the person about whom he was speaking

ئۇ دەۋاتقان ھېلىقى ئادەمنى سىز كۆرگەنمۇ؟

3) «that» ياكى «which» بېقىندى جۈملىدە كېسىم خەۋەر بولىدۇ، بەزىدە قىسقارتىۋېتىلىسىمۇ بولىدۇ.

I'm not the fool you thought me.

مەن سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس.

The modern aircraft is no longer the airplane (which) it was before.

ھازىرقى ئايروپىلانلار ئىلگىرىكى ئايروپىلانلارغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.

The city of Shanghai is no longer the city (that) it was in the past.

ھازىرقى شاڭخەي بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئۆزگىرىپ كەتتى.

4) «whose» بېقىندى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، ئادەتتە ئادەمگە ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە نەرسىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ چاغدىكى مەنىسى «of which» بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

I know a lady whose daughter is a film star.

مەن بىر خانىمنى تونۇيمەن، ئۇنىڭ قىزى كىنو چولپىنى.

I just spoke to the girl whose umbrella is missing

مەن ھېلىقى قىزغا گەپ قىلىپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا، ئۇنىڭ كۆنلۈكى يوقاپ كەتتى.

The building whose roof we can see from here is a hotel.

ئۆگزىسى بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ بىنا بولسا بىر مېھمانخانا.

5) «that» بىرلا ۋاقىتتا ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىككى

تەڭداش ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنى باشلاپ كېلىدۇ.

The pupil and his small invention that you introduced to us arouse our great interest.

سىز بىزگە تونۇشتۇرغان ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ كىچىك كەشپىياتى بىزنىڭ قىزىقىشىمىزنى قوزغىدى.

We admire the scientist and his achievement that you told us about very much.

بىز سىز دېگەن ھېلىقى ئالىمغا ۋە ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئىنتايىن قايىل.

The guests spoke highly of the children and their performances that they saw at the Children's Palace.

مېھمانلار ياش-ئۆسمۈرلەر سارىيىدا كۆرگەن بالىلارغا ۋە ئۇلار ئورۇندىغان نومۇرلارغا يۇكسەك تەشەككۇر ئېيتتى.

6) «that» باشلاپ كەلگىنى «there be» لىق قۇرۇلمىلىق بېقىندى جۈملە بولسا، «that» ھەم ئادەمنى ھەم نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا قىسقارتىۋېتىلىدۇ.

This is the fastest train there is to Beijing.

بۇ بېيجىڭغا قاتنايدىغان ئەڭ تېز پويىز.

He is supposed to be a gifted player there has ever been.

ئۇ ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تالانتلىق ئارتىس قىلىپ يېتىشتۈرۈلمەكچى.

I must make full use of the time there is left to me in the university and learn as mush as I can.

مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوقۇش ھاياتىمدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىمكانقەدەر كۆپرەك نەرسە ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىمەن.

2. چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى ئىپىنقلايدۇ.

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى ئادەتتە that ياكى which باشلاپ كېلىدۇ.

1) that بېقىندى جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

The parcel that came just now was from my uncle.

بايا كەلگەن پوسۇلكىنى تاغام ئەۋەتكەن.

As for clothes, only those that were really needed should be bought.

كىيىم-كېچەكنى زادى سېتىۋالمىسا بولمايدىغان چاغدىلا ئاندىن سېتىۋېلىش كېرەك.

Thank you for the present that you sent me.

ماڭا ئەۋەتكەن سوۋغىتىڭىزغا رەھمەت.

This is the book that I've been looking for every where.

بۇ دەل مەن ئىزدەپ ھەممە يەرنى قېزىۋەتكەن ھېلىقى كىتاب شۇ.

2) which بېقىندى جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

Did you see the newspaper which came this morning.

بۈگۈن ئەتىگەن كەلگەن گېزىتنى كۆردىڭىزمۇ؟

This is the book which caused such a sensation.

غۇلغۇلا قوزغىغان ھېلىقى كىتاب شۇ.

The film which I saw last nightis about a young teacher.

مەن تۈنۈگۈن ئاخشام كۆرگەن ھېلىقى كىنو بىر ياش ئوقۇتقۇچىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

Here is the machine about which I told you the other day.

مانا بۇ مەن ساڭا نەچچە كۈن ئىلگىرى دېگەن ھېلىقى ماشىنا شۇ.

3) «same» «as» بىلەن «such» نىڭ كەينىدە كەلگەندە مۇناسىۋەت ئالمىشى ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، بېقىندى جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى كېسىم خەۋەر بولىدۇ. «as» باشلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملە ھەم ئادەمنى، ھەم نەرسىنى ئىپىنقلايدۇ.

Let's discuss only such question as concern everyone of us.

بىز ھەممىيلەنگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە ئۈستىدىلا پاراڭلىشايلى.

Such views as are mentioned in this article shouldbe discussed.

بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ كۆز قاراشلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

I've never heard of such things as he mentioned.

مەن ئۇ تىلغا ئالغان ئاشۇ ئىشلارنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

You are telling us the the same story as we were told yesterday.

سەن دەۋاتقان ھېلىقى ھېكايىنى بىز تۈنۈگۈنلا ئاڭلىغان.

Now our village is no longer the same as it was a few years ago.

ھازىرقى يېزىمىز نەچچە يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشىماي قالدى.

Having lived in the countryside for half a year, my sister is no longer the same as she was.

سىڭلىم يېزىدا يېرىم يىل تۇرغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ.

**3. چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە باشقا بۆلەكلەرنى ئېنىقلايدۇ.**

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى ئادەتتە why, where, when قاتارلىق مۇناسىۋەت رەۋىشلىرى باشلاپ كېلىدۇ.

1) «when» ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، بېقىندى جۈملىدە ۋاقىت رەۋىشى بولىدۇ.

Have you set the day when you will move?

كۆچىدىغان كۈننى بېكىتتىڭىزمۇ؟

Sunday is the day when I am least busy.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەكشەنبە مەن خېلى سىلكىپ قالىدىغان كۈن.

2) «where» ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە ئورۇن رەۋىشى بولىدۇ.

That is the house where I dwelled.

ئاۋۇ مەن ئىلگىرى ئولتۇرغان ئۆي.

Nothing can grow on the moon where there is neither water nor air.

ئاي شارىدا سۇمۇ، ھاۋامۇ يوق، ئۇ يەردە ھېچقانداق نەرسە ياشىيالمايدۇ.

3) «why» سەۋەبنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە سەۋەب ھالىتى بولىدۇ. «reason»«why» دىن كېيىن كەلگەن ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە ئادەتتە قىسقىرىپ كېتىدۇ.

This is the reason (why) I came here.

بۇ دەل مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەب.

This is the reason (why) we started so early.

بۇ دەل بىزنىڭ شۇنچە بالدۇر يولغا چىقىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

[قېيىن نۇقتا تەھلىلى]

مۇناسىۋەت ئالمىشى «that» چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلىغۇچى جۈملىنى باشلاپ كېلەلەيدۇ، بىراق تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئادەتتە «that» ئىشلىتىلىدۇ.

1. «that» نەرسىنى كۆرسىتىدىغان everything، anything، none، much، all، nothing، something قاتارلىق ئېنىقسىز ئالماشلاردىن كېيىن كېلىدۇ.

Is there anything that I can do for you?

مەن ساڭا قىلىشىپ بەرگۈدەك بىرەر ئىش بارمۇ؟

There is much in this book that is worth reading.

بۇ كىتابتا بىر ئوقۇپ قويۇشقا ئەرزىگۈدەك نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

We can surely get over all the difficulties that may come up.

بىز يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى جەزمەن يېڭەلەيمىز.

2. «that» ئالدىدا next, last, the same, the very, only قاتارلىق چەكلىگۈچى سۆز بار بولغان باش سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ.

There are very few rules of grammar that do not have exceptions.

ناھايىتى ئاز ساندىكى گىراماتىكىلىق قائىدە يۈنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

He is the only person (that) I know there.

ئۇ يەردە مەن پەقەت ئۇنىلا تونۇيمەن.

3. «that» ئالدىدا سۈپەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى بار بولغان باش سۆزدىن كېيىن ئىشلىتىلگەندە، ئادەتتە كۆرسەتسىمۇ، ئەرسىتى كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ. بېقىندى جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولغاندا قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ.

He is the most diligent student (that) I have ever taught.

ئۇ مەن دەرس ئۆتكەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئەڭ تىرىشچان ئوقۇغۇچى.

This is the best English film (that) we have ever seen.

بۇ ئىنگلىزچە فىلىم بىز كۆرگەن فىلىملەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى.

That's the most expensive hotel (that) we have ever stayedin.

بۇ بىز چۈشكەن مېھمانخانىلار ئىچىدىكى ئەڭ قىممەت مېھمانخانا.

4. «that» ۋاقىت، ئارىلىق، ئۇسۇل قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان باش سۆزدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا «that» كۆپىنچە ئەھۋالدا قىسقارتىۋېتىلىدۇ.

We left the day (when) she arrived.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىز ئۇ كەلگەن كۈنى كەتكەن.

The distance (that) light travels in one second is 300000 kilometres.

يورۇقلۇق سېكۇنتتا 300 مىڭ كىلومېتىر يىراقلىققا يېتىپ بارىدۇ.

The way (that) these comrades look at problems is wrong.

بۇ يولداشلارنىڭ مەسىلىگە قاراش ئۇسۇلى توغرا ئەمەس.

## چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى
## (限制性定语　Restrictvie Attribute)

چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچى ئادەم ياكى نەرسىلەرنى ئوخشاش تۈر ئىچىدىن پەرقلەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئېنىقلىغۇچىدۇر. چەكلىمە خاراكتېرلىك ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل شەكلى بار:

### 1. ئاددىي شەكلى

بۇ تۈردىكى ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار.

| | |
|---|---|
| the main reason | ئاساسىي سەۋەب |
| the only occasion | بىردىنبىر سورۇن |
| the principal objection | ئاساسىي كەمچىلىك |
| the same student | ئوخشاش ئوقۇغۇچى |

### 2. ئىبارىلىك شەكلى

I like the girl sitting on the right.

مەن ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان قىزنى ياخشى كۆرىمەن.

His refusal to come to our English Evening was most disappointing.

ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى كېچىلىكىمىزگە قاتنىششىنى رەت قىلىشى كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى.

3. بېقىندى جۈملە شەكلى

Jenny works for a company that makes typewriters.

جېنني خەت ئۇرۇش ماشىنىسى (پرىنتىر) ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر شىركەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

Such people as you describe are rare nowadays.

سىز تەسۋىرلەپ بەرگەن بۇنداق ئادەملەر ھازىر تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

I shall never forget the day when we first met.

مەن بىز تۇنجى كۆرۈشكەن ئاشۇ كۈننى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

## چەكلىگۈچى سۆز
## (限定词 Determiner)

چەكلىگۈچى سۆز بىر خىل رول سۆز بولۇپ، ئۇ ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىدە مەركىزىي سۆزگە نىسبەتەن ئالاھىدە كۆرسىتىش، چەككىلەپ كۆرسىتىش ياكى سان، مىقدارنى بىلدۈرۈش قاتارلىق چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. چەكلىگۈچى سۆز ئارتىكل (a, an, th)، سۈپەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش (my, your, his قاتارلىقلار)، سۈپەت خاراكتېرلىك كۆرسىتىش ئالماش (this, that قاتارلىقلار)، ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش (my, father's, Mr Brown's قاتارلىقلار)، ساناق سان one, two, three قاتارلىقلار)، تەرتىپ سان (the first, the fifth,) the ninth قاتارلىقلار) ۋە باشقا سان مىقدار سۆزلىرى (mush, several, a great deal of قاتارلىقلار) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقا (ever) which (ever), what ۋە whose لارمۇ مۇشۇنداق چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

## 1. چەكلىگۈچى سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ تۈرلىرى

1) ئالاھىدە كۆرسىتىدىغان چەكلىگۈچى سۆز

| | |
|---|---|
| this bag | بۇ سومكا |
| my bag | مېنىڭ سومكام |

2) ئالاھىدە ئېنىقلاپ كۆرسىتىدىغان چەكلىگۈچى سۆز

| | |
|---|---|
| some bags | بىر قانچە سومكا |
| a bag | بىر سومكا |

3) سان-مىقدارنى بىلدۈرىدىغان چەكلىگۈچى سۆز

| | |
|---|---|
| many student's | نۇرغۇن ئوقۇغۇچى (سانى ئېنىق ئەمەس) |
| ten students | 10 ئوقۇغۇچى (سانى ئېنىق) |

## 2. چەكلىگۈچى سۆزنىڭ ئورۇن تەرتىپى

ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆزدىن ئىلگىرى ئەگەر ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق چەكلىگۈچى سۆز كەلسە، ئۇلارنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىنى ئويلىشىش كېرەك.

چەكلىگۈچى سۆز ئۆزىنىڭ ئوخشىمىغان بىرىكىش ئورنىغا ئاساسەن ئوتتۇرىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز، ئالدىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز ۋە كەينىدە كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: students (كەينىدە) four (ئوتتۇرىدا) the (ئالدىدا) all

تۆت ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى.

1) ئالدىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز (predeterminer)

قاتارلىقلار: all, both, half, double, twice, three times, one—third, two—thirds قاتارلىقلار؛

2) ئوتتۇرىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز

: (Central determiner)

قاتارلىقلار؛ the, a(n), this, that, these, those, my, your, their some neither, either, each, every, قاتارلىقلار؛ John's, his brother's no, any, which (ever), what (ever), much, enough, whose قاتارلىقلار.

3) كەينىدە كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز one, two, three: (Postdeterminer) قاتارلىقلار؛ first (the), second (the) قاتارلىقلار؛ (the) last (the), next (the), other (the) قاتارلىقلار؛ next, (the) last, (the) other many, (a) few, (the) قاتارلىقلار؛ least, less, fewest (the), fewer, (a) little, a lot of, plenty of, several, (the) most, more, a, great (good large,) number of, a large (small) amount of, such قاتارلىقلار؛

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. چەكلىگۈچى سۆز بىلەن ھەر خىل ئىسىملارنىڭ ماسلىشىشى

1) ئۈچ خىل ئىسىم (سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىكى، كۆپلۈكى ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم) بىلەن بىرىكەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆزلەردىن my, your, the قاتارلىق سۆيەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماشلار؛ Mary's, that girl's قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىشى؛ some, any, no, all other, such, what (ever) whose, which (ever) قاتارلىقلار بار.

<u>the</u> bag

<u>the</u> bags

<u>the</u> money

<u>my</u> bag

<u>my</u> bags

<u>my</u> money

<u>Mary's</u> bag

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Mary's bags

Mary's money

no bag

no bags

no money

whose bag

whose bags

whose money

2) پەقەت سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىكى بىلەنلا بىرىكەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆزدىن a(n) each, every, either one قاتارلىقلار بار.

an orange

one brother

every student

each worker

either way

neither word

3) پەقەت سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈكى بىلەنلا بىرىكەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆپەتلەردىن both, these, several fewest, fewer, (a)few, those, a(great, good, etc) number of, two, three قاتارلىقلار بار.

both answers

(a) few students

several desks

these/those books

a number of students

five teachers

4) سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ ھەم بىرلىك شەكلى ھەم كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرىكىپ كېلەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆزلەردىن the first قاتارلىق تەرتىپ سان؛ the last, the next, the other, many قاتارلىقلار بار.

the other boy

the other boys

many a ship

many ships

5) پەقەت سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملار بىلەنلا بىرىكەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆزلەردىن (a) little, a bit of, a great (large) amount of, a great deal of, much قاتارلىقلار بار.

a great deal of attention

little ink

a large amount of money

much rice

6) ھەم سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بىلەن ھەم سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن بىرىكەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆزلەردىن (the) least, this, that قاتارلىقلار بار.

the least understanding

this/that tea

the least sign of respect

this/that book

7) ھەم سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بىلەن ھەم سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرىكەلەيدىغان چەكلىگۈچى سۆزلەردىن a lot of, lots of, plenty of, enough more, most قاتارلىقلار

a lot of rain

a lot of people

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

plenty of food
plenty of chairs
more money
more students

2. چەكلىگۈچى سۆزلەر ئارىسىدىكى ماسلىشىش مۇناسىۋىتى

1) چەكلىگۈچى سۆزلەر ئارىسىدىكى بىرىكىش تەرتىپى ھەمىشە ئالدىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز — ئوتتۇرىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز — كەينىدە كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆز تەرتىپى بويىچە بولىدۇ.

all (ئالدىدا) the (ئوتتۇرىدا) five (كەينىدە) students
twice (ئالدىدا) my (ئوتتۇرىدا) income
two (ئالدىدا) such (كەينىدە) books
Mary's (ئوتتۇرىدا) next (كەينىدە) birthday

2) ئالدىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزنىڭ ئارىسىدا ياكى ئوتتۇرىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزنىڭ ئارىسىدا تەرتىپ بۇزۇلىدۇ، يەنى ھەربىر ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىدىكى مەركىزىي سۆزنىڭ ئالدىدا بىرلا ۋاقىتتا ئالدىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزدىن ئىككىسى ياكى ئوتتۇرىدا كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزدىن ئىككىسى كېلەلمەيدۇ. كەينىدە كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزنىڭ ئارىسىدا تەرتىپ بۇزۇلۇش ھادىسىسى كۆرۈلمەيدۇ، يەنى بىر ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىدىكى مەركىزىي سۆزنىڭ ئالدىدا، كەينىدە كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزدىن ئىككىسى كەلسە بولىدۇ. ئەمما كەينىدە كېلىدىغان چەكلىگۈچى سۆزنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر قەدەر تۇراقلىق بولىدۇ، خالىغانچە ئالمىشىش ھادىسىسى كۆرۈلمەيدۇ.

the first (كەينىدە) two (كەينىدە) customers
another (كەينىدە) three (كەينىدە) hours
five (كەينىدە) other (كەينىدە) students
many (كەينىدە) more (كەينىدە) books

# چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان پېئىل
# (限定动词　Finite Verb)

پېئىل خەۋەر بولغاندا، چوقۇم ئىگىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يەنى ئىگىسىنىڭ قانچىنچى شەخس ئىكەنلىكى ۋە شۇ شەخسنىڭ كۆپلۈك ياكى بىرلىك ئىكەنلىكى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلايدۇ ھەمدە زامان، پېئىل دەرىجىلىرى، ئىنتوناتسىيىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

## 1. شەخسنىڭ ئۆزگىرىشى

John <u>was</u> a gentleman.

جون تەربىيە كۆرگەن ئادەم. (Ⅲ شەخس بىرلىك)

We <u>were</u> almost good-natured and helpful.

بىز ھەر دائىم باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ۋە ياردەم بېرىشنى خالايمىز. (I شەخس كۆپلۈك)

Virginia <u>has</u> a proud history.

ۋىرگىنىيىنىڭ تارىخى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ، (Ⅲ شەخس بىرلىك)

Chinese people <u>have</u> the ability to make their national reunification a reality.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قۇربىتى يېتىدۇ. (Ⅲ شەخس كۆپلۈك)

## 2. سان ئۆزگىرىشى

It <u>is</u> getting cold.

ھاۋا سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ. (Ⅲ شەخس بىرلىك)

My hands <u>are</u> numb with cold.

قوللىرىم توڭلاپ قاتتىق كەلمەي قالدى. (Ⅲ شەخس كۆپلۈك)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 3. زاماننىڭ ئۆزگىرىشى

They visited the Kashkar last year.

ئۇلار بۇلتۇر قەشقەرنى زىيارەت قىلدى. (ئۆتكەن زامان)

They will visit London next year.

ئۇلار كېلەر يىلى لوندوننى زىيارەت قىلىدۇ. (كېلىدىغان زامان)

### 4. پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

Let's greet the hero with loud applause.

قەھرىماننى قىزغىن چاۋاكلىرىمىز بىلەن كۈتۈۋالايلى. (ئۆزلۈك دەرىجە)

His words were greeted with long and thunderous applause.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى خېلى ئۇزۇنغىچە ياڭرىدى. (مەجھۇل دەرىجە)

### 5. ئىنتوناتسىيىنىڭ ئۆزگىرىشى

Be quiet, please!

تىنچلىنىڭلار! (بۇيرۇق)

If only I could fly.

ئۇچالايدىغان بولۇپ كەتسەمچۇ ئىسىت. (ساختا راي)

## چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىل
## (非限定动词 Infinite Verb)

چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىل مۇستەقىل خەۋەر بولالمايدىغان پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شەكىل جەھەتتە ئىگىنىڭ شەخس ۋە سانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان پېئىلنىڭ

ھەرىكەتنام، پېئىلنىڭ تارماق شەكلى (پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكلى بار.

Keep moving! You can't get back in there.

ئېرى كەت! ئۇ يەردە تۇرۇۋالساڭ بولمايدۇ. (ھەرىكەتنام)

She could not bring herself to lie to the boy.

ئۇنىڭ بالىغا يالغان گەپ قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. (پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى)

During the day, the passengers sat on the top deck, admiring the view …

يولۇچىلار كۈندۈزدە ئۈستۈنكى پالۋىغا چىقىپ مەنزىرىنى تاماشا قىلىدۇ … (پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى)

# چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى
# (非限制性定语 Non-restrictive Attribute)

چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى ئۆزىگە خاس بولغان مۇستەقىل ئالاھىدىلىكى ھازىرلىغان ئادەم ياكى شەيئىنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرىدىغان ئېنىقلىغۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئېنىقلىغۇچى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

## 1. سۆز ياكى ئىبارە شەكلىدىكى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى

بۇ خىلدا يەنە مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال بار:

1) سۈپەت چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

بۇنداق ئېنىقلىغۇچىدا، ئېنىقلانغان بۆلەكنى ئايرىشتا پەش قويۇلمايدۇ. بۇنداق ئېنىقلىغۇچىنى پەرق ئېتىش ئۆلچىمى - چەكلىمىگە

www.uyghurkitap.com

ئۆچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى پەقەت ئادەتتىكى تەسۋىرلەش رولىنىلا ئوينايدۇ. ئەگەر قىسقارتىۋېتىلسە، جۈملە بىلدۈرمەكچى بولغان مەنە ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئېنىق بولىدۇ. ئەگەر چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ئېنىقلىغۇچى بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولسا، ئۇنىڭ ئورنى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ.

Big Jim is an absent-minded young man.

دارازا جىم ھاڭۋاقتى يىگىت.

China is a great modernized socialist country.

جۇڭگو زامانىۋىلاشقان ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دۆلەت.

2) پېئىلنىڭ تارماق شەكلى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

بۇنداق ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغان بۆلەكتىن پەش ياكى سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئورنى مۇقىم بولمايدۇ.

The sun's light energy—called radian energy —can be changed into heat energy.

قوياش ئېنېرگىيىسى ـــ رادىئاتسىيىلىك ئېنېرگىيىنى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

Discovered almost by accident, the substance has revolutionized medicine.

تاسادىپىي بايقالغان بۇ ماددا مېدىتسىنا ساھەسىدە ئىنقىلاب پەيدا قىلدى.

## 2. بېقىندى جۈملىلىك چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى

بۇنداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلىنىدىغان بۆلەكتىن پەش ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. ئۇلار جۈملىدە تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈش ياكى كۆتۈلمىگەن ئىشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش رولىنى ئوينايدۇ. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ئادەم، نەرسىنى ھەمدە

پۈتۈن جۈملىنى ئېنىقلايدۇ.

Tom's father, <u>who is 80</u>, goes swimming every day.

تومنىڭ دادىسى 80 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر كۈنى سۇ ئۈزگىلى بارىدۇ.

He tried on three jackets, <u>none of wich fit him.</u>

ئۇ بوغماق چاپاندىن ئۈچنى سىناپ باقتى، ئەمما ھېچقايسىسى ياراشمىدى.

Jack drove too fast, <u>which was reckless.</u>

جەك ماشىنىنى ئۆلگۈدەك تېز ھەيدىدى.

# چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

# (非限制性定语从句)

# (Non-restrictive Attributive Clause)

چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە پەقەت باش سۆزنىلا تولۇقلاش ياكى قوشۇمچە چۈشەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، بەزىدە باش جۈملە بىلەن سەۋەب-نەتىجە، بۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. ئەگەر قىسقارتىۋېتىلسە، جۈملىنىڭ مەنىسىگە تەسىر يەتمەيدۇ. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە بىلەن ئۇ ئېنىقلىغان باش سۆزنىڭ ئارىسىدا پەش كېلىدۇ.

**1. مۇناسىۋەت ئالمىشى باشلاپ كېلىدىغان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە**

ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت ئالماشلىرىنىڭ ئادەمنى ئېنىقلايدىغانلىرىدىن who (باش كېلىش) ، whom (چۈشۈم كېلىش) ، whose (ئىگىلىك كېلىش) قاتارلىقلار بار؛ نەرسىنى ئېنىقلايدىغانلىرىدىن which (باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش) ، whose ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

of which (ئىگىلىك كېلىش) قاتارلىقلار بار.

I've talked to Mr Jones, who is willing to help you.

جونس ئەپەندى بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدىغان بولدى.

How much we respect Emmy now, whom we used to despise so much.

بىز هازىر ئېمىنى تولىمۇ هۆرمەتلەيمىز، ئىلگىرى ئۇنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتۇق.

My teacher, whom you have just met, is good at drawing pictures.

سەن بايا كۆرگەن بىزنىڭ مۇئەللىم، ئۇ رەسىم سىزىشقا بەك ئۇستا.

We sympathized with the little boy, whose parents died in an accident.

بۇ كىچىك بالىغا هېسداشلىق قىلىمىز كەلدى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بىر هادىسىدە قازا قىلىپ كەتكەنىكەن.

The problem, which us complicated, has been solved.

مەسىلە مۇرەككەپ بولسىمۇ، لېكىن هەل قىلىندى.

He is reading a novel, the name of which I can't remember.

ئۇ بىر رومان ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمما رومانىنىڭ ئىسمى يادىمدا قالماپتۇ.

Our flat is in the building, whose roof we can see from here.

بىزنىڭ ئۆي ئاۋۇ بىنادا، بۇ يەردىن ئۇ بىنانىڭ ئۆگزىسىنى كۆرەلەيمىز.

## 2. مۇناسىۋەت رەۋىشى باشلاپ كېلىدىغان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

مۇناسىۋەت رەۋىشى when بىلەن where مۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلەلەيدۇ.

In the old days, when I was child, there was no factory in the countryside.

ئىلگىرى - مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمدا يېزىدا زاۋۇت يوق ئىدى.

I'm seeing teacher Alim tomorrow, when he will be back from Aksu.

مەن ئەتە ئالىم مۇئەللىمنى كۆرگىلى بارىمەن، ئەتە ئۇ ئاقسۇدىن قايتىپ كېلىدۇ.

He went to the book exhibition, where he saw a lot of new books.

ئۇ كىتاب كۆرگەزمىسىنى كۆرگىلى باردى، ئۇ يەردە ئۇ نۇرغۇن يېڭى كىتابلارنى كۆردى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىدىكى باش سۆز بەزىدە باش جۈملىدىكى بىر ئىبارە ياكى بېقىندى جۈملە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى مۇناسىۋەت ئالمىشى which باشلاپ كېلىدۇ.

He is very particular about wording, which I am not.

ئۇ گەپ-سۆزگە ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ، ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەس.

When deeply absorbed in study, which he often was, John would forget all about eating and sleeping.

جون ھەر دائىم پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان بولغاچقا، ھەتتا تاماق يېيىش ۋە ئۇخلاشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ.

2. مۇناسىۋەت ئالمىشى which يەنە باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پۈتۈن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ چاغدا، بېقىندى جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلى Ⅲ شەخس بىرلىكتە كېلىدۇ.

The chemistry examination was postoponed, which was exactly

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

what we wanted.

خىمىيە ئىمتىھانىنىڭ ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلدى، بىز مۇ دەل شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ تۇراتتۇق.

The sun heats the earth, which makes it possible for plants to grow.

قۇياش يەر شارىنى ئىسسىتىپ تۇرغاچقا، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

3. مۇناسىۋەت ئالمىشى as چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىپ، پۈتۈن باش جۈملىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. تەرجىمىسى «خۇددى» ياكى «… غا ئوخشاش» بولۇپ چىقىدۇ. جۈملىنىڭ بېشى، ئاخىرى ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىۋېرىدۇ.

As everyone knows, all that glitters is not gold.

ھەممە ئادەمنىڭ بىلگىنىگە ئوخشاش، پارقىرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

Lincoln was assassinated in a theatre by an actor, as is described in this book.

خۇددى مۇشۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگىنىگە ئوخشاش، لىنكولىن بىر تىياتىرخانىدا بىر ئارتىست تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## چۈشۈم كېلىش
## (宾格 Objective Case)

ئالماش جۈملىدە تولدۇرغۇچى ياكى ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى بولغاندا، چوقۇم ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: him, you, me, her, it, us, them, whom قاتارلىقلار.

Whom did you see?

كىمنى كۆردۇڭ؟ (تولدۇرغۇچى)

I had no objection to spending this weekend with them.

مەن بۇ ھەپتە ئاخىرىنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشكە قارشى ئەمەس. (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

كىشىلىك ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ئادەتتە جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ، ئەمما تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا ئىگە رولىنى ئۆتەيدۇ.

1. ھەرىكەتنامىلىق ئىبارىدىن تۈزۈلگەن لوگىكىلىق ئىگە

He was chosen because of him (his) being fully qualified engineer.

ئۇ ھەقىقىي لاياقەتلىك ئىنژېنېر بولغاچقا تاللاندى.

Please excuse me (my) interrupting you.

سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويغانلىقىمنى كەچۈرۈڭ.

2. ئېغىز تىلىدا ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى (ئاساسلىقى I شەخس) ئىگە ياكى كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

Does anybody want any more bread?

يەنە كىمگە بولكا كېرەك؟

—Me.

ـ ماڭا (ئىگە)

That's me on the left of the photo.

رەسىمنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغىنى مەن. (كېسىم خەۋەر)

تەكىت جۈملىلەردە بەزىدە چۈشۈم كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ، قىېنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

It was she who missed the test. (كىتابىي تىل)

It was her who missed the test. (ئېغىز تىلى)

دەل ئۇ ئىمتىھاندا كەتكۈزۈپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە، بەزى جايلاردا چۇشۇم كېلىش whom ئىشلىتىلىشى كېرەك بولسىمۇ، لېكىن ئېغىز تىلىدا who ئىشلىتىلىدۇ.

Who (whom) are you looking for?

سىز كىمنى ئىزدەۋاتىسىز.

Who (whom) is this letter from?

بۇ خەت كىمدىن كەلگەن؟

3. سېلىشتۇرما ھالەت ېقىندى جۈملىدىكى as/than دىن كېيىن كېلىدىغان كېلىش.

1) ئۆتۈمسىز پېئىل ياكى باغلامچى پېئىل بىلەن بىللە كەلگەندە، چۇشۇم كېلىش شەكلى ئىشلىتىلسىمۇ، باش كېلىش شەكلى ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

He drives better than me (I).

ئۇ ماشىنا ھەيدەشكە مەندىن ئۇستا.

Jane was as clever as him (he).

جېيىن ئۇنىڭغا ئوخشاشلا زېرەك.

ئەگەر ئالماشتىن كېيىن all كەلسە، ئادەتتە ئالماشنىڭ چۇشۇم كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

He drives better than us all.

ئۇ ماشىنا ھەيدەشكە ھەممىمىزدىن ئۇستا.

2) hate, know, like, love قا ئوخشاش بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن بىللە كەلگەندە، ئالماشنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى بىلەن چۇشۇم كېلىش شەكلىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

I know you better than he (=than he knows you).

مەن سېنى ئۇنىڭدىن بەكرەك چۈشىنىمەن.

I know you better than him (=than I know him).

مەن سېنى ئۇنى چۈشەنگەندىن بەكرەك چۈشىنىمەن.

You hate him as much as I (=as much as I hate him).

سەن ئۇنىڭغا ماڭا ئوخشاشلا ئۆچ.

You hate him as much as me (=as much as you hate me).

سەن ئۇنى مېنى ئۆچ كۆرگەندەكلا ئۆچ كۆرىدىكەنسەن.

## (句号 Period/Full Stop) چېكىت

چېكىت ( . ) بىر جۈملە ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى توختاشنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

**1. بايان جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.**

She is my mother. ئۇ مېنىڭ ئانام.

**2. بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.**

Take this medicine three times a day.

بۇ دورىنى كۈندە ئۈچ قېتىم يەيسىز.

**3. ۋاستىلىك سوراق جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.**

He wondered if she would be able to come on time.

ئۇ ئۇنىڭ ۋاقتىدا كېلەلەيدىغان-كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

**4. قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ.**

(ئەنگلىيە) U.K. (چۈشتىن بۇرۇن) . a.m

(ئۇ بولسىمۇ؛ يەنى) . j.e (ئەپەندىم) Mr

**5. پارچە سانلاردا ئىشلىتىلىدۇ.**

65.6% £10.50 $15.75

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

1. سۆزلەرنىڭ باش ھەرپى ئېلىنىپ بىرلەشتۈرۈلگەن (acronyms) سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە چېكىت ئىشلىتىلمەيدۇ.

مەسىلەن: CPC (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى)، NATO (شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئەھدى تەشكىلاتى)، BBC (ئەنگلىيە رادىئو شىركىتى)، UNESCO (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى)

2. نەقىل ئېلىنغان جۈملىنىڭ كەينىدە he said دېگەندەك جۈملىلەر بولسا، قوش تىرناق ئىچىدىكى نەقىل ئېلىنغان جۈملىنىڭ كەينىگە چېكىت كەلمەيدۇ، ئەمما ئېھتىياجغا ئاساسەن ئۈندەش بەلگىسى (!)، سوئال بەلگىسى (؟)، پەش (،) قاتارلىق تىنىش بەلگىلەر ئىشلىتىلىدۇ.

"Stop making noises!" shouted the teacher.

«پاراڭ سالماڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى مۇئەللىم.

"Who is in the next room?" he asked.

«ياندىكى ئۆيدە كىم بار؟» دەپ سورىدى ئۇ.

"You are right" he said. «سىنىڭ توغرا» دېدى ئۇ.

## چېكىتلىك پەش
## (分号 Semi-colon)

چېكىتلىك پەش (؛) تىنىش بەلگىلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، جۈملىدىن كېيىنكى توختاشنى بىلدۈرىدۇ. چېكىتلىك پەش ئىپادىلىگەن توختاش پەشتىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. چېكىتلىك پەشنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

**1. مۇناسىۋىتى نىسبەتەن يېقىن ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ.**

The holidays are over; we must get down to our studies.

تەتىل تۈگىدى؛ ئەمدى ئوقۇۇشىمىز باشلىنىدۇ.

I put down the book and stood up; I had grown tired of reading and needed a rest.

مەن كىتابنى قويۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم؛ كىتاب ئوقۇۋېرىپ ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئالاي.

## 2. مىساللارنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

مىسال ئېلىنغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ.

The tourist visited France for three days; Switzerland, two days; Italy, a week; and Spain, three days.

ھېلىقى ساياھەتچى فرانسىيىدە ئۈچ كۈن، شۋېتسارىيىدە ئىككى كۈن، ئىتالىيىدە بىر ھەپتە، ئىسپانىيىدە ئۈچ كۈن ساياھەت قىلدى.

### [قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. furthermore (ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنىڭدىن باشقا)، moreover (بەلكى، يەنە كېلىپ)، for instance (مەسىلەن)، for example (مەسىلەن)، nevertheless (ھالبۇكى، شۇنداق بولسىمۇ)، otherwise (بولمىسا، ئۇنداق بولمىسا)، that is (يەنى)، besides (بۇنىڭدىن باشقا) therefore (شۇنىڭ ئۈچۈن)، accordingly (شۇ ۋەجىدىن)، however (ۋەھالەنكى)، also (ھەمدە)، consequently (شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا)، hence (شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇنداق بولغاچقا)، still (ئەمما، تېخىچە، ھالبۇكى)، instead (ئەكسىچە)، thus (شۇڭا) قاتارلىق باغلىغۇچى رەۋىش ۋە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىلەر ئىككى مۇستەقىل تارماق جۈملىنى باغلىيالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا پەش ئەمەس، چېكىتلىك پەش كېلىدۇ.

I met him as he was leaving his house; otherwise I should not have known where he lived.

مەن ئۇنىڭغا ئۆيىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرغاندا ئۇچراپ قالدىم؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ تۇرار جايىنى تاپالماسكەنمەن.

The news may be surprising;neverthless,it is true.

بۇ خەۋەر ئېھتىمال كىشىنى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ راست.

2. چېكىتلىك پەش تەڭداش ئورۇندىكى تارماق جۈملىلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ، تەڭداش بولمىغان بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

★ We accidentally left the oven on for an extra hour; turning the roast a gorgeous black.

چېكىتلىك پەشنى جۈملە بىلەن پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ئوتتۇرىسىغا قويۇش خاتا. چۈنكى ئىككىسى تەڭداش بۆلەك ئەمەس، يۇقىرىقى جۈملىدىكى چېكىتلىك پەشنى پەشكە ئۆزگەرتىش كېرەك.

We accidently left the oven on for an extra hour, turning the roast a gorgeous black.

بىز ئوقۇشماي ئوچاقنى بىر سائەت ئارتۇق ئېچىپ قويۇپتۇق، نەتىجىدە گۆش كۆيۈپ كېتىپتۇ.

★ All of us wanted to go to San Francisco; where we intended to see all the sights.

بۇ جۈملىدىكى خاتالىق شۇكى، تەڭداش بولمىغان باش جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىنى ئارىغا چېكىتلىك پەش قويۇش ئارقىلىق تەڭداش قىلىپ قويغان. چېكىتلىك پەشنىڭ ئورنىغا پەش قويۇلۇشى كېرەك ئىدى.

All of us wanted to go to San Francisco, where we intended to see all the sights.

ھەممىمىز سان-فرانسىسكوغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى بارلىق مەنزىرىلىك جايلارنى كۆرۈپ كەلمەكچى.

# چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە
## (非真实条件句 Sentences of Unreal Condition)

چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملىدە ئىپادىلەنگەن پەرەزنىڭ يۈز بېرىشى ياكى ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولمايدۇ ياكى ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى تازا چوڭ بولمايدۇ، جۈملىدىكى شەرت بېقىندى جۈملە ۋە نەتىجە باش جۈملىدە چوقۇم ساختا راي ئىشلىتىلىدۇ. چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملىدىكى ساختا راي زامانىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە (شەرت جۈملىدە be, know پېئىلى مىسالغا ئېلىندى؛ باش جۈملىدە do پېئىلى مىسالغا ئېلىندى):

| نەتىجە باش جۈملە | شەرت بېقىندى جۈملە | |
|---|---|---|
| *I (We, You, He, She, They) Should (would, could, might) do* | If I (we, you, he, she, they) {*knew* / *were* | ھازىرقى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولىدۇ. |
| *I (We, You, He, She, They) Should (would, could, might) have done* | *If I (We, You, he, she they)* {*had known* / *had been* | ئۆتكەنكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولىدۇ |
| I (We, You, He, She, They) Should (would, could, might) do | *If I (we, you, he, she, they)* {*should know* / *knew* / *were to know* | كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولىدۇ |

### 1. ھازىرقى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان، چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە

If I were you, I would take physical exercises every day.

ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنۇڭىزدا بولغان بولسام، ھەر كۈنى بەدەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چېنىقتۇراتتىم.

If they lived near their office, they would be in time for work.

ئەگەر ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئۆي ئىشخانىغا يېقىنراق بولغان بولسا، ئىشقا ئۈلگۈرۈپ كېلەلەيتتى.

### 2. ئۆتكەنكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە.

I should/would have called you if I had known your telephone number.

ئەگەر تېلېفون نومۇرۇڭنى بىلگەن بولسام، ساڭا بۇرۇنلا تېلېفون بېرەتتىم.

If Frank had checked his paper carefully, he might/could/would have gained full markes.

ئەگەر فرانك ئىمتىھان قەغىزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرگەن بولسا، تولۇق نومۇر ئالالىشى مۇمكىن ئىدى.

If electronic computers had not been invented, we could not have solved such complicated maths problems in a short time.

ئەگەر ئېلېكترونلۇق كومپيۇتېر كەشىپ قىلىنمىغان بولسا، بىز شۇنچە مۇرەككەپ بولغان ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەل قىلالمىغان بولاتتۇق.

### 3. كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان، چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە

If it should rain, the crops would/could be saved.

ئەگەر يامغۇر ياغسا، زىرائەتلەر ئۆلۈپ قالمايدۇ.

If he were to leave tomorrow, who should take care of his mother?

ئەگەر ئۇ ئەتە كېتىپ قالسا، ئۇنىڭ ئانىسىغا كىم قارايدۇ؟

If it were to rain tomorrow, the sports meeting would be put off.

مۇبادا ئەتە يامغۇر يېغىپ قالسا، تەنتەربىيە يىغىنى كېچىكتۈرۈلىدۇ.

### 4. if قىسقىرىپ كەتكەن، چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملىنىڭ ئىشلىتىلىشى

يېزىق تىلىدا ئەگەر چىنلىقى بولمىغان شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىدە were، had ياكى should قاتارلىق سۆزلەر بولسا، if نى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدۇ. ئەمما مۇشۇ سۆزلەر جۈملىنىڭ بېشىغا قويۇلغاندا ئاندىن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنە if قىسقارمىغان چاغدىكى مەنە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

Had I had enough time, I should/could/would/have done it better.

ئەگەر شۇ چاغدا يېتەرلىك ۋاقتىم بولغان بولسا، بۇ ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلغان بولاتتىم.

Were there no gravity, people should not be able to walk.

ئەگەر تارتىش كۈچى بولمىسا، كىشىلەر ماڭالمايدۇ.

Should she come late again tomorrow, she might be dismissed from her work.

ئەگەر ئۇ ئەتە يەنە كېچىكىپ كەلسە، ئىشتىن بوشىتىلىشى مۇمكىن.

### 5. نەتىجە باش جۈملە قىسقارتىۋېتىلگەن، چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە

چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملىدە ئەگەر نەتىجە باش جۈملە قىسقىرىپ كەتكەن بولسا، ئادەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر خىل ئىستەكنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا، شەرت جۈملىنى كۆپىنچە if only باشلاپ كېلىدۇ.

If only you could/would take my advice.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلغان بولساڭ ياخشى بولاتتى.

If Carl were with me!

ئەگەر كارل يېنىمدا بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە!

If only I had not been there.

شۇ چاغدا مەن ئۇ يەرگە بارمىسام بوپتىكەن.

**6. شەرت بېقىندى جۈملە قىسقىرىپ كەتكەن، چىنلىقى بولمىغان شەرت جۈملە**

ئەپسىلاتىنى شەرت جۈملىدىن كۆرۈۋېلىڭ.

# خ

## خاس ئىسىم
## (专有名词　Proper Noun)

شەخس، تەشكىلات، ئورۇن، ئورگان قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار خاس ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن: Ford Motor Company (فورت ئاپتوموبىل شىركىتى)، Spain، David قاتارلىقلار. يازغاندا خاس ئىسىملارنىڭ باش ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

خاس ئىسىملار كۆپىنچە ھاللاردا بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ، بەزىدە كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار.

1. ئاخىرقى ھەرپى «s» بىلەن ئاخىرلاشقان كىتاب-ژۇرنال ئىسمى، دۆلەت ئىسمى، تەشكىلات ئىسمى ئادەتتە بىرلىك شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: the Times (دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى)، the United States (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى)، the United Nations (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى) قاتارلىقلار.

The United States is trying to deal with the serious problem brought on by the energy crisis.

ئامېرىكا ھازىر ئېنېرگىيە كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىن مەسىلىگە بار كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتىدۇ.

2. ئاخىرقى ھەرپى «s» بىلەن ئاياغلاشقان تاقىم ئارال، شارقىراتما، تاغ تىزمىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان بەزى خاس ئىسىملار ئادەتتە كۆپلۈك شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: the Philippines (فىلىپپىن تاقىم ئاراللىرى)، the West Indies (غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى)

، the Alps (ئالپس تاغ تىزمىلىرى)، the Himalayas (ھىمالايا تاغ تىزمىلىرى) قاتارلىقلار.

Niagara Falls are not as high as Victoria Falls.

نىئاگارا شارقىراتمىسى ۋىكتورىيە شارقىراتمىسىغا ئوخشاش ئۇنداق ئېگىز ئەمەس.

3. مەلۇم بىر جەھەتتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ياكى ئەر-ئايالنى بىلدۈرگەندە، كۆپلۈك شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ.

The Smiths happened to be visiting France when an earthquake occured in their native place.

ئۇلارنىڭ يۇرتىدا يەر تەۋرىگەندە، سمىت ئائىلىسى فرانسىيىدە ساياھەت قىلىۋاتاتتى.

The Browns drink wine with their meals.

بروۋن ئەر-ئايال تاماق يېگەچ ھاراق ئىچىدۇ.

## خەۋەر
## (谓语　Predicate)

خەۋەر – جۈملىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىككى بۆلەكنىڭ بىرى (يەنە بىرى ئىگە). خەۋەر جۈملىنىڭ بايان قىسمى بولۇپ، ياكى ئىگىنى چۈشەندۈرىدۇ، ياكى ئىگىگە مۇناسىۋەتلىك يېڭى بىر ئۇچۇرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خەۋەر جۈملىنىڭ ئىگىدىن باشقا بارلىق بايان قىسمىنى كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە خەۋەرنىڭ پېئىل قىسمىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. خەۋەر جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن ئاددىي خەۋەر (Simple Predicate) ۋە قوشما خەۋەر (Compound Predicate) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئاددىي خەۋەر

پەقەت بىرلا پېئىل (بەزىدە ھالەت قوشۇلىدۇ) دىن تۈزۈلگەن خەۋەر ئاددىي خەۋەر دېيىلىدۇ.

Paper burns easily.

قەغەز ئاسان كۆيىدۇ.

It appears that the plane did not land at Rome.

قارىغاندا ئايروپىلان رىمدا قونماپتۇ.

### 2. قوشما خەۋەر

خەۋەر، كېسىم خەۋەر (表语 Predicative)، تولدۇرغۇچى (Object)، تولۇقلىغۇچى (Complement) ۋە ھالەت (Adverbial) قاتارلىق جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن تۈزۈلگەن خەۋەر قوشما خەۋەر دېيىلىدۇ.

The food is sweet.

بۇ يېمەكلىك تاتلىق.

We elected him our monitor.

بىز سىزنى سىنىپ باشلىقلىقىغا سايلىدۇق.

## خەۋىرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بېقىندى جۈملە (表语从句 Predicative Clause)

جۈملىدە كېسىم پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بېقىندى جۈملە خەۋىرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بېقىندى جۈملە دېيىلىدۇ. خەۋىرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت سۆزى بىلەن ئىگە بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت سۆزى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 1. بېقىندۇرما باغلىغۇچى باشلاپ كېلىدىغان خەۋەرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بېقىندى جۈملە

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچىلاردىن whether, that قاتارلىقلار بار.

All I ask is that you should tell the truth.

ماڭا سىنىڭ راست گېپىڭ كېرەك.

What strikes me most is that great changes have taken place in China.

ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى جۇڭگودا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر.

The question is whether he will come or not.

مەسىلە دەل ئۇنىڭ كېلىش-كەلمەسلىكى.

What we want to know is whether the weight of a proton is much greater than that of an electron.

بىزنىڭ بىلمەكچى بولغىنىمىز، پروتوننىڭ ئېغىرلىقى ئېلېكتروننىڭ ئېغىرلىقىدىن ئېغىرمۇ-ئەمەس دېگەندە.

## 2. باغلىغۇچى ئالماش باشلاپ كېلىدىغان خەۋەرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بېقىندى جۈملە

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باغلىغۇچى ئالماشلاردىن what، who، (whom)، which قاتارلىقلار بار.

That's what we should read.

بۇ بىز ئۈچۈن چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك.

China is no longer what it used to be.

ھازىرقى جۇڭگونىڭ بۇرۇنقى ھالىتى قالمىدى.

The question is who will take care of the children.

مەسىلە — كىم بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتا.

The problem to be solved is who will water my plants when I am away.

ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە، مەن يوق چاغدا گۈللەرنى كىم سۇغۇرۇپ قويۇش.

My trouble is whom I shall talk over the article with.

مېنىڭ باش قېتىقچىلىقىم، بۇ ماقالىنى كىم بىلەن مۇھاكىمە قىلىش.

What we are interested in is which of them will be chosen as your successor.

بىزنىڭ قىزىقىدىغىنىمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسىنىڭ سىزنىڭ ئىزباسارىڭ بولۇشقا تاللىنىشى.

## 3. باغلىغۇچى رەۋىش باشلاپ كېلىدىغان خەۋەرى كېسىم پېشلىدىن بولغان بېقىندى جۈملە

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان باغلىغۇچى رەۋىشلەردىن when ، why ، where how قاتارلىقلار بار.

What I want to know is when you will be able to see my mother.

مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم، سىلەرنىڭ قاچان ئانامنى يوقلىغىلى كېلەلەيدىغانلىقىڭلار.

What I can't understand is why he didn't report it to the police earlier.

مېنىڭ چۈشىنەلمەيۋاتقان يېرىم، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ساقچىغا بۇرۇنراق مەلۇم قىلمىغانلىقى.

That's where we differ.

ئۇ دەل بىزنىڭ چىقىشالمايدىغان يېرىمىز.

The questions is how he did it.

مەسىلە ـ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قانداق قىلغانلىقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بىقىندۇرما باغلىغۇچى 《if》 ئادەتتە خەۋىرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بىقىندى جۈملىنى باشلاپ كەلمەيدۇ، ئەمما 《as》 بىلەن 《as if》 خەۋىرى كېسىم پېئىلدىن بولغان بىقىندى جۈملىنى باشلاپ كەلسە بولىدۇ.

Things were not as they seemed to be.

ئەھۋال ئۇلارنىڭ كۆرگىنىدەك ئەمەس ئىدى.

All this was over twenty years ago, but it's as if it were only yesterday.

بۇلارنىڭ ھەممىسى 20 يىل ئىلگىرىكى ئىشلار، ئەمما تېخى تۈنۈگۈنلا يۈز بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ.

د

# داۋاملىشىدىغان ئۆتكەن كەلگۈسى زامان
(过去将来进行时 Past Future Continuous Tense)

داۋاملىشىدىغان ئۆتكەن كەلگۈسى زامان ئىلگىرىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۇرۇپ قارىغاندا، كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر پەيتتە ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

**1. شەكلى**

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى should ( I شەخس) ياكى would (باشقا ھەر قايسى شەخسلەر) + be + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ. ھازىر ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى، ھەتتا ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلىدا I شەخسكىمۇ would ئىشلىتىلىدۇ. بۇ زاماننىڭ تەستىق شەكلى بىلەن ئىنكار شەكلىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە (work پېئىلى مىسال قىلىنىدۇ).

| ئىنكار جۈملە | بايان جۈملە | |
|---|---|---|
| I (We) should not be working. He (She, You, They) would not be working | I(We) should be working. He (She, You, They) would be working | work |

**2. ئىشلىتىلىشى**

ئۆتمۈشتە تۇرۇپ كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا يۈز بېرىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتكە قاراشنى بىلدۈرىدۇ.

He said that he would be waiting for her call.

ئۇ ئۇنىڭ تېلېفونىنى ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

I was told he would be flying to America at this time the next day.

ئاڭلىشىمچە، ئەتە مۇشۇ چاغدا ئۇ ئامېرىكىغا قاراپ ئۇچىدىكەن.

## دەرىجە
## （语态　Voice）

دەرىجە ـ پېئىلنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىنگلىز تىلىدا پېئىللارنىڭ ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار (تەپسىلاتىنى ئۆزلۈك دەرىجە بىلەن مەجھۇل دەرىجىدىن كۆرۈۋېلىڭ).

Many people speak Chinese.

نۇرغۇن كىشىلەر خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ. (ئۆزلۈك دەرىجە)

Chinese is spoken by many people.

خەنزۇ تىلى نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىدۇ.

## دەرىجە رەۋىشى
## （程度副词　Adverb of Degree）

دەرىجە (to what extent ياكى to what degree) نى بىلدۈرىدىغان رەۋىش دەرىجە رەۋىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە پېئىل بىلەن ئەمەس، بەلكى سۈپەت ياكى باشقا رەۋىشلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دەرىجە رەۋىشلىرىدىن very، rather، fairly، quite،

، awfully ، mighty ، pretty ، so ، somewhat ، too ، more
قاتارلىقلار بار. greatly ، utterly ، exactly ، frightfully ، terribly

This coffee is very bad.

بۇنداق قەھۋە بەك ناچار.

They meet fairly often.

ئۇلار دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ.

I'm awfully/terribly/frightfully sorry that I'm late.

كەچۈرۈڭ، كېچىكىپ قىلىپ بەك سەت ئىش قىلدىم.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئاغزاكى تىلدا kind of بىلەن sort of مۇ دەرىجە رەۋىش ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، ئادەتتە جۈملە ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ.

The maths lesson is kind of boring.

ماتېماتىكا دەرسى ئادەمنى سەل بىزار قىلىدۇ.

I'm feeling kind of tired.

ماڭا سەل ھاردۇق يەتتى (ھېرىپ قالدىم).

I sort of thought you might say that.

مەن سىزنى شۇنداق دەمدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

2. «fairly» بىلەن «rather» سەل، ناھايىتى، ئىنتايىن دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما «farily» كۆپىنچە ھاللاردا سۆزلىگۈچى «ياخشى، ئامراقلىقىنى قوزغايدىغان، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان» دەپ قارايدىغان سۈپەتلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. «rather» بولسا سۆزلىگۈچى «ئەسكى، كىشىنى خاپا قىلىدىغان» دەپ قارايدىغان سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇلار سۆزلىگۈچىنىڭ كەيپىياتى، ئوي-خىيالىغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

The weather is fairly fine.

ھاۋا ناھايىتى ياخشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Alim is rather weak in English.

ئالىم ئىنگلىز تىلىدا ناھايىتى ئاجىز.

It's rather warm today.

بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق (بۇ جۈملىدە ھاۋانىڭ بەك ئىسسىق ئىكەنلىكى يوشۇرۇن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ).

It's fairly warm day.

بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىق (بۇ جۈملىدە ھاۋانىڭ ئىسسىق ئىكەنلىكىنىڭ كىشىنى خۇشال قىلىدىغانلىقى يوشۇرۇن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ).

## دەرىجە ھالىتى

## (程度状语　Adverbial of Degree)

دەرىجە ھالىتى جۈملىدە پېئىل، سۈپەت ياكى رەۋىشنى ئېنىقلايدۇ، خەۋەر ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ دەرىجىسىنى چۈشەندۈرىدۇ، جۈملىدە سۆز مەنىسىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

### 1. رەۋىش دەرىجە ھالىتى بولىدۇ.

دەرىجە رەۋىشنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن much، terribly، nearly، almost، very، rather، fairly، extremly، greatly، hardly، deeply، completely قاتارلىقلار بار. بۇ تۈردىكى رەۋىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى سۈپەت ياكى رەۋىشنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، ئاز بىر قىسمى پېئىل ياكى ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىنى ئېنىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

I have been awfully busy these days.

بۇ كۈنلەردە مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم.

We all study English very hard this term.

بىز بۇ مەۋسۇمدا ئىنگلىز تىلىغا بەك كۈچەيمىز.

He scarcely knew a word of English.

ئۇ ئىنگلىز تىلىدىن قىلچە خەۋەرسىز.

They are deadly against the decision.

ئۇلار بۇ قارارغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بۇنداق رەۋىشلەر ئادەتتە ئېنىقلىنىدىغان بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئەمما، رەۋىش enough بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا ئېنىقلىنىدىغان بۆلەكنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

We cannot be thankful enough to them.

ئۇلارغا قانچە رەھمەت ئېيتساق ئەرزىيدۇ (ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ، ئېيتىپ بولالمايمىز).

Sure enough, enemy planes came again the next day.

دەرۋەقە، دۈشمەن ئايروپىلانلىرى ئەتىسى يەنە كەلدى.

He didn't run fast enough to catch the train.

ئۇ تېز يۈگۈرمىگەچكە پويىزغا يېتىشەلمىدى.

## 2. ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە دەرىجە ھالىتى بولىدۇ.

بۇنداق ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن a little، a bit، a lot، kind of، a great deal of قاتارلىقلار بار بولۇپ، بىر رەۋىشكە باراۋەر بولىدۇ.

I kind of tought that she would invite me.

مەن تېخى ئۇنى مېنى تەكلىپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

My father can speak English, but only a little.

دادام ئىنگلىزچە سۆزلىيەلەيدۇ، بىراق بەكلا يامداپ.

Your article is a bit (too) long for our paper.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ماقالىڭىز بىزنىڭ گېزىتىمىزگە بەك ئۇزۇن كېلىپ قالىدۇ.

### 3. ئالدى قوشۇلغۇچى ئىبارە دەرىجە ھالىتى بولىدۇ.

بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن to a certain ،to the last degree ،for sure ،for certain ،by far قاتارلىقلار بار. ئۇلار ئادەتتە خەۋەرگە نىسبەتەن degree, to some extent كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئادەتتە ئۇ ئۆزى ئېنىقلىغان بۆلەكتىن كېيىن كېلىدۇ، بەزىدە ئۆزى ئېنىقلىغان بۆلەكنىڭ كەينىدىمۇ كېلىدۇ.

She is the best teacher by far. (or: She is by far the best teacher.)

ئۇ ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى.

I know for certain that he is there, but he won't answer me.

مەن ئۇنىڭ چوقۇم شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئەمما ئۇ ماڭا جاۋاپ بەرمەيدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

«by far» ئادەتتە سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ياكى ئالىي دەرىجىسى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، سان، دەرىجە قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ.

He runs by far faster than I do.

ئۇ مەندىن خېلىلا تېز يۈگۈرەيدۇ.

He is by far the tallest among us.

ئۇ ئارىمىزدىكى ئەڭ ئېگىزى.

### 4. بېقىندى جۈملە دەرىجە ھالىتى بولىدۇ.

بېقىندۇرما باغلىغۇچى (that) so، such that، as/so far as، as/ to such an extent that ،to the degree that ،so long as قاتارلىقلار

باشلاپ كەلگەن جۈملە دەرىجە ھالىتى بولىدۇ، خەۋەر بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ.

He was so fat (that) he couldn't get through the door.

ئۇ بەك سېمىز، بۇ ئىشىكتىن پاتمايدۇ.

The temperature rose to such an extent that the fireman had to leave the burning building.

تېمپېراتۇرا شۇنچىلىك ئۆرلەپ كەتتىكى، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئوت كەتكەن ئۆيدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

## دەرىجە ھالەت بېقىندى جۈملە
## (程度状语从句 Adverbial Clause of Degree)

دەرىجە ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى خەۋەر بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يەتكەن دەرىجىنى چۈشەندۈرىدۇ، بەزىدە يەنە مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە كېلىپ چىققان نەتىجىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، دەرىجە ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەن نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملىنىڭ مەنە جەھەتتە ئوخشاشلىق جايلىرى بار، كۆپىنچە ھاللاردا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت سۆزلىرىدىن to such a degree، to such an extent that، so much so that، as/so far as، as long as، so…that، that قاتارلىقلار بار.

I know this place to such an extent that I can fid any thing I want with my eyes closed.

بۇ جاي ماڭا بەش قولدەك تونۇش، ماڭا لازىملىق نەرسىنى كۆزۈمنى ئېتىپ قويسىمۇ تاپالايمەن.

The temperature lowered to such a degree that the water froze.

تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ توڭلىتىش نۇقتىسىغا يەتكەندە سۇ توڭلايدۇ.

He was so excited that he couldn't speak.

ئۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

She has such a good memory that she remembers the names of all the pupils she has taught.

ئۇنىڭ خاتىرىسى ناھايىتى ياخشىكى، ئىشقىلىپ ئۆزى دەرس ئۆتكەنلىكى ئوقۇغۇچى بولسىلا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە تۇتالايدۇ.

Stay as long as you like.

قانچىلىك تۇرغۇڭ كەلسە، شۇنچىلىك تۇرغىن.

I followed him with my eyes as far as I could.

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن تاكى كۆزۈمدىن يوقىتكىچە قاراپ تۇردۇم.

He longed to visit Beijing so much so that he dreamed about it.

ئۇ بېيجىڭغا بېرىشقا تولىمۇ تەشنا، ھەتتا چۈشىدىمۇ بېيجىڭنى چۈشەيدۇ.

## دەقىقىلىق پېئىل
## (瞬间动词 Momentary Verb)

دەقىقىلىق پېئىل تولىمۇ قىسقا ۋاقىت داۋاملاشقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: nod، tap، hit، open، close، jump، kick، knock قاتارلىقلار.

ئەگەر بۇنداق پېئىللارنىڭ داۋاملىشىۋاتقان شەكلى ئىشلىتىلسە، ھەرىكەتنىڭ تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

He noded.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. (بىر قېتىملىق ھەرىكەت)

He was nodding.

ئۇ بېشىنى كەينى-كەينىدىن لىڭشىتتى. (تەكرارلانغان ھەرىكەت)

Rain tapped on the windowpane.

يامغۇر دېرىزە ئەينىكىگە تامچىلىدى. (بىر قېتىملىق ھەرىكەت)

Rain is tapping on the roof.

يامغۇر ئۆگزىگە توختىماستىن ياغقىلــــى تۇردى. (تەكرارلانغان ھەرىكەت)

My heart jumped as I heard the news.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى. (بىر قېتىملىق ھەرىكەت)

My heart was jumping with fear.

قورققىنىمدىن يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. (تەكرارلانغان ھەرىكەت)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ر

## راي
## (语气 Mood)

راي ـ پېئىلنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر پېئىلى بايان قىلغان ھەرىكەت ياكى ھالەتكە بولغان كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. راي تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1. **بايان رايى** (تەپسىلاتىنى بايان رايىدىن كۆرۈۋېلىڭ).
Ireland lies to the west of Enland.
ئىرلاندىيە ئەنگلىيىنىڭ غەربىگە جايلاشقان.

2. **بۇيرۇق رايى** (تەپسىلاتىنى بۇيرۇق رايىدىن كۆرۈۋېلىڭ)

Tell me what you know, please.
بىلىدىغانلىرىڭىزنى ماڭا ئېيتىپ بەر.

3. **ساختا راي** (تەپسىلاتىنى ساختا رايىدىن كۆرۈۋېلىڭ).
If I were you, I wouldn't do that.
ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولغان بولسام ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم.

## رود
## (性 Gender)

رود ـ جىنس ئايرىمىسىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىدۇر. ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملار لېكسىكىلىق مەنىسى

بىلدۈرگەن تەبىئىي جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن تۆت رودقا بۆلۈنىدۇ.

ئەرەنچە رود (Masculine) – ئەر كىشى ياكى ئەركەك ھايۋانلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: man (ئەر)، bull (بۇقا)، stallion (ئايغىر)، hog (ئەركەك چوشقا) قاتارلىقلار.

ئايالچە رود (Feminine) – ئايال كىشى ياكى چىشى ھايۋانلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: woman (ئايال)، cow (ئىنەك)، mare (بايتال)، sow مېكە جىن (چىشى چوشقا) قاتارلىقلار.

ئورتاق رود (Common) – ئەر – (ئەركەك) ۋە ئايال (چىشى) غا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: parent (دادىسى ياكى ئانىسى)، child (بالا)، pupil (ئوقۇغۇچى)، sheep (قوي) قاتارلىقلار.

ئوتتۇرا رود (Neuter) – جانسىز نەرسە ياكى ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: book (كىتاب)، pain (ئاغرىق)، box (قۇتا)، knowledge (بىلىم) قاتارلىقلار.

## 1. ئىسىملىك رودنىڭ ئىپادىلىنىشى

1) ئوخشىمىغان ئىسىملارغا ئىشلىتىلىپ، ئەرەنچە رود ۋە ئايالچە رودنى بىلدۈرىدۇ.

| ئەرەنچە رود | | ئايالچە رود | |
|---|---|---|---|
| bachelor | بويتاق | spinster | قېرى قىز |
| boar | ياۋا ئەركەك چوشقا | sow | ياۋا چىشى چوشقا |
| boy | بالا | girl | قىز |
| brother | ئاكا، ئىنى | sister | ئاچا، سىڭىل |
| bull | بۇقا | cow | ئىنەك |
| cock | خوراز | hen | مېكىيان |
| dog | ئەركەك ئىت | birch | قانجۇق |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| man | ئەر | woman | ئايال |
| nephew | جىيەن ئوغلى | niece | جىيەن قىزى |
| ram | ئەركەك قوي | ewe | ساغلىق |
| drake | ئەركەك ئۆردەك | duck | چىشى ئۆردەك |
| father | دادا | mother | ئانا |
| husband | ئېرى | wife | خوتۇنى |
| king | پادىشاھ | queen | خانىش |
| son | ئوغلى | daughter | قىزى |
| uncle | تاغىسى | aunt | ھاممىسى |
| wizard | ئەر داخان | witch | ئايال داخان |

2) سۆزنىڭ ئاخىرىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەرەنچە ۋە ئايالچە رود پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| host | ئەر ساھىبخان | hostess | ئايال ساھىبخان |
| lion | ئەركەك شىر | lioness | چىش شىر |
| master | ئەر خوجايىن، بېگىم | mistress | ئايال خوجايىن، خانىم |
| prince | شاھزادە | princess | مەلىكە |
| tiger | ئەركەك يولۋاس | tigress | چىشى يولۋاس |
| widower | بويتاق ئەر | widow | تۇل خوتۇن |

3) ئىسمىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە جىنس ئايرىمىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆزنى قوشۇش.

| ئايالچە رود | | ئەرەنچە رود | |
|---|---|---|---|
| كېلىن | bride | يىگىت | bridegroom |
| چىشى قۇشقاچ | hen-sparrow | ئەركەك قۇشقاچ | cock-sparrow |
| چىشى ئۆچكە | she-goat | ئەركەك ئۆچكە | he-goat |
| ئايال دوختۇر | woman doctor | ئەر دوختۇر | man doctor |
| ئايال پىركازچىك | saleswoman | ئەر پىركازچىك | salesman |

4) ئوخشىمىغان ئۈچ سۆز بىلەن ئەرەنچە، ئايالچە، ئورتاق رودنى بىلدۈرۈش

| ئايالچە رود | ئەرەنچە رود | ئورتاق رود |
|---|---|---|
| قىز بالا girl | ئوغۇل بالا boy | بالا child |
| چىشى بۇغا hind | ئەركەك بۇغا stag | بۇغا deer |
| ئايال پادىشاھ queen | ئەر پادىشاھ king | پادىشاھ monarch |
| ئانا mother | دادا father | ئاتا ياكى ئانا parent |
| ئايال woman | ئەر man | ئادەم person |
| چىشى چوشقا sow | ئەركەك چوشقا boar | چوشقا pig |
| چىشى قوي، ساغلىق ewe | ئەركەك قوي ram | قوي sheep |
| ئايال ئوقۇتقۇچى mistress | ئەر ئوقۇتقۇچى master | مۇئەللىم، ئوقۇتقۇچى teacher |

## 2. ئىسىملىك رود ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئالماشنىڭ ئاللىنىشى

1) ئەرەنچە رودلۇق ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن ماس كېلىدىغان ئالماشلار he، him، himself، his.

That young man is a good basketball player. Everybody likes him. He prides himself on his performances.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋۇ يىگىت داڭلىق ۋاسكېتبول ماھىرى، ھەممەيلەن ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ماھارىتىدىن پەخىرلىنىدۇ.

2) ئايالچە رودلۇق ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن ماس كېلىدىغان ئالماشلار she، her، herself، hers.

Mary is only six years old, but she goes to school by herself every day. She does well in her lesson.

مارى ئەمدىلا 6 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر كۈنى مەكتەپكە ئۆزى بارىدۇ. ئۇ دەرستە بەك ياخشى.

I love my parents. Mary loves hers.

مەن ئاتا-ئانامنى ياخشى كۆرىمەن، مارىمۇ ئاتا-ئانىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

3) ئوتتۇرا رودلۇق ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن (جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ) ماس كېلىدىغان ئالماشلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن it، its، itself قاتارلىقلار بار.

This is my watch; it's a Swiss one.

بۇ مېنىڭ سائىتىم، ئۇ شۋېتسارىيىنىڭ.

The thing itself is not so important.

بۇ ئىش ئەسلىدىنلا ئۇنچە مۇھىم ئەمەس.

The dog wagged its tail.

ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى.

4) چەككىلەپ كۆرسىتىلىدىغان ئوتتۇرا رودلۇق ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى (مەسىلەن: doctor، person، pupil، teacher قاتارلىقلار) بىلەن ماس كېلىدىغان ئالماشلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن he، him، himself، his قاتارلىقلار بار.

If a pupil cannot fulfil his tasks for a certain coures, his teacher usually flunks him.

ئەگەر قايسى ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر دەرستىن ئۆتەلمىسە، مۇئەللىم ئادەتتە ئۇنى لاياقەتسىز باھالايدۇ.

ئەگەر ئوتتۇرا رودلۇق بىرلىك شەكلى كۆرسەتكەن مەلۇم بىر كىشىنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى مەلۇم بولسا، بۇ ۋاقىتتا كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن ئۇنىڭ بىلەن ماس كېلىدىغان ئالماش he ياكى she نى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

The doctor expressed his/her concern for his/her patient.

دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىگە بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئەمەلىي ئىپادىلىنىشتە دۆلەت، مەكتەپ قاتارلىق ئورگانلىنى بىلدۈرىدىغان ئوتتۇرا رودلۇق ئىسىم بىلەن ماس كېلىدىغان ئالماشلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن it، its، itself قاتارلىقلار بار. ئەمما، ئەگەر سۆزلىگەن سۆزدە ھېسسىيات پۇرىقى بولسا، ئۇنىڭغا she، her، herself قاتارلىق ئالماشلار ماس كېلىدۇ.

China is in East Asia. It is one of the largest countries in the world.

جۇڭگو شەرقىي ئاسىياغا جايلاشقان، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

2. ئەدەبىي ئەسەرلەردە، ئەگەر ھېسسىيات تۈسىنى ئىپادىلىمەكچى بولسا، she ياكى he نى ئوتتۇرا رودلۇق ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

He bought a car last month. It cost him 300000 Yuan.

ئۇ ئالدىنقى ئايدا بىر ماشىنا سېتىۋالدى. بۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن پۇل خەجلىدى.

My car needs some gas. Let's fill her up.

ماشىنامنىڭ مېيى تۈگەپتۇ. ئۇنىڭغا ماي جىقلاپ قويايلى.

3. ئەگەر baby، child، infant قاتارلىق ئوتتۇرا رودلۇق ئىسىمنىڭ جىنس ئايرىمىسىنى ئويلاشمىغاندا ياكى بىلمىگەندە، ئادەتتە ئۇلارغا it، its، itself قاتارلىق ئالماشلار ماس كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ جىنسىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايرىمىسى مەلۇم بولسا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن he، his، himself ياكى she، her، herself قاتارلىق ئالماشلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

The baby is sleeping in its mother's arms.

بوۋاق ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاۋاتىدۇ.

My baby is sleeping. Please don't wake him/her up.

قوزام ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇنى ئويغىتىۋەتمەڭ.

## رول سۆز
## （作用词 Operator）

ئىنگلىز تىلىدا مۇرەككەپ پېئىللىق سۆز بىرىكمىسى (Complex Verb Phrase) بىر ياكى بىردىن ئارتۇق ياردەمچى پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ. مۇرەككەپ پېئىللىق سۆز بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلغان ياردەمچى پېئىل (بىر ياكى بىر نەچچە) لاردىكى بىرىنچى ياردەمچى پېئىل جۈملىدە چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان پېئىللىق رولىنى ئۆتەيدۇ. چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان پېئىللىق رول ئۆتەيدىغان ھەمدە ياردەمچى پېئىلغا ماسلىشىپ ئىنكار جۈملە ۋە سوئال جۈملە ھاسىل قىلىدىغان ياكى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى پېئىل رول سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.

John is inviting somebody to dinner.

جون بىرىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويىدى.

He has given the girl an apple.

ئۇ قىزغا بىر تال ئالما بەردى.

Do be careful! — دىققەت قىل!

Did he receive my letter? — ئۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالدىمۇ؟

Was he asked any question? — ئۇنىڭدىن سوئال سورالدىمۇ؟

Have they been waiting? — ئۇلار ساقلاۋاتامدۇ؟

She doesn't speak French. — ئۇ فرانسۇزچە سۆزلىيەلمەيدۇ.

She can't do it. ئۇ ئۇنى قىلالمايدۇ.

I shall not be working this afternoon.

مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئىشلىمەيمەن.

They have not yet finished their work.

ئۇلارنىڭ خىزمىتى تېخى تۈگىمىدى.

رول سۆز ئادەتتە ياردەمچى پېئىلدىن تۈزۈلىدۇ. «be» پېئىلى بىلەن ئەنگلىيە ئىنگلىز تىلىدىكى «have» پېئىلىمۇ رول سۆز بولالايدۇ.

She isn't chinese.

ئۇ جۇڭگولۇق ئەمەس.

Have you any brothers?

=Do you have any brothers? ئاكا-ئىنىلىرىڭىز بارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ز

## زاكوسكا سۆز
## (小品词 Particle)

زاكوسكا سۆز پەقەت گرامماتىكىلىق مەنىگىلا ئىگە، ئەمما تولۇق لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرەلمەيدىغان، جۈملىدە مۇستەقىل بۆلەك بولالمايدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئارتىكل (the, an, a) ، ئالدى قوشۇلغۇچى (in, to قاتارلىقلار) ، رەۋىش (out, up قاتارلىقلار) ، باغلىغۇچى (and, or قاتارلىقلار) ، ئالدى قوشۇمچە (in—, un—, dis— قاتارلىقلار) ، كەينى قوشۇمچە (—ly, —ness قاتارلىقلار)

## زامانىنىڭ بىردەكلىكى
## (时态的呼应 Sequence of Tenses)

ئىنگلىز تىلىدىكى قوشما جۈملىلەردە، بەزى بېقىندى جۈملىلەردىكى (بولۇپمۇ تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە) پېئىل زامانلىرى دائىم باش جۈملىدىكى خەۋەر پېئىل زامانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، باش جۈملىدە ئىشلىتىلگەن زامانغا ئاساسەن بېقىندى جۈملىدىكى زامانىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ھادىسە زامانىنىڭ بىردەكلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. بېقىندى جۈملىدىكى زامانىنىڭ باش جۈملىدىكى زامانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ئەھۋال**

باش جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلى ئۆتكەن زاماندا كەلگەن بولسا،

بېقىندى جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلىمۇ ئۆتكەن زاماندا كېلىدۇ. بۇ يەردە ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال بار:

1) ئەگەر باش جۈملە ۋە بېقىندى جۈملىدىكى ئىككى ھەرىكەت بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولسا، بېقىندى جۈملىدە ئاددىي ئۆتكەن زامان ياكى ئۆتكەن داۋاملىشىۋاتقان زامان ئىشلىتىلىدۇ.

My friend told me they were building a new metre in Beijing.

دوستۇم ماڭا ئۇلارنىڭ بېيجىڭدا يېڭى مېترو ياساۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

As the young people shouted, Vingo slowly rose from his seat and made his way to the front of the bus to go home.

ياشلارنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ۋىنگو ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن ماشىنىنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

2) ئەگەر بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەت باش جۈملىدىكى ھەرىكەتتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولسا، بېقىندى جۈملىدە ئۆتكەن پۈتكەن زامان ياكى ئۆتكەن پۈتكەن داۋاملىشىۋاتقان زامان ئىشلىتىلىدۇ.

They didn't tell me whether they had worked out that maths problom.

ئۇ ماڭا ئۇلارنىڭ ھېلىقى قىيىن ماتېماتىكا سوئالىنى ئىشلەپ بولغان-بولالمىغانلىقىنى ئېيتمىدى.

I knew he had been playing cards with his friends all evening.

مەن ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن كېچىچە قارتا ئويناۋاتقانلىقىنى بىلىمەن.

3) ئەگەر بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەت باش جۈملىدىكى ھەرىكەتتىن كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، بېقىندى جۈملىدە ئۆتكەن كەلگۈسى زامان ئىشلىتىلىدۇ.

He said that he was going to visit some of his former teachers during the vacation.

ئۇ تەتىلدە بۇرۇنقى ئوقۇتقۇچىلىرىنى يوقلىغىلى بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

We were sure that this book would be of great help to you.

بىز بۇ كىتابنىڭ ساڭا زور ياردىمى بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

## 2. بېقىندى جۈملىدىكى زاماننىڭ باش جۈملىدىكى زاماننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئەھۋال

1) باش جۈملىدىكى پېئىل ھازىرقى زاماندا ياكى كەلگۈسى زاماندا كەلگەندە، بېقىندى جۈملىدە كونتېكىستتا ئاساسەن خالىغان زاماننى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

I believe that she can pass/has passed/will pass the College English Test, Band Six.

مەن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى 6-دەرىجىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتەلەيدىغانلىقىغا / ئۆتۈپ بولغانلىقىغا / ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

It is said that they are leaving/have left/ will leave for Aksu.

ئاڭلىشىمچە، ئۇلار بۇ يەردىن پات ئارىدا / ئاللىبۇرۇن / ئايرىلىپ قەشقەرگە بارىدىكەن.

2) ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە بىلەن ھالەت بېقىندى جۈملىدىكى زامان ئېھتىياجىغا ئاساسەن خالىغان بىر زاماندا كەلسە بولىدۇ.

Nowadays children know a great deal more than we did when we were young.

ھازىرقى بالىلارنىڭ بىلىدىغىنى بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدا بىلىدىغىنىمىزدىن خېلىلا كۆپ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

باش جۈملىدىكى خەۋەر پېئىلى ئۆتكەن زاماندا كەلگەندە، جۈملىدە

زاماننى خاتا ئىشلىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. بېقىندى جۈملىدە ئىپتىلغىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقەت، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت، ھېكمەتلىك سۆز، ماقال-تەمسىل ياكى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ھەرىكەت بولسا، بېقىندى جۈملىدە يەنىلا ئاددىي ھازىرقى زامان ئىشلىتىلىدۇ.

The teacher said that pride goes before a fall.

مۇئەللىم، مەغرۇرلۇق كىشىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ، دېدى.

Copernicus proved that the earth is round.

كوپېرنىك يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

I was told that Bill gives his undivided attention to whomever he is talking to.

ئاڭلىشىمچە، بېل مەيلى كىم بىلەن سۆزلەشمىسۇن، ھەممىشە گەپنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلايدىكەن.

2. بېقىندى جۈملىدە مۇئەييەن ئۆتكەن ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەت بار بولسا، بۇ چاغدا بېقىندى جۈملىدە ئادەتتە ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ (ئۆتكەن پۈتكەن زامانغا قاراڭ).

The little child didn't know China was liberated in 1949.

ئۇ بالا جۇڭگونىڭ 1949-يىلى ئازاد بولغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

She told me she joined the party in 1987.

ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ 1987-يىلى پارتىيىگە كىرگەنلىكىنى ئېيتتى.

3. ئەگەر the day before ، three years before قاتارلىق ھالەت بولسا، بېقىندى جۈملىدە چوقۇم ئۆتكەن پۈتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ.

She told me she had joined the party ten years before.

ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ 10 يىلنىڭ ئالدىدا پارتىيىگە كىرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# زامان ياردەمچى پېئىلى
# (时态助动词 Tense Auxiliary)

زامان ـ ۋاقىت ۋە ھەرىكەتنى ئىپادىلەش جەھەتتە قوللىنىلىدىغان پېئىل شەكلىدۇر. ئىنگلىز تىلىدىكى پېئىللارنىڭ 16 خىل زامان شەكلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاددىي ھازىرقى زامان بىلەن ئاددىي ئۆتكەن زامانىنى ياساشتا زامان ياردەمچى پېئىلىنى ئىشلىتىش ھاجەتسىز. باشقا زامانلارنى ياساشتا زامان ياردەمچى پېئىلى ئىشلىتىلىدۇ. work مىسال ئېلىنغان زامانىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

| ۋاقىت / ھالىتى | ھازىر | ئۆتكەن | كەلگۈسى (كېلىدىغان) | ئۆتكەن كەلگۈسى |
|---|---|---|---|---|
| ئاددىي | ئاددىي ھازىرقى زامان<br>work | ئاددىي ئۆتكەن زامان<br>worked | ئاددىي كەلگۈسى زامان<br>*Shall* / *will* } *work* | ئاددىي ئۆتكەن كەلگۈسى زامان<br>*Should* / *would* } *work* |
| داۋاملىشۋاتقان | ھازىر داۋاملىشۋاتقان زامان<br>*am* / *is* / *are* } *working* | ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان<br>*was* / *were* } *working* | كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان<br>*Shall* / *will* } *be working* | ئۆتكەن كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان<br>*should* / *would* } *be working* |
| پۈتكەن | ھازىر پۈتكەن زامان<br>*have* / *has* } *worked* | ئۆتكەندە پۈتكەن زامان<br>*had worked* | كەلگۈسىدە پۈتىدىغان زامان<br>*shall* / *will* } *have worked* | ئۆتكەن كەلگۈسىدە پۈتكەن زامان<br>*should* / *would* } *have worked* |
| داۋاملىشىپ پۈتكەن | ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان<br>*have* / *has* } *been working* | ئۆتكەندە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان<br>had been working | كەلگۈسىدە پۈتىدىغان، داۋاملىشىدىغان زامان<br>*shall* / *will* } *have been working* | ئۆتكەن كەلگۈسىدە پۈتكەن، داۋاملاشقان زامان<br>*should* / *would* } *have been working* |

## س

# ساختا راي
# (虚拟语气　Subjunctive Mood)

ساختا راي - سۆزلىگۈچى ئېيتقان ھەقىقىي بولمىغان ھەمدە يۈز بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان ياكى يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن كىچىك بولغان ئەھۋالنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئابستراكت ئارزۇ-تىلەك، پىكىر ياكى ئەمەلىيەت بىلەن قارشى بولغان پەرەز قاتارلىقلاردۇر.

I wish I could fly.

ئۇچالايدىغان بولۇپ كەتسەمچۇ كاشكى. (ئابستراكت ئارزۇ)

If you had come earlier, you would/might have met him.

ئەگەر سەن بالدۇرراق كەلگەن بولساڭ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيتتىڭ. (ئۆتمۈشتىكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى)

### 1. ساختا رايىنىڭ ھالەت بېقىندى جۈملىدىكى ئىشلىتىلىشى

1) شەرت ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ (چېنلىقى بولمىغان شەرت جۈملىگە قاراڭ).

2) باشقا ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

a. as if (though) بىلەن باشلانغان ئۇسۇل ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. خەۋەر پېئىلىنىڭ شەكلى مۇنداق:

had + پېئىلىنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى

Lucy speaks French so well ياكى as if she were a French-woman.

لۇسىي فرانسۇزچىنى خۇددى فرانسۇزلاردەكلا ناھايىتى ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلەيدۇ.

She looks/looked as though she hadn't had a decent meal for a month.

ئۇ قارىماققا گويا بىر ئاي تاماق يېمىگەندەك كۆرۈنىدۇ.

He talks/talked as if he were a scholar.

ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقان ھالىتى بەئەينى بىر ئالىمنىڭ ئۆزى.

b. in case، for fear، that، lest بىلەن باشلانغان مەقسەت ھالەت بىقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. خەۋەر پېئىلىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شەكلى مۇنداق: پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + should

We handed the books with care, lest they should get dirty.

بىز كىتابلارنى مەينەت قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى ئاۋايلاپ ئالدۇق.

They shut the window for fear that it should rain.

ئۇلار يامغۇر كىرىپ كەتمىسۇن دەپ دېرىزىنى يېپىۋەتتى.

Here's some money in case you should need it.

بۇ يەردە سىزنى ئىشلەتسۇن دەپ قويۇپ قويغان ئازراق پۇل بار. بىراق، بەزىدە in case دىن كېيىن ساختا راينى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. (شەرت ھالەت بىقىندى جۈملىگە قاراڭ)

c. that، in order that، so that بىلەن باشلانغان مەقسەت ھالەت بىقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. خەۋەر پېئىلىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شەكلى مۇنداق:

پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + may/might، ئىنگلىز تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان شەكلى: پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + can/could

They set out early that they might arrive at the station in time.

ئۇلار بېكەتكە ۋاقتىدا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن بۇرۇنلا يولغا چىقتى.

In order that every student might (could) understand it, the teacher explained that passage again and again.

ھەممە ئوقۇغۇچىلارغا بىلدۇرۇش ئۈچۈن مۇئەللىم ئاشۇ ئابزاسنى قايتا-قايتا چۈشەندۇردى.

The famous actress disguised herself as a man so that we shouldn't recognize her.

بۇ داڭلىق ئايال ئارتىست ئەر كىشىنىڭ رولىنى ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ ئويناپتۇ، شۇڭا بىز ئۇنى تونۇيالماي قاپتۇق.

Whether … or, even if (though), no matter what (how…) . d however, whatever قاتارلىقلار بىلەن باشلانغان بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Even if you had enough money, you could not buy the lost time.

قانچىلىك پۇلىڭىز بولسىمۇ، لېكىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى قايتا سېتىۋالالمايسىز.

Even though the teacher had been very tired, he would have sent me home.

مۇئەللىم بەك چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويالايدۇ.

Whatever he says, I will not change my mind.

مەيلى ئۇ نېمىلا دېمىسۇن، قارارىمنى ئۆزگەرتەلمەيمەن.

However severe the winter should be, there was always the spring time following.

قىش مەيلى قانچىلىك سوغۇق بولسۇن، باھار ھامىنى كېلىدۇ.

However (No matter how) hard the problem may be, we'll try our best to solve it.

مەسىلە قانچىلىك قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۇنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە ھەل قىلىمىز.

ئەتۇر جۈملە تەرتىپىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بۇرۇلما ھالەت بېقىندى جۈملىدە، ساختا راي پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىدۇ.

Be a man ever so successful, he should not be proud.

بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەتسۇن، ھەرگىز مەغرۇرلانماسلىقى كېرەك.

All magents behave the same, be they large or small.

ماگنىت مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش.

e. ھەيرانلىق، خۇشال بولۇش، گۇمانلىنىش، نارازى بولۇش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۇپەتلەردىن كېيىن كەلگەن ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

I am sorry that he should be in such poor health.

ئۇنىڭ تېنىنىڭ بۇنچىلىك ئاجىز ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن.

I am disappointed that my best friend should have done such a thing.

ئەڭ يېقىن دوستۇمنىڭ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشى مېنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى.

## 2. ساختا رايىنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىدىكى ئىشلىتىلىشى

1) ئىگە بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

a. It is (was) important (necessary, natural, imperative, strange, that … قاتارلىقلار) advisable, desirable, preferable, essential, لىك جۈملە شەكلىدە، خەۋەر پېئىلى ئۈچۈن كۆپىنچە should (قىسقارتىۋېتىلىشىمۇ بولىدۇ) + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى (ياكى ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى) ئىشلىتىلىدۇ.

It is very important that we (should) respect our teachers.

بىز ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز لازىم، بۇ ئىنتايىن

مۇھىم.

It is strange that she should have failed in the last examination.

غەلىتە ئىش، ئۇ ئالدىنقى قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەپتۇ.

b. It is (was) desired (suggested, setteled, proposed, requested, decided, demanded, ordered, required that ··· لىك جۈملە شەكلىدە، خەۋەر پېئىلى ئۈچۈن (قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ) should + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

It is desired the students (should) get well-prepared for the exam.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانغا تولۇق تەييارلىق قىلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ.

It was suggested that the problem be solved in another way.

بۇ مەسىلىنى باشقا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش تەكلىپى بېرىلدى.

Had it been settled that the road be widened?

بۇ يولنىڭ كېڭەيتىلىدىغانلىقى مۇقىملاشتىمۇ؟

2) تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

a. تەكلىپ-پىكىر، بۇيرۇق، تەلەپ قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىلدىن كېيىن كېلىدىغان تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە خەۋەر پېئىلى ئۈچۈن كۆپىنچە «پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + (قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ) should» ئىشلىتىلىپ، ساختا رايىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سۆزلەردىن move، suggest، propose، recommend، order، command، demand، require، request، desire، prefer، insist، arrange قاتارلىقلار بار.

I move that he should be discharged for his serious mistake.

ئۇ ئېغىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى، مەن ئۇنى ئىشتىن بوشىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكلىپىنى بېرىمەن.

He recommended that everyone (should) buy this dictionary.

ئۇ ھەممەيلەننىڭ بۇ لۇغەتنى ئېلىشىنى تەۋسىيە قىلدى.

She insisted that we (should) practise our English every day.

ئۇ بىزنىڭ ھەر كۈنى ئىنگلىز تىلى مەشىق قىلىشىمىز كېرەكلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ.

b . wish تىن كېيىن كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى (ھازىرقى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)، had + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ئۆتكەنكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ) ياكى would + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى (كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ) ئىشلىتىلىپ، ساختا راي ئىپادىلىنىدۇ.

Children wish every day were a New Year's Day.

بالىلار ھەر كۈنى يېڭى يىل بولسا دەپ ئۈمىد قىلىدۇ.

I wish I had a lot of books.

مەن نۇرغۇن كىتابلىرىم بار بولغان بولسا دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

I wish she would spend the weekend with me.

ئۇنىڭ ھەپتە ئاخىرىنى مەن بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

c . would sooner (as soon), would rather دىن كېيىن كەلگەن تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى (كەلگۈسىدىكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى (ھازىرقى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ) ياكى had + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى (ئۆتكەنكى ئەمەلىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ) ئىشلىتىلىپ، ساختا راي ئىپادىلىنىدۇ.

I would rather that you call me tomorrow.

ئەتە تېلېفونۇڭنى ساقلايمەن.

We would rather you came to visit our laboratory tomorrow than today.

تەجرىبىخانىمىزغا ئېكىسكۇرسىيە قىلغىلى بۈگۈن ئەمەس، ئەتە كەلسەڭلار بوپتىكەن.

I would sooner they had left yesterday.

مەن ئۇلارنى ئەتىلا ماڭسىكەن دەيمەن.

3) كېسىم خەۋەرلىك بېقىندى جۈملە ۋە ئىزاھلىق بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

، order ، request ، proposal ، plan ، idea ، suggestion ، recommendation motion قاتارلىقلاردىن كېيىن كەلگەن كېسىم خەۋەرلىك بېقىندى جۈملە ۋە ئىزاھلىق بېقىندى جۈملىدە، should (قىسقارتىلىشىمۇ بولىدۇ) + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ساختا راي ئىپادىلىنىدۇ.

His suggestion is that we (should) go immediately.

ئۇ بىزنىڭ دەرھال كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

My idea is that he should give up his present job.

مېنىڭ پىكرىم شۇكى، ئۇ هازىرقى خىزمىتىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك.

He gave the order that the work be done by Friday.

ئۇ ۋەزىپىنى جۈمە كۈنىدىن بۇرۇن ئورۇنداپ بولۇشنى بۇيرۇدى.

## 3. ساختا رايىنىڭ ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىدىكى ئىشلىتىلىشى

«It is (high) time (that) + بېقىندى جۈملە» لىق جۈملە شەكلىدە، بېقىندى جۈملىدە دائىم ساختا راي ئىشلىتىلىدۇ، پېئىل كۆپىنچە ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

It is time we began our discussion.

مۇھاكىمىنى باشلايدىغان ۋاقتىمىز بولدى.

It is high time our athletes showed their best.

تەنھەرىكەتچىلىرىمىزنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان ۋاقتى كەلدى.

بۇنداق بېقىندى جۈملىدە بەزىدە «should + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى» ئىشلىتىلىشمۇ بولىدۇ.

It is time we should leave. ماڭىدىغان ۋاقتىمىز بولدى.

بۇ جۈملە شەكلى بىلەن «It is time + پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى» ياكى «It is time for + تولدۇرغۇچى + پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى» ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇم جەھەتتە ئازراق پەرق بار. ئەگەر بۇ خىل جۈملە شەكلى بېقىندى جۈملىگە ئەگىشىپ كەلسە، ئالدىنئالا بېكىتىلگەن ۋاقىتنى سەل كېيىنگە سۈرۈشنى بىلدۈرىدۇ؛ پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىگە ئەگىشىپ كەلسە، مۇۋاپىق بىر پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## 4. ساختا رايىنىڭ مۇستەقىل جۈملىدىكى ئىشلىتىلىشى

ساختا راي كۆپىنچە مۇستەقىل جۈملىلەردە ئىشلىتىلىپ ئارزۇ-تىلەك، بۇيرۇق، قارغاش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. پېئىل كۆپىنچە ئەسلى شەكلىدە كېلىدۇ.

God bless you! خۇداغا ئامانەت.

Success attend you!

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

Everybody leave the room!

ھەممىڭلار بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭلار!

God damn it! ئۆلگۈر (بېشىنى يەيدىغان.)

The devil take you! بېشىڭنى يەرسەن!

بەزىدە، خەۋەر پېئىلى ئۈچۈن «may + پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى» ئىشلىتىلىپ، ئارزۇ-تىلەك ئىپادىلىنىدۇ.

May you be happy! بەختلىك بولۇڭ!

May our friendship last forever! دوستلۇقىمىز مەڭگۈ داۋاملاشقاي!

## 5. ساختا رايىنىڭ باشقا خىل ئەھۋالدىكى ئىشلىتىلىشى

ئىنگلىز تىلىدا، بەزىدە باشقىلاردىن بىرەر ئىش ئۇچۇن ئۆتۈنگەندە، تەكلىپ بەرگەندە ياكى نەسىھەت قىلغاندا، تۈزۈت قىلىش ۋە ئەدەپلىك بولۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئادەتتە ساختا راي ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا پېئىل مۇنۇ شەكىلدە كېلىدۇ.

پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + should, would, might ياكى could

Could you post the letter for me?

بۇ خەتنى مەن ئۈچۈن پوچتىغا سېلىۋېتەلەرسىزمۇ؟

Would you mind turning down the radio?

كۆڭلىڭىزگە كەلمىسە رادىئونىڭ ئاۋازىنى سەل پەسلىتىپ قويسىڭىز بوپتىكەن!

You might as well (=had better) tell me about it.

سەن ئىشنى يەنىلا ماڭا ئېيتقىنىڭ ياخشى.

# سان
# (数词 Numeral)

سان ئابستراكت رەقەم ياكى نەرسىلەرنىڭ تەرتىپىنى، ساننى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر. ئەمما تىلدا ساننىڭ بىلدۈرىدىغىنى ئابستراكت رەقەم ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ سانى ۋە تەرتىپىدۇر.

سان ـ ساناق سان (Gardinal Numeral) ۋە تەرتىپ سان (Ordinal Numeral) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى تۈردىكى ساننىڭ ئىپادىلىنىشى، مەنىسى ھەمدە ئېنىقلانغان سۆز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساناق سان بىلەن تەرتىپ سان كەسىر ساننى ھاسىل قىلىدۇ.
(ساناق سان، تەرتىپ سان، كەسىر سانغا قاراڭ)

## سان كاتېگورىيىسى
## (数 Number)

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ سانى مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم؛ يەنە بىرى، ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ۋە كۆپلۈك شەكلى.

### 1. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم

ئىسىم ئۆزىنىڭ سانىغىلى بولۇش-بولماسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۇردەش ئىسىملارنى ئادەتتە سانىغىلى بولىدۇ. كوللېكتىپ ئىسىملارنى بەزىدە سانىغىلى بولىدۇ، بەزىدە سانىغىلى بولمايدۇ. خاس ئىسىم، ماددىي ئىسىم ۋە ئابستراكت ئىسىملارنى كۆپىنچە ھاللاردا سانىغىلى بولمايدۇ، ئەمما بەزى ئەھۋاللاردا، بۇنداق ئىسىملار ھەم كۆپلۈك شەكىل ياكى بىرلىك شەكىلدە كېلىپ، كۆپلۈك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

The persons that have the greatest influence on children are their teachers.

باللارغا ئەڭ تەسىر قىلالايدىغان كىشى دەل ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر. (تۇردەش ئىسىم)

There are six families living in that apartment.

ئاۋۇ بىنادا ئالتە ئائىلىلىك كىشى ئولتۇرىدۇ. (كوللېكتىپ ئىسىم)

Mary is studying English.

ماري ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتىدۇ. (خاس ئىسىم)

Oil, coal and natural gas are three major fuels we can make use of.

نېفىت، كۆمۈر ۋە تەبىئىي گاز بىز يېقىلغۇ قىلساق بولىدىغان ئاساسلىق ئۈچ خىل يېقىلغۇدۇر. (ماددىي ئىسىم)

Law, economics and history belong to social sciences.

قانۇن، ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە تارىخشۇناسلىق جەمئىيەتشۇناسلىققا تەۋە. (ئابستراكت ئىسىم)

### 2. ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى

سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملارنىڭ ئادەتتە بىر خىللا شەكلى بار، سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ ھەم بىرلىك، ھەم كۆپلۈك شەكلى بار.

Chocolate is rather expensive in that country.

ئۇ دۆلەتتە شاكىلات بەك قىممەت. (سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم، بىرلا خىل شەكىلدە كەلگەن)

Do you want to send the letter by air or by ordinary mail?

خەتنى زاكاس قىلىپ سالامسىز ياكى ئاددىي قىلىپمۇ؟ (سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم، بىرلىك شەكىلدە كەلگەن)

They are expected to fulfill the task three months ahead of time.

مۆلچەرىمىزچە، ئۇلار ۋەزىپىنى مۇددەتتىن ئۈچ ئاي بۇرۇن ئورۇنلاپ بولالايدۇ. (سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم، كۆپلۈك شەكىلدە كەلگەن)

### 3. ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز ئۆزگىرىشى

سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى قائىدىلىك ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك شەكىل ۋە قائىدىسىز ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك

شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

The students are studying English very hard.

ئوقۇغۇچىلار ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.
(student→students)

It was unwise of him to refer to these unreliable data in his speach.

ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلىگەندە بۇنداق ئىشەنچىسىز سانلىق مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئاقىلانىلىق ئەمەس. (datum→data)

# ساناق سان

## (基数词 Cardinal Numeral)

سانلارنىڭ ئىچىدە «قانچە» دېگەنگە جاۋاب بولىدىغان سان ساناق سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن: one، two، three، fourteen، sixty، hundred، thousand قاتارلىقلار. ساناق سان مەنە جەھەتتە شەيئىلەرنىڭ مۇئەييەن سانىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: two apples (ئىككى ئالما) دېگەندەك. ئىنتىقلانغان ئىسىم بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە، ساناق سان ئىسىمنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن: one car (بىر ماشىنا)، three cars (ئۈچ ماشىنا) دېگەندەك. ئىنگلىز تىلىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بولغان ساناق سان تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى، باشقا بارلىق سانلار مۇشۇ سانلارنى بىر-بىرىگە قوشۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

| 1-12 | 13-19 | 20-90 | 100 دىن يۇقىرى |
|---|---|---|---|
| 1 one | 12 thirteen | 20 twenty | 100 one (a) hundred |
| 2 two | 14 fourteen | 30 thirty | 1000 one(a) thousand |
| 3 three | 15 fifteen | 40 forty | 10000 ten thousand |
| 4 four | 16 sixteen | 50 fifty | 100000 one(a) hundred thousand |
| 5 five | 17 seventeen | 60 sixty | |
| 6 six | 18 eighteen | 70 seventy | 1000000 one(a) million |
| 7 seven | 19 nineteen | 80 eighty | 1000000000 one(a) billion/a thousand million |
| 8 eight | | 90 ninty | |
| 9 nine | | | |
| 10 ten | | | |
| 11 eleven | | | |
| 12 twelve | | | |

## 1. ساناق ساننى ئوقۇش ئۇسۇلى

1) 19-13 غىچە بولغان سانلارنىڭ كەينىگە كەينى قوشۇمچە /ti:n/teen'/ نى قوشۇش ئارقىلىق ئوقۇلىدۇ، ئىككى جايغا ئۇرغۇ چۈشىدۇ. مەسىلەن: 14 /fɔ:'ti:n fourteen, 19 /ˌnain'ti:n/ nineteen

2) 99-21 غىچە بولغان ساناق سانلار جەدۋىلىدىكى 10 خانىلىق سانغا بىر خانىلىق ساننى قوشۇش ئارقىلىق ئوقۇلىدۇ، يازغاندا ئوتتۇرىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن: «35» thirty-five دەپ يېزىلىدۇ.

3) ساناق سان ئۈچ خانىلىق بولسا، 《hundred》 نىڭ كەينىگە 《and》

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە 10 خانىلىق سان ياكى بىر خانىلىق ساننى قوشىمىز.

316 three hundred and sixteen

802 eight hundred and two

963 nine hundred and sixty-three

4) تېخىمۇ كۆپ خانىلىك سان بولسا، ھەر ئۈچ خانىنى بىر تۈرلەپ، ئايرىپ ئوقۇيمىز.

1000 one thousand

3412 three thousand, four hundred and twelve

14078 fourteen thousand and seventy-eight

201659 two hundred and one thousand, six hundred and fifty nine

1000 000 one million

21 508 634 twenty one million, five hundred and eight thousand, six hundred and thirty-four

100 000 000 one hundred million

5) million دىنمۇ چوڭ سان billion. بۇ سان ئامېرىكىدا 1 مىلياردقا، ئەنگلىيىدە 1 تىرلىيونغا تەڭ. ئادەتتە ئامېرىكىچە ھېسابلىنىدۇ.

7000 000 000 Seven billion

## 2. ساناق ساننىڭ ئىشلىتىلىشى

ساناق سان جۈملىدە ئىگە، كېسىم، خەۋەر، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ئىزاھلىق ئەگەش بۆلەك بولىدۇ.

Four plus two is six.

تۆتكە ئىككىنى قوشسا ئالتە. (ئىگە)

Three of the dogs died.

ئىتتىن ئۈچى ئۆلۈپ كەتتى. (ئىگە)

Although he was a wealthy man by the time he was

forty-two, money by itself did not interest him.

ئۇ 42 يېشىدىلا بىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پۇل ئۇنى قىزىقتۇرالمايدۇ. (كىبسىم خەۋەر)

We are seventeen thousand feet above the sea.

بىز دېڭىز يۈزىدىن 17 مىڭ ئىنگلىز چىسى ئېگىزلىكتە تۇرۇۋاتىمىز. (ئىنىقلىغۇچى)

I have three

مەندە ئۈچى بار. (تولدۇرغۇچى)

Adding one zero after a six makes the number 60.

6 نىڭ كەينىگە بىر نۆل قويسا 60 بولىدۇ. (ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

billion، million، thousand، hundred سانلىق سان 100 دىن ئاشقاندا نىڭ كەينىگە «s» قېتىلمايدۇ.

400 four hundred

7000 seven thousand

8000000 eight million

ئەمما، ساننىڭ ئېنىتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندە «s» قېتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| hundreds of miles | نەچچە يۈز ئىنگلىز مىلى |
| thousands of people | نەچچە مىڭلىغان ئادەم |
| millions of people | نەچچە مىليونلىغان ئادەم |

## سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم
## (可数名词 Countable Noun)

سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم سان بىلەن ھېسابلىغىلى بولىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سانىنىڭ ئادەتتە بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى بولىدۇ. بىرلىك شەكلىنىڭ ئالدىدا ئېنىقسىز ئارتىكل a/an كېلىدۇ.

I asked him more than ten questions, but he did not reply to a single one.

مەن ئۇنىڭدىن 10 دىن ئوشۇق سوئال سورىدىم، ئەمما ئۇ بىرىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى.

The best way to learn a foreign language is to practise speaking it as often as possible.

چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دائىم سۆزلەپ مەشىق قىلىش.

## سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم
## (不可数名词 Uncountable Noun)

سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم سان بىلەن ھېسابلاش مۇمكىن بولمايدىغان ئىسىمنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇنداق ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولمايدۇ، ئالدىغا a/an ۋە سانىنى بىۋاسىتە قاتقىلى بولمايدۇ. ئەمما ئالدىغا the ياكى some نى قېتىشقا بولىدۇ.

I want to watch the news on TV, but I don't know what time it is on.

مېنىڭ تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىنى كۆرگۈم بار، لېكىن خەۋەرنىڭ قاچان باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

George is unemployed at the moment; He is looking for some work.

گېئورگى ھېلىھەم ئىشسىز قالدى، ئۇ ھازىر ئىش

ئىزدەۋاتىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئىنگلىز تىلىدىكى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم بىلەن سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمنى مۇئەييەن شەرت ئاستىدا ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

1. ماددىي ئىسىم ياكى ئابستراكت ئىسىم كونكرېت، ئايرىم شەيئى ياكى مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەن قېتىم سانىنى بىلدۈرگەندە، ئادەتتە سانىغىلى بولىدۇ.

The price of tin rose today.

بۈگۈن قەلەينىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىپتۇ. (ماددىي ئىسىم، سانىغىلى بولمايدۇ)

The food is packed in tins.

يېمەكلىك قەلەي قۇتا ئىچىگە قاچىلىنىدۇ. (كونكرېت، ئايرىم شەيئى، سانىغىلى بولىدۇ)

They have finished the task with great difficulty.

ئۇلار ۋەزىپىنى ناھايىتى تەستە تاماملىدى. (ئابستراكت ئىسىم، سانىغىلى بولمايدۇ)

They have had very few difficulties so far.

ھازىرغا قەدەر ئۇلار تېخى ھېچقانچە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقمىدى. «قىيىنچىلىق» نىڭ يۈز بەرگەن قېتىم سانىنى سانىغىلى بولىدۇ)

بەزى ماددىي ئىسىم ياكى ئابستراكت ئىسىملار سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىلگەندە، مەنىسىدە كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزگىرىش بولىدۇ.

What she lacks is experience.

ئۇنىڭدا كەم بولۇۋاتقىنى تەجرىبە.

I had many amusing experiences when I was working in the country.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەن يېزىدا چېنىقىۋاتقان ۋاقتىمدا، نۇرغۇن قىزىقارلىق كەچۈرمىشلىرىم بولغان.

I have heard about it by accident.

مەن بۇ ئىشنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالدىم.

There have been many traffic accidents this year.

بۇ يىل نۇرغۇن قېتىم قاتناش ھادىسىسى يۈز بەردى.

2. نەرسىلەرنىڭ تۈرى ۋە سانىغا چېتىشلىق بولغاندا، بەزى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملار سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

Now people are eating more fruit that before.

ھازىر كىشىلەر مېۋە-چېۋىنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپرەك ئىستېمال قىلىدۇ. (ماددىي ئىسىم، سانىغىلى بولمايدۇ)

Various fruits are on sale there.

ئۇ يەردە ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەر سېتىلىدۇ. («مېۋە-چېۋە» نىڭ تۈرلىرىنى سانىغىلى بولىدۇ)

3. سەي-كۆكتات، ھايۋان قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئادەتتە سانىغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇستەلدىكى يېمەك-ئىچمەكنى بىلدۈرگەندە، سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمغا ئالمىشىدۇ.

They grow their own carrots.

ئۇلار سەۋزىنى ئۆزى تېرىيدۇ. (سانىغىلى بولىدۇ)

Good stew must contain carrot.

ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم سەۋزە قېتىلىدۇ. (سانىغىلى بولمايدۇ)

Don't count your chickens before they are hatched.

چۈجىنى كۈزدە ساناڭ (تۇخۇم ئۇرۇقلانماي تۇرۇپ چۈجە سانىماڭ) (سانىغىلى بولىدۇ)

Would you like some chicken or lamb?

توخۇ گۆشى يەمسىز ياكى قوي گۆشىمۇ؟ (سانىغىلى بولمايدۇ)

4. مەلۇم بىر جىسىمنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ياكى مەلۇم بىر ئۇقۇمغا چېتىشلىق بولغاندا، بەزى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملار سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

The flat is made up of three rooms.

بۇ بىنادا ئۈچ ئۆي بار. (room ئۆينىڭ ئېغىزىنى كۆرسىتىدۇ. سانىغىلى بولىدۇ)

There is much room for improvement in our work.

بىزنىڭ خىزمىتىمىزدە نۇرغۇن ئىلگىرىلەش شارائىتى بار. (room شارائىت، پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ، سانىغىلى بولمايدۇ)

## سەۋەب ھالىتى
## (原因状语 Adverbial of Reason)

سەۋەب ھالىتى جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشى ياكى بىر ھالەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە why ياكى what for … بىلەن باشلانغان سوئال جۈملىگە جاۋاب بولىدۇ.

**1. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.**

بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن from …, With …, of …, out of …, because of …, on account of …, for fear of … قاتارلىقلار بار. ئادەتتە جۈملە ئاخىرىدا كېلىدۇ، بەزى ھاللاردا جۈملە بېشىدىمۇ كېلىدۇ.

The boy's teeth chattered from fear.

بالىنىڭ چىشلىرى قورقۇنچتىن كاسىلداپ كەتتى.

She returend home early because of his inisistence.

ئۇ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ ئۆيگە بالدۇرراق قايتتى.

www.uyghurkitap.com

### 2. ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە غەزەپ-نەپرەت، خۇشاللىق قاتارلىق ھېس-تۇيغۇ، كەيپىياتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت (ياكى پېئىل) لەردىن كېيىن كېلىپ، بۇ خىل كەيپىياتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلدۈرگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت خەۋەر پېئىلى بىلدۈرگەن ھەرىكەتتىن ئاۋۋال يۈز بېرىدۇ.

I was afraid to sleep, even if I had been inclined.

ئۇيقۇم بەك كەلگەن بولسىمۇ، ئۇخلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

We were much pleased to have attended your meeting.

يىغىنىڭلارغا قاتناشقىنىمىزدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

### 3. پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن ياسالغان ئىبارە سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن ياسالغان ئىبارە سەۋەب ھالىتى بولغاندا، ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى باش جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇشى كېرەك. ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىدا كېلىدۇ، بەزىدە جۈملە ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ.

People have trusted me, knowing that I am an honest man

كىشىلەر مېنىڭ سەمىمىي ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلگەچكە، ماڭا ئىشىنىدۇ.

He, being a party member, never refuses to help his comrades.

ئۇ پارتىيە ئەزاسى بولغاچقا، يولداشلىرىغا ياردەم بېرىشتىن ئەزەلدىن باش تارتمايدۇ.

### 4. پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن مۇستەقىل قۇرۇلما سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرى بەزىدە ئىگە (لوگىكىلىق) بولىدۇ،

ئۇلار پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن مۇستەقىل قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىپ، ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ.

It being now pretty late, we took our candles and went upstairs.

ئۇ چاغدا بەك كەچ بولۇپ كەتكەچكە، بىز شام يورۇتۇپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتۇق.

The director being away on business, the deputy director chaired the meeting.

مۇدىر كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتتى، يىغىنغا مۇئاۋىن مۇدىر رىياسەتچىلىك قىلدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بەزىدە، پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن مۇستەقىل قۇرۇلمىنىڭ ۋاقىتنى ياكى سەۋەبنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى پەرقلەندۈرمەك تولىمۇ قىيىن. ۋاقىتنى بىلدۈرگەندە while - clause ياكى when-clause نى، سەۋەبنى بىلدۈرگەندە بولسا since - clause ياكى as - clause نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

The doctor, having felt his pules, pronounced him better. (=The doctor, after he had felt his pules, pronounced him better.)

دوختۇر ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقايغانلىقىنى ئېيتتى.

Inspired by the scientist's speech, the teenagers decided to study physics harder.
(=As they were inspired by the scientist's speech, the teen-agers decided to study physics harder.)

ھېلىقى ئالىمنىڭ سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن ياش-ئۆسمۈرلەر فىزىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى.

www.uyghurkitap.com

5. بىقىندى جۈملە سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

، that ، considering ، seeing that ، now that ، since ، as ، because
inasmuch as قاتارلىق بىقىندۇرما باغلىغۇچى باشلاپ كەلگەن جۈملە سەۋەب ھالىتى ئورنىدا كېلىپ، سەۋەب ھالەت بىقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

Now that everybody has come, let's begin our discussion.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كەلگەندىكىن، مۇھاكىمىنى باشلاۋېرەيلى.

Considering that they are just beginners, they are doing quite a good job.

ئۇلار يېڭىياچە بولغىنى بىلەن ئىشنى راۋۇرۇس قىلىپتۇ.

## سەۋەب ھالەت بىقىندى جۈملە

## (原因状语从句 Adverbial Clause of Reason)

سەۋەب ھالەت بىقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبى ياكى ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بىقىندى جۈملە ئادەتتە now ، since ، as ، because for the reason ، inasmuch as ، considering that ، seeing (that) ، that for fear (that) ، on the ground(s) that ، not that … but that ، that قاتارلىق بىقىندۇرما باغلىغۇچى ياكى مۇناسىۋەت سۆزى بىلەن باشلىنىدۇ، باش جۈملىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئادەتتە باش جۈملە بىلەن پەش ئارقىلىق ئايرىلىدۇ؛ باش جۈملىنىڭ كەينىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

He will succeed because he is in earnest.

ئۇ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بەك ئەستايىدىل.

Since you are very busy, I will not trouble you.

سەن بەك ئالدىراش بولغاندىكىن، سېنى ئاۋارە قىلمايلا قوياي.

Now (that) I'm well again, I can go on with my work.

سالامەتلىكىم ئەسلىگە كەلگەندىكىن، خىزمىتىمگە چۈشسەم بولار.

I eat potatoes for the simple reason that I like them.

مەن ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ياشلاپ يەيمەن.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. since، because ۋە as سەۋەب ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان ئاساسلىق باغلىغۇچىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە because نىڭ تۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، مەيلى باش جۈملىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كەلسۇن، جۈملىنىڭ مۇھىم قىسمى بولىدۇ، باش جۈملە بەزىدە مەنە جەھەتتە ئانچە مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ since سەل ئويلىنىپ ئىش كۆرگەندىن كېيىنكى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە قارشى تەرەپ سەۋەبتىن ئاللىقاچان خەۋەردار بولغان بولىدۇ؛ as ئادەتتە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، ئۇنىڭ بىلدۈرگەن سەۋەبى ئاشكارىلىنىپ بولۇنغان بولىدۇ ياكى شۇ سەۋەبنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن جۈملىنىڭ مۇھىم قىسمى بولالمايدۇ.

Because he is ill, he is absent today.

ئۇ ئاغرىپ قالغان بولغاچقا، بۈگۈن كېلەلمىدى.

Since this method doesn't work, let's try another.

بۇ ئۇسۇل قاملاشمىغاندىكىن، باشقا ئۇسۇلنى قوللىنىپ كۆرەيلى.

As it is hot today, many of us are going swimming.

بۈگۈن بەك ئىسسىق بولغاچقا، كۆپىنچىمىز سۇ ئۈزگىلى بارماقچى بولۇۋاتىمىز.

2. تەڭداش باغلىغۇچى for سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرگەندە، ئورنىغا بېقىندۇرما باغلىغۇچ because نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئەمما پەقەت باش جۈملىدىن كېيىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

He could not have seen me, for/because I was not

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

there.

ئۇ مېنى كۆرەلمىدى، چۈنكى مەن ئۇ يەردە ئەمەس ئىدىم.

My brother wears eye-glasses, for/because he is nearsighted.

مېنىڭ ئىنىم كۆزەينەك تاقايدۇ، چۈنكى ئۇ يېقىننى كۆرەلمەيدۇ.

## سوراق جۈملە
## (疑问句 Interrogative Sentence)

مەلۇم بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جۈملە سوراق جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملىنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. سوراق جۈملە ئاددىي سوراق جۈملە، ئالاھىدە سوراق جۈملە، قارشى مەنىلىك سوراق جۈملە، ئېنىقلىغۇچىلىق سوراق جۈملە، ئۇندەش سوراق جۈملە، قايتۇرما سوراق جۈملە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ (تەپسىلاتىنى مۇشۇ لۇغەتتە بېرىلگەن مىساللاردىن كۆرۈۋېلىڭ).

## سوئال بەلگىسى
## (问号 Question Mark)

سوئال بەلگىسى (؟) ئادەتتە سوئال قويۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدۇ:

### 1. سوئال جۈملىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Did you see the match?

مۇسابىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟

How did you manage to get the tickets?

بېلەتنى قانداق تاپتىڭىز؟

**2. سوراقنى ياكى ھەيران قېلىشنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.**

The explosion caused the fire?

ئوت ئاپىتى پارتلاشتىن كېلىپ چىقتىمۇ؟

So you believed him? شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئىشەندىڭ؟

You are going? كېتەمسەن؟

**3. تىرناق ئىچىدە كېلىپ، ئالدىدىكى سۆزنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.**

Chaucer was born in 1342 (?) and died in 1400.

چاۋسېر تەخمىنەن 1342-يىلى (؟) تۇغۇلغان، 1400-يىلى ۋاپات بولغان.

**[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]**

سوراقنى بىلدۈرىدىغان جۈملىنى بىۋاسىتە نەقىل قىلىنىپ ئالغاندا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ؛ ۋاسىتىلىك نەقىل قىلىپ ئالغاندا، سوئال بەلگىسى ئەمەس، چېكىت قويۇلىدۇ.

"Must I go to school tomorrow?" Jack asked.

«ئەتە چوقۇم مەكتەپكە بېرىشىم كېرەكمۇ؟» سورىدى جەك.

The police asked, "Where were you at ten last night?"

«تۆنۈگۈن ئاخشام سائەت 10 دا سەن قەيەردە ئىدىڭ؟» دەپ سورىدى ساقچى.

She asked how much that handbag cost.

ئۇ ئاۋۇ سومكىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى سورىدى.

# سوئال ئالمىشى

## (疑问代词　Interrogative Pronoun)

سوئال ئالمىشى who، whom، whose، which، what قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە سوراق جۈملە ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. سۈپەت خاراكتېرلىك سوئال ئالمىشى (whose, what, which) ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سوئال ئالمىشى (what, which, whose, whom, who) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە سوئال جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ ھەمدە جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى بولىدۇ.

### 1. who نىڭ ئىشلىتىلىشى

who پەقەت ئادەمگىلا ئىشلىتىلىدۇ. who باش كېلىش؛ whom چۈشۈم كېلىش؛ whose ئىگىلىك كېلىشتۇر.

Who broke the window?

ئەينەكنى كىم چاقتى؟

Whom are you talking about?

سىلەر كىم توغرىسىدا پاراڭلىشىۋاتىسىلەر؟ (تولدۇرغۇچى)

If that is not your umbrella, then whose is it?

ئۇ كۈنلۈك سىلەرنىڭ بولمىسا، ئۇنداقتا كىمنىڭ؟ (كېسىم خەۋەر)

Whose gloves are these?

بۇ كىمنىڭ پەلىيى؟ (ئېنىقلىغۇچى)

ئېغىز تىلىدا، whom ئىشلىتىلىدىغان جايدا كۆپىنچە who (چۈشۈم كېلىشكە قاراڭ) ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئالدى قوشۇلغۇچىدىن كېيىن ئادەتتە whom ئىشلىتىلىدۇ.

To whom did she turn for help.

ئۇ كىمدىن ياردەم تەلەپ قىلدى؟

In whom can you trust if not the doctor?

دوختۇرغا ئىشەنمىسەڭ كىمگە ئىشىنىسەن؟

2. what نىڭ ئىشلىتىلىشى

1) what ئادەتتە نەرسىلەرنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

What happened to you last weekend?

ئالدىنقى ھەپتە ساڭا نېمە بولدى؟ (ئىگە)

What is his telephone number?

ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرى قانچە؟ (كېسىم خەۋەر)

What did you see?

سەن نېمىنى كۆردۈڭ؟ (تولدۇرغۇچى)

What subjects are you taking in your exam?

قايسى پەنگە ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملاتتىڭ؟ (ئېنىقلىغۇچى)

2) What مەلۇم بىر ئادەمنىڭ كەسپىنى سورۇشتۇرۇشتە ئىشلىتىلىدۇ.

What is that man talking to your father?

—He's a lawyer.

داداڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋۇ ئادەم نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇ ئادەم ئادۋوكات.

I don't know who or what he is; and I care?

ئۇنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن؛ ھەمدە بۇنداق ئىشلار بىلەنمۇ كارىم يوق.

3. which نىڭ ئىشلىتىلىشى

which ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ، تاللانما سوراق جۈملىدە كېلىپ، تاللاناقچى بولغان ئوبيېكتنى كۆرسىتىدۇ.

Which one is qualified for the task?

بۇ ئىشقا قايسى ئادەم مۇناسىپ كېلەر؟

Which is the quickest way from here to the bank?

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردىن بانكىغا بېرىشتا قايسى يول ئەڭ يېقىن؟ (ئىگە)

Which do you find easier to learn, English or Japanese?

مېنىڭچە ئىنگلىزچىنى ئۆگەنمەك ئاسانراقمۇ ياكى ياپونچىنى ئۆگەنمەك ئاسانراقمۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

### 4. سوئال ئالمىشىنىڭ تەكىتلەش شەكلى

who ، what ، which قاتارلىقلاردىن كېيىن ever قوشۇلسا تۇس كۈچىيىدۇ، ھەيرانلىق، نارازىلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

Whoever can be calling at this time of night?

بۇنچە كەچتە يەنە كىم تېلېفون ئۇرغاندۇ؟

Whatever do you mean?

بۇ زادى نېمە دېگىنىڭ؟

Whichever party is in power now in U. S. A?

ھازىر ئامېرىكىدا زادى قايسى پارتىيە ھوقۇقلۇق؟

## سوئال رەۋىشى
## (疑问副词 Interrogative Adverb)

سوئال رەۋىشىدىن where ، when ، why ، how قاتارلىقلار بار بولۇپ، سوئال قويۇشتا ئىشلىتىلىدۇ.

Where do you live سىز قەيەردە تۇرىسىز؟

When did he go to Beijing? ئۇ بېيجىڭغا قاچان بارغان؟

Why didn't you come here last night?

تۈنۈگۈن ئاخشام نېمىشقا بۇيەرگە كەلمىدىڭ؟

"How will you go to the railway station?"-"By underground."

- ۋوكزالغا قانداق بارىسەن؟

- مېترو بىلەن.

# سۆز

## (词 Word)

سۆز بىر ياكى بىردىن ئارتۇق مورفېما (Morpheme) دىن تۈزۈلگەن، تاۋۇش، مەنە ۋە گرامماتىكىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گەۋدىسىدۇر. سىستېمىلىق گرامماتىكا (Systematic Grammar) دا سۆز مورفېمىدىن چوڭ، سۆز بىرىكمىسىدىن كىچىك بولغان گرامماتىكىلىق بىرلىك، جۈملىلەرنى ئاساسلىق تەشكىل قىلغۇچى بىرلىكتۇر. ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسى ۋە گرامماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن ئوچۇق سۆزلەر (Open—class Word) ۋە يېپىق سۆزلەر (Closed—class Word) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئوچۇق سۆزلەر تۈرلۈك مۇستەقىل مەنىلىك سۆز (Content word) يەنى ئىسىم (Noun)، ئاساسىي پېئىل (Main verb)، سۈپەت (Adjective) ۋە رەۋىش (Adverb) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئوچۇق سۆزلەر جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، يېڭى سۆزلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. كونىرىغان سۆزلەر بارا-بارا ئىستېمالدىن قالىدۇ ياكى ئۆزىگە يېڭى مەنە يۈكلەيدۇ. يېپىق سۆزلەر بارلىق فۇنكسىيىلىك سۆزلەر (Functional Word) ياكى قۇرۇلما سۆزلەر (Structural Word)، يەنى ئالماش (Pronoun)، (Determiner)، ئالدى قوشۇلغۇچى (Preposition)، باغلىغۇچى (Conjuction)، ئۈندەش سۆز (Interjection) ۋە ياردەمچى پېئىل (Auxiliary verb) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. يېپىق سۆزلەرنىڭ سانى چەكلىك، ئۆزگىرىشىمۇ نىسبەتەن ئاز بولىدۇ (سۆز تۈركۈمى، مۇستەقىل سۆز، قۇرۇلمىلىق سۆز، مورفېماغا قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۆز تۈركۈمى
## (词性　Part of Speech)

سۆز تۈركۈمى سۆزنىڭ گرامماتىكا جەھەتتىكى تۈرگە ئايرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسى، شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى، گرامماتىكىلىق رولىغا ئاساسەن 10 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئىسىم (Noun)

ئادەم، نەرسە ياكى ئابستراكت ئۇقۇم قاتارلىقلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئوقۇغۇچى | student | جەك | Jack |
| غەم-قايغۇ | anxiety | فوتو تېلېگرامما | fax |
| پوچتا يوللانمىسى | E—mail | فىزىكا | physics |
| ماشىنا | car | پارتا | desk |

### 2. ئالماش (Pronoun)

ئىسىم ياكى ئىسىمنىڭ رولىنى ئوينىيالايدىغان ئىبارە، تارماق جۈملە ۋە جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| مېنى، چۈشۈم كېلىش | me | مەن، باش كېلىش | I |
| ئۇنىڭ | it's | ئۇنىڭ | her |
| ئازراق، بىرىمۇ | none | ھەممىسى | all |
| مەلۇم نەرسە، مەلۇم كىشى | one | بىر نەچچە | several |
| ھەر قانداق كىشى | anyone | مەلۇم بىر كىشى | somebody |
| ئۇلار | those | بۇ | this |

### 3. سۈپەت (Adjective)

ئىسىم ياكى ئالماشنى تەسۋىرلەيدىغان ياكى ئېنىقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| beautiful | گۈزەل | big | يوغان |
| happy | بەختلىك، خۇشال | international | خەلقئارالىق |
| hilarious | قىزغىن، قىزىق | irritable | تېرىككەك |

## 4. سان (Numeral)

ساناق ياكى تەرتىپنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| one | بىر | five | بەش |
| a hundred | بىر يۈز | first | بىرىنچى |
| fifth | بەشىنچى | a hundredth | يۈزىنچى |
| eighth | سەككىزىنچى | ninth | توققۇزىنچى |
| | | thirtieth | ئوتتۇزىنچى |

## 5. پېئىل (Verb)

ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| walk | مېڭىش | love | سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش |
| hit | ئۇرۇش | understand | چۈشىنىش |
| must | زۆرۈر، چوقۇم | will | خالاش، كەلگۈسى زامانني بىلدۈرىدۇ |

## 6. رەۋىش (Adverb)

ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| quite | ناھايىتى | slowly | ئاستا |
| however | ھالبۇكى | necessarily | زۆرۈر ھالدا |

## 7. ئارتىكل (Article)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىسىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| a(n) | بىر | the | بۇ، ھېلىقى، ئاشۇ |

## 8. تىركەلمە (Preposition)

ئىسىم، ئالماش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| about | توغرىسىدا، ھەققىدە | among | ··· نىڭ ئارىسىدا |
| according | ···غا ئاساسلانغاندا | besides | ···دىن باشقا |
| from | دىن، تىن | because of | ···بولغانلىقتىن، چۈنكى |
| | | at | دا، تە |

## 9. باغلىغۇچى (Conjunction)

سۆز بىلەن سۆزنى ياكى جۈملە بىلەن جۈملىنى بىر-بىرىگە باغلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| and | ۋە، ھەم، بىلەن | but | لېكىن، ئەمما، بىراق |
| although | گەرچە | hecause | چۈنكى |
| if | ئەگەر | whether | ··· مۇ ئەمەسمۇ |

## 10. ئۈندەش سۆز (Interjection)

خۇشال بولۇش، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، مەمنۇن بولۇش قاتارلىق ھېسسىيات ياكى كەيپىياتنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمىدۇر.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ah | ئېخ، ئاھ | Heavens | ئاھ خۇدا |
| aha | ئاھا | alas | ئوھوي |
| O | ۋوي | bravo | بارىكاللا |

يۇقىرىدىكى 10 خىل سۆز تۈركۈمى ئىچىدە، ئالتە خىل سۆز تۈركۈمى مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە مۇستەقىل بۆلەك بولالايدۇ. بۇنداق سۆزلەر مۇستەقىل سۆز Notional word دەپ ئاتىلىدۇ؛ قالغان تۆتى

مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولمىغاچقا (بىراق، گراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە) ، جۈملىدە مۇستەقىل بۆلەك بولالمايدۇ (ئۇندەش سۆز جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ) ، شۇڭلاشقا بۇنداق سۆزلەر ياردەمچى سۆز (From word) لەر دەپ ئاتىلىدۇ.

## سۆز ياساش قائىدىسى
## (构词法　Word Formation)

سۆز ياساش قائىدىسى سۆز ياساش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى (Derivation) ، ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى (Conversion) ھەمدە بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى (Compounding) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى (Clipping) سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى (Initialism) ، سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ ئوقۇش ئۇسۇلى (Acronym) ، سۆزلەرنى يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلى (Blending) ، قارشىسىغا ياندۇرۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلى (Back-formation) ۋە تەكرارلاش ئۇسۇلى (Reduplication) قاتارلىق بىر قىسىم ئانچە مۇھىم بولمىغان سۆز ياساش ئۇسۇللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1. قوشۇمچە قوشۇش ئارقىلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى

بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر سۆز تومۇرى (Base) غا ئالدى قوشۇمچە (prefix) ياكى كەينى قوشۇمچە (Suffix) قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

1) ئالدى قوشۇمچە قوشۇش (ئادەتتە سۆز تۈركۈمى ئۆزگەرمەيدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

biography(n) ______________ autobiography (n)

بىئوگرافىيە، تەرجىمىھال ئاپتوبىئوگرافىيە، تەرجىمىھال

happy(adj)________ unhappy (adj)

خۇشال خاپا، ناخۇش

plant (V)________ transplant (V)

تىكىش كۆچۈرۈپ تىكىش

2) كەينى قوشۇمچە قوشۇش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| child(n) | بالا | — | child hood | بالىلىق دەۋرى |
| real(adj) | ھەقىقىي | — | reali ze | رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش |
| think(V) | ئويلىنىش | — | thin ker | مۇتەپەككۇر |
| use (n) | ئىشلىتىش | — | usef ul(adj) | پايدىلىق |

3) ھەم ئالدى قوشۇمچە ھەم كەينى قوشۇمچە قوشۇش

| | |
|---|---|
| conduct(V) | ئۆتكۈزمەك، يەتكۈزمەك |
| -semi-conductor (n) | يېرىم ئۆتكۈزگۈچ |
| exist (V) | مەۋجۇت |
| -non-existent (adj) | مەۋجۇت ئەمەس |
| friend (n) | دوست |
| —unfriendly (adj) | دۈشمەنلەرچە، ياتلارچە |
| simple (adj) | ئاددىي |
| — oversimplify (V) | ئاددىيلىقتىن ھالقىپ كەتمەك |

## 2. ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى

سۆزنىڭ ئەسلى شەكلىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق سۆز ياساش قائىدىسىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ. ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىدا ئادەتتە سۆزنىڭ شەكلى ۋە تەلەپپۇزىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئەمما بەزىدە ئۇخشىمىغان ئەھۋاللار يۈز

بېرىدۇ.

1) پېئىلنى ئىسىمغا ئالماشتۇرۇش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| cover | يېپىش | — | cover | تۇۋاق، ياپقۇچ |
| guess | پەرەز قىلماق | — | guess | پەرەز |
| taste | تېتىماق | — | taste | تەم |

2) ئىسىمنى پېئىلغا ئالماشتۇرۇش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| bottle | بوتۇلكا | — | bottle | بوتولكىغا قاچىلىماق |
| knife | پىچاق | — | knife | پىچاق بىلەن كەسمەك |
| picture | رەسىم | — | picture | رەسىم سىزماق |
| seat | ئورۇن | — | seat | سىغىش، پېتىش |

3) سۈپەتنى ئىسىم ياكى پېئىلغا ئالماشتۇرۇش

① ئىسىمغا ئالماشتۇرۇش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| comic | كومېدىيىلىك | — | comic | كومېدىيە ئارتىسى |
| daily | كۈنلۈك، ھەر كۈنلۈك | — | daily | گېزىت |
| final | ئەڭ ئاخىرقى | — | finals | ھەل قىلغۇچى مۇسابىقە |
| regular | قەرەللىك | — | regular | كونا خېرىدار |

② پېئىلغا ئالماشتۇرۇش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| dry | قۇرۇق | — | dry | قۇرۇتماق |
| narrow | تار | — | narrow | تارايتماق |
| right | توغرا | — | right | توغرىلىماق، تۈزىمەك |
| slow | ئاستا | — | slow | ئاستىلاتماق |

4) باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئالماشتۇرۇش

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| home | ئۆي (ئىسىم) | — | home | ئۆيىگە بارماق |

www.uyghurkitap.com

through — ئۆزۈل-كېسىل، ئۆتمەك، كېسىپ ئۆتمەك (ئالدى قوشۇلغۇچى)

—through — بىۋاستە يېتىپ بارغان (سۈپەت)

then — شۇ چاغدا (رەۋىش)

— then — شۇ چاغدىكى، ئەينى چاغدىكى (سۈپەت)

### 3. بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزنى بىرىكتۈرۈپ يېڭىدىن سۆز ياساش قائىدىسى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىدا ئاساسلىقى ئىسىم، سۈپەت ۋە پېئىلنى بىرىكتۈرۈشكە بولىدۇ. باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىمۇ بىرىكتۈرۈپ سۆز ياسىغىلى بولىدۇ، ئەمما سانى كۆپ ئەمەس.

1) بىرىككەن ئىسىم (ئىسىم ئاساس قىلىنىدۇ)

dishwasher تەخسە يۇغۇچ

dish n. +washer n.

highway تاشيول

high adj(n) + way(n)

drinking - water ئىچىملىك سۇ

drinking (gerund) + water (n)

flying-fish ئۇچار بېلىق

flying (present. p) + fish(n)

by-product قوشۇمچە مەھسۇلات

by ((prep) + product (ئىسىم)

air-conditioning ھاۋا تەڭشىگۈچ

air(n) + conditioning (gerund)

flyover ئاسما كۆۋرۈك

fly(v) + over (adv)

2) بىرىككەن سۈپەت

bitter-sweet ھەم چۈچۈمەل ھەم تاتلىق
bitter (adv) + sweet (adj)
grass-green يېشىل چۆپلۈك
grass (n) + green (adj)
easygoing رايىش، چىقىشقاق
easy (adj) + going (present p.)
hard-working تىرىشچان
hard (adv) + working (present. p)
first-rate بىرىنچى دەرىجىلىك
first (num) + rate (n)
noble-minded ئالىيجاناب
noble (adj) + mind (n) + ed

3) بىرىككەن پېئىل

daydream ئۇخلىماي چۈش كۆرۈش
day(n) + dream (n)
safeguard قوغداش
safe (adj) + guard (v)
undergo سەرگۈزەشتە
under (adv) + go (v)
blackmail پوپۇزا قىلماق، قاقتى-سوقتى قىلماق
black (adj) + mail (n)

4) بىرىككەن باشقا سۆز تۈركۈملىرى

knee-deep تىزىغا كەلگۈدەك چوڭقۇر
knee (n) + deep (adj)
absent-mindedly ھاڭۋاقتىلەرچە
absent (adj) + mind (n) + ed + ly
face - to -face يۈزمۇيۈز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

face (n) + to (prep) + face (n)
Something مەلۇم نەرسە
some (pron) + thing (pron)

## سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى
## (截短法 Clipping)

بۇ ـ ئانچە مۇھىم بولمىغان سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىرىدۇر. سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلىدا سۆزنى قىسقارتىپ يېزىش ئارقىلىق يېڭى سۆز ھاسىل قىلىنىدۇ، ئەمما سۆز مەنىسى ۋە سۆز تۈركۈمىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. سۆز قىسقارتىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل ئادەتتە سۆز بېشىنى قىسقارتىش، سۆز ئاخىرىنى قىسقارتىش، سۆز ئوتتۇرىسىنى قىسقارتىش ياكى بىر نەچچە سۆزنى قىسقارتىپ بىر سۆز قىلىشتىن ئىبارەت. سۆز قىسقارتىش شەكلى ئادەتتە رەسمىي بولمىغان شەكىلدۇر.

### 1. سۆز بېشىنى قىسقارتىش

airplane →plane ئايروپىلان
helicopter → copter تىك ئۇچار ئايروپىلان
omnibus → bus ماشىنا
parachute → chute پاراشوت
telephone → phone تېلېفون

### 2. سۆز ئاخىرىنى قىسقارتىش

advertisement → ad ئېلان
co-operative → co-op ھەمكارلىق
examination → exam ئىمتىھان

mathematics→maths (ئەنگلىيە) / math (ئامېرىكا) ماتېماتىكا
photograph → photo رەسىم

3. سۆزنىڭ بېشى ۋە ئاخىرىنى قىسقارتىش ياكى بېشى بىلەن ئاخىرىنى قوشۇش

influenza → flu يۇقۇملۇق زۇكام
refrigerator → fridge توڭلاتقۇ
prescription → script / scrip رېتسېپ، دورا رېتسېپى
fantasy → fancy تەسەۋۋۇر، فانتازىيە
mister → Mr ئەپەندى

4. قىسقارتىلغان سۆز بىرىكمىسى

a prefabricated house → prefab
ئالدىنئالا ياسالغان ئۆي

gentlemen's lavatory → gent's
ئەرلەر ھاجەتخانىسى

popular song singer → pop singer
مودا ناخشىچى

public house → pub كىچىك قاۋاقخانا
three - dimensional film → Three — D
ستېرېئولۇق كىنو (فىلىم)

## سۆزلەرنى يېپىشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى سۆز ياساش ئۇسۇلى
## (拼缀法 Blending)

بۇ - مۇھىم بولمىغان سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلدا، ئادەتتە ئىككى سۆزنىڭ ھەربىرىدىن قىسقارغان قىسمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر سۆز ھاسىل قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىرلەشتۈرۈپ سۆز ياساش ئۇسۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېخى بىرلەشتۈرۈلمىگەن مۇناسىپ بىر سۆز شەكلى (فورما) بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىرلەشتۈرۈلگەن سۆز تەركىبىدىكى ئاز دېگەندە بىر تەركىب مەنە ئاڭلىتالمايدۇ.

**1. بىرىنچى سۆزنىڭ ئالدى قىسمىغا ئىككىنچى سۆزنىڭ كەينى قىسمىنى قوشۇش**

automobile + suicid autocide

ئاپتوموبىلغا سوقۇلۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماق

balloon + parachute ballut

شار پاراشوت

breakfast + lunch brunch

ئەتىگەندە يېگەن چۈشلۈك تاماق ياكى ۋاقچە يېگەن چۈشلۈك تاماق

Channel + tunnle chunnel

سۇ ئاستى پويىز تونېلى

Chinese + English Chinglish

جۇڭگوچە ئىنگلىز تىلى

fruit + juice fruice

مېۋە شەربىتى

motor + hetel motel

ھەرىكەتچان مېھمانخانا (ئاپتوموبىللىق مېھمانخانا)

smoke + fog smog

تاماكا تۈتۈنى (تاماكا ئىسى)

**2. بىرىنچى سۆزنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا ئىككىنچى سۆزنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى قوشۇش**

high + technology     hi-tech

يۇقىرى تېخنىكا

international + police     interpol

خەلقئارالىق ساقچى

motor+pedal—cycle     moped

ماتورلۇق ۋېلسىپىت

popular + culture     pop-cult

ئاممىۋى مەدەنىيەت

telephone + conference     telecon

تېلېفون يىغىنى

teleprint + exchange     telex

ئېلېكترونلۇق يوللانما

science + fiction     sci-fi

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە (ئامېرىكا ئېغىز تىلىدا)

### 3. بىرىنچى سۆزنىڭ پۈتۈن قىسمىغا ئىككىنچى سۆزنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى قوشۇش

breath + analyser     breathlyser

نەپەس تەكشۈرۈش ئەسۋابى

candy + cafeteria     candyteria

تاتلىق-تۈرۈم تاللا دۇكىنى

cheese—hamburger     cheeseburger

پىشلاق بولكا

electro + execute     electrocute

ئۆلۈم جازاسىنى توك ئارقىلىق ئىجرا قىلىش

lunar + astronant     lunarnaut

ئايغا چىقىدىغان ئالەم ئۇچقۇچىسى

news + brodcast     newscast

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخبارات رادىئوسى

video + telephone videophone

ئادەم سۈرىتىنى كۆرگىلى بولىدىغان تېلېفون

work + welfare workfare

خىزمەت پاراۋانلىق تۈزۈمى

### 4. بىرىنچى سۆزنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا ئىككىنچى سۆزنىڭ پۈتۈن قىسمىنى قوشۇش

Europe + Asia Eurasia

ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى

European + market Euromarket

ياۋروپا بازارلىرى

medical + care medicare

داۋالاشتا غەمخورلۇق قىلىش لايىھىسى (ياشانغانلارغا)

parachute + troop paratroop

پاراشوتچى قىسىم

### 5. بىرىنچى سۆزنىڭ پۈتۈن قىسمىغا ئىككىنچى سۆزنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى قوشۇش

laser + composition lasercomp

لازېر نۇرى ئارقىلىق بەتكە تىزىش

mass + culture masscult

ئاممىۋى مەدەنىيەت

sky + laboratory skylab

بوشلۇق تەجرىبىخانىسى

# سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ ئوقۇش ئۇسۇلى
# (首字母拼音法　Acronym)

بۇ ـ مۇھىم بولمىغان سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىرى بولۇپ، باش ھەرپىنى ئېلىپ سۆز قىسقارتىش كاتېگورىيىسىگە تەۋە. ئەمما باش ھەرپى ئېلىنىپ قىسقارتىلغان بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا يېڭىچە ئوقۇش قائىدىسى بولغاچقا، سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ ئوقۇش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ.

**Aids**/eidz/—acquired immunity deficiency symptom

ئەيدىز كېسىلى (ئېرىشمە ئىممۇنىتېت كەملىك يىغىندى ئالامىتى)

**BASIC**/'beisik/-Beginners' All-Purpose Symbolic Instruction Code

كومپيۇتېر تىلى (يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان بەلگە بۇيرۇق كودى)

**NATO**/'neitəʊ/—the North Atlantic Treaty Organization

شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى

**SALT**/sɔːlt/—Strategic Arms Limitation Talks

ئىستراتېگىيىلىك قوراللارنى چەكلەش سۆھبەت يىغىنى

**OPEC**/əʊpek/—the Organization of Petroleum Exporting Countries

ئوپېك (نېفىت ئېكسپورت قىلغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتى)

**UNESCO**/juː'neskəʊ/—the United Nations Educational, Scientific and Cultural Organization

بىرلەشكەن دۆلەتلەر پەن-مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتى

**UNICEF**/juːnisef/-the United Nations Children's Fund (ئەسلى ئىسمى: the United Nations International Children's Emergency Fund)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يالىلار فوندى جەمئىيىتى
**WIPO**/ 'waipəʊ/—the world Intellectual property Organization
دۇنيا بىلىم مۇلۇك ھوقۇقى تەشكىلاتى

# سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلى
# （首字母缩略法 Initialism）

مۇھىم بولمىغان سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى. سۆزنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ سۆز قىسقارتىش ئۇسۇلىدا، بىر سۆزنىڭ ئاساسلىق قىسمى باشلانغان ھەرپ ياكى بىر ئىبارە (كۆپىنچە خاس ئىسىم) دىكى ھەممە سۆزنىڭ باش ھەرپى ئېلىنىپ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىنىدۇ، ھەرپ بويىچە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، ئادەتتە سۆزنىڭ باش ھەرپى ئېلىنىپ قىسقارغان سۆز ۋە ئىبارىدىكى ھەرپلەر قىسقارتىلىپ ھاسىل قىلىنغان سۆز دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. سۆزدىن قىسقارغان سۆز

cm—centimetre(s) سانتىمېتىر
Hz—Hertz ھېرتس
TV—television تېلېۋىزور
TB—tuberculosis ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى

## 2. ئىبارىنىڭ باش ھەرپى ئېلىنغان سۆز

EU—European Union ياۋروپا ئىتتىپاقى
FBI—Federal Bureau of Investigation
فېدراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى (ئامېرىكا)

UFO—Unidentified Flying Object

كۆرۈنمەي ئۇچىدىغان جىسىم

UN—the United Nations

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

WHO—the World Health Organization

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى

### 3. يىغىلغان چاغدىكى ئوخشىماسلىق

سۆزنىڭ باش ھەرپى ئېلىنىپ قىسقارتىلىپ ياسالغان سۆزلەر يىغىلغاندا چېكىت ئارقىلىق ئايرىلىدۇ، مۇشۇ ھەرپلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلار ئايرىپ ئوقۇلىدۇ.

A. C. —alternating current ئۆزگىرىشچان توك

a. m. —ante meridiem چۈشتىن بۇرۇن

B. C. —Before Christ مىلادىدىن ئىلگىرى

C. O. D. —cash on delivery

پۇلنى مال كەلگەندە بېرىش

P. L. A. —the People's Liberation Army

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى

## سۈپەت

## (形容词 Adjective)

سۈپەت ـ ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئالاھىدىلىكىنى ياكى تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولۇپ، ئادەتتە ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

### 1. سۈپەتنىڭ ئاساسىي رولى

www.uyghurkitap.com

1) ئىنىقلىغۇچى بولىدۇ.

Jack is an honest, hardworking boy.

جەك سەمىمىي، تىرىشچان بالا.

Those are interesting story-books for children.

ئاۋۇلار قىزىقارلىق باللار ھېكايە كىتابلىرى.

2) كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

Glass is hard but brittle.

ئەينەك قاتتىق، ئەمما چۈرۈك بولىدۇ.

She is honest.

ئۇ سەمىمىي.

Don't feel bad. Everything will be all right.

ئازابلانما، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

3) تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ.

We keep our rooms clean and tidy.

بىزنىڭ ئۆيىمىز ھەمىشە پاكىز ۋە رەتلىك تۇرىدۇ.

Who left the door open?

ئىشىكنى كىم ئوچۇق قويدى؟

4) ھالەت بولىدۇ.

Mary left this morning very gay.

مارى بۈگۈن ئەتىگەن ماڭغاندا بەك خۇشال كۆرۈنەتتى.

They spent ten days in the wind and snow, cold and hungry.

ئۇلار بوران-چاپقۇن ۋە ئاچ-زېرىنلىق ئىچىدە 10 كۈننى ئۆتكۈزدى.

## 2. سۈپەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

سۈپەت ئادەتتە ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. بىر نەچچە سۈپەت بىر ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئورنى ئۇلارنىڭ ئۆزى ئېنىقلايدىغان ئىسىم بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقىغا ئاساسەن

بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە، ئىسىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ بولغان سۈپەت ئىنتىقلانماقچى بولغان ئىسىمغا يېقىنراق ئورۇندا تۇرىدۇ، مۇناسىۋىتى ئانچە زىچ بولمىغان سۈپەتلەر ئىنتىقلىنىدىغان ئىسىمدىن يىراقراق ئورۇندا تۇرىدۇ.

It is a strong, swift horse.

ئۇ تېز چاپىدىغان كۈچلۈك ئارغىماق.

Your dirty old yellow jacket needs washings.

كونىراپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن ھېلىقى سېرىق چاپىنىڭىنى يۇيۇۋەتكىن.

## 3. سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئەڭ ئالىي دەرىجىسى

ئىنگلىز تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ «…راق، … رەك» مەنىسىنى ئىپادىلىگەندە سېلىشتۇرما دەرىجە، « ئەڭ …» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرگەندە، ئەڭ ئالىي دەرىجە ئىشلىتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى Comparative Degree، ئەڭ ئالىي دەرىجىسى Superlative Degree دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلى شەكلى بولسا، سۈپەتلەرنىڭ ئەسلى دەرىجىسى Original Degree دەپ ئاتىلىدۇ.

| ئەسلى دەرىجە | سېلىشتۇرما دەرىجە | ئالىي دەرىجە |
|---|---|---|
| old | older | oldest |

سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئەڭ ئالىي دەرىجىسىنىڭ تۈۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆزگىرىش شەكلى بار.

1) تاق بوغۇملۇق سۆز ۋە ئاز ساندىكى قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا -er, - est قوشۇلىدۇ.

a) ئادەتتىكى ئەھۋالدا سۆزنىڭ ئاخىرىغا بىۋاستە قوشۇلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| tall | taller | tallest |
| short | shorter | shortest |

b)«e» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتنىڭ ئاخىرىغا -r, -st قوشۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| nice | nicer | nicest |
| large | larger | largest |

c) «ئۈزۈك تاۋۇش + y» بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتلەردە «y» ھەرپى «i» ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن قېتىلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| busy | busier | busiest |
| happy | happier | happiest |

d) بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەردە، سۆز ئاخىرىدىكى ئاشۇ ھەرپ تەكرارلانغاندىن كېيىن قوشۇلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| thin | thinner | thinnest |
| fat | fatter | fattest |

e) كۆپ بوغۇملۇق سۈپەتلەرنىڭ ئالدىغا سېلىشتۇرما دەرىجىسى ئۈچۈن more، ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ئۈچۈن most ئىشلىتىلىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| difficult | more difficult | most difficult |
| interesting | more interesting | most intreseting |

بۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم قائىدىگە چۈشمەيدىغان سۈپەتلەرمۇ بولۇپ، سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئەڭ ئالىي دەرىجىسى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

| ئەسلى دەرىجە | سېلىشتۇرما دەرىجە | ئالىي دەرىجە |
|---|---|---|
| good, well<br>bad, ill | better<br>worse | best<br>worst |
| many, much<br>little | more<br>less | most<br>least |
| far<br>old | farther, further<br>older, elder | farthest, furthest<br>oldest, eldest |

### 4. سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئەڭ ئالىي دەرىجىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى

1) سېلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى

a) سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ھەمىشە باغلىغۇچى than بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. than بىلەن باشلانغان ھالەت بېقىندى جۈملە سېلىشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ باشلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىدە، سېلىشتۇرۇلغان بۆلەكتىن باشقا بۆلەكلەر ئادەتتە قىسقارتىلىدۇ.

Tom makes fewer mistakes in grammer than last term.

تومنىڭ گراماتىكا جەھەتتىكى خاتالىقى ئالدىنقى مەۋسۈمدىكىگە قارىغاندا ئازراق.

Facts are more eloquent than words.

ھەقىقەت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ (ھەقىقەت مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ)

b) «of» بىلەن كەلگەن ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە بەزىدە سېلىشتۇرۇلىدىغان دائىرىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل قوشۇلىدۇ.

She is the older and the more beautiful of the two sisters.

ئىككى ئاچا-سىڭىلنىڭ ئىچىدە، ئۇ يېشى چوڭراقى، ھەم چىرايلىقراقى.

Of the two students, he is the taller.

بۇ ئىككى ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئۇنىڭ بويى ئېگىزرەك.

c) سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

more and more

(... غانسېرى)

The days are getting shorter and shorter

كۈن بارغانسېرى قىسقىراپ كېتىۋاتىدۇ.

Your daughter is becoming more and more beautiful.

قىزىڭىز بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ كېتىۋېتىپتۇ.

the more ···, the more ···

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

(قانچە ... شۇنچە ... غانسېرى)

The more exercise we take, the healthier we will be.

قانچە چېنىققانسېرى، شۇنچە ساغلام بولۇپ كېتىمىز.

It's generally believed that the more we use our brains, the more mentally active we will be.

كىشىلەر مېڭىنى قانچە كۆپ ئىشلەتكەنسېرى، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شۇنچە كۆچىيىدىغانلىقىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشىنىدۇ.

2) ئەڭ ئالىي دەرىجىنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرىنىڭ «ئەڭ ...» ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا، سۈپەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ئىشلىتىلىدۇ. سېلىشتۇرۇلىدىغان دائىرە ئادەتتە ئالدى قوشۇلغۇچى in ياكى of بىلەن باشلانغان ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ياكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

Mt. Qomolangma is the highest peak in the world.

جومولاڭما چوققىسى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېگىز چوققا.

This is the best novel I have ever read.

بۇ مەن ئوقۇغان رومانلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. «most» بىلەن «the most» دائىم ئارىلاشتۇرۇلۇپ قويۇلىدۇ. «most» مۇتلەق ئالىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە ناھايىتى يۇقىرى بىر دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما بۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىك ئەمەس. ئادەتتە «سۈپەتنىڭ ئەسلى دەرىجىسى + very» گە تەڭ كېلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئەڭ ئالىي دەرىجە ئادەتتە نىسپىي ئەڭ يۇقىرى دەرىجىنى كۆرسىتىدۇ، مۇئەييەن دائىرە ئىچىدىكى «ئەڭ» نى بىلدۈرىدۇ.

The view from the mountain top is most picturesque.

تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قارايدىغان بولسا، مەنزىرە تولىمۇ گۈزەل

كۆرۈنىدۇ.

The present world situation is most favorable for the people.

نۆۋەتتە، دۇنيا ۋەزىيىتى خەلققە ئىنتايىن پايدىلىق.

Guilin is the most beautiful place (that) I have ever visited.

گۈيلىن - مەن بارغان جايلار ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل جاي.

2. سۈپەت ياكى رەۋىشنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى كەلگەن جۈملە شەكىللىرىدە any other دىن كېيىن ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى كېلىدۇ.

The Pacific is bigger than other oceans on the earth.

تىنچ ئوكيان يەر شارىدىكى ھەر قانداق ئوكياندىن چوڭ.

The pacific is bigger than any other ocean on the earth.

## سۈپەتنىڭ ئەسلى دەرىجىسى
## (原级　Original Degree)

كۆپ ساندىكى رەۋىش ۋە سۈپەتلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. سېلىشتۇرۇشتىكى «…راق، … رەك…» نى بىلدۈرىدىغان شەكىل سېلىشتۇرما دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ، «ئەڭ …» نى بىلدۈرىدىغان شەكىل ئەڭ ئالىي دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلى شەكلى بولسا ئەسلى دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ (مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلەرنىڭ ئەسلى دەرىجىلىرىنى سۈپەت تارمىقىدىن كۆرۈۋېلىڭ).

They climed high.

ئۇلار ناھايىتى ئېگىزگە ياماشتى.

Often have I heard it said that he is not to be trusted.

مەن دائىم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم دېگەنلىكىنى ئاڭلايمەن.

That business woman fulfilled the plan ahead of schedule successfully.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋۇ سودىگەر ئايال ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى.

## سۈپەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى
## (最高级 Superlative Degree)

«ئەڭ …» نى ئىپادىلىگەندە سۈپەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ئىشلىتىلىدۇ (سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسىنى سۈپەت دىگەن تېمىدىن، رەۋىشلەرنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسىنى سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى دىگەن تېمىدىن كۆرۈۋېلىڭ). رەۋىشنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ئىشلىتىلگەندە، سېلىشتۇرۇلىدىغان دائىرە ئادەتتە ئىبارە ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. رەۋىشنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان ئېنىق ئارتىكل «the» قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ.

He works best in the morning.

ئۇ ئادەتتە ئەتىگەندە ئەڭ ياخشى ئىشلەيدۇ.

She sings (the) best in the class.

ئۇ سىنىپ بويىچە ناخشىنى ئەڭ ياخشى ئېيتىدۇ.

Of all the boys he reads most distinctly.

بارلىق ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە ئۇ ئەڭ راۋان ئوقۇيدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئەگەر سېلىشتۇرۇلۇش دائىرىسى نەرسە ياكى ئادەمگە چېتىشلىق بولسا، ئالدى قوشۇلغۇچى of ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە among ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ. بۇ «نەرسە (ئادەم) لەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ …» نى بىلدۈرىدۇ.

She plays table tennis best of all the player.

بارلىق ماھىرلار ئىچىدە ئۇ تېنىس توپنى ئەڭ ياخشى ئوينايدۇ.

Of all the cities, Beijing is the one I would most like to visit.

بارلىق شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە، بېيجىڭ مەن بىرىنچى ئەڭ ياقتۇرىدىغان شەھەر.

2. ئەگەر سېلىشتۇرۇلىدىغان دائىرە كوللېكتىپقا چېتىشلىق بولسا، ئالدى قوشۇلغۇچى «in» ئىشلىتىلىدۇ. بۇ - «··· دائىرىسى ئىچىدىكى ئەڭ ···» نى بىلدۈرىدۇ.

Susan runs fastest in the team.

سۇسان گۇرۇپپا بويىچە ئەڭ تېز يۈگۈرەيدۇ.

Jim behaves (the) most politely in his class.

جىم سىنىپ بويىچە ئەڭ ئەدەپلىك بالا.

## سىزىق
## （破折号　Dash）

سىزىق ( — ) جۈملىدىكى توختاشنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل تىنىش بەلگىسىدۇر. ئۇ ئادەتتە سىزىقچە (-) دىن ئۈچ ھەسسە ئۇزۇن بولىدۇ. سىزىق ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**1. ئوي-پىكىرنىڭ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ياكى باشقا ئوي-پىكىرگە ئالماشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.**

I'm coming to the third point-but you are not listening at all.

مەن ئۈچىنچى نۇقتىنى سۆزلىمەكچى، لېكىن سەن زادىلا قۇلاق سالمايۋاتىسەن.

He would tell the world what he had seen there-if he could survive.

ئەگەر ھايات قالالىسا، ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىنى دۇنيا ئەھلىگە جاكارلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

I guess I'll—no, I won't, either.

مېنىڭچە، مەن ـ ياق، مەنمۇ قىلمايمەن.

2. ئېنىقلىما بېرىش، ئىزاھلاش، ئومۇملاشتۇرۇش ياكى مىسال ئېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

Mutual trust, mutual benfit, mutual effort—these are the basic principles of our cooperation.

ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا مەنپەئەت (پايدا) يەتكۈزۈش، ئۆز ئارا تىرىشىش — بۇلار بىزنىڭ ھەمكارلىقىمىزنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى.

Keen, calculating, acute and astute-I was all of these.

كاللىسى ئۆتكۈر، ھېسابقا ئۇستا، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىنكاسى تېز — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندە بار ئالاھىدىلىكلەردۇر.

3. گەپنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكى ياكى ئىككىلىنىش، ئارىسالدى بولۇشنى بىلدۈرىدۇ.

"The answer is-" "No, Let me think it out myself."

ـ بىزنىڭ جاۋابى بولسا ـ دەۋەتمەڭ، جاۋابنى ئۆزۈم ئويلاپ تاپاي.

The little boy counted one, two, three, four—and then stopped.

بۇ بالا «بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت» دەپ ساناپ بولغاندىن كېيىن توختاپ قالدى.

I hope so-but-this is-well, I will give it a try.

مەن شۇنداق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، لېكىن ··· بۇ ··· بوپتۇ، مەن سىناپ كۆرەي.

4. ئالدىنقى بۆلەككە تولۇقلىما بېرىش ياكى ئۇنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

You will get his support only at a price-a price which you may not be prepared to pay.

ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەن دېسەڭ، بەدەل تۆلىشىڭ ـ سەن ئويلاپمۇ باقمىغان بەدەللەرنى تۆلىشىڭ كېرەك.

He has only one interest—music.

ئۇ بىرلا نەرسىگە ـ مۇزىكىغا قىزىقىدۇ.

**5. قىستۇرما بۆلەكنىڭ ئىككى تەرىپىدە كېلىدۇ، ئۇنىڭغان رولى تىرناققا ئوخشاپ كېتىدۇ.**

Mary comes every week-on Tuesdays-to help with the laundry.

مارى ھەر ھەپتىسى ـ ھەر سەيشەنبە كۈنى كىيىم يۇيۇشۇپ بەرگىلى كېلىدۇ.

**6. دىئالوگنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.**

—Can I help you, sir?

ـ بىرەر نەرسە كېرەكمۇ ـ ئەپەندىم؟

—Can you show me that tie.

ئاشۇ گالستۇكنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

—Yes, sir. Here you are.

ـ بولىدۇ ئەپەندىم، مانا ئېلىڭ.

**7. نەقىل ئېلىنغان سۆزنىڭ ئاپتورىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.**

Knowledge is power. —Francis Bacon

بىلىم كۈچ دېمەكتۇر. ـ فرانس باكون

A foreign language is a weapon in the struggle of life.
—Karl Marx

چەت ئەل تىلى ھاياتلىق كۈرىشىدىكى بىر خىل قورال.
ـ كارل ماركس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

8. «… دىن … غىچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| 8 a.m. —9p.m. | چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 دىن كەچ سائەت 9 غىچە |
| 1949—1999 | 1949-يىلىدىن 1999-يىلىغىچە |
| pp. 100—221 | 100-بەتتىن 122-بەتكىچە |

## سىزىقچە
## (连字号 Hyphen)

سىزىقچە (-) — سۆزنىڭ ئارىسىدا كېلىدىغان بىر خىل تىنىش بەلگە. سىزىقچىنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

1. بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ.

| | |
|---|---|
| editor-in-chief (n) | باش تەھرىر |
| good-for-nothing (adj;n) | كېرەكسىز |
| hide-and-seek (n) | مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناش |
| comrade-in-arms (n) | سەپداش |
| father-in-law (n) | قېيناتا |
| get-together (n) | ئولتۇرۇش، يىغىلىش |
| passer-by (n) | يولۇچى |
| runner-up (n) | ئىككىنچى |
| three-legged (adj) | ئۈچ پۇتلۇق |
| five-vear-old (adj) | بەش ياشلىق |
| on-the-spot (adj) | نەق مەيداندىكى |
| one-eyed (adj) | يەكچەشمە، بىر كۆزلۈك |

| | |
|---|---|
| well-known (adj) | داڭلىق، مەشھۇر |
| hard-working (adj) | تىرىشچان |

**2. بەزى سۆزلەردە ئالدى قوشۇمچىنىڭ كەينىدىن كېلىدۇ.**

| | |
|---|---|
| by-product (n) | قوشۇمچە مەھسۇلات |
| ex-wife (n) | ئالدىنقى خوتۇنى |
| half-asleep (adj) | يېرىم ئۇيقۇلۇق |
| self-service (adj) | ئۆزى تاللايدىغان |
| un-American (adj) | ئامېرىكىلىق ئەمەس |
| pre-1914 (adj) | 1914-يىلىدىن ئىلگىرى |
| post-war (adj) | ئۇرۇشتىن كېيىنكى |

**3. بىرىككەن سانلارنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ.**

| | |
|---|---|
| twenty-one | 21، يىگىرمە بىر |
| twenty-first | يىگىرمە بىرىنچى |
| ninety-nine | 99، توقسان توققۇز |
| ninety-ninth | توقسان توققۇزىنچى |
| one-sixth | $\frac{1}{6}$، ئالتىدىن بىر |
| two-thirds | $\frac{2}{3}$، ئۈچتىن ئىككى |

**4. تاق چوڭ يېزىلىدىغان ھەرپ بىلەن باشلانغان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ.**

| | |
|---|---|
| T-shirt | T شەكىللىك مايكا |
| X—ray | X نۇرى |
| H-bomb | ۋودورود بومبىسى |
| U-turn | U شەكىللىك ئايلانما (بۇرۇلما) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

5. قۇر كۆچۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇزۇنراق بىر سۆز قۇرنىڭ ئاخىرىغا يېزىلىپ، يېرىمى پېتىپ، يېرىمى پاتمىغاندا، ئاۋۋال شۇ قۇرنىڭ ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قۇرغا سۆزنىڭ پاتمىغان قىسمى يېزىلىدۇ. قۇر كۆچۈرگەندە تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپكە دىققەت قىلىش كېرەك.

1) بوغۇم بىرلىك قىلىنىدۇ.

(ئويلىنىش) consider-ing

(×) consideri-ng

يۈز بېرىش occur-ring

(×) occurr-ing

2) بىرلا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەرنى قۇر كۆچۈرۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

«event» نى «e-vent» دەپ، «many» نى «man-y» دەپ بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

3) بىرىككەن سۆزلەرنى قۇر كۆچۈرۈپ يېزىشقا توغرا كەلگەندە، سۆزلەرنىڭ بىرىككەن جايىدىن بۆلۈپ يېزىش كېرەك.

ئۆز-ئۆزىنى ئاقلىماق self-justification

بۇنى «self-justifi-cation» دەپ بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

ۋاسكېتبول basket-ball

بۇنى «bas-ket-ball» دەپ بۆلۈپ يېزىشقا بولمايدۇ.

4) ئالدى قوشۇمچە قوشۇلغان سۆزلەرنى قۇر كۆچۈرۈپ يېزىشتا، ئالدى قوشۇمچىدىن كېيىنكى بۆلەكنى بۆلۈپ يېزىش كېرەك.

جىم تۇرالمايدىغان hyper-active

ھەددىدىن زىيادە ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش over-simplication

6. سوزۇق تاۋۇش سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنغاندا ياكى كېكەچلىگەن چاغدىكى تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشنى ئىپادىلىگەندە سىزىقچە قويۇلىدۇ.

"He-e-elp!" she cried.

ـ قۇ ··· قۇ ··· قۇتقۇزۇڭلار، ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

"P-p-please t-t-try," his teeth chattered through fear and cold.

ـ قې ··· قې ··· قېنى، سىـ ··· سىـ ··· سىناپ كۆرەيلى، ـ ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن ۋە توڭلاپ كەتكىنىدىن چىشلىرىنى كاسىلداتقىنىچە شۇنداق دېدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بەزى ئەھۋاللاردا سىزىقچە قويۇلغان چاغدىكى مەنە بىلەن سىزىقچە قويۇلمىغان چاغدىكى مەنە ئوخشىمايدۇ.

| | |
|---|---|
| re-creation | قايتا ئىجاد قىلىش |
| recreation | كۆڭۈل ئاچماق، خۇشاللىق |
| re-form | قايتىدىن ھاسىل قىلماق |
| reform | ئىسلاھ قىلىش |
| green-house | ئىللىق ئۆي |
| green house | يېشىل ئۆي |

# ش

## شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە
## (条件状语从句 Adverbial Clause of Condition)

شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلدۈرگەن ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئالدىنقى شەرت ياكى شارائىتنى چۈشەندۈرىدۇ. شەرت ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە «if» ۋە «unless» (=if ··· not) قاتارلىقلار ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇنداق بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

### 1. بېقىندۇرما باغلىغۇچى if ۋە unless بىلەن باشلىنىدىغان شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە

If it snows tomorrow, we will have to cancel the flight.

ئەگەر ئەتە يامغۇر يېغىپ قالسا، ئۇچۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرمىساق بولمايدۇ.

I will return the book on Monday if I have read it.

ئەگەر مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولسام، دۈشەنبە كۈنى قايتۇرۇپ بېرىمەن.

We shall not call the meeting unless it is absolutely necessary.

(=We shall not call the meeting if it is not absolutely necessary.)

قەتئىي زۆرۈر بولمىسىلا، بىز يىغىنغا چاقىرمايمىز.

### 2. مەنىسى «if» بىلەن يېقىن كېلىدىغان سۆز باشلاپ كېلىدىغان شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە

بۇ خىلدىكى سۆزلەردىن « so long as, provided/providing that, as far as, give that, in case, suppose/supposing, in the event that, on condition that» قاتارلىقلار بار.

We can surely overcome these difficulties so/as long as we are closely united.

پەقەت بىز زىچ ئىتتىپاقلاشساقلا، بۇ قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يېڭەلەيمىز.

The earlier the better, as far as I am concerned.

مېنىڭچە بولغاندا، بالدۇرراق بولغىنى ئەڭ ياخشى.

I will come providing (that) I have time

ئەگەر ۋاقتىم بولغان بولسا مەن باراتتىم.

We'll start ploughing the fields tomorrow provided (that) the tractors are ready.

ئەگەر تراكتورلار تەييار بولسىلا، بىز ئەتىلا يەر ئاغدۇرۇشنى باشلىۋېتىمىز.

Supposing that I see him, what shall I say to him?

ئەگەر ئۇنى كۆرۈپ قالسام، ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن؟

Suppose that it rains, we can take shelter in the station.

ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا، بىز بېكەتكە كىرىۋالساق بولىدۇ.

The meeting will be put off in case no adequate preparations are made

ئەگەر تەييارلىق تولۇق بولمىسا، يىغىن كېچىكتۈرۈلىدۇ.

In the event that she has not been informed, I will tell her.

ئەگەر ئۇ تېخى بىلمىگەن بولسا، مەن ئۇنىڭغا ئېيتىمەن.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. «unless» مەنە جەھەتتە «if … not» گە تەڭ بولۇپ، بەزىدە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئەمما تۆۋەندىكى ئەھۋالدا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

1) شەرتى ھەقىقىي بولمىغان جۈملىدە ئادەتتە «if … not» ئىشلىتىلىدۇ.

If he were not so silly, he would understand.

ئەگەر ئۇ دۆت بولمىسىلا چوقۇم چۈشىنىدۇ.

If I hadn't stopped her, she would have jumped into the river.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر ـ مەن ئۇنى توسۇۋالمىغان بولسام، ئۇ دەرياغا ئۆزىنى ئېتىۋالاتتى.

2) بېقىندى جۈملە تەركىبىدە ئىنكار سۆز بار بولسا، پەقەت «if ··· not» نىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ ئەمما ئىنكار شەكىلدىكى شەرتى ھەقىقىي بولمىغان جۈملىدە، ئەمەلىي مەنە تەستىق شەكىلدە بولسا، «if ··· not» باشلاپ كەلگەن تارماق جۈملىدە تەستىقىي سۆزنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

He will be very angry if you haven't told her about it yet.

ئۇنىڭغا بۇ ئىش توغرىلىق تېخى گەپ قىلمىغان بولساڭ، ئۇ ناھايىتى خاپا بولىدۇ.

He will be very angry unless you have already told her about it.

ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپسەن، بولمىغان بولسا ئۇ ناھايىتى خاپا بولغان بولاتتى.

2. ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملىگە ئوخشاش شەرت ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئادەتتە كەلگۈسى زامان ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەمما ھازىرقى زاماننى كەلگۈسى زامان ئورنىدا، ئۆتكەن زاماننى ئۆتكەن كەلگۈسى زامان ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەگەر شەرت ھالەت بېقىندى جۈملە تەركىبىدە will (would) بار بولسا، ئۇ ئارزۇ-ئىستەكنى بىلدۈرىدۇ.

If you will lend me a hand, I'll finish it sooner.

ئەگەر سەن ماڭا ياردەملەشسەڭ، مەن ئۇنى بىر دەمدىلا تۈگىتىپ بولىمەن.

If you will read the book, I'll give it to you as a present.

ئەگەر بۇ كىتابنى ئوقۇغۇڭ بولسا، ئۇنى ساڭا سوۋغات ئورنىدا بېرىۋېتەي.

# شەرتى ھەقىقىي بولغان جۈملە
# （真实条件句　Sentences of Real Condition）

شەرتى ھەقىقىي بولغان جۈملە قىلىنغان پەرەزنىڭ يۈز بېرىش ياكى ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىمالى بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. جۈملە تەركىبىدىكى شەرت بېقىندى جۈملە بىلەن نەتىجە باش جۈملىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە بايان رايى ئىشلىتىلىدۇ.

If you have finished your homework, you can go to play with these children.

ئەگەر تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەپ بولغان بولساڭ، بۇ بالىلار بىلەن ئوينىغىلى بارساڭ بولىدۇ.

If that was what he told you, he was telling lies.

ئەگەر ئۇ ساڭا شۇنداق دېگەن بولسا، ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ق

## قاراتما سۆز
## (呼语 Direct Address)

قاراتما سۆز ئادەتتە كىشى (ئاندا-ساندا ھايۋانلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ) لەرنىڭ ئىسمىنى كۆرسىتىدۇ، كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، جۈملىنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ۋە ئاخىرىدا كېلىۋېرىدۇ، جۈملىدىن پەش ئارقىلىق ئايرىلىدۇ.

Good morning, sweet child!

ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، تاتلىق قوزام!

"Good night. Behave yourself, boy" she said.

– كەچلىكىڭ خەيرلىك بولسۇن، جىم يات، بالام، – دېدى ئۇ.

My little cat, come here, come here!

ئاسلىنىم، كېلە، يېنىمغا كەل!

## قايتۇرما سوراق جۈملە
## (反问句 Echo Question)

قايتۇرما سوراق جۈملە يەنە بىر ئادەم سۆزلىگەن سۆزنىڭ ھەممىسىنى ياكى قىسمەن مەزمۇنىنى تەكرارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سوراق جۈملە. جۈملىنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. ئوقۇغاندا ئۆرلەپ كۆتۈرۈلىدۇ.

1. تەكرارلاش خاراكتېرلىك قايتۇرما سوراق جۈملە

بۇ ـ بىر جۈملە سۆزنىڭ پۈتۈن قىسمى ياكى يېرىمىنى تەكرارلايدىغان بىر خىل سوراق جۈملە بولۇپ، تەكرارلانغان مەزمۇننى ئىسپاتلاش مەقسەت قىلىنىدۇ.

Switch the light off, please. —Switch the light off?

چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.

ـ چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىمەنمۇ؟

I didn't like the film. —You didn't like it?

مەن بۇ كىنونى ياخشى كۆرمەيمەن.

ـ ياخشى كۆرمەمسىز؟

The Browns are moving into a new flat. —Mowing into a new flat?

بىراۋن ئائىلىسى يېڭى ئۆيگە كۆچمەكچى.

ـ ئۇلار يېڭى ئۆيگە كۆچمەمدىكەن؟

ئەمەلىيەتتە، مەنىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن يۇقىرىقى مىساللارنىڭ ئالدىغا «Did you say» نى قېتىشقا بولىدۇ.

## 2. «Wh» بىلەن باشلىنىدىغان قايتۇرما سوراق جۈملە

«wh» بىلەن باشلىنىدىغان سوئال جۈملە سۆزلىگۈچىنىڭ دېيىلگەن سۆزنى تولۇق ئاڭلىيالمىغانلىقىنى ياكى چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

It cost five dollars. —How much did it cost?

بۇنىڭ باھاسى بەش دوللار.

ـ قانچە دوللار؟

She is an English teacher. What is she?

ئۇ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى.

ـ ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

I've put your pen away. —What have you done with my pen?

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەلىمىڭىزنى يىغىشتۇرۇپ قويدۇم.
- قەلىمىمنى نېمە قىلدىڭىز؟

### 3. بۇيرۇق جۈملىنىڭ قايتۇرما سوراق شەكلى

بۇنداق سوراق جۈملىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدىغان سۆز جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى ناتايىن.

Switch the electric fan off. —Switch what off?

ئېلېكترونلۇق شامالدۇرغۇچنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ.
- نېمىنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن؟

Ask Mary to come over. —ASK whom to come over?

مارىنى چاقىرىپ كېلىڭ.
- كىمنى چاقىرىپ كېلىمەن؟

Return this magazine to the library. —Return what to the library.

بۇ ژۇرنالنى كۇتۇپخانىغا قايتۇرۇۋېتىڭ.
- نېمىنى كۇتۇپخانىغا قايتۇرۇۋېتىمەن؟

## قارشىسىغا ياندۇرۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلى
## (逆成法 Back-formation)

مۇھىم بولمىغان سۆز ياساش ئۇسۇلىنىڭ بىرى. قارشىسىغا ياندۇرۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلىدا، ئەسلىدىكى سۆزنى ئاساس قىلغان ھالدا شۇ سۆزگە قوشۇلغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق يېڭى سۆز (كۆپىنچىسى پېئىل) ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ ئادەتتىكى سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان. قارشىسىغا ياندۇرۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. «er, ar» ياكى «or» بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملاردىن ياسالغان پېئىللار

تەھرىرلىمەك edit (v) → تەھرىر editor (n)

escatate(v) ئاپتوماتىك پەلەمپەي escalator(n) پەيدىنپەي ئۆرلىمەك

لازېر نۇرى تارقاتماق lase(v) → لازېر نۇرى laser(n)

2. «tion, sion» ياكى «ment» بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملاردىن ياسالغان پېئىللار

automate(v) ئاپتوماتلاشتۇرۇش automation ئاپتوماتلاشتۇرماق

ئۇچۇش aviate(v) → ئاۋىئاتسىيە aviation(n)

| | |
|---|---|
| cohesion (n) | ئىچكى يىغىلىش كۈچى |
| →cohese (v) | يىغىلىش، ئۇيۇشۇش |
| television | تېلېۋىزور |
| →televise (v) | تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى تارقىتىش |

3. بىرىككەن سۆزلەردىن ياسالغان پېئىللار

| | |
|---|---|
| babysitter (n) | بوۋاقلا ۋاقتىنچە قارىغۇچى |
| → babysit(v) | بوۋاقلا ۋاقتىنچە قاراپ تۇرماق |
| book-keeper (n) | دەپتەرگە خاتىرلىگۈچى |
| →book-keep (v) | ھېساب خاتىرلىمەك |
| dress-maker (n) | تىككۈچى، ماشىنىچى |
| → dress-make (v) | كىيىم تىكمەك |
| typewriter (n) | پىرىنتېر (خەت ئۇرۇش ماشىنىسى) |
| → typewrite (v) | خەت ئۇرۇش |

4. «ing» بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملاردىن ياسالغان پېئىللار

| | |
|---|---|
| air-conditioning | ھاۋا تەڭشىگۈچ |

www.uyghurkitap.com

→ air-condition(v) هاۋا تەڭشىگۈچ ئورناتماق
bottle-feeding سوسكا بىلەن ئېمىتىش
→bottle-feed(v) سوسكا بىلەن باقماق
dry-cleaning قۇرۇق يۇيۇش → dry-clean(v) قۇرۇق يۇماق
tape-recording لېنتىغا ئېلىش
→tape-record (v) لېنتا بىلەن كۆچۈرۈۋالماق

**5. قارشىسىغا ياندۇرۇپ سۆز ياساش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان باشقا سۆزلەر**

→ diagnose (v) دىئاگنوز قويماق
cosy (adj) ئازادە
→ cose (v) ئۆزىنى ئازادە قىلماق
gloomy (adj) قاراڭغۇ
→ gloom (n) قاراڭغۇلۇق
difficulty (n) قىيىنچىلىق
→difficult (adj) قىيىن، تەس
surrealism ھالقىما رېئالىزم
→ surreal (adj) رېئالىزمدىن ھالقىغان

## قوش ئالدى قوشۇلغۇچى
## (双重介词 Double Preposition)

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئالدى قوشۇلغۇچىدىن تەركىب تاپقان ئالدى قوشۇلغۇچى قوش ئالدى قوشۇلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن ··· for except, until after, ··· from behind, ··· above from, ··· of out from, ··· from under قاتارلىقلار بار.

Your composition is good except for certain misspellings.

ئايرىم ئىملا خاتالىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماقالىنى ياخشى يېزىپسىز.

She didn't come until after the meeting.

ئۇ يىغىن تۈگىگەندە ئاندىن كەلدى.

The moon appeared from behind the clouds.

ئاي بۇلۇتلارنىڭ كەينىدىن كۆرۈندى.

Father took out the money from under his blanket.

دادام كىگىزنىڭ ئاستىدىن پۇلنى ئالدى.

The professor looked at me from above his glasses.

پروفېسسور ماڭا كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قارىدى.

The bear jumped from out of the cave.

ئېيىق ئۆڭكۈردىن سەكرەپ چىقتى.

## قوش پەش
## (引号 Quotation Marks)

قوش پەش ("" ياكى "") باشقىلارنىڭ سۆزىدىن نەقىل ئالغاندا، كىتاب ئىسمى، شېئىر ئىسىملىرىنى كۆچۈرۈپ يازغاندا ئىشلىتىلىدىغان ياكى تەكىتلەشنى بىلدۈرىدىغان تىنىش بەلگىسىدۇر.

### 1. بىۋاسىتە نەقىل ئېلىش

He said, "Let's begin our class."

ئۇ: «دەرسىمىزنى باشلايلى» دېدى.

"I know nothing about it," was the witness's reply.

گۇۋاھچىنىڭ جاۋابى: «بۇ ئىش توغرىسىدا مەن ھېچنېمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلمەيمەن» دېيىش بولدى.

He asked: "When shall we start off?"

ئۇ: «بىز قاچان يولغا چىقىمىز؟» دەپ سورىدى.

2. كىتاب-ژۇرنال ئىسمى، شېئىر ئىسىملىرى قاتارلىقلارنى كۆچۈرۈپ يازغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

Have you read "Hamlet?"

سىز «هاملېت» نى ئوقۇغانمۇ؟

The song"yesterday Once More"is very popular among students of English.

«قايتىلانغان تۆنۈگۈن» دېگەن ناخشا ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

3. ئالاھىدە بىر مەنىنى نەكتىلەش ياكى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

The word "democracy" is very difficult to define.

«دېموكراتىيە» دېگەن سۆزگە ئېنىقلىما بېرىش بەك تەس.

He is the most learned "professor" in our class.

ئۇ سىنىپىمىزدىكى ئەڭ بىلىملىك «پروفېسسور».

## قوش چېكىت
## (冒号　　Colon)

قوش چېكىت (:) قويۇلغاندىن كېيىنكى تىنىش (توختاش) پەشتىن كېيىنكى تىنىشتىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇ بىلدۈرگەن ئىلگىرى-كېيىنلىك مۇناسىۋەت پەشكە قارىغاندا قويۇقراق بولىدۇ. ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

1. ئادەم ۋە نەرسىلەرنى مىسالغا ئالغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

The year is divided into four seasons: spring, summer, autumn and winter.

بىر يىل تۆت پەسىلگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار: باھار، ياز، كۈز ۋە قىش.

2. ئالدىنقى بۆلەكنى ئىزاھلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

He had only one pleasure in life: reading.

ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر قىزىقىشى: كىتاب ئوقۇش.

These setbacks will not stop him from pursuing his goal: he is a man of strong will and philosophical mind.

بۇ ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇنى نىشانىدىن ياندۇرالمايدۇ. ئۇ ئىرادىسى مۇستەھكەم، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئادەم.

3. كۆچۈرمە جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

He said: "you have won."

ئۇ: «سەن يەڭدىڭ» دېدى.

4. سۆزلىگۈچى بىلەن دىئالوگ مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

Sally: who are you?

سەللي: سىز كىم؟

Norman: A friend of your brother's.

نورمان: ئاكىڭىزنىڭ دوستى.

Teacher: Do you have any question?

مۇئەللىم: سوئالىڭلار بارمۇ؟

Students: No.

ئوقۇغۇچىلار: يوق.

5. خەت-چەكلەردىكى قاراتما سۆزدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Dear Mr Smith:

ھۆرمەتلىك سىمىت ئەپەندى:

www.uyghurkitap.com

هۆرمەتلىك ئەپەندىلەر:

Dear Sirs:

**6. سائەت بىلەن مىنۇت ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلىدۇ (ئامېرىكىچە ئىشلىتىلىشى).**

I missed the 7:15 train.

مەن سائەت 7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە قوزغىلىدىغان پويىزغا ئۈلگۈرەلمىدىم.

The train for London leaves at 7:15 a.m.

لوندونغا بارىدىغان پويىز چۈشتىن بۇرۇن 7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە قوزغىلىدۇ (ئەنگلىيىلىكلەر سائەت بىلەن مىنۇتنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويىدۇ).

**7. نىسبەتنى ئىپادىلىگەندە ئىشلىتىلىدۇ.**

The host team won 85:74

ساھىبخان كوماندا 85:74 نىسبەت بىلەن غەلىبە قىلدى.

The final score was 4:0

ئاخىرقى نەتىجە 0 گە قارشى 4.

## قوش ئىگىلىك كېلىش
## (双重所有权 Double Genitive)

ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ياكى ئىگىلىك ئالماش of بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ، بۇ قوش ئىگىلىك كېلىش دېيىلىدۇ. ئۇ نەرسىگە بولغان ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىنى ئەمەس، ئادەمگە بولغان ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

This is an invention of Edison's.

بۇ ئېدىسوننىڭ بىر كەشپىياتى.

Three neighbours of ours have recently visited Japan.

قوشنىلىرىمىزدىن ئۈچى يېقىندا ياپونىيىنى ساياھەت قىلىپ كەلدى.

## 1. قوش ئىگىلىك كېلىش ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنلار

1) ئۇ ئېنىقلىغان سۆزنىڭ ئالدىدا a, two, some, any, a, few قاتارلىق ساننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ياكى سوئال ئالمىشى which بار بولسا، قىسمەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

It's a habit of mine (=one of my habits) to get up early.

مېنىڭ ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرىدىغان ئادىتىم بار.

It was no fault of yours that we mistook the way.

يولنى خاتا ماڭغىنىمىز سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس.

2) ئۇ ئېنىقلىغان سۆزنىڭ ئالدىدا this, that, these, those قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بولسا، مەلۇم بىر ھېسسىي تۈسنى ئىپادىلەيدۇ.

that naughty boy of your neighbour's

قوشنىڭىزنىڭ ھېلىقى كەپسىز بالىسى. («ياخشى كۆرمىگەنلىك» نى بىلدۈرىدۇ)

your neighbour's naughty boy

قوشنىڭىزنىڭ كەپسىز بالىسى. (چەكلەپ كۆرسىتىۋاتىدۇ)

These new shoes of yours look very smart.

سىزنىڭ بۇ ئاياغلىرىڭىز قارىماققا بەك مودا (چىرايلىق) كۆرۈنىدىكەن. («ماختاش، مەدھىيە» نى بىلدۈرىدۇ)

I hate that flattering remark of his.

مەن ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىكىنى ياقتۇرمايمەن. («بىزار بولۇش» نى بىلدۈرىدۇ)

## 2. قوش ئىگىلىك كېلىش ۋە of بىلەن كەلگەن ئىگىلىك كېلىشنىڭ پەرقى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

a criticism of Shaw

بېرنارد شاۋغا يېزىلغان بىر پارچە ئوبزور. («پېئىل تولدۇرغۇچىلىق» مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ)

a criticism of Shaw's

بېرنارد شاۋنىڭ بىر پارچە ئوبزورى («قىسمەنلىك» نى بىلدۈرىدۇ).

## قوش ئىنكار
## (双重否定 Double Negative)

قوش ئىنكارلىق قۇرۇلما ئادەتتە no, not, nothing, never قاتارلىق ئىنكار سۆزلەر بىلەن ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان باشقا سۆزلەرنىڭ بىللە ئىشلىتىلىشىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇنداق قۇرۇلما شەكىل جەھەتتە ئىنكار بولغىنى بىلەن، ماھىيەت جەھەتتە پۈتۈنلەي تەستىقنى بىلدۈرىدۇ. ئىنتوناتسىيىسى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. قوش ئىنكارلىق قۇرۇلمىنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. ئىنكار سۆز + ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە قوشۇلغان سۆز**

ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار un-, in, im-, non-, dis-, -less قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

A radar screen is not unlike a television screen.

رادار ئېكرانى بىلەن تېلېۋىزور ئېكرانىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

Nothing is impossible to a willing heart.

ئىرادىلىك كىشى ئۈچۈن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولمايدۇ.

**2. ئىنكار سۆز + ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان باشقا**

She does not do it for nothing.

ئۇ بۇ ئىشتى ھېچبىر سەۋەبسىزلا قىلغان ئەمەس.

You can do nothing without energy.

ئەجىر قىلمىساڭ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسەن.

This shows that he is not without a sense of humour.

بۇ ئۇنىڭدا يۇمۇر تۇيغۇسىنىڭ يوق ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 3. ئىنكار سۆز + ئىنكار خاراكتېرلىك پېئىل

بەزى پېئىللاردا ئەسلىدىنلا ئىنكارلىق خۇسۇسىيەت بولىدۇ. مەسىلەن: deny, refuse, fail, neglect, ignore دېگەندەك.

Nothing will make him give in.

ھېچنېمە ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.

She can not refuse him anything.

ئۇ ئۇنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە قاراپ تۇرالمايدۇ.

We've never failed to keep a complete account of every penny we've spent!

بىز ھەر بىر سىنت پۇلنى قەيەرگە خەجلىگەنلىكىمىزنى ئەزەلدىن تولۇق خاتىرلەپ باقمىغان.

## 4. مۇقىم قۇرۇلما

قوش ئىنكار يەنە بەزى مۇقىم قۇرۇلمىلاردا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: … to … too not, … but … not, not if nothing, … unless … not قاتارلىقلار.

His eyesight is not too poor to read the newspaper.

ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى گېزىتنىمۇ كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇنچىلىك ئاجىز ئەمەس.

There was not a single person but (=who ··· not) thought you were right.

سىنىڭكىنى توغرا دەپ قارىمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.

He was nothing if not clever.

ئۇ تولىمۇ ئەقىللىق.

Don't come unless I telephone.

مەن تېلېفون قىلمىغۇچە كەلمەي تۇر. (مەن تېلېفون قىلغاندىن كېيىن كەل)

# قوشما جۈملە
## (复合句 Complex Sentence)

قوشما جۈملىدە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئىگە-خەۋەرلىك قۇرۇلما بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىگە-خەۋەرلىك قۇرۇلما جۈملىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، باش جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر ئىگە-خەۋەرلىك قۇرۇلما بېقىندى جۈملىدۇر. ئۇ (ئۇلار) جۈملىدە ئۆزى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بەلكى باش جۈملىگە تايىنىپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ھەمدە جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، ئىزاھلىق سۆز قاتارلىق بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇناسىپ ھالدا ئىگە بېقىندى جۈملە، ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە، تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە، كېسىم خەۋەرلىك بېقىندى جۈملە، ھالەت بېقىندى جۈملە، ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

What I saw in the factory today impressed me deeply.

بۈگۈن زاۋۇتتا كۆرگەن ئىشلار ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. (ئىگە بېقىندى جۈملە)

Do you know when he will be back from abroad?

ئۇنىڭ چەت ئەلدىن قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ (تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملە)

The trouble is that we are short of man-power.

ئاۋارىچىلىق بولۇۋاتقىنى دەل قولىمىزدا ئادەمنىڭ قىسلىقى. (كېسىم خەۋەر)

Tell me something about the puppet show which you saw last night.

تۈنۈگۈن سەن كۆرگەن ھېلىقى ياغاچ قونچاق ئويۇنى توغرىسىدا ماڭا سۆزلەپ بېرە. (ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە)

While you are young, you must work hard.

ياش ۋاقتىڭدا تىرىشىپ ئىشلىشىڭ كېرەك. (ھالەت بېقىندى جۈملە)

Words came that they had succeeded

ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى. (ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە)

## قوشما خەۋەر
## （复合谓语　Compound predicate）

قوشما خەۋەر – خەۋەر پېئىلى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىدىن تەركىب تاپقان خەۋەرنى كۆرسىتىدۇ. قوشما خەۋەر تۆۋەندىكى تۆت خىل جۈملە شەكلىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

### 1. ئىگە + باغلامچى پېئىل + كېسىم خەۋەر

ئىنگلىز تىلىدىكى بەزى پېئىللار كېسىم خەۋەر بىلەن بىللە خەۋەر ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق پېئىللار باغلامچى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. باغلامچى پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلىشكە بولىدىغان ھالەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىن be, appear, seem قاتارلىقلار؛ ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار؛ ھالەتنىڭ داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدىغان feel, look, smell, sound, taste قاتارلىقلار؛ ھالەتنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان keep, prove, remain, stay پېئىللاردىن become, come, fall, get, go, grow, turn قاتارلىقلار بار.

The first person I met was my mother.

مەن ئەڭ بۇرۇن ئۇچراشقان كىشى مېنىڭ ئانام ئىدى.

He keeps fit.

ئۇنىڭ تېنى ساغلام.

My dream has come true.

ئارزۇلىرىم رېئاللىققا ئايلاندى.

## 2. ئىگە + خەۋەر پېئىلى + تولدۇرغۇچى

ئۆتۈملۈك پېئىل بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان تولدۇرغۇچى مۇشۇ خىلدىكى قوشما خەۋەرگە كىرىدۇ.

We understand your difficulty.

بىز سىزنىڭ قىيىنچىلىقىڭىزنى چۈشىنىمىز.

Will you take tea or coffee?

چاي ئىچەمسىز ياكى قەھۋەمۇ؟

## 3. ئىگە + خەۋەر پېئىلى + تولدۇرغۇچى + تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى

بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللار (believe, consider, discover, elect, find, keep, make قاتارلىقلار) كەينىدىن تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىلدۈرگەن مەنىسى مۇكەممەل بولماي قالىدۇ-دە، تولۇقلىغۇچى قوشۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق قوشما خەۋەر ھاسىل بولىدۇ.

We elected him chairman.

بىز ئۇنى رەئىسلىككە سايلىدۇق.

The news made us very happy.

بۇ خەۋەر بىزنى ناھايىتى خۇشال قىلدى.

## 4. ئىگە + خەۋەر پېئىلى + ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى + بىۋاستە تولدۇرغۇچى

قىسمەن ئۆتۈملۈك پېئىللار (assign, bring, buy, give, lend, show قاتارلىقلار) ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى ۋە بىۋاستە تولدۇرغۇچىدىن ئىبارەت ئىككى تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، قوش تولدۇرغۇچىلىق قوشما خەۋەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

Their teacher assigned them a lot of homework.

ئۇلارنىڭ مۇئەللىمى ئۇلارغا نۇرغۇن تاپشۇرۇق بېرىپتۇ.

He gave the dog a bone.

ئۇ ئىتقا بىر تال سۆڭەك تاشلاپ بەردى.

I will buy him some new clothes tomorrow.

مەن ئەتە ئۇنىڭغا ئازراق كىيىم ئېلىپ بەرمەكچى.

# قوشما تولدۇرغۇچى
# （复合宾语 Compound Object）

قوشما تولدۇرغۇچى ئاساسەن تولدۇرغۇچى ۋە تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ تولدۇرغۇچىدۇر. بۇنداق تولدۇرغۇچىلارنى باشلاپ كېلەلەيدىغان، كۆپىنچە «دەپ قاراش»، «بايقاش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىن accept, acknowledge, consider, find, guess, hold, judge, prove, regard, think قاتارلىقلار؛ «دەپ ئاتىماق»، «... غا سايلىماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىن call, choose, declare, elect, name قاتارلىقلار؛ «... بولدۇرماق»، «كەلتۈرۈپ چىقارماق» دېگەندەك

مەنلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللاردىن have, let, make, turn قاتارلىقلار بار. قوشما تولدۇرغۇچىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەڭ ئاساسلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بەش خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1. خەۋەر پېئىلى + تولدۇرغۇچى + ئىسىم /what بىلەن كېلىدىغان بېقىندى جۈملە / سۈپەت / رەۋىش**

His father named him John.

دادىسى ئۇنىڭغا جون دەپ ئىسىم قويدى.

You can call him what you like.

ئۇنى نىمە دەپ چاقىرساڭ بولىۋېرىدۇ.

Most people considered him (to be) innocent.

كۆپىنچە ئادەم ئۇنى گۇناھسىز دەپ قارايدۇ.

**2. خەۋەر پېئىلى + تولدۇرغۇچى + as + ئىسىم / سۈپەت پېئىلنىڭ تارماق شەكلى**

The team chose charlotte as Captain.

بۇ گۇرۇپپا چارلوتنى باشلىق قىلىپ تاللىدى.

She regarded Helen as "simply lovely"

ئۇ ھېلىننى «ھەقىقىي سۆيۈملۈك» دەپ قارىدى.

**3. خەۋەر پېئىلى + تولدۇرغۇچى + ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە**

They considered Jane above others.

ئۇلار جېيىننى باشقىلاردىن كۈچلۈك دەپ قارايدۇ.

Please keep an eye on the baby for me.

بوۋاقىا مەن ئۈچۈن قاراپ قويسىڭىز بوپتىكەن.

What makes you in such a hurry?

نېمىگە شۇنچە ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭ؟

**4. خەۋەر پېئىلى + تولدۇرغۇچى + پېئىلنىڭ تارماق شەكلى پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى**

بۇنداق قوشما تولدۇرغۇچىلارنى باشلاپ كېلىدىغان پېئىللار see, watch, notice, observe, hear, feel, find قاتارلىق ھېس-تۇيغۇ پېئىللىرىنى ئاساس قىلىدۇ، «... بولدۇرماق»، «كەلتۈرۈپ چىقارماق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

Tim watched Bill mending the lamp.

تىم بىلنىڭ چىراغ رېمونت قىلغىنىغا قاراپ تۇردى.

People heard the wounded man groan.

كىشىلەر ھېلىقى يارىلانغان كىشىنىڭ ئىڭرىغىنىنى ئاڭلىدى.

This set me thinking.

بۇ مېنى ئويلاندۇردى.

He had the watch repaired immediately.

ئۇ سائەتنى دەرھاللا ئوڭشاتتى.

**5. خەۋەر پېئىلى + it + سۈپەت / ئىسىم + ھەرىكەتنام / پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى that / بىلەن كەلگەن بېقىندى جۈملە**

بۇنداق قوشما تولدۇرغۇچىدا، تولدۇرغۇچى ئورنىدا ئوتتۇرىغا چىقىدىغىنى باش تولدۇرغۇچى «it» تۇر. ھەقىقىي تولدۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىسىم، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ياكى that بىلەن كەلگەن بېقىندى جۈملە بولىدۇ.

At first, I found it difficult to persevere.

دەسلەپتە مەن داۋاملاشتۇرۇش بەك قىيىنمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

We think it highly probable that he will resign.

بىزنىڭچە، ئۇنىڭ ئىستىپا بېرىشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

قوشما تولدۇرغۇچى قوش تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلمىغا ئوخشمايدۇ. قوشما تولدۇرغۇچىدا، تولدۇرغۇچى پۈتۈن قوشما قۇرۇلمىنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى بولىدۇ. قوش تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلمىدا بولسا، ھەر ئىككى تولدۇرغۇچى خەۋەر پېئىلى ۋەكىللىك قىلغان ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى بولىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى.

I found him an amiable companion on the tour.

مېنىڭچە، ئۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان سەپەرداش ئىكەن.

(=He was an amiable companion on the tour).

I have no doubt that I shall find you a situation.

مەن ساڭا چوقۇم بىر خىزمەت تېپىپ بېرىمەن.

(But you are not a situation.)

She made herself a new dress.

ئۇ ئۆزىگە بىر قۇر يېڭى كىيىم تىكتۇردى.

(But she was not a new dress.)

# قىستۇرما سۆز
# (插入语 Parenthesis)

قىستۇرما سۆز مۇستەقىل تەركىبنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن پەقەت مەنە جەھەتتىنلا باغلىنىشلىق بولىدۇ، گرامماتىكا جەھەتتە ھېچقانداق باغلىنىشلىقى يوق. قىستۇرما سۆز ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان تەركىبلەردىن ئاساسلىقى رەۋىش، ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە، پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە، بېقىندى جۈملە ياكى جۈملە قاتارلىقلار بار. قىستۇرما سۆزلەر مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشىگە ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسى، كۆز قارىشى، ئىزاھاتى (چۈشەندۈرۈشلىرى) قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.**

Above all, it has beautiful mountains.

ئالدى بىلەن، ئۇنىڭ گۈزەل تاغلىرى بار. (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە)

Judging from his accent, he is from New York.

تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇ نيۇيوركلىقتەك قىلىدۇ. (پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە)

The snow, too, will begin to melt and become slippery and treacherous.

قارمۇ ئېرىشكە ھەمدە تېيىلغاق، خەتەرلىك بولۇشقا باشلىدى. (رەۋىش)

To begin with, the saxophone is an invention rather than an evolution.

ئالدى بىلەن، ساكسفون بىر كەشپىيات، ھەرگىزمۇ بىر يېڭىلىق ئەمەس. (ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە)

But strangely enough, pigeons played an important part in war.

لېكىن ھەيران قالارلىقى شۇكى، كەپتەرلەر ئۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. (ئىبارە)

What was worse, thinkers of the time began to sneer at him and his ideas.

تېخىمۇ چاتاق بولغىنى شۇكى، شۇ چاغدىكى مۇتەپەككۇرلار ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىلىرىنى مەسخىرە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. (جۈملە)

**2. ئىككى جۈملە ياكى ئىككى بۆلەكنى باغلاپ، كونتېكستنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.**

It's a hard work. I enjoy it though.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ جاپالىق خىزمەت، ئەمما مەن خىزمەتنى ياخشى كۆرىمەن. (بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ)

Next, a special milk bottle was designed.

كېيىن، ئالاھىدە بىر خىل سوسكا لايىھىلەندى. (تەرتىپنى بىلدۈرىدۇ)

Worst of all, mosquitoes are often disease carriers.

تېخىمۇ چاتاق يېرى شۇكى، پاشا ئادەتتە كېسەل تارقاتقۇچىدۇر. (كۈچەيتىشنى بىلدۈرىدۇ)

My mother, on the other hand, works and speaks much more slowly.

ئەكسىچە، ئانامنىڭ ئىش قىلىش ۋە گەپ قىلىشلىرى تولىمۇ ئاستا. (قارىمۇ قارشىلىقنى بىلدۈردى)

## قىسقارتىش
## (省略 Ellipsis)

ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىلەردە بەزىدە قىسقىرىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. قىسقارتىش ـ خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، زۆرۈر بولمىغان تەكرارلىنىشلاردىن ساقلىنىشتىكى بىر خىل ۋاسىتە. قىسقارتىشنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن كونتېكىستنى قىسقارتىش (Situational Ellipsis) ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىنى قىسقارتىش (Structural Ellipsis) قاتارلىقلار بار.

She was poor but (She was) honest.

ئۇ نامرات، ئەمما سەمىمىي. (كونتېكىستنى قىسقارتىش)

(Have you) Seen Andy?

ئەندىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ (تىل مۇھىتىنى قىسقارتىش)

If (it were) free from external influences, a body would move with constant speed.

ئەگەر تاشقى تەسىرگە ئۇچرىمىسا، بىر جىسىم مۇقىم سۈرئەتتە يۆتكىلىدۇ. (گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى قىسقارتىش)

قىسقارتىۋېتىلگەن مەزمۇننىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، قىسقارتىش يەنە ئىسىم خاراكتېرلىك قىسقارتىش (Nominal Ellipsis)، پېئىل خاراكتېرلىك قىسقارتىش (Verbal Ellipsis) ۋە جۈملىنى قىسقارتىش (Clausal Ellipsis) دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

There are eighteen students in my class. All (the students) speak English.

سىنىپىمدا 18 ئوقۇغۇچى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ. (ئىسىم خاراكتېرلىك قىسقارتىش)

John should clean the shed and Peter (should) mow the lawn.

جون ماشىنا ئىسكىلاتىنى تازىلىسۇن، پېتىر ئوتلارنى ئورىۋەتسۇن. (پېئىل خاراكتېرلىك قىسقارتىش)

If you want help, please let me know (that you want help).

ياردەم كېرەك بولسا ئېيتارسەن. (جۈملىنى قىسقارتىش)

# قىسقارتىلما جۈملە
## (省略句 Elliptical Sentence)

قىسقارتىلما جۈملە ئىنگلىز تىلىدىكى قىسقارتىۋېتىشكە بولىدىغان بارلىق جۈملىلەرنى، شۇنداقلا ئادەتتە ئايلىنىپ كەتكەن قىسقارتما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ.

**1. بەزى باغلىغۇچى + سۈپەتتىن ھاسىل بولغان قىسقارتىلما جۈملە**

if possible, necessary, whenever possible/necessary,
قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن قىسقارتىلما جۈملىدە، it is نىڭ قىسقىرىشى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

If possible, I'll come before midday.

ئەگەر مۇمكىن بولسا، چۈشتىن بۇرۇن كېلىمەن.

Whenever possible, the children play outside in the fresh air.

مۇمكىن بولسىلا، بالىلار سىرتلاردىكى ھاۋاسى ساپ جايلاردا ئوينايدۇ.

**2. 《if any》لىق قىسقارتىلما جۈملىدە، there are/is نىڭ قىسقىرىشى قائىدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.**

Very few people, if any, still support this idea.

بۇ كۆز قاراشنى قوللايدىغانلار تولىمۇ ئاز.

There are very few mistakes in his work, if any.

ئۇنىڭ خىزمەتتە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى بار، ئەمما ناھايىتى ئاز.

We have little if any water.

سۈيىمىز تۈگەيلا دەپ قالدى.

**3. 《the more … the more …》لىق قىسقارتىلما جۈملە**

بۇنداق جۈملە شەكلىدە، قىسقىرىش ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، 《The more … the more …》 نى ئەمەلىي قوللىنىش جەريانىدا، باشقا سۆزلەرنىڭ سىلىشتۇرما دەرىجىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

The more, the merrier.

ئادەم قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

Tell your friend to come again the sooner the better.

دوستىڭىزنى يەنە كەلگىن دەڭ، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

## 4. شەرتنى بىلدۈرىدىغان قىسقارتىلما جۈملە

شەرت جۈملىدە if only, it not for, what if ۋە what tough قاتارلىق مۇقىم قىسقارتىلما جۈملىلەر بار. ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە مەنىسى بار.

1) if only لىق قىسقارتىلما جۈملە

if only ئارزۇ-ئىستەك ياكى شەرتنى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ، ئادەتتە پۈتۈن باش جۈملە قىسقىراپ كېتىدۇ.

If only that photograph weren't missing.

ھېلىقى رەسىم يىتۈپ كەتمىگەن بولسىلا ياخشى بولاتتىغۇ.

If only I had taken Mother's advice!

ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىسام ياخشى بوپتىكەن.

بۇنداق قىسقارتىلما جۈملىنىڭ خەۋرى ئادەتتە ساختا رايىدا كېلىدۇ، ئاندا-ساندا بايان رايىدىمۇ كېلىدۇ.

If only he arrives in time!

ئەگەر ئۇ ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلىگەن بولسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى.

2) if not for شەكلىدىكى قىسقارتىلما جۈملە + if — if not for

it were not for ياكى if it hadn't been for نىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، ساختا شەرتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل قىسقارتىلما شەكىلنىڭ ئورنىغا But for نى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

If not for/But for his illness, he would be present at the meeting.

ئۇ ئاغرىپ قالمىغان بولسا يىغىنغا كېلەتتى.

If not for/But for the doctor's skill he would have

www.uyghurkitap.com

died.

ئەگەر دوختۇرنىڭ ماھارىتى يۇقىرى بولمىغان بولسا، ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى.

3) what if/though شەكلىدىكى قىسقارتىلما جۈملە

what if بولسا what will/would happen if نىڭ قىسقارغان شەكلى، شۇنداقلا what though قا ئوخشاش does it matter even if نىڭ قىسقارغان شەكلى بولالايدۇ. بۇنداق جۈملىدە باش جۈملە قىسقىرىپ كېتىپ، پەقەت سوراقنى بىلدۈرىدىغان سۆز what لا قېپقالىدۇ.

What if you go insted of me?

مېنىڭ ئورنۇمغا سەن بارساڭ قانداق؟

What though/if he does not come?

ئۇ كەلمىسە نېمە بوپتۇ؟

## 5. سوراق جۈملە ئىچىدىكى قىسقارتىلما جۈملە

بەزى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن باشلانغان سوراق جۈملە ئادەتتە ئايلىنىپ قېلىپلىشىپ قالغان قىسقارتىلما جۈملىدۇر. بۇنداق قىسقارتىلما جۈملە ئېغىز تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) How come + that لىك ئېقىندى جۈملە

How come you're home so early?

(=How does it happen that you're home so early?)

سەن قانداقلارچە ئۆيگە بۇنداق بالدۇر كېلىپ قالدىڭ؟

2) What + though/if ئېقىندى جۈملە

What if the rumour is true?

ناۋادا ئۇسەك سۆزلەر راست بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

What though the way is (ياكى be) long?

يول يىراق بولسا قانداق قىلغۇلۇق؟

3) How/what about + ئىسىم

How about going to the movie with me? (=What do you think about going to the movie with me?)

مەن بىلەن بىللە كىنوغا بارساڭ قانداق؟

What about the election? (What do you think of the election?)

سايلامغا قانداق قارايسەن؟

4) Why (not) پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى

Why get so excited? (=Why do you get so excited?)

نېمىگە بۇنچە هاياجانلىنىپ كەتتىڭ؟

It's cold outside. Why not close the windows? (=Why don't you close the windows?)

تالا سوغۇق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن دېرىزىنى ياپمايسەن؟

## قىسمەن تەتۈر جۈملە
## (部分倒装 Partial Inversion)

قىسمەن تەتۈر جۈملە تەتۈر جۈملىنىڭ ئىككى چوڭ تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرىدۇر. بۇنداق تەتۈر جۈملىنىڭ تەرتىپى ئادەتتە تەكىتلىگۈچى بۆلەك + رول سۆز + ئىگە + خەۋەر شەكلىدە بولىدۇ. قىسمەن تەتۈر جۈملە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋالدا ئىشلىتىلىدۇ.

1. جۈملە بېشىدا ئىنكار رەۋىش ياكى ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز كەلگەندە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، never, no, not, little, rarely, hardly, seldom, under/in no circumstances, by no means, قاتارلىقلار.

www.uyghurkitap.com

Not a single book has he read this month.

بۇ ئايدا ئۇ بىر پارچىمۇ كىتاب ئوقۇمىدى.

Very rarely did she receive letters from her brother.

ئۇ ئىنىسىدىن خەتنى كەمدىن كەم تاپشۇرۇۋالاتتى.

In no circumstances must a soldier leave his post.

بىر ھەربىي ھەر قانداق ئەھۋالدىمۇ قاراۋۇللۇق ئورنىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ.

**2. جۈملە بېشىدا ئۇسۇل، چاستوتا ياكى دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش كەلگەندە ئىشلىتىلىدۇ.**

مەسىلەن، to such an extent, many a time, well, often, with good reason, to such a point, to such length قاتارلىقلار.

Well do I remember the day when the war broke out.

ئۇرۇش پارتلىغان ئاشۇ كۈن ھازىرقىدەكلا يادىمدا تۇرۇپتۇ.

Many a time has he given us good advice.

ئىلگىرى ئۇ بىزگە كۆپ قېتىم ياخشى پىكىرلەرنى بەرگەن.

To such a degree was he excited that he could not go to sleep that night.

ئاشۇ كەچتە ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن ئۇخلىيالمىدى.

**3 جۈملە بېشىدا only, not+only ياكى so كەلگەندە ئىشلىتىلىدۇ.**

Only in this way can we learn English well.

مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن بىز ئىنگلىز تىلىنى ياخشى ئۆگىنەلەيمىز.

Not only is the position of the earth changing but the earth itself is undergoing changes.

يەر شارىنىڭ ئورنى توختىماي ئۆزگىرىپلا قالماستىن، يەر شارىنىڭ

ئۆزىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

So loudly did he speak that even people in the next room could hear him.

ئۇ ھەتتا ياندىكى ئۆيدە تۇرغان ئادەممۇ ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئۈنلۈك سۆزلىدى.

**4. بەزى ھالەت بىقىندى جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.**

1) though ياكى as باشلاپ كەلگەن ياكى باغلىغۇچى

Be it true or not, I will see it myself.

راست ياكى يالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن.

Say what you will, I won't change my mind.

نېمە دېيىشىڭدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ ئويۇم ئۆزگەرمەيدۇ.

2) if قىسقىرىپ كەتكەن ساختا شەرت بىقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Had I been informed earlier, I wouldn't have made such a mistake.

بالدۇرراق ئۇققان بولسام، بۇنداق سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلمايتتىم.

Should the weather be wet, the meeting will not be held.

ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا يىغىن ئېچىلمايدۇ.

## قىسمەن ئىنكار
## (部分否定 Partial Negation)

ئىنگلىز تىلىدىكى بەزى ئېنىقسىز ئالماشلار ( all, both, everyone,

everything دېگەندەك) ۋە بەزى رەۋىشلەر (always, often, quite, entirely, altogether دېگەندەك) ئىنكار سۆزلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە، قىسمەن ئىنكارلارنى بىلدۈرىدۇ. قىسمەن ئىنكار مۇشۇ سەۋەپتىن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئېنىقسىز ئالماش + ئىنكار سۆز

1) ئېنىقسىز ئالماش + ئىنكار خەۋەر

All is not gold that glitters. (=All that glitters is not gold.)

پارقىرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس.

Both books are not interesting.

ھەر ئىككىلا كىتاب قىزىقارلىق ئەمەس.

Every computer is not of high quality.

ھەممىلا كومپيۇتېر يۇقىرى سۈپەتلىك بولىۋەرمەيدۇ.

2) Not + ئېنىقسىز ئالماش + تەستىق خەۋەر

Not all matter is visible.

ھەممىلا نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

Not everything he said is true.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست بولۇشى ناتايىن.

Not everyone can make music.

ھەممىلا ئادەم مۇزىكا ئۇقمايدۇ. (ھەممىلا ئادەم مۇزىكا ئىشلىيەلمەيدۇ.)

3) ئىنكار خەۋەر + ئېنىقسىز ئالماش

I don't know everything about her.

ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇقمايمەن.

I don't know both of them.

مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنىلا تونۇيمەن.

The rules don't apply to all cases.

بۇ قائىدىلەر ھەممە ئەھۋاللارغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ.

2. ئىنكار خەۋەر + رەۋىش

I'm not always at home on Sundays.

يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرىمەن دېيەلمەيمەن.

I don't get to London very often.

لوندونغا دائىم بېرىپ تۇرمايمەن.

Our work is not entirely a failure.

خىزمىتىمىزنىڭ ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولغىنى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ك

## كەسىر سان
## (分楼 Fraction)

كەسىر سان ساناق سان بىلەن تەرتىپ ساننىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. سۈرەت ساناق سان بىلەن مەخرەج تەرتىپ سان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ.

$\frac{1}{2}$ one half

$\frac{2}{5}$ two fifths

$2\frac{1}{4}$ two and a fourth

$4\frac{5}{6}$ four and five sixths

The country is one third the size of France.

بۇ دۆلەتنىڭ يەر مەيدانى فرانسىيىنىڭ $\frac{1}{3}$ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

Three fifths of the workers here are women.

بۇ يەردىكى ئىشچىلارنىڭ $\frac{3}{5}$ قىسمى ئايال.

A seventh of the population in that country is illiterate.

ئۇ دۆلەتتىكى $\frac{1}{7}$ قىسىم نوپۇس ساۋاتسىز.

# كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان
# (将来进行时 Future Continuous Tense)

كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زامان كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر پەيتتە ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

**1. شەكلى**

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى ياردەمچى پېئىل shall (بىرىنچى شەخس) ياكى will (باشقا شەخسلەر) + be + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ. ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا will نى ھەممە شەخسكە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زاماننىڭ بايان جۈملە ۋە ئىنكار جۈملىدىكى شەكلى تۆۋەندىكىچە (work پېئىلى مىسال ئېلىنىدۇ):

| | بايان جۈملە | ئىنكار جۈملە |
|---|---|---|
| work | I (We) Shall be working. He (She, It, You, They) will be working. | I (We) Shall not be working. He (She, It, You, They) will not be working. |

**2. ئىشلىتىلىشى**

1) كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا داۋاملىشىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

They will be rehearsing the play at 3 o'clock this afternoon.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە ئۇلار ئويۇن قويۇۋاتقان بولىدۇ.

When you come again in May, I should be workingon my doctoral dissertation.

www.uyghurkitap.com

سەن 5-ئايدا يەنە كەلگەن ۋاقتىڭدا، مەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەنى يېزىۋاتقان بولىمەن.

2) بۇ زامان ئېغىز تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە پىلان بويىچە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

We shall be having lunch in a minute.

بىز بىردەمدىن كېيىن چۈشلۈك تاماق يەيمىز.

I'll be seeing the boss about it this Friday morning.

مۇشۇ جۈمە كۈنى ئەتىگەندە مەن خوجايىن بىلەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىمەن. (مۇشۇنداق بىر ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بۇرۇنلا بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

I'll see the boss about it this Friday morning.

مۇشۇ جۈمە كۈنى ئەتىگەندە مەن خوجايىن بىلەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سۆھبەتلىشىدىغان بولدۇم. (بۇ جۈملىدە قارار قىلىشنى جاكارلىغانلىقى ياكى ۋەدە بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاددىي كەلگۈسى زاماندا ئارزۇ-ئىستەك، ئىرادىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

3) كەلگۈسىدە داۋاملىشىدىغان زاماندا ئىپادىلەنگەن تۇس ئاددىي كەلگۈسى زاماندا ئىپادىلەنگەن تۇستىن سىپايىراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زاماندا ئەدەپ بىلەن مەسلىھەت سوراش، ئۆتۈنۈش قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ.

When will you be leaving for Xiamen?

شيامېنغا قاچان ماڭاي دەۋاتىسىز؟ (بىر قەدەر سىپايە)

When will you leave for Xiamen?

شيامېنغا قاچان ماڭىسىز؟

Will you be buying something for me?

ماڭا بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرەلەمسىز؟ (سىپايىلىق بىلەن ئۆتۈنۈش)

# كەلگۈسىدە پۈتۈپ داۋاملىشىدىغان زامان
# (将来完成进行时)
# (Future Perfect Continuous Tense)

كەلگۈسىدە پۈتۈپ داۋاملىشىدىغان زامان بىر ھەرىكەتنىڭ كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن ئىلگىرى باشلىنىپ، تاكى ئاشۇ ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ياكى داۋاملىق داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**1. شەكلى**

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى + (will) shall + have + been پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ.

**2. ئىشلىتىلىشى**

كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئىزچىل داۋاملاشقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە بۇ ھەرىكەت يەنە داۋاملىق داۋاملىنىشى مۇمكىن.

By next month, Lucille will have been teaching in our college for two years.

كېلەركى ئايدا لۇسىلنىڭ ئىنىستىتۇتىمىزدا دەرس ئۆتۈۋاتقىنىغا دەل ئىككى يىل بولىدۇ.

On October Ist, we shall have been living in this house for three years.

10-ئاينىڭ 1-كۈنى بىزنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىككى يىل توشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# كەلگۈسىدە پۈتىدىغان زامان
# (将来完成时 Future Perfect Tense)

كەلگۈسىدە پۈتىدىغان زامان كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن ئىلگىرى تاماملىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. شەكلى

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى shall (1-شەخس) ياكى will (باشقا شەخسلەر) + have + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ. ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا will نى ھەممە شەخسكە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

كەلگۈسىدە پۈتىدىغان زاماننىڭ بايان جۈملە ۋە ئىنكار جۈملىدىكى ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە (work پېئىلى مىسال قىلىندى):

| | بايان جۈملە | ئىنكار جۈملە |
|---|---|---|
| work | I (We) shall have worked.<br>He (She, It, You, They) will have worked. | I (We) shall not have worked.<br>He (She, It, You, They) will not have worked. |

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) كەلگۈسىدىكى مەلۇم ۋاقىتتىن ئىلگىرى تاماملىنىپ بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. دائىم ئالدى قوشۇلغۇچى by ياكى by the time دىن تۈزۈلگەن ئىبارىلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

By the end of April we shall have finished compiling this grammar book.

4-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىز بۇ گرامماتىكا كىتابىنى تۈزۈپ بولىمىز.

That taxi will have arrived by the time you finish dressing.

كىيىمىڭنى كىيىپ بولغان ۋاقىتتا تاكسىمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

2) ئۆتمۈش، ھازىر ياكى كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن تاكى يەنە بىر كەلگۈسىدىكى ۋاقىتقىچە داۋاملىشىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

When I leave tomorrow, I shall have stayed here for two weeks.

ئەتە ماڭىدىغان ۋاقتىمدا، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئىككى ھەپتە بولىدۇ.

By July this year Elizabeth will have taught here for two years.

بۇ يىل 7-ئايدا، ئېلزابېتنىڭ بۇ يەردە دەرس ئۆتۈۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولىدۇ.

3) ئېھتىماللىق ياكى پەرەزنى بىلدۈرىدۇ.

It's six o'clock now; she will have got there by now.

سائەت ئالتە بولدى؛ ئۇنىڭ ھازىر ئۇ يەرگە بېرىپ بولىدىغان ۋاقتى بولدى.

You will have heard that Alim has passed the College English Test, Band Four.

ئالىمنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىنىڭ 4-دەرىجىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ دەيمەن.

## كوللېكتىپ ئىسىم
## （集合名词 Collective Noun）

كوللېكتىپ ئىسىم بىر قانچە نۇقتىدىن تەركىب تاپقان كوللېكتىپ گەۋدىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ كوللېكتىپ خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم، تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان تۈردەش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىسمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

There are many sheep in the field, but only one flock.

دالىدا نۇرغۇن قويلار بار، بىراق توپلىشىپ ئوتلاۋاتقىنى بىرلا توپ.

I wonder why people are so fond of action film.

كىشىلەرنىڭ جانبازلىق فىلىملىرىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ھەيرانمەن.

كوللېكتىپ ئىسىم ئادەتتە بىرلىك شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، لېكىن بەزى كوللېكتىپ ئىسىملارنى ھەم بىرلىك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن ھەم كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولىدۇ (كوللېكتىپ خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم، تۈركۈم خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم، ئومۇملاشتۇرۇلغان تۈردەش ئىسىمغا قاراڭ).

## كوللېكتىپ خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم
## (团体性集合名词 Group Collective)

كوللېكتىپ خاراكتېرلىك تۈردەش ئىسىم بىر نەچچە ئەزادىن تەركىب تاپقان تەشكىلاتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن audience, class, family, team, public, crowd, committee, government, company, army, troop, couple, crew, club, gang, staff, majority, minority, jury قاتارلىقلار بار. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىملار ئىگە بولغاندا، ئەگەر ئۇ ئىسىم ئايرىلۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارالسا، خەۋىرىنىڭ پېئىلى بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ تەشكىلات ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ بىرى (ھەربىرەتتىكى) بولسا، خەۋىرىنىڭ پېئىلى كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ.

The jury is made up of 12.

زاسداتېللار ئۆمىكى 12 ئادەمدىن تەركىب تاپىدۇ.

The jury were divided in their opinios.

زاسداتىللار ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى.

The audience is much bigger than that of the last night's performance.

تاماشىبىنلار تۈنۈگۈندىكىدىن خېلىلا كۆپ.

The audience are requested to be in their seats by 7:00.

تاماشىبىنلارنىڭ سائەت 7 گىچە ئورۇن ئېلىپ بولۇشى تەلەپ قىلىندى.

## كۆپ چېكىت
## （省略号 Ellipsis Dots）

كۆپ چېكىت قىسقارتىلغان سۆز ياكى ئىبارىلەرنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى كۆپ چېكىت ئادەتتە ئۈچ چېكىت (… ) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. كۆپ چېكىت تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ:

**1. نەقىل ئېلىنغان جۈملىلەردىكى سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.**

But in a larger sense, we cannot dedicate … this ground.

ئەمما، كەڭرەك مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇ زېمىنغا ئۆزىمىزنى تەقدىم … قىلالمايمىز.

There are quite a lot of letters here…even a telegram.

بۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن خەت-چەكلەر … يەنە بىر پارچە تېلېگرامما بار.

Dialogue … consistently reflects the speech of the day.

دىئالوگ … بىر دەۋردىكى تىلنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**2. تىلغا ئېلىنغان نۇقتىنىڭ يەنە بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.**

The odd numbers are 1,3,5 ···

1، 3، 5 ··· لەر تاق سانلاردۇر.

Jack, Mary, Andrew ··· all went there.

جېك، مارى، ئاندرېۋ ··· لارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ يەرگە كەتتى.

**[قىيسىن نۇقتا تەھلىلى]**

1. بىر ئابزاس جۈملىنىڭ ئىچىدىكى بىر جۈملىنى قىسقارتقاندا ئادەتتە تۆت چېكىت (....) قويۇلىدۇ.

To tell the truth, firearms have been as American as apple pie ever since the first settlers arrived ....
Certainly guns were standard household items, both as implements of the hunt and instruments of self-defense, as long as there was a frontier.

راستىنى ئېيتقاندا، تۇنجى تۇركۇمدىكى كۆچمەنلەر ئامېرىكىغا بارغاندىن كېيىن، قورال خۇددى ئالما قىيمىسىغا ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى ··· ئەلۋەتتە، چېگرا رايون مەۋجۇت بولسىلا، مىلتىق مەيلى ئوۋ ئوۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار قاتارىدا بولسۇن ياكى ئۆز-ئۆزىنى قوغداش ئەسۋابى قاتارىدا بولسۇن، ئائىلىلەردە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم بولۇپ قالغانىدى.

2. شېئىرلارنى قىسقارتقاندا، بىر قۇر ياكى بىر قانچە قۇر توشقىچە كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ.

I've seen them come and seen them go.
Like summer rain and winter snow.
..........................................
I've watched them, dumb.

قاراپ تۇرسام، ئۇلار كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ،
گويا يازنىڭ يامغۇرىدەك، قىشنىڭ قارىدەك.

............................

قاراپ تۇردۇم مەن ئۇلارغا ئۈنسىز، جىمجىت.

## كۆرسىتىش ئالماش
## (指示代词 Demonstrative Pronoun)

ئادەم ۋە نەرسىلەرنى كۆرسىتىش ياكى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئالماش كۆرسىتىش ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان كۆرسىتىش ئالماش

| كۆپلۈك | بىرلىك | |
|---|---|---|
| these (بۇلار) | this (بۇ) | يېقىننى بىلدۈرىدۇ |
| those (ئاۋۇلار) | that (ئاۋۇ) | يىراقنى بىلدۈرىدۇ |

بۇ ئىككى گۇرۇپپىدىكى كۆرسىتىش ئالماشلار ئىكى جۈملىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئادەمنى كۆرسەتكەندە، ئادەتتە شۇ كىشىنىڭ سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرىدۇ ياكى ئىسپاتلايدۇ.

"I brought you these. "Adam held out a bag of grapes.

«بۇلارنى ساڭا ئالغاچ كەلدىم» ئادام بىر خالتا ئۈزۈمنى چىقاردى.

I'm tired out. This is why I'm going home early.

مەن بەك ھېرىپ كەتتىم. مانا بۇ مېنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيگە بالدۇر ماڭىدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى.

Those are my children, Susan and paul.

ئاۋۇلار مېنىڭ باللىرىم سۇسان ۋە پاۋل.

Was that Patrick on the phone?

تېلېفوندا ئالغان پاترىكمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1) كۆرسىتىش ئالماش جۈملىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى بولالايدۇ.

That is an excellent idea.

ئۇ ناھايىتى ياخشى ئوي (پىكىر) ئىكەن. (ئىگە)

I shall take those.

مەن ئاشۇلارنى ئالىمەن. (تولدۇرغۇچى)

My point is this.

مېنىڭ مەقسىتىم مۇشۇ شۇ. (كېسىم خەۋەر)

Those books were a present from my grandpa.

بۇ كىتابلارنى بوۋام سوۋغا قىلغان. (ئېنىقلىغۇچى)

2) this بىلەن that ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەمما، ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆرسەتكىنى ئەمدى تىلغا ئېلىنماقچى بولغان نەرسە بولسا، پەقەت this لا ئىشلىتىلىدۇ.

He is always complaining and this/that is why nobody likes him.

ئۇ ھەمىشە باشقىلاردىن ئاغرىنىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ.

This is the latest news from the front.

بۇ - ئالدىنقى سەپتىن كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەر.

I want to know this: Has Mrs. Jones been here the whole morning.

مەن شۇنى بىلمەكچى: جون خانىم چۈشتىن بۇرۇن ئىزچىل مۇشۇ يەردە بولدىمۇ؟

3) that بىلەن those ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان نەرسىنىڭ تەكرارلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

My seat was next to that of the Mayor.

مېنىڭ ئورنۇم شەھەر باشلىقىنىڭ ئورنى بىلەن بىر يەردە.

The dialects of England are not so widely different as those of China.

ئەنگلىيىنىڭ دېئالىكتىدا جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاش ئۇنداق زور پەرق يوق.

4) بىر سۆزدىن كېيىن ئېنىقلىغۇچى كەلسە، ئادەتتە كۆرسىتىش ئالماش that بىلەن those ئىشلىتىلىدۇ.

What's that floating on the water?

سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن قانداق نەرسە؟

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

those دىن كېيىن (m) who باشلاپ كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە كېلىدۇ، ئەمما بىرلىكتە that، who نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. يېزىق تىلىدا he (she) who ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىز تىلىدا one who، a man who قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ.

Those who wish to join in the picnic may sign up here.

دالا تاماقى يېيىشكە قاتنىششنى خالايدىغانلار بۇ يەرگە ئىمزا قويسۇن.

5) ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان ئىككى شەيئىنى قايتا تىلغا ئېلىنغاندا، this «كېيىنكىسى» نى، that «ئالدىنقىسى» نى كۆرسىتىدۇ.

Struggle and submission are before the colonial people: this leads to slavery; that leads to freedom.

مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئالدىغا كۈرەش قىلىش بىلەن باش ئېگىش قويۇلغان: كېيىنكىسى قۇل بولۇش، ئالدىنقىسى ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئىدى.

Dogs are more faithful animals than cats: these (=cats) attach themselves to places, and those (=dogs) to persons.

ئىت مۈشۈككە قارىغاندا سادىق ھايۋان. كېيىنكىسى (مۈشۈك) ئۆينى تونۇيدۇ، ئالدىنقىسى (ئىت) بولسا ئادەمنى تونۇيدۇ.

6) this، these سۆزلىگۈچىگە يېقىنراق بولغان نەرسىنى، that، those بولسا سۆزلىگۈچىگە يىراقراق بولغان جايدىكى نەرسىنى

كۆرسىتىدۇ.

I don't want these. I like those ripe cherries.

ماڭا بۇلار كېرەك ئەمەس. مەن ئاۋۇ قىزىرىپ پىشقان گىلاسلارنى ياخشى كۆرىمەن. (نەرسىنى بىلدۈرىدۇ)

That is what I thought last year; this is what I think now.

ئۇ مېنىڭ بۇلتۇرقى ئويۇم، بۇ ھازىرقى ئويۇم. (ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ)

### 2. كۆرسىتىش ئالماش such

«such» مۇ بىر خىل كۆرسىتىش ئالماش بولۇپ، كونتېكىستتا ئېيتىلغان ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئادەم ياكى نەرسىنىڭ تەۋەلىكنى بىلدۈرىدۇ. «مۇشۇنداق ياكى ئاشۇنداق كىشى، نەرسە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ بىر خىللا شەكلى بار بولۇپ، سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، ئۇنى ئايرىم ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

1) جۈملىدىكى رولى

Such was my first impression.

بۇ (يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار) مېنىڭ دەسلەپكى تەسىراتىم. (ئىگە)

He is not well off; only he seems such.

ئۇ باي ئەمەس، ئەمما پۇلى باردەك كۆرۈنىدۇ. (كېسىم خەۋەر)

He is a brilliant scholar and is everywhere recognized as such.

ئۇ ھەممىلا يەردە قالتىس تالانتلىق دەپ تەرىپلىنىدىغان ئالىم. (تولدۇرغۇچى)

I don't like such weather.

مەن بۇنداق ھاۋانى ياخشى كۆرمەيمەن. (ئېنىقلىغۇچى)

2) «such» دىن كېيىن as ئارىلاشقان ئىبارە ئەگىشىپ كېلىدۇ، بەزىدە as بىر ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ؛ «such» تىن كېيىن «as to» لۇق ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە ئەگىشىپ كېلىدۇ،

بەزىدە ئۇ that بىلەن باشلانغان ھالەت بېقىندى جۈملىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

Such beauty as hers is rare.

ئۇنىڭغا ئوخشاش گۈزەللەر كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ.

I have never heard such stories as he tells.

مەن ئەزەلدىن ئۇ ئېيتقاندەك بۇنداق ھېكايىنى ئاڭلاپ باقمىغان.

His carelessness is such as to make it unlikely that he will pass the exam.

ئۇ شۇنچىلىك بىغەمكى، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىشى ناتايىن.

《such as》 نىڭ 《for example》 دېگەن مەنىسىمۇ بار.

They export a lot of fruit, such as oranges, lemons, etc …

ئۇلار ئاپېلسىن، لىمونغا ئوخشاش مېۋىلەرنى زور مىقداردا ئېكسپورت قىلىدۇ.

3) 《such》 ئېنىقسىز ئارتىكل a(n) بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە، ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئەمما any, all, no, few, some, several, one قاتارلىق ئېنىقسىز ئالماشلار بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە بولسا ئېنىقسىز ئالماشتىن كېيىن كېلىدۇ.

It's difficult to work indoors on such a lovely day.

شۇنچە ياخشى ھاۋادا ئۆيدىن چىقماي ئىشلەش تولىمۇ تەس.

All such possibilities must be considered.

بۇنداق ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئويدان ئويلىنىش كېرەك.

### 3. كۆرسىتىش ئالماش same

《same》 مۇ كۆرسىتىش ئالماش دەپ قارىلىدۇ، ئېنىق ئارتىكل 《the》 بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ، «ئوخشاش كىشى ياكى نەرسە» نى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىرلا خىل شەكلى بار، رود، سان كېلىشتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

1) same نىڭ جۈملىدىكى رولى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

The same may be said of his brother.

ئۇنىڭ ئىنىسىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بار. (ئىگە)

You can do it now or leave it for next time; it's all the same to me.

ئۇنى هازىر قىلامسەن ياكى كېيىن قىلامسەن، ئۇ مەن ئۈچۈن بەربىر. (كېسىم خەۋەر)

I would do the same again.

يەنە شۇنداق قىلغۇم بار. (تولدۇرغۇچى)

We have lived in the same house for 50 years.

50 يىلدىن بېرى بىز ئىزچىل بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ كەلدۇق. (ئېنىقلىغۇچى)

2) «same» دائىم «that» ياكى «as» بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

The price is the same as last year.

بۇ باھا بۇلتۇرقى بىلەن ئوخشاش ئىكەن.

She wears the same kind of clothes as her sister wears.

ئاچا-سىڭىل ئىككىسى ئوخشاش كىيىم كىيىدۇ.

Our eggs are sold the same day that/as they come in.

تۇخۇملىرىمىز ئەكەلگەن كۈنىلا سېتىلىپ بولدى.

### 4. كۆرستىش ئالماش «so» نىڭ ئىشلىتىلىشى

1) ئاساسلىقى say, think, hope, believe, suppose, expect قاتارلىق ھېس-تۇيغۇ، كۆز قاراشنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئالدىنقى بۆلەكتە سۆزلەنگەن بىر تەستىقىي بايان جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلىپ، جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

Was this building built in the 19th century? — I believe so.

بۇ بىنا 19-ئەسىردە سېلىنغانمۇ؟ — مېنىڭچە شۇنداق.

He'll pay me the money next month; at least I hope so.

ئۇ ماڭا پۇلنى كېلەر ئايدا قايتۇرۇپ بەرسۇن، مەن شۇنىلا ئۈمىد

قىلىمەن.

2) 《so》بەزىدە to seem, to remain, to be, to make قاتارلىق پېئىللار بىلەن بىللە كەلگەن سۆپەت ياكى ئىسىمنىڭ ئورنىدا كېلىپ، جۈملىدە كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

He has been very helpful to me in the past and I 0hope he will be so (=helpful) in the future.

ئۇ ماڭا ياردەم قىلىپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

There is no job either good or bad but thinking makes it so.

خىزمەتنىڭ ياخشى-يامىنى يوق، كىشىلەر كاللىسىدا شۇنداق ئويلىشۇالغان.

3) 《so》 پېئىل《do》 بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، ئالدىنقى بۆلەكتىكى پېئىللىق ئىبارىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

I told him to come and see me the next day, and he did so.

مەن ئۇنى ئىككىنچى كۈنى كېلەر دېگەنىدىم، ئۇ راستىنلا ئىككىنچى كۈنى كەپتۇ.

4) 《so》 جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، 《also》 (مۇ) دېگەن مەنىنى ياكى تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ.

Playing a musical instrument well is an accomplishment; so is fluency in a foreign language.

بىرەر سازنى ياخشى چېلىش بىر ھۈنەر، چەت ئەل تىلىنى راۋان سۆزلەشمۇ بىر خىل ھۈنەر.

It was cold yesterdy. — So it was.

تۈنۈگۈن بەك سوغۇق ئىدى.

— ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى.

Henry answered the question well. — So he did.

ھېنرى سوئالغا ياخشى جاۋاب بەردى.

— ھەقىقەتەن ياخشى جاۋاب بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كېلىش
# (格 Case)

كېلىش بىر خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇپ، ئىسىم ياكى ئالماشنىڭ جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ ياكى مۇشۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم ياكى ئالماشنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملار ۋە ئالماشلار باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل كېلىشتە كېلىدۇ.

It is necessary that he return the dictionary imme- diately.

ئۇ لۇغەتنى دەرھال قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. (باش كېلىش)

It took him several months to tame the wild horse.

ئۇنىڭ ياۋا ئاتنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ ئاي ۋاقتى كەتتى. (چۈشۈم كېلىش)

Tom's father recommended that he go to Nanshan for his summer holidays.

تومنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا يازلىق تەتىلدە نەنسەنگە بېرىش تەكلىپىنى بەردى. (ئىگىلىك كېلىش)

# كېسىم خەۋەر بولىدىغان سۈپەت
# (表语形容词 Predicative Adjective)

خەۋەردىن كېيىن كېلىپ ئىگىنى ئېنىقلايدىغان سۈپەت كېسىم خەۋەر بولىدىغان سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

1. سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن ill, well, unwell, faint قاتارلىقلار بار.

I'm feeling ill these days.

ئەچچە كۈندىن بېرى تازا مىجەزىم يوق.

You don't look well. You'd better go to see the doctor.

چىرايىڭ باشقىچە تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باققىن.

We felt faint for lack of food.

قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتكەنلىكتىن ئايلىنىپ قالايلا دېدۇق.

2. پېئىللىق مەنىگە ئىگە سۈپەتلەر

كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن fond, afraid, aware, worth قاتارلىقلار بار.

They are fond of music. (like)

ئۇلار مۇزىكىغا ئامراق.

Don't be afraid of any difficulties. (fear)

ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن قورقما.

He was aware that he had made a mistake(knew)

ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىق سادىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى.

3.《a—》 بىلەن باشلانغان بەزى پېئىللار

كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن alone, asleep, aflame, awake, ashamed قاتارلىقلار بار.

She reads a lot when she is alone.

ئۇ يالغۇز قالغاندا ھەمىشە كىتاب ئوقۇيدۇ.

Mary was fast asleep.

مارىنىڭ ئۇيقۇسى ياخشى.

The whole house was soon aflame.

بىردەمدىلا پۈتۈن ئۆيگە ئوت كەتتى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. 《a—》 بىلەن باشلانغان كىسىم خەۋەر بولىدىغان بەزى سۆپەتلەر روھىي ھالەتنى ئىپادىلىگەندە، ھەمىشە ئالدىدا ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

the full awake patient

ئېسىنى پۈتۈنلەي بىلىدىغان بىمار.

a somewhat afraid girl

سەل قورقۇپ كەتكەن قىزچاق.

a rather ashamed boy

ئىنتايىن ئارتىنچاق بالا.

a really alive student

ئىنتايىن جانلىق ئوقۇغۇچى.

2. ئادەتتە، 《a—》 بىلەن باشلانغان سۆپەتنى 《very》 بىلەن ئېنىقلاشقا بولمايدۇ، چوقۇم باشقا سۆزلەر بىلەن ئېنىقلاش كېرەك.

He is very awake. (×)

He is wide awake.

ئۇ ئازراقمۇ ئۇخلىمىدى.

They are very asleep. (×)

They are fast asleep.

ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى بەك ياخشى.

That old woman is very alone (×)

That old woman is very much alone.

ئاۋۇ موماي تىنكەندەك يالغۇز.

She is all alone.

ئۇ تىنكەندەك يالغۇز.

She is very lonely.

ئۇ ئىنتايىن زېرىكتى.

# كىشىلىك ئالماش
## （人称代词 Personal Pronoun）

كىشىلىك ئالماش شەخس كاتېگورىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. شەخس، رود، سان ۋە كېلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار.

| كۆپلۈك | | بىرلىك | | | شەخس / كېلىش / سان |
|---|---|---|---|---|---|
| چۈشۈم كېلىش | باش كېلىش | چۈشۈم كېلىش | باش كېلىش | | |
| us | we (بىز) | me | I (مەن) | | I شەخس |
| you | you (سىلەر) | you | you (سەن) | | II شەخس |
| them | they (ئۇرتاق) ئۇلار<br>ئۇلار (ئاياللارغا)<br>ئۇلار (نەرسىگە) | him | he (ئۇ) | ئەرىنچەرود | III شەخس |
| | | her | she (ئۇ) | ئايالچە رود | |
| | | it | it (ئۇ) | ئوتتۇرا رود | |

Send us a postcard, so we' ll know where you are.
سىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بىزگە ئاتكرىتكا ئەۋەتكىن.

He rang Mary and invited her to dinner.
ئۇ مارىغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلدى.

I have lost my keys; I can't remember where I lost them.
ئاچقۇچۇمنى چۈشۈرۈپ قويدۇم؛ ئۇ نەرسىلەرنى قەيەردە چۈشۈرۈپ قويغىنىم يادىمدا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 1. كىشىلىك ئالماشنىڭ باش كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش شەكلى

كىشىلىك ئالماش ئىگە ياكى ئىسىم خەۋەر بولغاندا، باش كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ؛ تولدۇرغۇچى بولغاندا چۈشۈم كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

To be frank, I would rather you were not involved in the case.

راستىنى ئېيتقاندا، مەن سىنىڭ بۇ دېلوغا چېتىلىپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. (ئىگە)

Is that little John ever there? —Yes, that's he.

ئاۋۇ يەردە تۇرغان كىچىك جونمۇ؟

ـ ھەئە، شۇ. (كېسىم خەۋەر)

Canned foods are popular with house wives because it takes so little time to cook them.

قۇتىلىق يېمەكلىكلەر ئائىلە ئاياللىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى، چۈنكى ئۇنى پىشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. (تولدۇرغۇچى)

My wife said she would be very happy to hear from you sometime.

ئايالىم قاچانلا بولمىسۇن سىنىڭ خەۋىرىڭنى ئاڭلىسا ناھايىتى خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى)

## 2. كىشىلىك ئالماشنىڭ تەرتىپى

1) ئىككىدىن ئارتۇق كىشىلىك ئالماشنى ئارقىمۇ ئارقا ئىشلەتكەندە، ئادەتتە «you» نىڭ بىرلىك شەكلى باشتا، «I» ئەڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ؛ «we» باشتا، «they» ئەڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ.

Are you, Alice and I late?

سەن، ئەلىس ۋە مەن ئۈچىمىز كېچىكتۇقمۇ؟

You and he must be there at 7 0'clock.

ئۇ ۋە سەن ئىككىڭلار سائەت 7 دە چوقۇم ئۇ يەرگە بېرىپ بولۇشۇڭلار كېرەك.

The supervisor kept watching him and me closely.

نازارەتچى ئۇنىڭغا ۋە ماڭا سەپسېلىپ قاراۋەردى.

2) تەركىبىدە ئايرىم-ئايرىم هالدا ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى ۋە بىۋاستە تولدۇرغۇچى بولغان ئىككى كىشىلىك ئالماش بار جۈملىدە، ئادەتتە تەرتىپ ئۆزگەرتىلمەيدۇ... بولىدۇ.

Having finished with the magazine, peter gave it to her.

ژۇرنالنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پېتىر ئۇنى ئۇنىڭغا بەردى. (هەرگىزمۇ 《gave her it》 دېيىشكە بولمايدۇ)

## 3. كىشىلىك ئالماش ئىزاھلىق سۆز بولىدۇ.

The two managers, Lola and I, were to take all the blame for the fire.

ئىككى دىرېكتور - لولا بىلەن مەن ئوت ئاپىتىگە بولغان پۈتكۈل مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم.

No provision was made for the other families, the Browns and us.

باشقا ئائىلىلەرگە - بىروۋن ئائىلىسى بىلەن بىزنىڭ ئائىلىگە يېمەكلىك بېرىلمىدى.

Mr Long asked You boys to be quite.

لاڭ ئەپەندىم سىلەر ئوغۇللارنى پاراڭ سالماسلىققا دېدى.

## 4. كىشىلىك ئالماشنىڭ بىرلىك شەكلىنىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىلىشى

1) he بىلەن she دائىم هايۋانلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. 《she》 غا قارىغاندا 《he》 نى ئىشلىتىدىغان ئەھۋال كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

Give a dog a bad name and hang him.

گۇناھ ئارتاي دېسەڭلا باھانە تېپىلىدۇ.

She (the ship's cat) adapts herself to a like at sea.

ئۇلار (پاراخوتتىكى مۈشۈك) دېڭىز تۇرمۇشىغا ماسلىشالايدۇ.

2) «she» بەزىدە جانسىز نەرسىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ چاغدا ياخشى كۆرۈش ۋە يېقىن كۆرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

China will always do what she has promised to do.

جۇڭگو قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدۇ.

Look at the moon. How bright she is!

ئايغا قاراڭلار، ئۇ نەقەدەر يورۇق-ھە!

3) «he» ماقال-تەمسىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جۈملىلەردە بارلىق كىشىلەرنى چەككىلەپ كۆرسىتىدۇ.

He that talks much errs much.

كۆپ سۆزلىسەڭ كەتكۈزۈپ قويىسەن. (ئېغىز يۇگۈرۈكى باشقا چىقار)

He who plays with fire gets burnt.

ئوت بىلەن ئويناشقان ئۆز بېشىغا چىقار.

4) «it» نەرسىلەرگە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە مۇنداق ئىشلىتىلىشلىرىمۇ بار.

a) يۇقىرىقى ئابزاستىكى بىر جۈملە ياكى جۈملىدىكى بىر بۆلەكنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ، باشتا تىلغا ئېلىنغان ئىش ياكى ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

He is trying to win a scholarship to Oxford; he won't find it easy.

ئۇ ھازىر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ، ئۇ ئۇنىڭ ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.

Maybe he changed his mind, but I doubt it.

بەلكىم ئۇ ـ ئويىنى ئۆزگەرتكەندۇر، ئەمما مەن ئۇنىڭدىن

گۇمانلىنىمەن.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

/I think / remember / know guess , imagine 《it》I beliee/ (a
قاتارلىقلاردىن كېيىـــن كەلسە، باشتا ئوتتۇرىغا expect / supposeg
قويۇلغان جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلەلمەيدۇ.

We are having a holiday tomorrow. — yes, I know.

بىــز ئەتە تەتىل قــىلــىمىز. - شــۇنــداق، بۇنــى بىــلــىـــمەن. (
《I know it》 دېيىشكە بولمايدۇ)

b) كۆرسىتىش ئالماشنىڭ رولىنى ئوينايدۇ، ئادەم ياكى نەرسىنى
كۆرسىتىدۇ.

Who's knocking at the door? — It's me.

ئىشىكنى چېكىۋاتقان كىم؟

- مەن.

What was that noise? — It was a mouse.

نېمە ئاۋاز ئۇ؟

- چاشقان كىتىرلاۋاتىدۇ.

c) ۋاقىت، ھاۋارايى، ئارىلىق، مۇھىت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

It was late autumn/early spring/midsummer, etc.

كەچكۈز / باش ئەتىياز / تومۇز ياز قاتارلىقلار.

It was midnight/nearly one o'clock/ the 6th of April, etc.

يېرىم كېچە / سائەت بىرگە ئاز قالدى / 4-ئاينىڭ 6-كۈنى دېگەندەك.

It is raining/snowing/freezing, etc.

يامغۇر يېغىۋاتىدۇ / قار يېغىۋاتىدۇ / سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ
دېگەندەك.

It is very fire/hot/warm/cold/wet, etc.

ھاۋا ئوچۇق / ئىسسىق / ئىللىق / سوغۇق / نەم دېگەندەك.

It is 15 miles to London.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لوندوندا 15 ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ.

It'll be lovely in the park today.

بۈگۈن باغچا بەك گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ.

d) كىچىك بالىنىڭ جىنسىنى بىلمىگەندە ياكى قايسى جىنس ئىكەنلىكىنى ئويلاشمىغاندا، child ياكى baby نىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

An old woman with snow-white hair was holding a one-year-old child in her arms and singing to it.

چېچى قاردەك ئاقارغان بىر موماي قۇچىقىدىكى بىر ياشقا كىرگەن بالىسىغا ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى.

e) تەكىتلەش قۇرۇلمىسىدىكى «it» لىق جۈملە شەكلىنىڭ فورمۇلىسى مۇنداق بولىدۇ.

It+be+ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى+تەكىتلىگۈچى بۆلەك +that/who/whom

It was Jefferson who wrote the Declaration of Independence.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى يازغان كىشى دەل جېففېرسون ئىدى.

It was from Francis that she first heard the news.

ئۇ ئەڭ دەسلەپتە بۇ خەۋەرنى فرانسىس تەرەپتىن ئاڭلىغان ئىدى.

f) شەكلەن (يالغان) ئىگە ياكى شەكلەن (يالغان) تولدۇرغۇچى بولىدۇ، ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە، ھەرىكەتنامىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

It is very dangerous to drive too fast.

ماشىنىنى بەك تېز ھەيدەش خەتەرلىك.

It can be expensive going abroad on holiday.

تەتىلنى چەت ئەلگە چىقىپ ئۆتكۈزۈشكە جىق پۇل كېتىدىغۇ دەيمەن.

It is unfire that most women don't earn equal pay for equal work.

نۇرغۇن ئاياللار ئىشلىگىنىگە تۇشلۇق ئىش ھەققىگە ئېرىشەلمەيدۇ،

بۇ ئادالەتسىزلىك.

I took it for granted that you would stay with us.

مەن سىزنى ئەلۋەتتە بىز بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالايدۇ دەپ ئويلايمەن.

g) بەزى ئادەت سۆزلىرىدە تولدۇرغۇچى بولىدۇ، ئەمما ھېچقانداق ئالاھىدە مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ.

We'll make a day of it.

بىز بىر كۈن قانغۇچە پەيزى قىلايلى.

Don't worry. Just take it easy.

غەم قىلماڭ. خاتىرجەم بولۇڭ.

The train is leaving at nine. Do you think you can make it?

پويىز سائەت 9 دا قوزغىلىدۇ، سىزنىڭچە ئۈلگۈرەلەرسىزمۇ؟

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

كۆپلۈك شەكىلدىكى كىشىلىك ئالماشنىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىلىشى:

1. «we» نىڭ بىرلىك مەنىسى

1) مۇخبىر، يازغۇچى قاتارلىقلار ئۆزىنى كەمتەر كۆرسىتىش، كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلغانلىق تەسىرى بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى «we» دەپ ئاتايدۇ.

We believe that the Government has made a big mistake in imposing this tax

بىز، ھۆكۈمەت بۇ خىل باجنى يىغىشتا چوڭ خاتالىققا يول قويدى، دەپ قارايمىز.

2) ئوقۇرمەن ياكى ئاڭلىغۇچىلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يېقىنلىقنى بىلدۈرىدۇ.

How are we feeling today?

بۈگۈن كەيپىياتىڭىز قانداقراق؟ («you»—«we» دېگەن مەنىدە)

2. «you, we» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۆرسىتىش ئالماش بەزىدە ئادەتتىكى ئادەملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

We have shortcomings as well as good points.

كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ، كەمچىلىكىمۇ بولىدۇ.

(《we》 سۆزلىگۈچىنىلا ئەمەس، ياكى ھەممە «كىشىلەر» نى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسەتتى)

3. 《they》 مۇ «كىشىلەر» نى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىدۇ. ئەمما مەنىسى 《you, we》 بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ «سۆزلىگۈچى» بىلەن «ئاڭلىغۇچى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

They say (=people say) it is going to rain tomorrow.

كىشىلەر ئەتە يامغۇر ياغىدۇ دەيدۇ.

If anybody calls, tell them I'm out, but take down their name and address.

ئەگەر بىرەرسى تېلېفون ئۇرۇپ قالسا مېنى چىقىپ كەتتى دەپ قويۇڭلار، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسىنى خاتىرىلىۋېلىڭلار.

Everybody thinks they are very important.

ھەممە ئادەم ئۇلارنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ قارايدۇ.

## گىراماتىكىلىق بىرلىك
## (语法一致 Grammatical Concord)

گىراماتىكىلىق بىرلىك ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك جەھەتتىكى ئۆز ئارا ماسلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، ئەگەر ئىگە سانىغىلى بولىدىغان كۆپلۈك شەكىلدىكى ئىسىمدىن تۈزۈلگەن بولسا، خەۋەرمۇ كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ؛ ئەگەر ئىگە بىرلىك شەكىلدىكى ئىسىم ياكى سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمدىن تۈزۈلگەن بولسا، خەۋەرمۇ بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ. مۇشۇ نۇقتا بويىچە قارىغاندا، ئىنگلىز تىلىنىڭ ئادىتى بويىچە ھەقىقىي ئىگىنى پەرق ئېتىش تولىمۇ مۇھىم.

Clothessold at this store areusually fashionable.

بۇ ماگىزىندا سېتىلىدىغان كىيىملەر ئادەتتە مودا كىيىملەردۇر.

The exhibition of new books and magazines attracts a lot of visitors.

يېڭى كىتابلار كۆرگەزمىسى نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ.

The number of misspellings in your composition is surprising.

ماقالەڭدىكى نۇرغۇن ئىملا خاتالىقلىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

A third of his time is devoted to teaching students.

ئۇ ئۈچتىن بىر قىسىم ۋاقتىنى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتۈشكە ئاتىدى.

A third of our students like this course very much.

ئۈچتىن بىر قىسىم ئوقۇغۇچىمىز بۇ دەرسنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

Skate and sking are usually winter sports.

مۇز تېيىلىش بىلەن قار تېيىلىش قىشلىق تەنھەرىكەتتۇر.

Many a man has left for the countryside.

نۇرغۇن كىشىلەر يېزىغا كەتتى.

More than one person has made the suggestion.

بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بىرلا ئادەم ئەمەس.

This kind of apples is highly priced.

بۇنداق ئالمىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى.

Apples of this kind are highly priced.

بۇ تۈردىكى ئالمىلارنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى.

Some of the students were standing outside the classroom.

بەزى ئوقۇغۇچىلار سىنىپنىڭ تېشىدا تۇراتتى.

Each of us takes an active part in the through clean.

ھەممىمىز چوڭ تازىلىققا ئاكتىپ قاتنىشىمىز.

We each have our problems, haven't we?

ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق مەسىلىمىز بار، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Where are my scissors?

مېنىڭ قايچام قەيەردە؟

The surroundings of the house are remarkably picturesque.

بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى مەنزىرىلەر بەك چىرايلىق.

Sombody is waiting for you outside the building.

بىرى سىنى بىنانىڭ سىرتىدا ساقلاپ تۇرىدۇ؟

Neither of the roads is very good.

بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىمۇ ياخشى ئەمەس.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئېنىقسىز ئالماش ئىگە بولغاندا، everyone, each one, everything, someone, something, no one, nothing, anyone, anything قاتارلىق بىرلىك ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلارغا پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلگەندىن باشقا، either، neither غا ئوخشاش ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىرىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلارغىمۇ پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. 《both》 قا پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇچ ياكى ئۇچتىن ئارتۇق ئۇقۇمنى كۆرسەتكەندە، none, each, some, all ئىشلىتىلىدۇ. 《none》 ھەم بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ. 《each》 ئادەتتە ھەمىشە كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ؛ 《some》 بىلەن 《all》 نىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك بولۇشى ئۇ ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئىسىمنىڭ سانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

None have/has arrived yet.

تېخى ھېچكىم كەلمىدى.

None of us are/is afraid of difficulties.

ھېچقايسىمىز قىيىنچىلىقلاردىن قورقمايمىز.

Some of it is good.

ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى ياخشى.

Some of these books are quite useful.

بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى پايدىلىق.

All of it is nonsense.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

All of us are going to see the game.

ھەممىمىز مۇسابىقە كۆرگىلى بارىمىز.

2) ئەگەر ئىگە a kind/sort/type of, this kind/sort/type of, a portion of, a series of, a species of قاتارلىق ئىسىملاردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئىسىم مەيلى بىرلىك ياكى كۆپلۈك بولسۇن، پېئىل بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ.

A substantial portion of reports is missing.

دوكلاتنىڭ مۇھىم قىسمى چۈشۈپ قاپتۇ.

The first set of stamps was issued in Chaina is 1878.

جۇڭگودا تۇنجى پوچتا ماركىسى 1878-يىلى تارقىتىلغان.

This is a kind of flowers which bloomsat night.

بۇ كېچىدە ئېچىلىدىغان بىر خىل گۈل.

3. «and» بىلەن باغلانغان تەڭداش بولمىغان بۆلەك ئىگە بولغاندا، خەۋەر پېئىلى كۆپلۈك شەكلىدە كېلىدۇ؛ «and» بىلەن باغلانغان تەڭداش بۆلەك ئىگە بولغاندا (بىر ئۇقۇم ياكى ئوخشاش بىر ئىش ياكى شەخسنى بىلدۈرگەندە)، مەنەنىڭ بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىپ، پېئىل بىرلىك شەكلىدە كېلىدۇ.

The director and the chief engineer are experiencedpersons.

دىرېكتور بىلەن باش ئىنژېنېر تەجرىبىلىك كىشىلەردۇر.

The director and chief engineer is an experienced person.

دىرېكتور ھەم باش ئىنژېنېر تەجرىبىلىك كىشىدۇر.

ئەگەر «and» بىلەن باغلانغان ئىگە بولغان ئىككى خەۋەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا «each, every» ياكى «no» بىلەن ئېنىقلانسا، خەۋىرى ئادەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ.

Each boy and (each) girl was congratulated.

ھەربىر ئوغۇل ۋە قىز ئالقىشقا ئېرىشتى.

Every eventuality and (every) possibility was considered.

ھەممە تاسادىپىيلىق ۋە ئېھتىماللىقلار ئويلىشىلدى.

No teacher and (no) student is supposed to take part in such a stormy discussion.

ھېچقانداق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى بۇنداق جىددىي تالاش-تارتىشقا قاتناشمىسا بولىدۇ.

## گراماتىكىلىق مەنە
## (语法意义 Grammatical Meaning)

گراماتىكىلىق مەنە تىل تەركىبلىرى (مەسىلەن: جۈملىدىكى سۆزلەر) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مەنىنى كۆرسىتىدۇ. لېكسىكىلىق مەنە (Lexical Meaning) بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، گراماتىكىلىق مەنە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، پەقەت گراماتىكىلىق شەكىل (Grammatical Form) ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ (لېكسىكىلىق مەنە بولسا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لۇغەتتىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ). مەسىلەن: boy (ئوغۇلبالا)، hit(ئۇرماق، سوقماق)، ball (توپ) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنىسى بار، ئەمما بۇ لېكسىكىلىق مەنىلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوق. بۇ سۆزلەر پەقەت جۈملە قۇرۇلمىسىدا مۇئەييەن ئۇسۇل بىلەن بىرىككەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ.

The boy hits the ball. ئوغۇلبالا توپ تېپىدۇ.

«ئوغۇلبالا توپ تېپىدۇ» دېگەن بۇ مەنە جۈملە قۇرۇلمىسىدا ئىپادىلەندى. مانا بۇ گراماتىكىلىق مەنىدۇر. گراماتىكىلىق مەنە قۇرۇلمىلىق مەنە (Structural Meaning) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

# ل

## لېكسىكىلىق مەنە
## （词汇意义 Lexical Meaning）

لېكسىكىلىق مەنە ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم خىل ئىنكاسى بولۇپ، بۇ ئىنكاس ئۇقۇم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكسىكىلىق مەنە ئەمەلىيەتتە مەلۇم بىر سۆز بىلەن باغلىنىشلىق بولغان مەلۇم بىر ئوبيېكتنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى مەلۇم شەيئىلەرنى كۆرەلەيدۇ. مەسىلەن: «توخۇ» نى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بىر خىل ئىنكاس ئەكس ئېتىدۇ؛ مۇشۇ شەيئىنى بىلدۈرىدىغان سۆز (تاۋۇش) نى ئاڭلىغان ھامان، كاللىسىدا شۇنداق ئىنكاس ئەكس ئېتىدۇ. بۇ ئىككى ئىنكاس بىرلەشكەندە، شۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھاسىل بولىدۇ. ھەر قانداق سۆز (مۇستەقىل سۆز) لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. مەسىلەن: 《cat》 نىڭ مەنىسى «مۈشۈك» ، 《rat》 نىڭ مەنىسى «چاشقان» ، 《eat》 نىڭ مەنىسى «يېيىش» بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى لۇغەتتىن تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# م

## مەجھۇل دەرىجە
## (被动语态 Passive Voice)

مەجھۇل دەرىجە ئىگىنىڭ ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

An apple <u>was eaten</u> by others this morning.

بىر ئالما بۈگۈن ئەتىگەن باشقىلار تەرىپىدىن يېيىلدى.

Her task <u>has been fulfilled</u> ahead of schedule by her.

ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇ تەرىپىدىن مۇددەتتىن ئىلگىرى ئورۇندالدى.

(مەجھۇل مەنىنى چىقىرىش ئۈچۈن بۇ مىساللار ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەرجىمە قىلىندى.)

### 1. مەجھۇل دەرىجىنى ياساش

1) be + ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى

مەجھۇل دەرىجە ياردەمچى پېئىل be + ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. be پېئىلىدا شەخس، سان ۋە زامان جەھەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ. مەجھۇل دەرىجىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 10 خىل زامانىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

(tell پېئىلى مىسال قىلىندى)

| | ئاددىي | داۋاملىشۋاتقان | پۈتكەن |
|---|---|---|---|
| ھازىر | *am* / *is* / *are* told | *am* / *is* / *are* being told | *has* / *have* been told |
| ئۆتكەن | *was* / *were* told | *was* / *were* being told | had been told |
| كەلگۈسى | *shall* / *will* be told | | *shall* / *will* have been told |
| ئۆتكەن كەلگۈسى | *should* / *would* be told | | *should* / *would* have been told |

جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك، مەجھۇل دەرىجىنىڭ پۈتكەن داۋاملىشۋاتقان زامان شەكلى ۋە كەلگۈسىدە داۋاملىشۋاتقان زامان شەكلى بولمايدۇ. مۇشۇ زامان ئىشلىتىلگەن ئۆزلۈك مەجھۇل جۈملىگە ئايلاندۇرۇلماقچى بولسا، پۈتكەن زامان ياكى ئاددىي ھازىرقى زامان ئىشلىتىلىدۇ.

They have been repairing the road recently.

ئۇلار يېقىندىن بۇيان يولنى رېمونت قىلىۋاتىدۇ.

The road has been repaired by them recently.

يېقىندىن بۇيان يول ئۇلار تەرىپىدىن رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ.

Alim will be painting a picture this evening.

ئالىم بۈگۈن ئاخشام بىر پارچە رەسىم سىزماقچى.

A picture will be painted by Alim this evening.

بىر پارچە رەسىم بۈگۈن ئاخشام ئالىم تەرىپىدىن سىزىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

2) get + ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى مەجھۇل دەرىجىدە كۆپىنچە «be» پېئىلى ياردەمچى پېئىل قىلىنىدۇ، بەزىدە «get» مۇ ياردەمچى پېئىل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چاغدا «get» ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىدۇ.

My best friend got married last Sunday.

مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى توي قىلدى.

It was in the First World War that her husband got killed.

ئۇنىڭ ئېرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

I think the letter has got lost or sent to the wrong place.

مېنىڭچە، خەت يا يىتىپ كەتكەن، يا خاتا ئەۋەتىلىپ قالغان.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

3) ئىككى خىل ئالاھىدە مەجھۇل قۇرۇلما

a) تۈسلۈك پېئىل بىلەن كېلىدىغان مەجھۇل قۇرۇلما

بۇنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق بولىدۇ. تۈسلۈك پېئىل (can, may, must قاتارلىقلار) + be + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ياكى تۈسلۈك پېئىل + have + been + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى

This book is very easy, so it can be finished soon.

بۇ كىتاب بەك ئاددىي، شۇڭا بىردەمدىلا ئوقۇپ بولغىلى بولىدۇ.

A bad thing may be turned into a good thing.

يامان ئىش ياخشى ئىشقا ئايلىنىشى مۇمكىن.

Her hair must have been dyed black.

ئۇنىڭ چېچى چوقۇم قارىغا بويالغان.

The work should have been finished last week.

بۇ خىزمەت ئالدىنقى ھەپتىلا تاماملىنىشى كېرەك ئىدى.

I don't think the book can have been lost in the post.

مېنىڭچە، كىتابنىڭ پوچتىدا يىتتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

b) پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلەن كېلىدىغان مەجھۇل قۇرۇلما تەركىبىدە «be going to»، «be to» قاتارلىق ياردەمچى پېئىل بار بولغان خەۋەر مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتىلگەندە «to» دىن كېيىن + be ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى كېلىدۇ. ياردەمچى پېئىل شەخس ۋە سان جەھەتتە مەجھۇل جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك. كۆپ ئۇچرايدىغان مۇنداق ياردەمچى پېئىللاردىن يەنە used to, have to, ought to, need to, be bound to, to be sure قاتارلىقلار بار.

A new film is going to be shown at the cinema.

كىنوخانىدا بىر يېڭى فىلىم قويۇلماقچى.

His decision is to be regretted.

ئۇنىڭ قارارى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

These engines used to be started by hand.

بۇ ماتورلار قول ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلەتتى.

These blood debts will have to be paid in blood.

بۇ قان قەرزلەرنىڭ ئورنىنى قان بىلەن تولدۇرۇش كېرەك.

I think you' re bound to be told this sometime.

مېنىڭچە، سەن بۇ ئىشنى ھامىنى ئاڭلايسەن.

These thieves are sure to be caught some day.

بۇ يانچۇقچىلار ھامىنى بىر كۈنى تۇتۇلىدۇ.

4) «by» لىق سۆز بىرىكمىسى ھەققىدە

مەجھۇل جۈملىدە كۆپىنچە «by» لىق سۆز بىرىكمىسى ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، مەجھۇل دەرىجىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىشلىتىشتىكى مەقسەت ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل ئەھۋالدا چوقۇم «by» لىق سۆز بىرىكمىسى ئىشلىتىلىدۇ.

a) ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ سەنئەتكار، كەشپىياتچى، بايقىغۇچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش زۆرۈر بولغاندا.

Hamlet was written by Shakespeare.

«ھاملېت» شېكىسپىر تەرىپىدىن يېزىلغان.

The Internationale was written in 1871 by Eugene Pottier.

«ئىنتېرناتسىئونال ناخشىسى» 1871-يىلى ئېۋگېنى پوتتېر تەرىپىدىن يېزىلغان.

America was discovered in 1492 by Columbus.

ئامېرىكا قىتئەسى 1492-يىلى كولومبو تەرىپىدىن بايقالغان.

b) ھەرىكەت ئىجراچىسى ئېنىق بولمىغان ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، كونتېكىستا تۇنجى ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئوقۇغۇچىغا ئەسلەتمە ياكى كۆرسەتمە بېرىدۇ.

While I was doing some window-shopping, I was stopped by a beggar.

ماگىزىن ئارىلاۋاتقان چېغىمدا، بىر تىلەمچى ئالدىمنى توسىۋالدى.

My attention was held by a man with a scar across his face.

يۈزىدە تاتۇقى بار بىر ئادەم دىققىتىمنى قوزغىدى.

c) ھەرىكەت ئىجراچىسى جانسىز ئىسىم ياكى ئىسىملىق ئىبارە بولسا، جۈملىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ئېنىق، مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن «by» لىق سۆز بىرىكمىسى ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا

ئۇقۇشماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

This could be done much more easily by a machine.

بۇ ئىشنى ماشىنىدا قىلسا بەك ئوڭاي.

The blind man was all but run down by a bus just now.

بايا ئۇ ئەما كىشىنى ماشىنا سوقۇۋەتكىلى تاس قالدى.

5) ئالدى قوشۇلغۇچى 《with》 بىلەن باشلانغان ئىبارە توغرىسىدا

مەجھۇل جۈملىلەردە بەزىدە ئالدى قوشۇلغۇچى 《with》 بىلەن باشلانغان ئىبارە ئارقىلىق ھەرىكەت ئىجراچىسى ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدۇ.

a) be packed with, be crowded with, be lined with, be filled with قاتارلىق بەزى مۇقىم سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

The bookshelves were crowded with books.

كىتاب جاھازىسىغا كىتابلار دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ.

His heart was filled with gratitude.

ئۇنىڭ قەلبى مىننەتدارلىق بىلەن تولغانىدى.

Some of the forests were covered with water.

بەزى ئورمانلىقلار سۇ ئاستىدا قالدى.

b) سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئىدىيە، روھ قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

Jim was seized with a fever.

جىم قىزىپ قالدى.

On my way home, I was suddenly struck with a good idea.

ئۆيۈمگە كېتىۋېتىپ، تۇساتتىن ياخشى بىر ئوي ئېسىمگە كەلدى.

c) ئىشلىتىلگەن قورال، ۋاسىتە قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

The window was broken with a stone.

دېرىزە تاش بىلەن چېقىۋېتىلدى.

The room is lighted with electric lights.

ئۆي ئېلېكترلىق چىراغ ئارقىلىق يورۇتۇلدى.

## 2. مەجھۇل دەرىجىنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئۆزلۈك دەرىجە ئىچىدە، ئىشلىتىلىشى جانلىق بولغاچقا، مەجھۇل دەرىجىگە قارىغاندا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، مەجھۇل دەرىجىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ئىشلىتىلىشى بار، كۆپىنچە يېزىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ، تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

1) ھەرىكەت ئىجراچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولمىغاندا ياكى كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتى بولمىغاندا

Printing was introduced into Europe from China.

مەتبەئە تېخنىكىسى ياۋروپاغا جۇڭگودىن كىرگەن.

Colour TV sets are sold in that shop.

رەڭلىك تېلېۋىزور ئاۋۇ ماگىزىندا سېتىلىدۇ.

2) ھەرىكەت ئىجراچىسىنى ئەمەس ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىنى تەكىتلەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدۇ (بۇ چاغدا «by» لىق سۆز بىرىكمىسى بىلەن بىللە كېلىدۇ).

Madame Curie will long be remembered as the discoverer of radium.

رادىينىڭ بايقىغۇچىسى كيۈرى خانىم مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ.

The song in praise of teachers was composed by a student.

ئوقۇتقۇچىلار مەدھىيىلەنگەن بۇ ناخشا بىر ئوقۇغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان.

3) ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنىڭ ئېھتىياجى

a) جۈملە قۇرۇلمىسىنى يەنىمۇ جىپسىلاشتۇرۇش، جۈملىنىڭ ئالدىنى-كەينىنى باغلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئالدىدىكى تارماق جۈملە ئۆزلۈك دەرىجىدە كەلگەن بولسا، كېيىنكى تارماق جۈملە مەجھۇل دەرىجىدە كېلىدۇ.

He had asked for a pound and had been given a penny.

ئۇ بىر فوندستېرلىڭ سورىغان ئىدى، ئەمما باشقىلار ئۇنىڭغا ئاران بىر پېنىس بەردى.

I rode for hours on end, and was taught and expected to take good care of the horse.

مەن ئاتقا ئۇدا بىر نەچچە سائەت مىندىم، كىشىلەر ماڭا ئاتقا مىنىشنى ۋە ئاتلارغا ياخشى قاراشنى ئۆگەتتى.

b) ھەرىكەت ئىجراچىسى نىسبەتەن ئۇزۇن بولغان ئېنىقلىغۇچى بىلەن كەلگەن چاغدا

The poem was written by my teacher who had taught me Chinese ten years ago.

بۇ شېئىرنى ماڭا ئون يىل ئىلگىرى خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتكەن ئوقۇتقۇچۇم يازغان.

The plan was especially supported by those who wished to have more chance to speak English.

بۇ پىلان ئىنگلىزچە سۆزلەش پۇرسىتىگە تېخىمۇ كۆپرەك ئېرىشىشنى ئويلايدىغانلارنىڭ ئالاھىدە قوللىشىغا ئېرىشتى.

4) ھەرىكەت ئىجراچىسى ئادەمنى كۆرسەتمىگەندە

He was shocked by the news of his friend's sudden death.

دوستىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

چۆچۈتىۋەتتى.

5) پەن-تېخنىكىغا دائىر ئەسەرلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

ھەرىكەت ئىجراچىسىنى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ شەيئــــى ۋە جەرياننى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

All objects <u>are made</u> to expand by heat.

ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىدۇ.

6) ئاخبارات خەۋەرلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ - ئاخبارات خەۋەرلىرىنىڭ ئوبيېكتچانلىقىنى نامايان قىلىش، خەۋەرنىڭ چىنلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش، قىلمىش شەكىللەندۈرگۈچىنىڭ سالاھىيىتىنى تىلغا ئېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر.

A bus-conductor <u>is alleged</u> to have kicked an old man in the stomach.

ئېيتىلىشىچە، بىر ئاپتوبۇسنىڭ بېلەت ساتقۇچىسى بىر بوۋاينىڭ قورسىقىغا تېپىپتۇ.

### 3. مەجھۇل دەرىجە ۋە ئاساسلىق جۈملە شەكىللىرى

ئىنگلىز تىلىدا بەش خىل ئاساسلىق جۈملە شەكلى بار بولۇپ، پەقەت SVO (ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى قۇرۇلمىلىق جۈملە شەكلى)، SVoO (قوش تولدۇرغۇچى قۇرۇلمىلىق جۈملە شەكلى) ۋە SVOdCo (تەركىبىدە بىر تولدۇرغۇچى ۋە بىر تولۇقلىغۇچى بار بولغان جۈملە شەكلى) دىن ئىبارەت ئۈچ خىلدىلا مەجھۇل دەرىجىنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

1) مەجھۇل دەرىجە ۋە SVO جۈملە شەكلى

Tom wrote two letters.

توم ئىككى پارچە خەت يازدى.

Two letters <u>were written</u> by Tom.

ئىككى پارچە خەت توم تەرىپىدىن يېزىلغان.

They have finished their tasks.

ئۇلار ۋەزىپىلىرىنى تاماملاپ بولدى.

Their tasks have been finished.

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى تاماملاندى.

Who brought the book?

كىتابنى كىم ئەكەلدى؟

By whom was the book brought?

كىتاب كىم تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىندى؟

ئەگەر تولدۇرغۇچى «that» لىك بېقىندى جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسا، مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتكەندە «that» لىك بېقىندى جۈملىنى جۈملە بېشىغا يۆتكەپ ئىگە قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ چاغدا تۆۋەندىكى ئىككى خىل مەجھۇل شەكىلنى قوللىنىش كېرەك. مۇشۇنداق «that» لىك بېقىندى جۈملىنى تولدۇرغۇچى قىلىدىغان پېئىللارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن say, acknowledge, assume, believe, claim, consider, know, report, think قاتارلىقلار بار.

a) it يالغان ئىگە بولغاندا، تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ.

They say that tomorrow will be a fine day.

ئۇلار ئەتە هاۋا ياخشى بولىدۇ دەيدۇ.

It is said that tomorrow will be a fine day.

ئاڭلىشىمچە، ئەتە هاۋا ياخشى بولىدىكەن.

Pepole think that he has information which will be useful to the police.

كىشىلەر ئۇنىڭدا ساقچىلارغا پايدىلىق ئۇچۇر بار دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

It is thought that he has information which will be useful to the plice.

پەرەز قىلىنىشىچە، ئۇنىڭدا ساقچىلارغا پايدىلىق ئۇچۇر بار ئىكەن.

b) تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدىكى ئىگە مەجهۇل جۈملىنىڭ ئىگىسى قىلىنغاندا، بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى قىلىنىدۇ.

Tomorrow is said to be a fine day.

ئەتە هاۋا ياخشى بولىدىكەن.

He is thought to have information which will be useful to the police.

پەرەز قىلىنىشىچە، ئۇنىڭدا ساقچىلارغا پايدىلىق ئۇچۇر بار ئىكەن.

2) مەجهۇل دەرىجە ۋە SVoO جۈملە شەكلى بۇ خىل جۈملە شەكلىنىڭ تەركىبىدە قوش تولدۇرغۇچى بولىدۇ. بۇنداق قوش تولدۇرغۇچى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

a) Oi (ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى) + $O_2$ (بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى)

بۇنىڭ بەلگىسى شۇكى، پېئىلدىن كېيىن بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى قىسقارتىۋېتىلگەندە، مۇستەقىل جۈملە بولالمايدۇ. بۇنداق ئۆزلۈك دەرىجىدىكى قۇرۇلمىنى مەجهۇل قۇرۇلمىغا ئۆزگەرتكەندە، ئىچىدىكى بىر تولدۇرغۇچىنى مەجهۇل جۈملىنىڭ ئىگىسى قىلىش، يەنە بىر تولدۇرغۇچىنى خەۋەرنىڭ كەينىدە قويۇپ، تولدۇرغۇچىلىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمەسلىك كېرەك. ئادەتتە ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ئىگە (بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە بولسا، پەقەت شۇنداق ئۆزگەرتىشكىلا بولىدۇ) گە ئۆزگەرتىلىدۇ.

They didn't tell me if anyone had telephoned.

ئۇلار ماڭا بىرەرسىنىڭ تېلېفون ئۇرغان-ئۇرمىغانلىقىنى ئېيتمىدى.

I was not told if anyone had telephoned.

بىرەرسىنىڭ ماڭا تېلېفون ئۇرغان-ئۇرمىغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم.

ئەگەر بۇنداق جۇملە شەكلىدىكى بىۋاستە تولدۇرغۇچى مەجھۇل جۇملىنىڭ ئىگىسى قىلىنسا، قېپقالغان تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا ئالدى قوشۇلغۇچى «to» (قىسقارتىۋېتىلسىمۇ بولىدۇ) ياكى «for» (قىسقارتىشقا بولمايدۇ) قوشۇلىدۇ.

They awarded Madame Curie the Nobel prize.

ئۇلار كيۇرى خانىمغا نوبېل مۇكاپاتىنى بەردى.

Madame Curie was awarded the Noble prize.

كيۇرى خانىمغا نوبېل مۇكاپاتى بېرىلدى.

The Noble prize was awarded (to) Madame Curie.

نوبېل مۇكاپاتى كيۇرى خانىمغا بېرىلدى.

Mother bought me a lovely present.

ئانام ماڭا چىرايلىق سوۋغىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى.

I was bought a lovely present by Mother.

ئانام ماڭا چىرايلىق سوۋغىدىن بىرنى ئېلىپ بەردى.

A lovely present was bought for me.

ماڭا چىرايلىق بىر سوۋغا ئېلىندى.

b) Od (بىۋاستە تولدۇرغۇچى) + Od (بىۋاستە تولدۇرغۇچى)

بۇنىڭ بەلگىسى شۇكى، بىۋاستە تولدۇرغۇچىدىن بىرى قىسقارتىۋېتىلسىمۇ يەنە مۇستەقىل جۇملە بولالايدۇ. بۇنداق جۇملە مەجھۇل قۇرۇلمىغا ئۆزگەرتىلگەندە، ئادەتتە پەقەت ئادەمنى بىلدۈرىدىغان بىۋاستە تولدۇرغۇچىلا مەجھۇل جۇملىنىڭ ئىگىسى قىلىنىدۇ.

The teacher asked Peter a question.

مۇئەللىم پېتىردىن بىر سوئال سورىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Peter was asked a question.

پېتېردىن بىر سوئال سورالدى.

They envy her good fortune.

ئۇلار ئۇنىڭ تەلەيلىكلىكىگە ھەۋەس قىلىدۇ.

She is enwied for her good fortune.

ئۇنىڭ تەلەيلىكلىكى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

3) مەجھۇل دەرىجە ۋە SVOdCo جۈملە شەكلى

بۇنداق جۈملە شەكلىنىڭ تەركىبىدە بىر تولدۇرغۇچى ۋە بىر تولۇقلىغۇچى بولىدۇ. بۇنداق جۈملىنى مەجھۇل دەرىجىگە ئايلاندۇرغاندا، تولدۇرغۇچى مەجھۇل جۈملىنىڭ ئىگىسى قىلىنىدۇ، تولۇقلىغۇچى ئەسلى ئورنىدا قېلىپ ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولىدۇ.

They appointed him director.

ئۇلار ئۇنى دىرېكتورلۇققا تەيىنلىدى.

He was appointed director.

ئۇ دىرېكتورلۇققا تەيىنلەندى.

We painted the door red.

ئىشىكنى قىزىل رەڭدە سىرلىدۇق.

The door was painted red.

ئىشىك قىزىل رەڭدە سىرلاندى.

They asked him to tell them the truth.

ئۇلار ئۇنىڭدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆزلىرىگە ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

He was asked to tell them the truth.

ئۇ ئۇلارغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

## 4. مەجھۇل دەرىجە ۋە ئىبارىلىك پېئىل

ئىنگلىز تىلىدا ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭلا مەجھۇل دەرىجىسى بولىدۇ. ئەمما بەزى ئىبارىلىك پېئىللار مەنە جەھەتتە ئۆتۈملۈك پېئىلغا تەڭ بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنداق پېئىللارنىڭمۇ مەجھۇل دەرىجىسى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىلىدۇ، كەينىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى ياكى رەۋىشنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىبارىلىك پېئىل تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل بولىدۇ:

1) ئۆتۈمسىز پېئىل + ئالدى قوشۇلغۇچى

مەسىلەن، look at (قارىماق)، laugh at (زاڭلىق قىلماق)، send for (تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتمەك)، depend on (يۆلەنمەك)، look after (ھالىدىن خەۋەر ئالماق)، call on (چاقىرماق)، hear of (ئاڭلىماق) قاتارلىقلار.

Everybody laughed at the little boy.

ھەممە كىشى ئۇ بالىنى زاڭلىق قىلدى.

The little boy was laughed at by everybody.

بالا ھەممەيلەن تەرىپىدىن زاڭلىق قىلىندى.

I have never heard of the name.

مەن بۇ ئىسىمنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

The name has never been heard of.

بۇ ئىسىم ئەزەلدىن ئاڭلاپ بېقىلمىغان.

2) ئۆتۈملۈك پېئىل + رەۋىش

مەسىلەن، put off (ۋاقىتنى كەينىگە سوزماق)، put forward (تەكلىپ بەرمەك)، look up (كۆرمەك، كۆزدىن كەچۈرمەك)، hand in (تاپشۇرماق)، hand down (تارقاتماق)، give up (ۋاز كەچمەك، تاشلىۋەتمەك) قاتارلىقلار.

www.uyghurkitap.com

We have put off our picnic till next Sunday.

دالا تاماقنى كېلەر ھەپتىگە ئورۇنلاشتۇردۇق.

Our picnic has been put off till next Sunday.

دالا تامىقىمىز كېلەر ھەپتىگە سوزۇلدى.

They should hand in their term papers befor Monday.

ئۇلار مەۋسۇملۇق ئىلمىي ماقالىسىنى دۈشەنبە كۈنىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ بولۇشى كېرەك.

Their term papers should be handed in before Monday.

ئۇلارنىڭ مەۋسۇملۇق ئىلمىي ماقالىسى دۈشەنبە كۈنىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇلۇپ بولۇشى كېرەك.

3) پېئىل + رەۋىش + ئالدى قوشۇلغۇچى

مەسلەن، look down upon (كۆزگە ئىلماسلىق)، do away with (چىقىرىپ تاشلىماق)، put up with (چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك)، face up to (يۈزلىنىش) قاتارلىقلار.

People should not look down upon the handicapped.

كىشىلەر مېيىپلارنى پەس كۆرمەسلىكى كېرەك.

The handicapped should not be looked down upon.

مېيىپلار پەس كۆرۈلمەسلىكى كېرەك.

The company did away with private offices.

شىركەت شەخسىي ئىشخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى.

Private offices were done away with by the company.

شەخسىي ئىشخانىلار شىركەت ئۈچۈن ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى.

4) پېئىل + ئىسىم + ئالدى قوشۇلغۇچى

مەسلەن، take care of (دىققەت قىلماق، ھالىدىن خەۋەر ئالماق)، put an end to (ئاياغلاشتۇرماق)، set fire to (ئوت قويماق)، pay

attention to (دىققەت قىلماق)، make use of (ئىشلەتمەك، قوللانماق)، make fun of (چاقچاق قىلماق) قاتارلىقلار.

The girl takes good care of the little baby.

بۇ قىز بوۋاققا ناھايىتى ياخشى قارايدۇ.

The little baby is taken good care of by the girl.

بوۋاق بۇ قىزنىڭ ياخشى قارىشىغا ئېرىشتى.

They often make fun of him for his strong accent.

ئۇلار ھەمىشە ئۇنىڭ قويۇق يېزا تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغانلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ.

He is often made fun of for his strong accent.

ئۇ قويۇق يېزا تەلەپپۇزىدا سۆزلىگەچكە، ھەمىشە مەسخىرىگە ئۇچرايدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. get + ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى بىلەن be + ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

1) get + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجھۇل دەرىجە ئېغىز تىلىدا ۋە رەسمىي بولمىغان يېزىق تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. be + ئۆتۈملۈك پېئىلدىن تۈزۈلگەن مەجھۇل دەرىجە كۆپىنچە ھاللاردا يېزىق تىلىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، get + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجھۇل جۈملە ھەرىكەتنى ئىپادىلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم تەدرىجىي ئۆزگىرىدىغان بىر خىل جەرياننى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، پەقەت ھەرىكەت ۋە جەرياننى بىلدۈرىدىغان پېئىللار بىلەنلا بىرىكەلەيدۇ، ھالەت پېئىللىرى

بىلەن بىرىكەلمەيدۇ؛ be + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجهۇل جۈملە بولسا بۇنداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

At that time he was not yet married, but he got married in 1920.

ئۇ چاغدا ئۇ تېخى توي قىلمىغان ئىدى، ئەمما ئۇ 1920-يىلى توي قىلدى.

The more I hear, the more I get confused.

مەن قانچە ئاڭلىغانسېرى شۇنچە تېڭىرقاپ قالدىم. (تەدرىجىي ئۆزگەرگەن جەرياننى بىلدۈردى)

The driver was confused by the road signs.

شوپۇر يول بەلگىلىرىنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدى.

Ba Jin is known to be a great Chinese writer.

باجىن ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان جۇڭگونىڭ داڭلىق يازغۇچىسى.

Ba Jin gets known to be a great Chinese writer (X)

2) ئومۇمەن، تەركىبىدە ياردەمچى پېئىل get بولغان مەجهۇل جۈملىلەردە ئادەتتە get نىڭ ئورنىغا be نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما، get + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجهۇل جۈملە ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر كىشىلەر تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن، ئويلاپ باقمىغان ئىش ياكى ھادىسە ئۈستىدە سۆزلەشكەندە ياكى in the end, ··· eventually, ··· at last ··· قاتارلىق ھالەتلەرنى ئىشلەتكەندە كۆپ كۆرۈلىدۇ.

As I entered the room, my dress got caught on a nail.

ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىمدا، كىيىمىم مىخقا ئىلىنىپ قويۇلغان ئىكەن.

Mary got thrown against a tree.

مارى دەرەخقە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

In the end Emily got invited to the party.

ئېملىي ئەڭ ئاخىرى ئولتۇرۇشقا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىندى.

Eventually the book got translated into English.

بۇ كىتاب ئاخىرى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

3) get + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجھۇل جۈملە ئادەتتە ھەرىكەت ئىجراچىسىنى بىلدۈرىدىغان «by» لىق سۆز بىرىكمىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدۇ. be + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجھۇل جۈملە بولسا «by» لىق سۆز بىرىكمىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

Thomson's dear dog got run over yesterday.

تومسوننىڭ ئامراق ئىتى تۈنۈگۈن ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدى.

Thomson's dear dog was run over by a car yesterday.

تومسوننىڭ ئامراق ئىتى تۈنۈگۈن ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدى.

4) get + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن مەجھۇل جۈملە سوئال جۈملە ياكى ئىنكار جۈملىگە ئايلاندۇرۇلغاندا «do» نىڭ ياردىمىگە تايىنىلىدۇ.

My letter got answered.

خېتىمنىڭ جاۋابى كەلدى.

Did your letter get answered?

خېتىڭىزنىڭ جاۋابى كەلدىمۇ؟ (جاۋاب خەت كەلدىمۇ؟)

When did your letter get answered?

خېتىڭىزنىڭ جاۋابى قاچان كەلدى؟

My letter didn't get answered.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خېتىمنىڭ جاۋابى كەلمىدى.

2. مۇشۇ تارماقنىڭ 1-، 3-قىسمىدا SVO جۈملە شەكلىنىڭ ئۆزلۈك قۇرۇلمىسىنى مەجھۇل جۈملىگە قانداق ئۆزگەرتىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن. ئەمما تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا SVO جۈملە شەكلىنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان مەجھۇل قۇرۇلمىسى يوق.

1) مۇناسىۋەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللارنى مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق پېئىللارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن have, hold, become, cost, suffice, lack, owe, suit, fit, resemble, fail, last قاتارلىقلار بار.

I have a house in the country.

مېنىڭ يېزىدا بىر ئۆيۈم بار.

The meeting-room can only hold 100 people.

بۇ ئىشخانىغا ئاران 100 ئادەم پاتىدۇ.

A white dress becomes her.

ئۇنىڭغا ئاق رەڭلىك كىيىم ماس كېلىدۇ.

Compiling a dictionary costs much time and labor.

لۇغەت تۈزۈشكە ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ۋە ئەمگەك كېتىدۇ.

50 dollars will suffice me.

ماڭا 50 دوللار يېتىدۇ.

I often lack the courage to do what I want to.

قىلاي دېگەن ئىشلىرىمغا ھەمىشە غەيرىتىم كەملىك قىلىدۇ.

The boy resembles his mother in that they both have big eyes and round face.

بۇ بالىنىڭ چىرايى ئاپىسىنى تارتقان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ

كۆزلىرى چوڭ، يۈزلىرى يۇمىلاق.

2) ھېرىسمەنلىك، بىزارلىق، ئارزۇ قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنىڭ كەينىدىن پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىدىن تۈزۈلگەن تولۇقلىغۇچى ئەگىشىپ كەلسىمۇ ئادەتتە مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، بۇنداق پېئىللارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن like, prefer, hate, want, wish, bear قاتارلىقلار بار.

I like people to tell the truth.

مەن كىشىلەرنى راست قىلسىكەن دەيمەن.

When do you wish it to be finished?

بۇ ئىشنى قاچان تۈگىتەي دەيسەن؟

She can't bear me to be unhappy.

مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولسا ئۇ چىدىيالمايدۇ.

3) تولدۇرغۇچى ئۆزلۈك ئالماشتىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۆزلۈك جۈملىنى مەجھۇل جۈملىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

I apply myself to this subject.

مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ تەتقىقاتقا ئاتىۋېتىمەن.

Michael told himself he could sail round the world by himself.

مىچېل ئۆز-ئۆزىگە ئۆزى يالغۇز دۇنيانى ئايلىنىپ چىقالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

4) تولدۇرغۇچى ئۆز ئارا ئالماشتىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۆزلۈك جۈملىنى مەجھۇل جۈملىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

We see each other every day.

بىز بىر-بىرىمىز بىلەن ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرىمىز.

By using the quiet family hour to discuss our problems, we might get to know each other better, and to like each other

better.

ئائىلىمىز جەم بولغان مۇشۇنداق ئىنچ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئائىلىمىزدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قوشساق، بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز ھەمدە بىر-بىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەلەيمىز.

5) ئۆتۈملۈك پېئىل + ئىسىمدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولسا، ئۆزلۈك جۈملىنى مەجھۇل جۈملىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئىبارىلەردىن take place, change colour, lose one's heart, one company keep, keep guard قاتارلىقلار بار.

The boy changed colour when the teacher asked him to come to his office.

مۇئەللىم ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرغاندا، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

I never lose heart in face of difficulties.

مەن قىيىنچىلىق ئالدىدا ئەزەلدىن ئۈمىدسىزلىنىپ باقمىغان.

6) تەركىبىدە پېئىل + ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئادەت سۆز بار بولغان ئۆزلۈك جۈملىلەرنىمۇ مەجھۇل جۈملىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق تۇراقلاشقان سۆز بىرىكمىلىرىدىن owe ··· to, consist of, belong to, happen to, become of قاتارلىقلار بار.

He owed his success to our help.

ئۇ ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى بىزنىڭ ياردىمىمىزدىن بولغان دەپ قارايدۇ.

Our class consists of 45 students.

سىنىپىمىز 45 ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان.

3. ئەگەر SVOdCo جۈملە شەكلىدىكى تولۇقلىغۇچى پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كېلەلمەيدىغان ئىنىقسىز شەكلىدىن تۈزۈلگەن بولسا، جۈملىنى مەجھۇل جۈملىگە ئۆزگەرتكەندە پېئىلنىڭ ئىنىقسىز شەكلىنىڭ

ئالدىغا to قوشۇلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۆپ ئۇچرايدىغان پېئىللاردىن see، hear, watch, notice, observe, perceive, make, listen to, look at قاتارلىقلار بار.

They saw him enter the house at night.

ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيگە كېچىدە كىرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ.

He was seen to enter the house at night.

ئۇنىڭ كېچىدە ئۆيگە كىرگەنلىكى بىلىنىپ قاپتۇ.

We heard him say good-bye to his friends.

بىز ئۇنىڭ دوستلىرىغا خەير-خوش دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

He was heard to say good-bye to his friends.

ئۇنىڭ دوستلىرىغا خەير-خوش دېگەنلىكى ئاڭلىنىپ قاپتۇ.

The boss makes them work day and night.

خوجايىن ئۇلارنى كېچە-كۈندۈز ئىشلىتىدۇ.

They are made to work day and night.

ئۇلار كېچە-كۈندۈز ئىشقا سېلىنىدۇ.

«let» ئىشلىتىلگەندە، مەجھۇل جۈملىدىكى پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى «to» ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدۇ.

Father let the child do it.

دادىسى بالىسىغا ئۇ ئىشنى قىلدۇردى.

The child was let do it.

بالىسىغا ئۇ ئىشنى قىلىش رۇخسەت قىلىندى.

4. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا مەجھۇل مەنە ئۆتۈملۈك پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن بەزى ئۆزلۈك قۇرۇلمىلارمۇ مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

1) ئۆتۈملۈك پېئىلدىن ئۆزگەرگەن بەزى ئۆتۈمسىز پېئىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، read, write, translate, act, blow, clean, add, wash, wear, cook, lock, sell, open, peel, keep, cut, digest قاتارلىق ئۆزلۈك قورۇلمىلار مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ پېئىللارنىڭ مەجھۇل شەكلىنى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئادەتتە جانسىز نەرسە بولۇپ، ھەمىشە تۇسلۇك پېئىل (كۆپىنچىسى ئىنكار شەكلى) بىلەن بىللە كېلىدۇ. كۆپ ھاللاردا well, easily, smoothly قاتارلىق رەۋىشلەر بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

My pen writes smoothly.

قەلىمىم ناھايىتى سىلىق چىقىدۇ.

The poem would not translate well.

بۇ شېئىرنى ياخشى تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ.

This kind of cloth washes very well.

بۇنداق رەختنى يۇماق ئاسان.

Good leather will wear for years.

ياخشى خۇرۇم ئۇزۇن چىدايدۇ.

Meat doesn't cook as quickly as an egg.

گۆش تۇخۇمغا ئوخشاش ئۇنداق تېز پىشمايدۇ.

The door locks easily.

بۇ ئىشىك ئاسان قۇلۇپلىنىدۇ.

The book is selling remarkably well.

بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى سېتىلىدۇ.

The food won't digest.

بۇ يېمەكلىك ئاسان ھەزىم بولمايدۇ.

2) do, owe, cook, bind, print, miss قاتارلىق بەزى پېئىللارنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ئاندا-ساندا مەجھۇل مەنىگە ئىگە.

Is there anything doing?

قىلغۇدەك بىرەر ئىش بارمۇ؟

I paid all that was owing.

قەرزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بولدۇم.

The dinner is cooking.

تاماق پىشۋاتىدۇ.

The pamphlet is binding

كىتابچە تۈپلىنىۋاتىدۇ.

Two pages of this magazine are missing.

بۇ ژۇرنالنىڭ ئىككى بېتى كەم قاپتۇ.

3) taste, smell, sound, prove, feel, look, appear غا ئوخشاش بەزى باغلامچى پېئىللارنىڭ ئۆزلۈك شەكلى مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Good medicine tastes bitter.

ياخشى دورا ئاچچىق بولىدۇ.

How good the food smells!

بۇ تاماق نېمىدېگەن مەززىلىك ـ ھە!

Does this sentence sound right?

بۇ جۈملە ئاڭلىماققا توغرىمۇ؟

4) need, want, require, deserve (ئەرزىمەك)، repay (جاۋاب قايتۇرماق) قاتارلىق ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان ھەرىكەتنامىنىڭ ئۆزلۈك شەكلى مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

The TV set needs repairing.

بۇ تېلېۋىزور رېمونت قىلىنىشقا موھتاج.

The new instruments want very careful handing.

بۇ يېڭى ئەسۋابلار بەك ئاۋايلىنىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

The problem requires discussing in detail.

بۇ مەسىلە ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىنىشى كېرەك.

His good conduct deserves praising highly.

ئۇنىڭ ياخشى پەزىلىتى يۇكسەك مەدھىيىلىنىشكە ئەرزىيدۇ. 5)

«worth» دېگەن سۆزدىن كېيىن كەلگەن ھەرىكەتنامىنىڭ ئۆزلۈك شەكلى مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

The film is worth seeing.

بۇ فىلىم بىر كۆرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدۇ.

Suzhou is worth visiting.

سۇجۇ ساياھەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

6) پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى كېسىم خەۋەرنىڭ ھالىتى قىلىنغاندا ھەمدە جۈملىنىڭ ئىگىسى بىلەن پېئىل ـ تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتنى ھاسىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۆزلۈك شەكلى مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

The traffic problem is not easy to solve.

قاتناش مەسىلىسىنى ئاسان ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

The prose is difficult to read.

بۇ نەسرنى ئوقۇماق تەس.

Atom is too small to see.

ئاتوم بەك كىچىك بولغاچقا كۆرگىلى بولمايدۇ.

This question is impossible to answer.

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

5. مەجھۇل دەرىجە بىلەن باغلامچى قۇرۇلمىنىڭ پەرقى

be + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلگەن قۇرۇلمىنىڭ ھەممىسىلا مەجھۇل قۇرۇلما بولۇشى ناتايىن. پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى سۆيەت ئورنىدا ئىشلىتىپ، جۈملىنىڭ

كېسىم خەۋىرى قىلغاندا، be (باغلامچى پېئىل) + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى دەل باغلامچى قۇرۇلما بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1) مەجھۇل قۇرۇلمىدىكى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. باغلامچى قۇرۇلمىدىكى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى بولسا ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. ئالدىنقىسىدا ھەرىكەت ئىجراچىسى «by» لىق ئىبارە ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ. كېيىنكىسىدە بولسا «by» لىق ئىبارە ئىشلىتىلمەيدۇ.

The poem is well written.

بۇ شېئىر بەك ياخشى يېزىلىپتۇ. (باغلامچى قۇرۇلما)

The poem was written by a college student.

بۇ شېئىر بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تەرىپىدىن يېزىلغان. (مەجھۇل دەرىجە)

The novel was beautifully illustrated.

رومانغا چىرايلىق قىستۇرما رەسىملەر قىستۇرۇلغان. (باغلامچى قۇرۇلما)

The novel was illustrated by Mr. Alim.

بۇ روماندىكى قىستۇرما رەسىملەرنى ئالىم ئەپەندى سىزغان. (مەجھۇل دەرىجە)

2) مەجھۇل دەرىجىنى ھەر خىل زامانلاردا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما باغلامچى قۇرۇلمىنى ئادەتتە پەقەت ئاددىي ھازىرقى زامان ياكى ئاددىي ئۆتكەن زاماندىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

Shops and streets are crowded with shoppers at Chirstmas time.

مىلاد بايرىمى ۋاقتىدا دۇكان ۋە كوچىلار نەرسە-كېرەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سىتىۋالىدىغانلار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. (باغلامچى قۇرۇلما)

The library was closed when I got there.

مەن بارغان چېغىمدا كۇتۇپخانا تاقىلىپ بولۇپتىكەن. (باغلامچى قۇرۇلما)

China is being turned into a powerful industrial country.

جۇڭگو قۇدرەتلىك، سانائەتلەشكەن دۆلەت قىلىپ قۇرۇلىۋاتىدۇ. (مەجھۇل دەرىجە)

The flowers will be planted next week.

گۈل كېلەر ھەپتە تىكىلىدۇ. (مەجھۇل دەرىجە)

3) مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىنى «very» غا ئوخشاش سۆپەتلەر بىلەن ئېنىقلاشقا بولمايدۇ. ئەمما «much» بىلەن ئېنىقلاشقا بولىدۇ؛ باغلامچى قۇرۇلمىدىكى پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى بولسا «very» بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

The mother was very agitated about her daughter's safety.

بۇ ئانا قىزىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ. (باغلامچى قۇرۇلما)

She was much agitated by the news of her brother's illness.

ئىنىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىق خەۋىرى ئۇنى بەك ئەنسىرەتتى. (مەجھۇل دەرىجە)

Emmy was very surprised at the news.

ئېممي ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك ھەيران قالدى. (باغلامچى قۇرۇلما)

The teacher was much surprised by the boy's answer.

بالىنىڭ جاۋابى مۇئەللىمنى بەك ھەيران قالدۇردى. (مەجھۇل دەرىجە)

# مەۋجۇتلۇق جۈملە

## (<there> 存在句 Existential Sentence)

مەلۇم ۋاقىتتا، مەلۇم بىر جايدا مەلۇم بىر ئادەم ياكى مەلۇم بىر نەرسىنىڭ بار (مەۋجۇت) ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە There + be + ئىگە + ھالەتتىن تۈزۈلگەن قۇرۇلما ئىشلىتىلىدۇ، بۇ يەردىكى《there》ئەسلىدىكى «ئۇ يەر» دېگەن مەنىسىنى يوقىتىدۇ، ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ، ھەمىشە ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، /ðə/ دەپ ئوقۇلىدۇ.《be》بولسا خەۋەر پېئىلى بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئىسىم ئىگە بولىدۇ. ئىككىسى سان جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلايدۇ.

### 1. ئەستىق شەكلى («… بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)

There + (ياردەمچى پېئىل ياكى تۈسلۈك پېئىل) be + ئىگە + ئورۇن (ۋاقىت) ھالىتى

There is a picture on the wall.

تامدا بىر پارچە رەسىم بار.

There were 1500 students in our school last year:

بۇلتۇر مەكتىپىمىزدە 1500 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى.

There will be a report by an old experienced teacher this afternoon.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن بىر پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى دوكلات بېرىدۇ.

There should be a dance this weekend.

مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا تانسا ئويۇشتۇرۇلۇشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

2. ئىنكار شەكلى («... يوق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)

There + be (ياردەمچى پېئىل ياكى تۈسلۈك پېئىل) + (no ياكى) + not (any) + ئىگە + ئورۇن (ۋاقىت) ھالىتى

There was not an underground railroad in Shanghai before.

ئىلگىرى شاڭخەيدە يەرمۇ مېترو يوق ئىدى.

There won't be a football match tomorrow morning.

ئەتە چۈشتىن بۇرۇن پۇتبول مۇسابىقىسى يوق.

There should be no more time wasted.

ۋاقىتنى يەنە ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك.

3. سوئال شەكلى

1) ئاددىي سوئال شەكلى

a) be + there + (any) + ئىگە + ھالەت

Is there anything I can do for you?

سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟

b) ياردەمچى پېئىل ياكى تۈسلۈك پېئىل + there + be + (any) + ئىگە + ھالەت +

Hasn't there been any rain in your hometown lately?

يېقىندىن بېرى يۇرتۇڭلاردا يامغۇر ياغمىدىمۇ؟

Will there be an English Evening in the institue this coming Saturday.

مۇشۇ شەنبە كۈنى ئىنستىتۇتتا ئىنگلىز تىلى كەچلىكى ئۆتكۈزۈلەمدۇ؟

2) ئالاھىدە سوئال جۈملە

سوراق سۆز (ئىسىم +) be + there + ھالەت ?

What's there in your pocket?

يانچۇقۇڭدىكى نېمە؟

How much money is there in the purse you've lost?

يىتتۈرۈۋەتكەن پورتمالىڭدا قانچە پۇل بار ئىدى؟

What scenic spots are there in Guangzhou.

گۇاڭجۇدا قانداق مەنزىرىلىك جايلار بار؟

**4. «there + be» لىق قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى**

«there + be» لىق قۇرۇلمىدىكى خەۋەردە بەزىدە «be» ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى «seem to be», «happen to be», «be bound to be» ياكى مۇشۇنداق «مەۋجۇتلۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان exist to, live to, come to, stand to, occur to غا ئوخشاش پېئىللار ئىشلىتىلىدۇ.

There seems to be some misunderstanding about the matter.

بۇ ئىشقا نىسبەتەن سەل ئۇقۇشماسلىق باردەك قىلىدۇ.

There happened to be nobody in the room.

دەل شۇ چاغدا ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى.

There are bound to be obstacles for us to get over.

يەڭمىسەك بولمايدىغان پۈتلىكاشاڭلار ھامىنى چىقىدۇ.

Once there lived an old fisherman in a village by the sea.

دېڭىز بويىدىكى بىر يېزىدا ئىلگىرى بىر قېرى بېلىقچى ئولتۇراتتى.

There came a company of actors and actresses yesterdayevening.

تۈنۈگۈن ئاخشام بىر توپ ئەر-ئايال ئارتىسلار كەلدى.

There have occured many great changes since we metlast time.

ئىككىمىز ئالدىنقى قېتىم كۆرۈشكەندىن بۇيان نۇرغۇن چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[قېيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. «there + be» دىن كېيىن كەلگىنى تەڭداش ئىگە بولۇپ، بىرىنچى ئىگە بىرلىك شەكىلدىكى ئىسىمدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئېغىز تىلىدا «There is …» نى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

There are/is a boy and a girl in the classroom.

سىنىپتا بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز بار.

There are/is a pen and some exercise books on her desk.

ئۇنىڭ پارتىسىنىڭ ئۈستىدە بىر قەلەم ۋە بىر نەچچە مەشىق دەپتەر بار.

2. «there + be» بىلەن «have» نىڭ ھەر ئىككىلىسى «بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. مەلۇم بىر جاي، مەلۇم بىر ۋاقىتتا مەلۇم بىر نەرسىنىڭ «بار» ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە «there + be» لىق قۇرۇلما ئىشلىتىلىدۇ؛ مەلۇم بىر كىشىدە مەلۇم بىر نەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتە بولسا «have» ئىشلىتىلىدۇ.

There is a typewriter in the next room.

ياندىكى ئۆيدە بىر خەت ئۇرۇش ماشىنىسى بار.

There used to be a hotel on the corner.

قايرىلىدىغان بۇلۇڭدا بىر مېھمانخانا بار.

Each man has his merits and faults.

ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى بولىدۇ.

I have no French dictionary.

مەندە فرانسۇزچە لۇغەت يوق.

3. «be going» نىڭ «there + be» لىق قۇرۇلمىدىكى ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭ.

There is going to have a class meeting after school. (X)

There are going to have two English classes tomorrow. (X)

«there+be» لىق قۇرۇلمىدىكى پېئىل «be» دۇر. بۇ قۇرۇلما مۇنداق بولۇشى كېرەك.

There + be goingto + be+ + ئىگە + ھالەت

There is going to be a class meeting after school.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن سىنىپ يىغىنى ئېچىلىدۇ.

There are going to be two English classes tomorrow.

ئەتە ئىككى سائەت ئىنگلىز تىلى دەرسى بار.

## مەۋھۇم شەرتلىك جۈملە

## (含蓄条件句)

## (Sentences of Implied Condition)

چىنلىقى بولمىغان شەرت بېقىندى جۈملە بەزىدە قىسقارتىۋېتىلىشمۇ بولىدۇ. ئەمما بېقىندى جۈملىدىكى شەرت ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە، كونتېكىستت ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق جۈملە مەۋھۇم شەرتلىك جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. شەرت ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

Without steel, there would be no modern industry.

پولات بولمىغان بولسا، زامانىۋى سانائەت بولمىغان بولاتتى.

But for the sunlight, there would be no moonlight.

قۇياش نۇرى بولمىغان بولسا، ئاي نۇرىمۇ بولمىغان بولاتتى.

In the absence of (=without) science and technology, the society ould not develop.

پەن-تېخنىكا بولمىغان بولسا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلمىغان بولاتتى.

**2. شەرت پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ياكى پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە تەركىبىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.**

It would be a mistake not to go there.

ئۇ يەرگە بارماسلىقنىڭ ئۆزى بىر خاتالىق.

It would be easier to do it this way.

ئۇنى بۇنداق قىلسا سەل ئاسانراق بولىدۇ.

**3. شەرت** but; or **ياكى** otherwise **قاتارلىق سۆزلەردە يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.**

I would have attended the class, but I have been ill.

مەن ئەسلى دەرسكە بارماقچى ئىدىم. لېكىن ئاغرىپ قالغاچقا بارالمىدىم.

You must have worked the whole night, or you couldnot have finished it.

سەن چوقۇم كېچىچە ئىشلەپسەن، بولمىسا ئۇنى تۈگىتىپ بولالمايتتىڭ.

I am really very busy, otherwise I would certainly go with you.

مەن راستىنلا بەك ئالدىراش، بولمىسا مەن چوقۇم سەن بىلەن بىللە باراتتىم.

**4. شەرت سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىلىرىنىڭ تەركىبىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.**

Further delay would cause us greater losses.

يەنە مۇشۇنداق كېچىكتۈۋېرىدىغان بولسا، تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتىمىز.

A less responsible man would not have done the work so well.

مەسئۇلىيەتسىز ئادەم بولغان بولسا، بۇ خىزمەت بۇنداق ياخشى ئىشلەنمىگەن بولاتتى.

**5. شەرت كونتېكىستنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.**

Such mistakes could have been avoided.

ئەسلىدە بۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولاتتى.

(شەرت چۈشۈپ قالغان «if we had been more careful» دېگەن جۈملىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇش مۇمكىن)

You could have done it yourself.

سەن بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ قىلساڭ بولاتتى. (شەرت «if you had wanted to» دېگەن جۈملىدە يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەركىزىي سۆز
# (中心词 Head Word)

مەركىزىي سۆز سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىبارە تەركىبىدە باشلامچىلىق رول ئوينايدىغان، باشقا سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدىغان ئاساسلىق سۆز تۈركۈمىدۇر. ئۇ سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىبارىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئىقتىدارىنى بەلگىلەيدۇ، يەنى ئۇ ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىتىلسىمۇ پۈتۈن سۆز بىرىكمىسى ئىبارىنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن، a wise man (بىر دانا كىشى) دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىكى man مەركىزىي سۆز بولۇپ، wise دېگەن سۆپەت تەرىپىدىن ئېنىقلانغان؛

incredibly beautiful (كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك چىرايلىق) دېگەن سۆز بىرىكمىسىدە beautiful مەركىزىي سۆز بولۇپ، incredibly دېگەن سۆپەت ئارقىلىق ئېنىقلانغان؛

very important indeed (ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم) دېگەن سۆز بىرىكمىسىدە important مەركىزىي سۆز بولۇپ، ئالدى ۋە كەينىدىكى very بىلەن indeed تەرىپىدىن ئېنىقلانغان؛

all those fine warm days in the country last year (بۇلتۇر يېزىدا ئۆتكۈزگەن ئاشۇ ئىللىق ياخشى كۈنلەر) دېگەن سۆز بىرىكمىسىدە، all مەركىزىي سۆز، all those چەكلىگۈچى سۆز، fine warm ئالدى ئېنىقلىغۇچى (Premodification) in the country last year؛ كەينى ئېنىقلىغۇچى (Postmodification) دۇر.

# مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملە
# (目的状语从句 Aderbial Clause of Purpose)

مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن

ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى مەقسەتنى چۈشەندۈرىدۇ، ئارزۇ-ئىستەك ياكى ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ. مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇناسىۋەت سۆزلىرىدىن so that, in order that, lest, for fear that قاتارلىقلار بار بولۇپ، بەزى مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىنىڭ ئالدى-كەينىدە كەلسە بولىۋېرىدۇ. لېكىن كۆپىنچىسى باش جۈملىدىن كېيىنلا كېلىدۇ. مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىدە دائىم may, can, will ياكى might, could, would قا ئوخشاش ياردەمچى پېئىللار بولىدۇ. بۇنداق جۈملىنىڭ ئىنكار شەكلى ھەمىشە would not, will not ياكى should not ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

The teacher must speak clearly so that his students can understand well.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئېنىقراق سۆزلىشى كېرەك.

He sold it in order that we might live more comfortably.

بىزنىڭ تېخىمۇ خاتىرجەم ياشىشىمىز ئۈچۈن ئۇ ئۇنى سېتىۋەتتى.

We must hurry off lest we should miss the bus.

ئاپتوبۇستىن قېپقالماسلىقىمىز ئۈچۈن تېزرەك بولۇشىمىز كېرەك.

Better take more clothes in case the weather is cold.

ھاۋانىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى كىيىم-كېچەكنى كۆپرەك ئېلىۋېلىش كېرەك.

In order that I won't forget it, I am going to jot the name down.

ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئىسمىنى يېزىۋالاي.

I dare not go there for fear that he will see me.

ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

in case بىلەن for fear that نىڭ ھەر ئىككىلىسى مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ. in case ياكى for fear that بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملىدە ساختا راي ئىشلىتىلىسىمۇ، بايان رايى ئىشلىتىلىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر باش جۈملىنىڭ ئىگىسى مەلۇم بىر خىل ئېھتىماللىقتىن ھەزەر ئەيلىگەن بولسا، بېقىندى جۈملىدە ئادەتتە ساختا راي (پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى + might ياكى should ) ئىشلىتىلىدۇ.

I wrote it down in case/for fear that I (should) forget it.

ئۇنتۇلۇپ قالماي دەپ ئۇنى خاتىرىلىۋالدىم.

He places the instrument carefully on the table case it should fall down.

ئۇ ئەسۋابنى چۈشۈرۈۋېتەرمەسلىك ئۈچۈن يەرگە ئاۋايلاپ قويدى.

ئەگەر بۇ خىل ئېھتىماللىق تەبىئىي يۈز بېرىدىغان نەتىجە بولسا، بايان رايىنىڭ ئاددىي ھازىرقى زامان ياكى ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىنى ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

You'd better take an umbrella in case it rains.

يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى كۆنلۈكنى ئېلىۋالغىن.

The driver carried a spare wheel in case he had a puncture.

شوپۇر ماشىنا چاقى تېشىلىپ كېتىپ قالسا دەپ زاپاس بالوندىن بىرنى ئېلىۋالدى.

lest بىلەن باشلانغان مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملىدە بولسا ساختا راي ئىشلىتىلىدۇ. ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا should ياكى might دائىم قىسقارتىۋېتىلىپ، پېئىلنىڭ ئەسلى شەكلى بىۋاسىتە ئىشلىتىلىدۇ.

He hid it lest she see it. (AmE)

ئۇ ئۇنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئەرسىنى يوشۇرۇپ قويدى.

He will hide it lest she see it. (AmE)

ئۇ ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ نەرسىنى يوشۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ.

## مەنەنىڭ بىردەكلىكى
## (意义一致 Notional Concord)

مەنەنىڭ بىردەكلىكى ئىگە، خەۋەرنىڭ شەخس ياكى سان جەھەتتە بىردەكلىكىنى ساقلاپ، ئىگىنىڭ گرامماتىكىلىق شەكلىگە بېقىنماستىن، بەلكى ئىگە ئىپادىلىگەن ئەمەلىي مەنە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

### 1. كوللېكتىپ ئىسىم ئىگە بولىدۇ.

بۇنداق ئىسىملارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن audience class, family, team, public, crowd, committee, government, company, firm, army, troop, board, couple, crew, band, orchestra, club, gang, staff, brigade, majority, minority قاتارلىقلار بار. ئەگەر بۇ ئىسىملار ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارالسا، گرامماتىكا جەھەتتە بىردەك بولۇش پرىنسىپى بويىچە، پېئىل بىرلىك شەكلىدە كېلىدۇ؛ ئەگەر شۇ كوللېكتىپ ياكى تەشكىلاتنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزا كۆزدە تۇتۇلسا، مەنە جەھەتتە بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىنىپ، پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

There was a large audience at the theater.

تىياتىرخانىدا نۇرغۇن تاماشىبىنلار بار ئىدى.

The audience are requested to be in their seats by 7:00.

تاماشىبىنلار، سائەت يەتتىدىن ئاۋۋال ئورۇن ئېلىپ بولۇڭلار.

The class is a model one.

بۇ سىنىپ ئىلغار سىنىپ كوللېكتىۋىدۇر.

The class are listening attentively.

سىنىپتىكىلەر تولىمۇ ئەستايىدىل ئاڭلاۋاتىدۇ.

The government is doing its best to boost production.

ھۆكۈمەت پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ.

The government have never made decision in a hurry.

ھۆكۈمەتتىكىلەر ئەزەلدىن ئالدىراپ قارار چىقىرىپ باقمىغان. لېكىن يۇقىرىقى كوللېكتىپ ئىسىملارنىڭ ئالدىدا every, a (n), each, this, that قاتارلىق بىرلىك مەنىنى بىلدۈرىدىغان چەكلىگۈچى سۆزلەر بار بولسا، ئادەتتە كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلمەيدۇ.

A team which is full of enthusiasm is more likely to win.

قىزغىنلىقى يۇقىرى كوْرۇپپىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن.

Every family which becomes rich overnight is more likely to be envied.

تۇيۇقسىزلا بېيىپ كەتكەن ھەر قانداق ئائىلىگە باشقىلار ھەسەت قىلىشى مۇمكىن.

## 2. خاس ئىسىم ياكى ئومۇملاشقان تۈردەش ئىسىملار ئىگە بولىدۇ.

بۇنداق ئىسىملارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن people, folk, police, infantry/foot ۋە قاتارلىقلار clan, kindred, cattle, poultry (پىيادە ئەسكەر)، horse (ئاتلىق ئەسكەر)، artillery (توپچى ئەسكەر)، militia (خەلق ئەسكىرى)، clergy (باستىر) قاتارلىقلار بار. بۇ ئىسىملار ئوخشاش بىر گەۋدىدىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپ گەۋدە ياكى ئوخشاش كەسىپ ياكى ئوخشاش ۋەزىپە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە كۆپلۈك شەكلىگە كېلىدۇ.

Cattle were allowed to graze on the village common.

ئۇلاغلار ئىلگىرى كەتتىنىڭ ئۆپچى يېرىدە ئوتلايتتى.

The people are the motive force in the making of world history.

خەلق دۇنيا تارىخىنى يارىتىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

The militia were called out to guard the borderland.

خەلق ئەسكەرلىرى چېگرا رايوننى قوغداشقا چاقىرىق قىلىندى.

The police are on the track of the criminal.

ساقچىلار جىنايەتچىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشتى.

**3. «-s» بىلەن ئاخىرلاشقان پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئىسىملار ئىگە بولىدۇ.**

بۇنداق ئىسىملارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن mathematics, physics, politics, economics, electronics, classics, linguistics, optics, acountics, (كلاسسىكلار / كلاسسىك ئەسەر) mechanics, statistics, statics, ethics قاتارلىق بار بولۇپ، ئادەتتە بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ. لېكىن ئۇلار كىشىلەر شۇغۇللىنىۋاتقان مەلۇم بىر كەسىپتىكى ئەمەلىي پائالىيەت، كونكرېت ھەرىكەت، نۇقتىئىنەزەر ياكى سان-سىفىرلارنى بىلدۈرگەندە پېئىل كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ.

Mathematics has fascinated her since her middle school days.

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىن باشلاپلا ماتېماتىكىغا قىزىقىپ قالغان.

Your mathematics are not so good. (=You are not good at calculation.)

سەن ماتېماتىكىدا ئانچە ياخشى ئەمەسكەنسەن.

Statistics is a subject we're going to learn.

بىز ستاتىستىكا ئىلمىنى ئۆگەنمەكچى.

**4. «قىسمەن» لىكنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆز بىرىكمىلىرى ئىگە بولىدۇ.

a lot of, some of, all of, half of, none of, plenty ئەگەر ئىگە of, part of, the majority of, one third of, perecent of, heaps of, loads of, scads of قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولسا، ئادەتتە پېئىلنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىدە كېلىشى ئىسىم ياكى ئالماشنىڭ سانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

Three-fourths of its surface of the earth is sea.

يەر يۈزىنىڭ $\frac{3}{4}$ قىسمى دېڭىز-ئوكيانلار بىلەن قاپلانغان.

65 per cent of the students in our class are girls.

سىنىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 65% ى قىز.

I have already ordered the food, but none of it hasarrived yet.

مەن تاماقنى ئاللىبۇرۇن بۇيرۇتۇپ بولغان بولساممۇ، لېكىن بىرىمۇ ئالدىمغا كەلمىدى.

**5. the + سۈپەت (ياكى پېئىلنىڭ تارماق شەكلى) ئىگە بولىدۇ.**

سۈپەت ياكى پېئىلنىڭ تارماق شەكلىنىڭ ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل «the» قوشۇلۇپ بىر تۈردىكى ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرگەندە، پېئىل ئادەتتە كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ؛ كۆرسىتىلگىنى ئەگەر بىر ئادەم ياكى ئابستراكت ئۇقۇم بولسا، پېئىل بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ.

The young are the most active and vital force insociety.

ياشلار جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاكتىپ ۋە ئەڭ جانلىق كۈچتۇر.

The lost is her six-year-old son.

يوقاپ كەتكەن ئادەم ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلىدۇر.

**6. «and» بىلەن باغلانغان ئىككى ئىسىم ئىگە بولىدۇ.**

«and» بىلەن باغلانغان ئىككى ئىسىم ئەگەر غەيرىي ئىزاھلىق سۆز

خاراكتېرلىك تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولسا، پېئىل كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ؛ ئەگەر ئىزاھلىق سۆز خاراكتېرلىك تەڭداش مۇناسىۋەتتە بولسا، پېئىل بىرلىك شەكىل ( **گرامماتىكىلىق بىرلىك** دېگەن ئاتالغۇغا قاراڭ) دە كېلىدۇ؛ 《and》 ئەگەر ئىككى قىسىم ياكى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن نەرسىنى باغلاپ كەلگەن بولسا، ئادەتتە بىرلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

Salt and water is available.

تۇز بىلەن قايناق سۇ تەمىنلىنىدۇ.

A cart and horse was seen in the distance.

يىراقتىن بىر ئات ۋە هارۋىنى كۆرگىلى بولاتتى.

What he says and does not concern me.

ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-هەرىكەتلىرى بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم يوق.

## 7. بىرلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك ئىسىم ئىگە بولىدۇ.

ئىگە بولغان كۆپلۈك ئىسىم ئومۇمىي سان ياكى ئومۇمىي مىقدارنى بىلدۈرسە ياكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسال ئەھۋالنى بىلدۈرسە بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ.

Another ten years has passed.

يەنە بىر 10 يىل ئۆتۈپ كەتتى.

Fifty dollars seems too much for this coat.

بۇ چاپان 50 دوللار بولسا سەل قىممەتتەك تۇرىدۇ.

There is only two pounds of butter and a few packets of tea left.

پەقەت ئىككى قاداق سېرىقماي بىلەن بىر قانچە بولاق چايلا ئېشىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇستەقىل تەركىب
# (独立成分 Independent Element)

مۇستەقىل تەركىب جۈملىدە باشقا بۆلەكلەر بىلەن پەقەت مەنە جەھەتتىنلا باغلىنىشلىق بولغان گراماتىكا جەھەتتە ھېچقانداق باغلىنىشلىقى بولمىغان بىر سۆز، ئىبارە، ھېتتا جۈملە ياكى جۈملىنى كۆرسىتىدۇ. مۇستەقىل تەركىبكە ئۈندەش سۆز، قاراتما سۆز، قىستۇرما سۆز قاتارلىقلار كىرىدۇ.

## 1. ئۈندەش سۆز

كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۈندەش سۆزلەردىن ah, aha, hallo, oh قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، ئاندا-ساندا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرىسىدىمۇ كېلىدۇ، پەش ئارقىلىق باشقا بۆلەكلەردىن ئايرىۋېتىلىدۇ.

You're joking, <u>eh?</u>

ھىم، چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟

<u>Oh,</u> yes-we learned all about old B. F. in the fifth grade.

ھە، شۇنداق، بىز قېرى فرانكلىن ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى 5-يىللىق ۋاقتىمىزدىلا ئۆگىنىپ بولغان.

## 2. قاراتما سۆز

باشقىلارنى چاقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئاتالغۇدۇر.

My father, <u>sir ,</u> was a coachman.

ئەپەندىم، مېنىڭ دادام پەيتۇنكەش.

Sit down, <u>son,</u> tell me the whole thing, right rom the start!

ئولتۇر، بالام، ئىشنىڭ ھەممىسىنى ماڭا باشتىن سۆزلەپ بەر.

3. قىستۇرما سۆز

<u>After all</u>, quite a few kinds of birds do live all year round even in the far north.

ھەر ھالدا، بەزى قۇشلار ھەقىقەتەن يىل بويى يىراق شىمالدا ياشايدۇ.

He may not come ,<u>I am afraid.</u>

مېنىڭچە، ئۇ بەلكىم كەلمەيدۇ.

# مۇستەقىل پېئىل
# (实义动词　Notional Verb)

مۇستەقىل پېئىل مۇكەممەل بولغان لېكسىكىلىق مەنەگە ئىگە بولۇپ، مۇستەقىل خەۋەر بولالايدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى پېئىللار مۇستەقىل پېئىللاردۇر.

The doctor <u>told</u> him to relax a month or so before going back to work.

دوختۇر ئۇنىڭغا بىر ئاي ئارام ئېلىپ ئاندىن ئىشقا چۈشۈشنى ئېيتتى. (vt.)

His fear <u>showed</u> in his eyes.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بەزى مۇستەقىل پېئىللار ھەم ئۆتۈملۈك پېئىل ھەم ئۆتۈمسىز پېئىل بولالايدۇ. سۆز مەنىسىدە بەزىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

He <u>moved</u> his family to a smaller house.

ئۇ ئائىلىسىنى كىچىكرەك بىر ئۆيگە كۆچۈردى. (vt.)

He came to help us <u>move.</u>

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بىزگە كۆچۈشۈپ بەرگىلى كەلدى. (vi.)

They're saving for a home.

ئۇلار ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىمنى تېجەۋاتىدۇ.

I had seved good places for them in middle of the front row.

مەن ئۇلارغا ئالدى رەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن جاي ئېلىپ قويدۇم.

## مۇستەقىل سۆز
## (实义词 Notional Word)

ئۇقۇم ياكى مەزمۇننى بىلدۈرىدىغان سۆز مۇستەقىل سۆز (Content Word) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بولۇپ، جۈملىدە مۇستەقىل بۆلەك بولالايدۇ. مەسىلەن: ئىسىم جۈملىدە خەۋەر، تولدۇرغۇچى ۋە كېسىم خەۋەر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. مۇستەقىل سۆز ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئىل ۋە رەۋىشتىن ئىبارەت ئالتە خىل سۆز تۈركۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇستەقىل سۆزلەرگە تەۋە بولغان ئىسىم، ئۆزلۈك پېئىل، سۈپەت ۋە رەۋىش قاتارلىقلار جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭىدىن پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. يېڭىچە ئىپادىلىنىش ئۇسۇللىرى ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ، ئۆزىگە يېڭى ئۇقۇملارنى يۈكلەيدۇ. كونا سۆزلەر بولسا ئۈزلۈكسىز ئىستېمالدىن قېلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇستەقىل سۆزلەر يەنە «ئەركىن سۆز تۈركۈمى» (Open-class Words) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## مۇستەقىل قۇرۇلما
## (独立结构 Absolute Construction)

مۇستەقىل قۇرۇلما ھالەتنىڭ بىر ئىسىم (ئالماش) بىلەن يەنە بىر

بۆلەكتىن تۈزۈلگەن بىرىككەن قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىدە بۇنداق قۇرۇلما خەۋەرنى ئېنىقلىمايدۇ، بەلكى ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن مەلۇم بىر ئىسىمغا ئىزاھات بېرىدۇ ياكى ئۇنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىزاھلىق سۆزگە ئوخشاپ قالىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان بىرىككەن قۇرۇلمىلار تۆۋەندىكىچە:

**1. ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ باش كېلىش شەكلى) + پېئىلنىڭ خەۋەر بولمايدىغان شەكلى**

They agreed on a division of labour, each to translate one-third of the book.

ئۇلار ئىشنى بۆلۈپ قىلىشقا قوشۇلدى، ھەربىر ئادەم كىتابنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىنى تەرجىمە قىلىدىغان بولدى.

This (being) done, we went home.

بۇ ئىشنى قىلىپ بولساقلا، ئاندىن ئۆيگە قايتىمىز.

Time passed, the society did not hear from him.

ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى.

**2. ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ باش كېلىش شەكلى) + سۈپەت**

He entered the room, his face red with anger.

ئۇ ئۆيگە كىرگەندە يۈزلىرى ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى.

Suddenly I saw the lion stop short, ears cocked and body tense.

شىرنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ، بەدەنلىرىم تىترەپ كەتكەنىدى.

**3. ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ باش كېلىش شەكلى) + ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Setz had his hand on the door, his hat on his head.

سېتز قولىنى ئىشىككە قويۇۋالغان بولۇپ، بېشىدا شىلەپە بار ئىدى.

That afternoon he emerged later, bag in one hand.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ كېيىنرەك كەلدى، قولىدا سومكا تۇراتتى.

### 4. ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ باش كېلىش شەكلى) + رەۋىش

Class over, all the students went out from the classroom.

دەرس تۈگىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

Head first, I dove over the left side of the cockpit.

مەن ئېڭىشىپ، پاراخوتنىڭ ئارقا بۆلۈمچىسىنىڭ سول تەرىپىدىن سۇغا سەكرىدىم.

### 5. ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ باش كېلىش شەكلى) + ئىسىم

His first shot a failure, he fired again.

ئۇ بىرىنچى ئوقنى تەگكۈزەلمەي، يەنە بىر پاي ئوق ئاتتى.

She sat alone in the room, her only company a dying fire.

ئۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ئوچاقتىكى ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوت ئىدى.

### 6. with باشلاپ كەلگەن مۇستەقىل قۇرۇلما

1) with + ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) + پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى

With him to give us a lead, our team is bound to win.

ئۇنى ئۆزىمىزگە باشلامچى قىلساق، كوماندىمىز چوقۇم يېڭەلەيدۇ.

2) with + ئىسىم (ياكى ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) +

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى

The gull was resting with its breast pressed to the rock.

دېڭىز چايكىسى تاشقا مەيدىسىنى يېقىپ ياتتدۇ.

3) with + ئىسىم (ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى)

With the old man leading, the two started toward the mountains.

ئىككىيلەن ياشانغان كىشىنىڭ باشلامچىلىقىدا تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

4) with + ئىسىم (ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) + ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە

Both the lions were lying on their backs with their paws in the air.

ئىككى شىر پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

5) with + ئىسىم (ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) + سۈپەت

He made this experiment with the windows open.

ئۇ بۇ تەجرىبىنى دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ ئىشلىدى.

6) with + ئىسىم (ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) + ئىسىم

She went abroad with her son yet a kindergarten boy.

ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندە ئوغلى تېخى يەسلىدە ئىدى.

7. with + ئىسىم (ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى) + رەۋىش

In gases, the particles are far apart, with empty spaces between.

گازلارنىڭ تەركىبىدىكى زەرىچىلەرنىڭ ئارىلىقى يىــــراق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ھاۋا بار.

**7. without باشلاپ كەلگەن مۇستەقىل قۇرۇلما**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Without a word more spoken, they went awey.
يەنە گەپ قىلمىغان بولسا، ئۇلار كېتىپ قالغان بولاتتى.

8. ئىسىم + being + There

بۇمۇ بىر خىل مۇستەقىل قۇرۇلما شەكلى بولۇپ، ئىسىم «being» نىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى بولىدۇ. بۇ قۇرۇلما كۆپىنچە سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

There being no money left, we have to change our plan.
پۇل قالمىغاچقا، پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدۇق.

## مۇناسىۋەت ئالمىشى
## (关系代词 **Relative pronoun**)

who, whose, which, that, as قاتارلىقلار مۇناسىۋەت ئالمىشى بولۇپ، ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ. ئۇ ھەم باش جۈملىدە ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى ئېنىقلىغان ئىسىم ياكى ئالماش (ئومۇملاشتۇرۇلۇپ باش سۆز Antecedent) نىڭ ئورنىدا كېلىدۇ ھەم بېقىندىلىق قوشما جۈملىدە ئىسىم، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر ياكى ئېنىقلىغۇچى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

These are the people to whom Catherine was referring.
بۇلار كاترىن تىلغا ئالغان ئادەملەر شۇ. (مۇناسىۋەت ئالمىشى بېقىندى جۈملىدە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى بولغان، ئۇنىڭ باش سۆزى people)

A child whose mother had left him was crying loudly.
ئانىسى يېنىدا بولمىغاچقا بالا قىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى. (مۇناسىۋەت ئالمىشى whose بېقىندى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولغان، ئۇنىڭ باش سۆزى child)

He is a famous musician, which his parents expect him to be.

ئۇ بىر داڭلىق مۇزىكانت، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. (مۇناسىۋەت ئالمىشى which بېقىندى جۈملىدە كېسىم خەۋەر بولغان، ئۇنىڭ باش سۆزى musician)

You're too late to catch the train that leaves at 2:15

سەن بەكلا كېچىكتىڭ، 2:15 دە قوزغىلىدىغان پويىزغا ئۈلگۈرەلمەيسەن. (مۇناسىۋەت ئالمىشى that بېقىندى جۈملىدە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ باش سۆزى train)

**who, whom, whose .1**

بېقىندى جۈملىدە who, whom, whose ئادەمگە ئىشلىتىلىدۇ. ئىگىگە who، تولدۇرغۇچىغا whom، ئېنىقلىغۇچىغا whose ئىشلىتىلىدۇ.

The man who talked to you just now is an engineer.

بايا سىز بىلەن پاراڭلاشقان كىشى بىر ئىنژېنېر.

He is one of the men whom I feel I can trust.

ئۇ مەن ئىشىنىشكە بولىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى.

The girl whose work was the best in the class was given a prize.

سىنىپتىكى دەرستە ئەڭ ياخشى قىز مۇكاپاتلاندى. (《whose》 مۇناسىۋەت ئالمىشى بولغاندا ھەم ئادەمنى ھەم نەرسىنى كۆرسىتىدۇ).

These are the trees whose leaves have fallen.

بۇ دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلىدى.

He lived in a house whose walls were white washed.

ئۇ تاملىرى ھاكلانغان بىر ئۆيدە تۇرىدۇ.

**that, which .2**

«that» ئادەم ياكى نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بېقىندى جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بولىدۇ؛ «which» نەرسىلەرگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بېقىندى جۈملىدە ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

What's the name of the man that plays James Bond?

جامىس بوندنىڭ رولىنى ئالغان كىشىنىڭ ئىسمى نېمە؟

This is one of the songs that the Beatles recorded in 1966.

بۇ «قاسىراقلىق قۇرت مۇزىكا ئەترىتى» 1966-يىلى لېنتىغا ئالغان ناخشىلارنىڭ بىرى.

The river which flows through London is called the Thames.

لوندوندىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا تايمىس دەپ ئاتىلىدۇ.

There was ice-cream which Mum had made herself.

ئانام ئۆزى ياسىغان ماروژنى بار ئىدى.

1) that (who ياكى which نى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا) نىڭ ئىشلىتىلىشى

a) سۈپەتنىڭ ئالىي دەرىجىسى، كۆپ ساندىكى ئېنىقسىز ئالماش ۋە first, last, next, only, the same قاتارلىقلاردىن كېيىن كېلىدۇ.

Shakespeare is the greatest poet that England has ever had.

شېكسپىر ئەنگلىيىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى.

All that glitters is not gold.

پارقىرىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىلا ئالتۇن ئەمەس.

b) باش سۆز بولۇپ، ھەم نەرسە، ھەم ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

The heroes and their deeds that he described in his novel are very familiar to us.

ئۇ روماندا تەسۋىرلىگەن قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى بىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق.

He talked brillianlty of the men and the books that interested.

ئۇ ئۆزى قىزىقىدىغان شەخس ۋە كىتابلار ھەققىدە ئوچۇق سۆزلىدى.

2) wich ("that" نى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا) نىڭ ئىشلىتىلىشى

a) مۇناسىۋەت ئالمىشىنىڭ ئالدىدا ئالدى قوشۇلغۇچى كەلگەندە

The force with which the earth attracts matter is called gravity.

يەر شارىنىڭ ماددىلارنى تارتىش كۈچى ئېغىرلىق كۈچى دېيىلىدۇ.

b) چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ.

Manchester is the northwest, which is one of England's fastest growing towns.

مانچېستىر ئەنگلىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىدىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان بازارلارنىڭ بىرى.

The 4th International Women Conference, which was held in Beijing, was a great success.

بېيجىڭدا چاقىرىلغان 4-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئاياللار يىغىنىدا زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇنداق بېقىندى جۈملىدە، which بەزىدە ئالدىدا ئېيتىلغان پۈتۈن ئەھۋال ياكى باش جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەمما مەلۇم بىر ئىسمىغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

She was a little tense, which was understandable.

ئۇ سەل جىددىيلىشىپ قالدى، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

It snowed heavily all night, which meant we had to cancel the match next day.

كېچىچە قاتتىق قار ياغدى، قارىغاندا ئىككى مۇسابىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

**3. as**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«as» مۇناسىۋەت ئالمىشى بولغان چاغدا، ئاساسلىقى the same ··· as, such ··· as غا ئوخشاش قۇرۇلما ئىچىدە ئىشلىتىلىدۇ.

It was not such a good dinner as she had promised us.

كەچلىك تاماق ئۇ ۋەدە قىلغاندەك ياخشى بولماپتۇ.

Modern statesmen are often faced with the same probloms as defeated the ancient Romans.

ھازىرقى زامان سىياسىيونلىرى ئەينى چاغدىكى رىملىقلارغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە دائىم دۇچ كېلىدۇ.

چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە، «as» بىلەن «which» ئوخشاش بولۇپ، پۈتۈن باش جۈملە ياكى باش جۈملىنىڭ بىر بۆلىكىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

As is known to the world, Mark Twain is a great American writer.

دۇنياغا مەلۇم بولغىنىدەك، مارك تىۋىن ئامېرىكىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسىدۇر.

She was a foreigner, as I knew from her accent.

ئۇ چەت ئەللىك ئىكەن، بۇنى مەن ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىلىۋالدىم.

## مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى
## (关联连词 Correlative Conjunction)

باغلىغۇچىنىڭ ئەسلى شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئايرىم ئىككى بۆلەك سۆزدىن تۈزۈلگەن، ھەمىشە جۈپ شەكىلدە (بىللە) ئىشلىتىلىدىغان باغلىغۇچى مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى دېيىلىدۇ. باغلىغۇچى سۆز ھەمىشە سۆز، ئىبارە، جۈملە ياكى بېقىندى جۈملىنى باغلايدۇ. بۇنداق باغلىغۇچىلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن both ··· and, neither ··· nor, either ··· or, not only ··· but also قاتارلىقلار بار.

A man should have both courage and perseverance.

ئادەم ھەم دادىل ھەم قەيسەر بولۇشى كېرەك.

She not only read this book but also remembered what she had read.

ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوقۇغانلىرىنى ئېسىدە تۇتۇۋاپتۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى بىلەن باغلانغىنى ئەگەر جۈملىنىڭ ئىگىسى بولسا، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىردەك بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. باغلىغۇچى بىلەن باغلانغىنى ئىككى ئىسىم ياكى ئالماش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى پېئىلغا يېقىن تۇرغىنى ئىگە دەپ قارىلىدۇ. پېئىل مۇشۇ ئىگە بىلەن شەخس ۋە سان جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلايدۇ.

Either he or you are wrong.

خاتالاشقىنى ئۇ ياكى سەن.

Neither you nor your brother is in fault.

سەنمۇ، ئىنىڭمۇ خاتالاشمىدىڭلار.

Not only the student but also the teacher has participated in the game.

ئويۇنغا ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارمۇ قاتناشتى.

2. only not, neither/nor جۈملىنىڭ بېشىدا كەلگەندە، كەينىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن تارماق جۈملە ئادەتتە تەتۈر كېلىدۇ.

Not only did he give everyone gifts, but he also invited them to a dinner party.

ئۇ ھەربىر ئادەمگە سوۋغات بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

He didn't attend the meeting, nor/neither did you.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇمۇ، سەنمۇ يېغىنغا قاتناشمىدىڭلار.

## مۇناسىۋەت رەۋىشى
## (关系副词 Relative Adverb)

مۇناسىۋەت رەۋىشىدىن why, how, when, where بار بولۇپ، ئۇلار ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ.

She told me the reason why she had changed her mind.

ئۇ ماڭا نېمە ئۈچۈن ئويىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى.

This is the way how the crude oil is refind.

خام نېفت مانا مۇشۇنداق چەككىلىنىدۇ.

It was one of those cold, wet evenings when most people stay indoors.

ئۇ كۈنى كەچتە ھاۋا سوغۇق ۋە يامغۇر يېغىۋاتقان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆيدىن تالاغا چىقمىغانىدى.

He went in alone the dining-room where the table wasfor one.

ئۇ بىرلا ئورۇندۇق قويۇلغان ئاشخانىغا ئۆزى يالغۇز كىردى.

## مىقدار سۆز
## (量词 Quantitative Word)

مىقدار سۆز ( Quantitative word ياكى Quantifier) بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى ئېنىقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان، سان-مىقدارنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، few (ئاز)، little (ئاز، كىچىك)، a lot of (نۇرغۇن)، many (جىق، كۆپ)، some

(بىر ئاز، بەزى) قاتارلىقلار. مىقدار سۆزنى ئىشلەتكەندە، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى تۆردىكى ئىسىم (سانىغىلى بولىدىغان ياكى سانىغىلى بولمايدىغان، بىرلىك ياكى كۆپلۈك) لار بىلەن بولغان بىرىكىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

### 1. پەقەت سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىملار بىلەنلا بىرىكەلەيدىغان مىقدار سۆزلەر

بۇنداق مىقدار سۆزلەردىن much (نۇرغۇن)، little (ئاز، يوق دېگۇدەك)، a little (ئازراق)، less (ئازراق)، (the) least (ئەڭ ئاز)، a great/good deal/of (نۇرغۇن) a large/small amount of (يوغان / ئاز مىقداردىكى)، large amount of قاتارلىقلار بار.

She hasn't got much money.

ئۇنىڭدا جىق پۇل يوق.

— Can you give me some ink?

ماڭا ئازراق سىياھ ئىچۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

— Sorry, I have little ink left in my pen.

كەچۈرۈڭ، قەلىمىمنىڭ سىياسى تۈگەي دەپ قاپتۇ.

Large amounts of money were spent on the bridge.

بۇ كۆۋرۈك ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ كەتتى.

### 2. سانىغىلى بولىدىغان كۆپلۈك ئىسىم بىلەنلا بىرىكەلەيدىغان مىقدار سۆزلەر

بۇنداق مىقدار سۆزلەردىن many (نۇرغۇن)، few (ئاز)، a few (بىر نەچچە)، fewer (ئازراق)، (the) fewest (ئەڭ ئاز)، a great/ good/large number of (نۇرغۇن)، several (بىر قانچە)، both (ھەر ئىككىسى) قاتارلىقلار بار.

There were not many people present.

مەيداندا ئانچە جىق ئادەم يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

John wrote fewer poems than Helen did.

جوننىڭ يازغان شېئىرى خېلېننىڭكىگە قارىغاندا ئازراق.

He is a man of few words.

ئۇ كەمسۆز ئادەم.

My friend speaks several language.

مېنىڭ دوستۇم نەچچە خىل تىلدا سۆزلىيەلەيدۇ.

I want both baskets.

ماڭا سېۋەتنىڭ ھەر ئىككىسى كېرەك.

There were a large number of people there.

ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەم بار ئىدى.

### 3. سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم ياكى سانىغىلى بولىدىغان كۆپلۈك ئىسىم بىلەن بىرىكىدىغان مىقدار سۆزلەر

بۇنداق مىقدار سۆزلەردىن more (تېخىمۇ كۆپ) ، the most (ئەڭ كۆپ) ، plenty of (يېتەرلىك) ، a lot of (نۇرغۇن) ، lots of (نۇرغۇن) ، enough (يېتەرلىك) ، a quantity of (بىر تۈركۈم) ، large quantities of (كۆپ مىقداردىكى) قاتارلىقلار بار.

There is more food in the kitchen.

ئاشخانىدا جىق تاماق بار.

There are many more books on the other side.

يەنە بىر تەرەپتىكى كىتابلار تېخىمۇ كۆپ.

Who picked the most apples?

كىم ئۈزگەن ئالما ئەڭ كۆپ؟

Least talk most work.

گەپنى ئاز، ئىشنى كۆپ قىلايلى.

I have a lot of (lots of) friends.

مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم بار.

There was such a lot of snow last month!

ئالدىنقى ئايدا قار بەك كۆپ ياغدى.

I have quantities of good clothes.

مېنىڭ نۇرغۇن ياخشى كىيىملىرىم بار.

Quantities of food were on the table.

ئۈستەلدە جىق تاماقلار بار.

### 4. ئۈچ تۈرلۈك ئىسىمنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرىكەلەيدىغان مىقدار سۆز

سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى، كۆپلۈك شەكلى ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بىلەن بىرىكەلەيدىغان مىقدار سۆزلەردىن no (يوق)، some (مەلۇم بىرى، بەزى)، any (ھەر قانداق)، all (ھەممىسى) قاتارلىقلار بار.

Wilson has no car.

ۋىلسوننىڭ ماشىنىسى يوق.

There is no fire without smoke.

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ.

Please give me some advice.

ماڭا ئازراق مەسلىھەت بېرىڭ.

There must be some reason for what he's done.

ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىدا مەلۇم سەۋەب بار.

There won't be any money for you

سەن بىر تىيىنغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن.

Come any day you like

قايسى كۈنى كەلگىڭ كەلسە شۇ كۈنى كېلەرسەن.

All things are difficult before they are easy.

ھەممە ئىش باشلىنىشىدا تەس بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

We worked hard all year.

بىز يىل ئاخىرىغىچە جاپالىق ئىشلىدۇق.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. a large/great/good number of , a lot of (lots of) , great/ good deal of, a plenty of كۆپىنچە تەستىق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئىنكار جۈملە ۋە سوئال جۈملىدە ئادەتتە many, much ياكى enough ئىشلىتىلىدۇ.

I've done a lot of/plenty of work.

مەن جىق / يېتەرلىك ئىشلارنى قىلىپ بولدۇم.

I haven't done much work today.

بۈگۈن مەن ھېچقانچىلىك ئىش قىلمىدىم.

I haven't done many exercises.

مەن جىق مەشىقلەرنى ئىشلىمىدىم.

I haven't enough data yet.

مەندە تېخى يېتەرلىك سانلىق مەلۇمات يوق.

2. ھازىر least ۋە less ئارقىلىق سانغىلى بولىدىغان ئىسمنى ئېنىقلايدىغان يۈزلىنىش بار. ئەمما، يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر بۇنى دورىماسلىقى كېرەك. ئەمما no less than ئارقىلىق ئىسىملارنى ئېنىقلاش كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە بۇ ھەقىقىي ئىنگلىز تىلىدۇر.

No less than fifty people were killed in the accident.

ھادىسىدە 50 نەچچە ئادەم قازا قىلدى.

# ن

## نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملە
## （结果状语从句）
## （Adverbial Clause of Result）

نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدۇ، خەۋەر ئادەتتە بايان رايىدا كېلىدۇ. نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىشتە دائىم ئىشلىتىلىدىغان مۇناسىۋەت سۆزلىرىدىن so that, so … that …, that, such … that … قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئادەتتە باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. باش جۈملىدىن ھەمىشە پەش ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

The burglar wore gloves, so that there were no finger-prints to be found.

ئوغرى پەلەي كىيىپ ئەنزە سادىر قىلغان بولغاچقا، بارماق ئىزىنى تاپقىلى بولمىدى.

Light travels so fast that it is difficult for us to imagine its speed.

يورۇقلۇقنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس.

What have I done that he should be angry with me?

مېنىڭ نېمە قىلغىنىمغا ئۇ شۇنچە خاپا بولىدىكەن؟

The girl had such confidence in herself that she did not consult anyone.

بۇ قىز ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشىنىدۇكى، ھېچكىم بىلەن كېڭىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرمايدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. so) that) بەزىدە ھەم مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملىنى ھەم نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملە ئەمەلىيەتتى ئەمەس، بەلكى بىر خىل يوشۇرۇن ئېھتىماللىق ياكى ئىستەكنى بىلدۈرىدۇ، ئادەتتە may, might, can, could, will, would, should قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛ نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملە مۇشۇ خىل يوشۇرۇن ئېھتىماللىق ياكى ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ياكى ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئادەتتە بايان رايى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

He spoke through a microphone <u>so that everyone could hear him.</u>

ئۇ ھەممەيلەننى ئاڭلىسۇن دەپ مىكرافون ئارقىلىق سۆزلىدى. (مەقسەت)

He spoke through a microphone, <u>so that everyone</u>heard him.

ئۇ مىكرافون ئارقىلىق سۆزلىگەچكە ھەممەيلەن ئاڭلىدى. (نەتىجە)

I always write so carefully <u>that I may make my meaning clear.</u>

مەقسىتىمنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن مەن ھەمىشە شۇنچىلىك تەپسىلىي يازىمەن. (مەقسەت)

I always write so carefully <u>that I make my meaning</u> clear.

مەن ھەمىشە شۇنچىلىك تەپسىلىي يېزىپ مەقسىتىمنى ئېنىق ئىپادىلەيمەن. (نەتىجە)

2. so that باشلاپ كېلىدىغان مەقسەت ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، جۈملىدىكى بىر خىل ئېچكى ئېنىقلىغۇچىدۇر، ئادەتتە پەش قويۇلمايدۇ؛ نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملە بولسا جۈملىنىڭ تاشقى ئامىلى بولۇپ، پەقەت باش جۈملىدىن

كېيىنلا كېلەلەيدۇ ھەمدە پەش ئارقىلىق باش جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

Come early so that you may catch the train.

بالدۇرراق كەلسىڭىز پويىزغا ئۈلگۈرەلەيسىز. (مەقسەت)

The train was late,So that I could not keep my word.

پويىز كېچىكىپ كەلگەچكە، گېپىم يالغان بولۇپ قالدى. (نەتىجە)

He trained hard so that he could take part in therace.

ئۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىش ئۈچۈن جاپالىق مەشىق قىلدى. (مەقسەت)

He trained hard, so that he was able to compete in a race.

ئۇ جاپالىق مەشىق قىلغاچقا، مۇسابىقىگە قاتنىشالىدى. (نەتىجە)

3. so ··· that ياكى such ··· that نەتىجە ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كەلگەندە، ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «so» دىن كېيىن سۈپەت ياكى رەۋىش «such» دىن كېيىن ئىسىم ئەگىشىپ كېلىدۇ.

It was so interesting a book he couldn't put it down. (or: It was such an interesting book that he couldn't put it.

بۇ كىتاب بەك قىزىقارلىق بولغاچقا، ئۇ قولىدىن چۈشۈرمىدى.

The quality of this radio is so inferior that I took it back and asked for a better one. (or: The radio has such inferior quality that I took it back and asked for a better one.)

بۇ رادىئونىڭ سۈپىتى بەك ناچار بولغاچقا، مەن ئۇنى ئاپىرىپ ياخشىراقىغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم.

ئەگەر «so» جۈملە بېشىدا كەلسە، باش جۈملە تەتۈر تەرتىپتە كېلىدۇ.

So terrible was the stormthat the whole roofs were ripped off.

بوران بەك دەھشەت چىققان بولغاچقا، پۈتۈن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى ئېچىلىپ كەتتى.

So vivid are such descriptions that the reader feels he is actually there.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تەسۋىرلەر ناھايىتى جانلىق بولغاچقا، ئوقۇغان ئادەم ئۆزىنى شۇ يەردە تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ.

《such》 مۇستەقىل ھالدا كېسىم خەۋەر بولالايدۇ.

His progress was such that it surprised his teacher.

ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشى شۇنچىلىك تېز بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىسى ھەيران قالدى.

The performance was such that the audience were deeply moved.

نومۇرلار بەك ئېسىل بولغاچقا، تاماشىبىنلار ئىنتايىن تەسىرلەندى.

## نۆل ئارتىكل
## (零冠词 Zero Article)

نۆل ئارتىكل ـ ئارتىكل ئىشلىتىلمەيدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئارتىكلنى قىسقارتىۋېتىش دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئارتىكلنىڭ قىسقىرىپ كېتىشى ئارتىكل ئىشلىتىلسە بولىدىغان جايدا ئۇنى ئىشلەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق چاغدا ئارتىكل ئىشلىتىش بىلەن ئىشلەتمىگەننىڭ ئانچە چوڭ پەرقى بولمايدۇ. نۆل ئارتىكل ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆزنىڭ ئالدىدا ئارتىكل ئىشلىتىشكە بولمايدىغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر ئارتىكل ئىشلىتىلسە، پۈتۈنلەي باشقىچە مەنىنى بىلدۈرىدۇ ياكى خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

### 1. نۆل ئارتىكلنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى

1) چەككىلەپ كۆرسىتىلگەن ئابستراكت ئىسىم، ماددىي ئىسىم ياكى كۆپلۈك ئىسىمنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

We will have freedom or death.

بىز چوقۇم ھۆرلۈككە ئېرىشىشىمىز كېرەك، بولمىسا ھالاك

بولمىز. (ئابستراكت ئىسىم)

Books are my best friends.

كىتاب مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم (كۆپلۈك ئىسىم)

Wheat is grown in Canada.

كانادادا بۇغداي ئۆستۈرۈلىدۇ. (ماددىي ئىسىم)

2) چەككىلەپ كۆرسىتىلگەن تاماق ئىسمى ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

Come to dinner/lunch/tea with me.

كېلىپ مەن بىلەن بىللە تاماق / چۈشلۈك تاماق يەڭ / چاي ئىچىڭ!

He has egg and coffee for breakfast.

ئۇ تۇخۇم ۋە قەھۋە بىلەن ناشتا قىلدى.

I am not used to eating a heavy supper in the evening.

مەن كەچتە تاماقنى بەك تويۇپ كەتكۈدەك يېمەيمەن.

3) by + ئىسىملىق قۇرۇلما ئىچىدە ئىشلىتىلىپ، قاتناش قورالى ياكى ئالاقە ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدۇ.

to leave by land/by sea/by air

قۇرۇقلۇق / دېڭىز يولى / هاۋا يولى ئارقىلىق مېڭىش.

to travel on foot/by bike/by car/by train/by plane

پىيادە / ۋېلىسىپىت بىلەن / ماشىنا بىلەن / پويىز بىلەن / ئايروپىلان بىلەن / ساياهەت قىلماق.

4) ئىسىمنى كېيىن خەۋەر، ئىزاهلىق سۆز ئورنىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق مەلۇم كىشىنىڭ ئەينى چاغدىكى ياكى هازىرقى مەرتىۋىسى ۋەزىپىسىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

In 1861, Lincoln was elected president.

1861-يىلى لىنكولىن زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان.

Uncle Jones is principal of the First Middle School.

جونس تاغام بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى.

5) ئىسىم ئابستراكتلاشتۇرۇلغان جايلاردا ئىشلىتىلىپ، مەلۇم بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇقۇم ياكى شۇ ئۇقۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پائالىيەتنى بىلدۈرىدۇ.

The Domestic Science College teaches girls how to keep house.

ئۆي ئىشلىرى ئىنستىتۇتى قىزلارغا ئۆينى قانداق تۇتۇشنى ئۆگىتىدۇ.

There is no school today because of the heavy snow.

قار بەك قېلىن ياغقاچقا، بۈگۈن مەكتەپكە بارمايمىز.

سېلىشتۇرۇڭ:

He went to the school to see his son.

ئۇ مەكتەپكە ئوغلىنى كۆرگىلى باردى.

بۇنداق سۆز بىرىكمىلىرىدىن go to bed /class/hospital/university/ work/market/prison (ئۇخلىماق / دەرسكە بارماق / دوختۇرخانىغا بارماق / ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرمەك / ئىشقا بارماق / بازارغا چىقماق /تۈرمىگە كىرمەك)، in bed / church/class/hospital (ئۇخلاۋاتىدۇ / ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ / دەرس ئاڭلاۋاتىدۇ / دوختۇرخانىدا يېتىۋاتىدۇ)، at table/university/work/sea (تاماق ئۈستىدە / ئۇنىۋېرسىتېتتا / خىزمەتتە / دېڭىزدا) قاتارلىقلار بار.

6) ئىسىم قاراتما سۆز بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

Waiter, bring my bill.

كۈتكۈچى، ھېساب قىلىۋېتىڭ.

Aunt is taking sister out for a walk.

ھەدەم سىڭلىمنى ئېلىپ ئايلىنىپ كەلگىلى چىقىپ كەتتى.

7) «man» نى «ئىنسانىيەت» دېگەن مەنىدە قوللانغاندا ياكى «woman» گە نىسبەتەن ئومۇمىي ئاتىلىشنى ئىپادىلىگەندە ئىشلىتىلىدۇ.

Man will conquer nature

ئىنسانلار ھامىنى بىر كۈنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدۇ.

Man is no way superior to woman.

ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانغا ھېچقانداق ھەققى يوق.

8) تەنھەرىكەت ئاتالغۇلىرىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

We often play basketball.

بىز دائىم ۋاسكېتبول ئوينايمىز.

Football and walleyball were played in the park.

باغچىدا ئىلگىرى پۇتبول ۋە ۋالىبول ئويناشقا بولاتتى.

9) سىلىشتۇرۇش، داۋاملىشىش ياكى ئورتاقلىق ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

The house must be repaired from top to bottom.

بۇ ئۆينى تورۇسىدىن پەگاغىچە رېمونت قىلىش كېرەك.

The soldiers are fighting shoulder to shoulder.

جەڭچىلەر مۈرىگە-مۈرىنى تىرەپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ.

10) ئاي، ھەپتە، پەسىل ۋە كۆپ ساندىكى بايرام ناملىرىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

The building is closed from April to May.

بۇ بىنا ئاپرېلدىن مايغىچە تاقىلىدۇ.

She is often late for class on Monday.

دۈشەنبە كۈنى ئۇ ھەمىشە دەرسكە كېچىكىپ كېلىدۇ.

National Day — دۆلەت بايرىمى

International Children's Day. — خەلقئارا بالىلار بايرىمى

New Year's Day — يېڭى يىل بايرىمى

Christmas Day — مىلاد بايرىمى

Thanksgiving Day — تەشەككۈر ئېيتىش بايرىمى

Easter — پاسخا بايرىمى

ئەمما تۆۋەندىكىلەر مۇنداق دېيىلىدۇ:

the Spring Festival — باھار بايرىمى

the Mid-autumn Festival — تاۋۇز چاغىنى

11) خاس ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئادەتتە نۆل ئارتىكل ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

<u>Oxford Street</u> is one of the busiest streets in <u>London.</u>
ئوكسفورد كوچىسى لوندوندىكى ئەڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرى.
<u>Frank</u> is a student at <u>Liverpool University.</u>
فرانك لىۋېرپول ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى.

**2. تەركىبىدە نۆل ئارتىكل بار بولغان تۇراقلاشقان ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| learn by heart | پۇتۇن زېھنى بىلەن ئۆگەنمەك |
| keep in mind | ئېسىدە مەھكەم تۇتماق |
| make friends with | ... بىلەن دوست بولماق |
| set sail | دېڭىزدا يولغا چىقماق |
| at noon/night/dawn | چىڭقى چۈشتە/كەچتە/سەھەردە |
| at heart | قەلبىدە |
| at rest | ئارام ئالماق |
| at least | ئەڭ ئاز دېگەندە |
| at last | ئەڭ ئاخىرى |
| at peace | تىنچ / ئىناق / خاتىرجەم ئۆتمەك |
| on duty | دېجورنى بولماق |
| off duty | ئىشتىن چۈشمەك |
| on fire | ئوت كەتمەك |
| on purpose | مەقسەتلىك، قەستەن |
| on sale | ساتماق |
| in danger | خەتەر ئىچىدە |
| in debt | قەرزنى ئۈستىگە ئالماق |
| in turn | نۆۋەت بىلەن |
| in tears | ياش تۆكمەك |
| in need of | ئېھتىياج |
| out of order | كاشىلا چىقماق، تاپتىن چىقماق |
| in office | ئىش ئورنىدا تۇرماق |

| | |
|---|---|
| out of office | ئىش ئورنىدىن ئايرىلماق |
| under control | كونترول قىلىنماق |
| out of control | كونتروللۇقىنى يوقاتماق |
| in place | دەل كەلمەك |
| out of place | دەل كەلمەسلىك |
| up to date | مودا |
| out of date | ۋاقتى ئۆتكەن، مودىدىن قالغان |
| by chance | تاسادىپىي |

# ھ

## ھالەت

## （状语　Adverbial）

ھالەت ـ جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلىكى بولۇپ، پېئىل، سۈپەت ياكى پۈتۈن جۈملىنى ئېنىقلاپ، ئېنىقلانغان بۆلەكنىڭ مەنىسى ياكى ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ ئېنىقلاشتۇرىدۇ. سۆز، ئىبارە ياكى جۈملىنىڭ ھەممىسى ھالەت ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

John carefully searched the room.

جون ئۆينى تەپسىلىي ئاختۇردى.

The meeting proceeded in a most friendly atmosphere.

يىغىن ئىنتايىن دوستانە كەيپىياتتا ئېچىلدى.

We'll go out for a walk with some friends after supper.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن بىر نەچچە دوستلىرىمىز بىلەن ئايلانغىلى چىقىمىز.

We have decided to cancel the football match because weather.

ھاۋا ياخشى بولمىغاچقا، پۇتبول مۇسابىقىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدۇق.

I'll go to see you as soon as I'm free.

بىكار بولساملا سىنى كۆرگىلى بارىمەن.

## ھالەت بېقىندى جۈملە

## (状语从句 Adverbial Clause)

جۈملىدە ھالەت ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بېقىندى جۈملە ھالەت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى مەلۇم بىر پېئىل، سۈپەت، رەۋىش ياكى پۈتۈن باش جۈملىنى ئېنىقلاپ، ۋاقىت، ئورۇن، ئۇسۇل، سەۋەب، نەتىجە، مەقسەت، شەرت، ئۆتۈنۈش (بۇرۇلۇش)، سېلىشتۇرما، دەرىجە قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. ھالەت بېقىندى جۈملىنى ئادەتتە بېقىندۇرما باغلىغۇچى باشلاپ كېلىدۇ. ئۇنى باشلاپ كەلگەن باشلامچى سۆز ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە. ھالەت بېقىندى جۈملە جۈملە بېشىدا كەلگەندە، ئادەتتە پەش ئارقىلىق باش جۈملىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ؛ جۈملە ئاخىرىدا كەلگەندە، ئالدىدا ئادەتتە پەش قويۇلمايدۇ؛ بەزىدە جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئالدى-كەينىگە پەش قويۇلىدۇ.

While you are young, you must work hard.

ياش ۋاقتىڭدا تىرىشىپ ئىشلە. (ۋاقىت)

The more a man knows, the more he discovers his ignorance.

كىشىنىڭ بىلىدىغانلىرى كۆپەيگەنسېرى، ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىرىنىڭ شۇنچە جىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. (دەرىجە)

He asked me to stay where I was.

ئۇ ماڭا تۇرغان جايىمدىن ئايرىلماسلىقىمنى تاپىلىدى. (ئورۇن)

The universe is so large that we can not see all of it.

ئالەم شۇنچىلىك يوغان بولغاچقا، بىز ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى كۆرەلمەيمىز. (نەتىجە)

I sent for the doctor because I was too ill to go to the

hospital myself.

كېسىلىم بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپ دوختۇرخانىغا ئۆزۈم بارالمىغاچقا، دوختۇر چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتىم. (سەۋەب)

Our difference, as I see it, is one of method and not of principle.

قارىشىمچە، ئارىمىزدىكى ئىختىلاپ پرىنسىپال مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇسۇل مەسىلىسى ئىكەن. (ئۇسۇل)

## ھالەت رەۋىشى
## (方式副词　Adverb of Manner)

ھەرىكەتنىڭ قانداق ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ھالەت رەۋىشى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق رەۋىشلەرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ ھەمدە كۆپىنچىسى سۈپەتكە ئارقا قوشۇمچە «-ly» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، badly, kindly, cruelly , quickly , calmly , hurriedly , unexpectedly , قاتارلىقلار.

The little boy behaved badly.

ئۇ بالىنىڭ قىلىقى بەك ئەسكى.

He hurriedly finished his supper and went out.

ئۇ كەچلىك تامىقىنى ھاپىلا-شاپىلا يەپلا چىقىپ كەتتى.

The letter arrived quite unexpectedly.

بۇ خەت بەك تۇيۇقسىز كېلىپ قالدى.

The visitors were warmly welcomed by the students.

ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# هازىر پۈتكەن زامان
## (现在完成时 Present Perfect Tense)

هازىر پۈتكەن زامان ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەنلىكىنى، ئەمما هازىر بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ ياكى ئۆتمۈشتە باشلىنىپ تاكى هازىرغىچە داۋاملاشقان ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ.

### 1. شەكلى

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى ياردەمچى پېئىل have ياكى has (پەقەت ئۈچىنچى شەخس بىرلىكتىلا ئىشلىتىلىدۇ) + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ. هازىر پۈتكەن زاماننىڭ بايان جۈملە، ئىنكار جۈملە، سوراق جۈملە ۋە ئاددىي جاۋاب قۇرۇلمىسىدىكى ھەر خىل شەكىلنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە («work» پېئىلى مىسالغا ئېلىنىدۇ):

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جاۋاب |
|---|---|---|---|---|
| work | I (You, We, They) have worked.<br><br>He (She, It) has worked. | Have I (you, we, they) worked?<br><br>Has he (she, it) worked? | I (You, We, They) have not worked.<br><br>He (She, it) has not worked. | Yes, I (you, we, they) have. No, I (you, we, they) have not. Yes, he (she, it) has. No, he (she, it) has not. |

### 2. ئىشلىتىلىشى

1) بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەنلىكىنى ھەمدە ئالىقاچان تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ھازىرقى ۋاقىتقا بولغان تەسىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ زامان already, yet, before, recently, lately قاتارلىق ئېنىق بولمىغان ئۆتكەن ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەتلەر بىلەن بىللە often, sometimes, rarely, ever, never, once, ئىشلىتىلىدۇ. twice قاتارلىق چاستوتىنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى بىلەنمۇ بىللە ئىشلىتىلىدۇ ھەمدە just (just now نى ھازىر پۈتكەن زاماندا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئەمما ئاددىي ئۆتكەن زاماندا ئىشلىتىلسە بولىدۇ) today, this morning, this year قاتارلىق ھازىرقى ۋاقىت ئىچىدىكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

The post has just come.

پوچتا يوللانمىسى بايىلا كەلدى.

I have already had my breakfast.

مەن ناشتا قىلىپ بولدۇم.

Jack has never seen the film.

جېك بۇ فىلىمنى كۆرۈپ باقمىغان.

Have you got the plan ready yet?

پىلان تۈزۈپ بولدۇڭمۇ؟

2) ئۆتمۈشتە باشلانغان ھەمدە ھازىرغىچە داۋاملاشقان (كەلگۈسىگىچە داۋاملىشىشىمۇ مۇمكىن) بىر ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە for some time, for five years, so for, last few years/in the past, since قاتارلىق بىر بۆلەك ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەتلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

The life of the people has greatly improved in the past ten years.

ئۆتكەنكى 10 يىلدا خەلقنىڭ تۇرمۇشى غايەت زور ياخشىلاندى.

It has rained a great deal since you left.

سەن كەتكەندىن بۇيان يامغۇر كۆپ ياغدى.

www.uyghurkitap.com

For many years scientists have explored the ways to cure Aids.

كۆپ يىللاردىن بۇيان ئالىملار ئەيدىز كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

3) ۋاقىت ياكى شەرت ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىپ، كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا تاماملىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. (ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە دېگەن ئاتالغۇغا قاراڭ)

I'll go to the party with you if I have finished my compositon by then.

ئەگەر شۇ چاغدا ماقالەمنى يېزىپ بولغان بولسام سەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقا بارغان بولاتتىم.

She will get to like the old man after she has worked with him for some time.

ئۇ بۇ بوۋاي بىلەن بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

4) تۆۋەندىكى ئىككى خىل جۈملە شەكلىدە ھەمىشە ھازىر پۈتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ.

a) It is/has been + ۋاقىت بۆلەك بىر + since …

It is/ has been a long time since our last vacation.

ئالدىنقى تەتىلدىن ھازىرغىچە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى.

It is/ has been just a week since we arrived here.

بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە دەل بىر ھەپتە بولدى.

b) It's/It will be the first/second time/day (that)…

It's the third time he has been to Shanghai.

بۇ ئۇنىڭ شاڭخەيگە ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى.

It will be the fifth time I've spoken in public this week.

بۇ مېنىڭ بۇ ھەپتە ئىچىدە ئاممىا ئالدىدا 5-قېتىم نۇتۇق سۆزلىشىم بولىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ھازىر پۈتكەن زامان بىلەن ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ پەرقى.

1) ھازىر پۈتكەن زامانى ئېنىق ئۆتكەنكى ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ۋاقىت ھالىتى (مەسىلەن، last, week, in 1967 دېگەندەك) بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ چاغدا جۈملىدە ئۆتكەن زامانى ئىشلىتىش كېرەك. ئەگەر ھالەت so far already قاتارلىقلار بولسا، ھازىر پۈتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ.

I went to Shanghai Last week.

ئالدىنقى ھەپتە مەن شاڭخەيگە باردىم.

ئەمما بۇنى تۆۋەندىكىدەك دېيىشكە بولمايدۇ.

I have been to Shanghai last week. (×)

John has already decided to study English.

جون ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشنى قارار قىلدى.

ئەمما بۇنى بۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ:

John already wanted to study English.

ئەگەر ۋاقىت ھالىتى this morning, today, this year قاتارلىقلار بولسا، ھەر ئىككى زاماندا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئەمما مەنە جەھەتتە پەرق بار.

I have written two letters this morning.

بۈگۈن ئەتىگەن مەن ئىككى پارچە خەت يازدىم.

(سۆزلەۋاتقان ۋاقىت چۈشتىن بۇرۇن)

I wrote two letters this morning.

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مەن ئىككى پارچە خەت يازدىم. (سۆزلەۋاتقان ۋاقىت چۈشتىن بۇرۇن ياكى كەچ).

2) بۇ ئىككى زامان ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما ھازىر پۈتكەن زامان ھەرىكەتنىڭ ھازىر بىلەن ۋاقىت ياكى نەتىجە جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەرىكەت ئاللىبۇرۇن

www.uyghurkitap.com

تاماملانغان بولۇشىمۇ ياكى ئېنىقچە داۋاملىشىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئاددىي ئۆتكەن زامان بولسا ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىنى ياكى ھەرىكەت يۈز بەرگەن ۋاقىتنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭدا ھەرىكەت ئاللىقاچان تاماملىنىپ بولغان بولىدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

I have taught these children English for three years.

مەن بۇ باللارغا ئۈچ يىل ئىنگلىز تىلى ئۆتتۈم.

(ھازىرمۇ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)

I taught these children English for three years.

مەن بۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچ يىل ئىنگلىز تىلى ئۆتكەن. (ھازىر ئۆتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

He has read this book.

ئۇ بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغان. (ئۇنىڭ بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى بىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن)

He read this book five years ago.

ئۇ بۇ كىتابنى بەش يىل ئىلگىرى ئوقۇغان. (ھەرىكەتنىڭ ئۆزىنى، بۇ ئىشنىڭ بەش يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەنلىكىنى تەكىتلىگەن)

His father has injured his leg.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ پاچىقى يارىلانغان. (تېخى ساقايمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)

His father injured his leg.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ پاچىقى يارىلىنىپتىكەن. (ساقايغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)

Our dean has gone to Beijing.

بىزنىڭ مۇدىر بېيجىڭغا كەتتى. (ھازىر بۇ يەردە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

Our dean went to Beijing.

بىزنىڭ مۇدىر بېيجىڭغا كەتكەنىدى. (قايتىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكى ئېنىق ئەمەس)

يۇقىرىقى ئىككى جۈملە بىلەن «Our dean has been to Beijing» نىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىڭ. بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى «بىزنىڭ مۇدىر بېيجىڭغا كەتكەن» دېگەنلىك بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ ھازىر بېيجىڭدا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

2. come, become, join, get up, die, borrow قاتارلىق دەقىقىلىك پېئىللارنى پۈتكەن زاماندا بىر بۆلۈك ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەتلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. داۋاملىشىۋاتقان ھالەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ يەردە «be» نى ئىشلىتىش كېرەك.

He' s been back for two weeks.

ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولدى.

بۇنى تۆۋەندىكىدەك دېيىشكە بولمايدۇ.

He has come back for two weeks. (×)

Her grandma has been dead for three years.

ئۇنىڭ مومىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولدى.

بۇنى تۆۋەندىكىدەك دېيىشكە بولمايدۇ.

Her grandma has died for three years. (×)

3. «It is/has been + بىر بۆلۈك ۋاقىت + <since> لىق قۇرۇلما» دا، ئەگەر «since» لىق بېقىندى جۈملىدىكى پېئىل دەقىقىلىق پېئىل بولسا، جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەنلىكىنى ھەمدە تاكى ھازىرغىچە داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

It is/has been three years since his father died.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۈچ يىل بولدى.

It is/has been ten years since I came to know Peter.

مېنىڭ پېتىر بىلەن تونۇشقىنىمغا ئون يىل بولدى.

ئەگەر، «since» لىق بېقىندى جۈملىدىكى پېئىل ئىزچىللىق پېئىل بولسا، جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ تاماملانغانلىقىغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

It is/has been two years since she was ill.

ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقايغىنىغا ئىككى يىل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

It is/has been twenty years since Jack lived here.
ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىغا 20 يىل بولدى.

# ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان
# (现在完成进行时)
# (Present Perfeet Continuous Tense)

ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا باشلىنىپ تاكى ھازىرغىچە داۋاملاشقانلىقىنى ھەمدە يەنە داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. شەكلى

بۇ زاماندىكى پېئىل شەكلى «has (ئۈچىنچى شەخس بىرلىككە ئىشلىتىلىدۇ) ياكى have (باشقا شەخسلەر) + been + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى» دىن تۈزۈلىدۇ.
بۇ زاماننىڭ بايان جۈملە، ئىنكار جۈملە، سوراق جۈملە ۋە ئاددىي جاۋاب قۇرۇلمىسىدىكى ھەر خىل شەكلىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە: (مىسال ئۈچۈن 《work》 پېئىلى ئېلىندى).

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جاۋاب |
|---|---|---|---|---|
| work | I (We, You, They) have been working | Have I (we, you, they) been working? | I (We, You, They) have not been working | Yes, I (we, you, they) have. No, I (we, you, they) have not. |
| | He (She, It) has been working. | Has he (she, it) been working? | He (She, It) has not been working. | Yes, he (she) has. No, he (she, it has not). |

## 2. ئىشلىتىلىشى

هازىر پۈتكەن زاماننىڭ 2-خىل ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاش، ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتىن تاكى ھازىرغىچە داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەرىكەت بايىلا تاماملانغان بولۇشىمۇ ياكى يەنە داۋاملىشىشىمۇ مۇمكىن. ھەمىشە this morning since, for two years, all evening قاتارلىق بىر بۆلۈك ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەت بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

He has been living here since he was born.

ئۇ تۇغۇلغاندىن تارتىپ مۇشۇ يەردە ياشاۋاتىدۇ.

(ئېھتىمال يەنە ياشاۋېرىشى مۇمكىن)

I have been waiting for you for two hours.

مەن سىزنى ئىككى سائەت ساقلىدىم. (ئەمدى ساقلىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان بىلەن ھازىر پۈتكەن زاماننىڭ پەرقى:

1. ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەندە ئىككىسىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس بولۇپ، پەقەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشچانلىقىنى ۋە تاماملانمىغانلىقىنى بەكرەك تەكىتلەيدۇ ھەمدە داۋاملىشىش ۋاقتىمۇ ئۇزۇنراق بولىدۇ. بۇ زامان ئېغىز تىلىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

Mary has been reading a novel all morning.

مارى پۈتۈن چۈشتىن بۇرۇن ئىزچىل كىتاب ئوقۇدى.

Mary has read a novel all morning.

مارى پۈتۈن چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقتىنى كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى.

2. ئەگەر بىر بۆلۈك ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەت بولمىسا، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

بىلدۈرىدۇ، ھازىر پۈتكەن زامان بولسا، ھەرىكەتنىڭ ئاللىقاچان تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

I have been reading your book.

مەن سىزنىڭ كىتابىڭىزنى ئوقۇۋاتىمەن.
(تېخىچە ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)

I have read your book.

مەن سىنىڭ كىتابىڭنى ئوقۇغان. (ئوقۇپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)

They have been building a metro.

ئۇلار مېترو ياساۋاتىدۇ. (ئىش داۋاملىشىۋاتىدۇ)

They have built a metro.

ئۇلار مېتروني ياساپ بولدى. (ئىش تاماملاندى)

3. be, have, love, want, like, think, believe, see, hear غا ئوخشاش ھالەت، ھېس-تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى بىلدۈرىدىغان بەزى پېئىللارنى ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زاماندا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، ئوخشاشلا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ پۈتكەن زاماندىمۇ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، پەقەت ھازىر پۈتكەن زاماندىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

I have not seen you for ages.

سىنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن بوپتۇ.

I have not been seeing you for ages. (×)

He has known John for thirty years.

ئۇنىڭ جون بىلەن تونۇشقىنىغا 30 يىل بولدى.

He has been knowing John for thirty years. (×)

## ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان
## (现在进行时 Present Continuous Tense)

ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان ھازىر ياكى ھازىرنىڭ مەلۇم بىر

بۆلىكىدە ئىجرا بولۇۋاتقان ياكى يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. شەكلى

بۇ زاماندا پېئىلنىڭ شەكلى be پېئىلى (are, am, is) + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ.

ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زاماننىڭ بايان جۈملە، ئىنكار جۈملە، سوراق جۈملە ۋە ئاددىي جاۋاب قۇرۇلمىسىدىكى ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە: (work پېئىلى مىسال ئېلىنىدۇ).

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جاۋاب |
|---|---|---|---|---|
| work | I am working. He(She, It) is working. You (We, They) are working. | Am I working? Is he (she, it) working? Are you (we, they) working? | I am not working. He (She, It) is not working You (We, They) are not working | Yes, I am. No, I am not. Yes, he (she, it) is. No, he (she, it) is not. Yes, we (you, they are. No, we (you, they) are not. |

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) سۆزلىنىۋاتقان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

The third-year students are reading A Tale of two Cities by Dickens.

3-يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى دىكىنىسنىڭ «ئىككى شەھەر خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇۋاتىدۇ.

He is studing English hard.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئىنگلىز تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ.

2) بەزىدە، پىلان ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ زامان كۆپىنچە go, come, move, leave, arrive غا ئوخشاش ھەرىكەت پېئىللىرى ئىشلىتىلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ (ئاددىي كەلگۈسى زامان دېگەن ئاتالغۇغا قاراڭ) . كەينىدىن ھەمىشە كەلگۈسىنى بىلدۈرىدىغان بىر ۋاقىت ھالىتى ئەگىشىپ كېلىدۇ.

Are you going to spend your holiday in Beijing?

تەتىلنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزمەكچىمۇ سىز؟

Mr Brown is moving to Japan next week.

بىراۋن ئەپەندى كېلەر ھەپتە ياپونىيىگە كۆچۈپ بارماقچى.

3) سىپايىلىكنى بىلدۈرىدۇ، hope, wonder, want, wish قاتارلىق پېئىللار ئىشلىتىلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

I am wondering if you would care to spend the evening with me.

بۈگۈن كەچنى مەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن.

I'm hoping you'll be more respectful to your mother.

مەن سېنىڭ ئاپاڭنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

4) ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە ياكى شەرت ھالەت بېقىندى جۈملىدە بەزىدە كەلگۈسىدە ئىجرا بولۇۋاتقان ئىشنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

When you are talking with him, take care not to mention this.

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا، بۇنى تىلغا ئالماسلىققا دىققەت قىل.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان بىلەن ئاددىي ھازىرقى زاماننىڭ پەرقى:

1. ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان داۋاملىشىشچانلىقنى بىلدۈرىدىغان

ھەرىكەت (سۈرئىتى تېز بولمىغان) كە ئىشلىتىلىدۇ. ئاددىي ھازىرقى زامان بولسا قىسقا، سۈرئىتى تېز ھەرىكەتكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ پەرق تەنتەربىيە مۇسابىقە ئەھۋالىدىن بېرىلگەن خەۋەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

Bill passes the ball to Tom, Tom shoots and-yes, it's a goal. The crowd are cheering and the other players are running up to congratulate him.

بىل توپنى تامغا پاس چىقىرىپ بەردى. توم توپنى ۋارتاغا تېپىپ كىرگۈزۈۋەتتى. كۆپچىلىك ئالقىش ياڭراتتى، كوماندىدىكى باشقا ئەزالار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تەبرىكلىدى.

2. ئاددىي ھازىرقى زامان دائىملىق ھەرىكەت ياكى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

Kate is living London.

كەيت ھازىر لوندوندا تۇرۇۋاتىدۇ. (ۋاقىتلىق ھەرىكەت)

Kate lives in London.

كەيت لوندوندا تۇرىدۇ. (دائىملىق ھەرىكەت)

This basin leaks.

بۇ داس ئېقىپ قاپتۇ. (دائىملىق ھەرىكەت)

This basin is leaking.

بۇ داستىن سۇ ئېقىۋاتىدۇ. (ۋاقىتلىق ھەرىكەت)

3. ئاددىي ھازىرقى زامان پەقەت ئەمەلىيەتنىلا چۈشەندۈرىدۇ، ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان بولسا ھېسسىي تۇسنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زامان دائىم always, continually, constantly, forever قاتارلىق چاستوتا رەۋىشلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

Peter does fine work in the factory.

پېتىر زاۋۇتتا ياخشى ئىشلەيدۇ. (ئەمەلىيەت چۈشەندۈرۈلدى)

Peter is doing fine in the factory.

پېتىر زاۋۇتتا ناھايىتى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ. (مەدھىيىلەش)

www.uyghurkitap.com

He tries to borrow money from me.

ئۇ مەندىن پۇل سورىماقچى بولىۋاتىدۇ. (ئەمەلىيەت چۈشەندۈرۈلدى)

He is always trying to borrow money from me.

ئۇ ھەمىشە مەندىن پۇل سورايدۇ. (بىزارلىق)

# ھەرىكەتنام
# (动名词 Gerund)

ھەرىكەتنام ھەم ئىسىملىق ھەم پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، بەزىدە تولدۇرغۇچى ياكى ھالەت ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ھەرىكەتناملىق ئىبارە ھاسىل قىلىدۇ.

## 1. ئىگە بولىدۇ.

Collecting research date can be frustrating.

تەتقىقات سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن.

Statistically, flying is twenty times safer than automobile travel.

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئايروپىلان بىلەن ساياھەت قىلىشنىڭ بىخەتەرلىك نىسبىتى ئاپتوموبىل بىلەن ساياھەت قىلغاندىكىدىن 20 ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن.

## 2. كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

Saving is getting.

تېجەشلىك بولۇش - ئېرىشىش دېمەكتۇر.

His hobby is gardening.

ئۇ باغۋەنچىلىككە قىزىقىدۇ. (ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسى

باغۋەنچىلىك )

## 3. تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

They started saving money for her to make the trip.

ئۇلار ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرى ئۈچۈن پۇل ئىقتىساد قىلىشقا باشلىدى.

Knowing your market requires an understanding not only of your products, but also of your customer's characteristics.

بازارنى چۈشىنىشتە، ئۆز مەھسۇلاتىڭىزنى چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى خېرىدارلىرىڭىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنىمۇ چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

«avoid, consider, deny, enjoy, excuse, fancy, mind, finish, practise, risk, stop, suggest» قا ئوخشاش بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ كەينىدىن تولدۇرغۇچى ئورنىدا ھەرىكەتنام كېلىشى كېرەك.

Fancy meeting you here!

بۇ يەردە سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى راستىنلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

Have you finished writing the composition?

ماقالىنى يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟

I always enjoy sampling unusual foreign food.

مەن چەت ئەلنىڭ ئالاھىدە تائاملىرىنى تېتىپ بېقىشقا ئامراق.

## 4. ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

There was little hope of reaching home before nightfall.

كەچ كىرىشتىن ئاۋۋال ئۆيگە يېتىپ بېرىشتىن ئۈمىد بەك ئاز.

He actually makes a point of not deseiving people.

www.uyghurkitap.com

ئۇ ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ئالدىماسلىق قارارىغا كەلدى.

ھەرىكەتنام ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغاندىمۇ object to, get used to, be fond of, succeed in, keep from, insist on, persist in, think of, accuse ··· of, charge ··· with, depend on, be tired of, be proud of, be keen on غا ئوخشاش بەزى ئىبارىلەرنىڭ كەينىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

He objects to going there early.

ئۇ ئۇ يەرگە بالدۇرراق بېرىشقا قارشى.

Mary's younger brother is very fond of playing football.

مارىنىڭ ئىنىسى پۇتبول ئويناشقا بەك ئامراق.

## 5. ھەرىكەتناملىق بىرىكمە قۇرۇلما

ھەرىكەتنامنىڭ ئالدىغا بىر ئىگىلىك ئالماش ياكى ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىمنى قويۇش ئارقىلىق بۇ ھەرىكەتنامنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ھەرىكەتنام ئۆزىنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى بىلەن ھەرىكەتناملىق بىرىكمە قۇرۇلمىسى ھاسىل قىلىپ، جۈملىدە كېسىم خەۋەر ۋە تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

My sister's falling ill worriwd mother greatly

ھەدەمنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىشى ئانامنى ناھايىتى ئەنسىرەتتى. (ئىگە)

She impressed the army generals with her daring.

ئۇنىڭ باتۇرلۇقى گېنىراللاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. (تولدۇرغۇچى)

What's troubling them is their not having enough machine tools.

ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق بولۇۋاتقىنى يېتەرلىك ماشىنا سايمانلارنىڭ بولمىغانلىقى. (كېسىم خەۋەر)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. لوگىكىلىق ئىگە جانسىز ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بولسا، پەقەت ئادەتتىكى كېلىشتىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ئىگىلىك كېلىشنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

Is there any hope of <u>your class wining the game?</u>

سىنىپىڭلارنىڭ مۇسابىقىدە ئۇتۇشىدىن ئۈمىدى بارمۇ؟

2. لوگىكىلىق ئىگە ئېنىقسىز ئالماش ياكى كۆرسىتىش ئالماش بولسا، چۇشۇم كېلىش ئىشلىتىلىدۇ، ئىگىلىك كېلىش ئىشلىتىلمەيدۇ ياكى ئاز ئىشلىتىلىدۇ.

I was awakened by <u>someone knocking at the door.</u>

بىرسىنىڭ ئىشىك چېكىشى بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم.

3. لوگىكىلىق ئىگە بولغان 《it》 نەرسىلەرنى كۆرسەتسە چۇشۇم كېلىش ياكى ئىگىلىك كېلىش ئىشلىتىلىدۇ؛ ۋاقىتنى كۆرسەتسە پەقەت چۇشۇم كېلىشلا ئىشلىتىلىدۇ.

She was worried about the little bird and frightend of (its) building <u>a nest in the chimney.</u>

ئۇ قۇش بالىسىنىڭ تۇرخۇن ئىچىگە چاڭگا تىزىشىدىن چۆچۈپ ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدى.

Why, it's eight o'clock already; I'm surprised at <u>it being so late.</u>

ئوھۇي، سائەت 8 بولۇپ كېتىپتىغۇ! مەن بۇنچە كەچ بولۇپ كەتكىنىدىن ھەيران قالدىم.

### 6. ھەرىكەتنام بىلەن پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللار ھەم ھەرىكەتنام، ھەم پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ تولدۇرغۇچى بولىدۇ. ئەمما ئىككىسىنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئوخشىمايدۇ. بۇنداق ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

chance , forget learn, mean , regret , stop , try ئۇچرايدىغانلىرىدىن remember , قاتارلىقلار بار.

a) chance

chance doing sth.

تەۋەككۇل قىلماق، تەلىيىنى سىناپ كۆرمەك

chance to do sth.

مەلۇم بىر ئىشقا تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالماق

He <u>chanced climbing</u> Mount Qomolangma without carrying the oxygen container.

ئۇ ئوكسىگېن ئالمايلا جومولاڭما چوققىسىغا يامىشىشقا تەۋەككۇل قىلدى.

John <u>chanced to be out</u> when she called.

ئۇ تېلېفون ئۇرغاندا جون ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى.

b) forget

forget doing sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى ئۇنتۇلۇپ قالماق (ئىش قىلىنىپ بولۇنغان، ئەمما ئۇنتۇلۇپ قېلىنغان، ئۆتمۈشتىكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ)

forget to do sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى ئۇنتۇلۇپ قالماق (ئىش تېخى قىلىنمىغان، كەلگۈسىدىكى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ)

I <u>forgot posting</u> the letter.

مەن خەت سالغانلىقىمنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن.

I <u>forgot to post</u> the letter。

مەن خەت سېلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن.

c) learn

learn doing sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى ئۆگەنمەك (ئىگىلەپ بولغانلىقى ناتايىن).

learn to do sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى ئۆگىنىۋالماق

She has learned typing.

ئۇ خەت ئۇرۇشنى ئۆگەنگەن.

Soon the elephant learned to kneel, to turn, to back and pull.

بۇ پىل تىزىنى ئېگىش، بۇرۇلۇش، كەينىگە داجىش، نەرسىلەرنى تارتىشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالدى.

d) mean

mean doing sth.

... دىن دېرەك بەرمەك

mean to do sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكمەك

This illness will mean going to hospital.

كېسەل دوختۇرخانىغا كىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

I didn't mean to go there for Christmas.

مېنىڭ ئەسلىدە ئۇ يەرگە بېرىپ مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئويۇم يوق ئىدى.

e) regret

regret doing sth.

قىلىنىپ بولۇنغان ئىشقا بولغان پۇشايماننى بىلدۈرىدۇ.

rret to do sth.

هازىر قىلماقچى بولغان ئىشقا نىسبەتەن ئەپۇ سوراشنى، ئەپسۇسلىنىشنى بىلدۈرىدۇ.

I deeply regret having spoken.

دېگەن گېپىمگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلىمەن.

I regret to say that we have no letters for you.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تولىمۇ ئەپسۇسلۇق بىلەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سېنىڭ خىزمىتىڭ يوق ئىكەن.

f) stop

stop doing sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشتىن توختىماق

stop to do sth.

قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ يەنە بىر ئىشنى قىلماق

Then he stopped feeling sorry for himself.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزى بىلەن ئازابلانماس بولدى.

We stopped to get some petrol and have some lunch.

بىز توختاپ ئازراق ماي قاچىلىدۇق ۋە چۈشلۈك تاماق يېدۇق.

g) try

try doing sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەك (مەلۇم بىر خىل ئۇسۇلنى سىناپ كۆرۈشنى تەكىتلەپ، ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا قارايدۇ)

try to do sth.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا تىرىشماق (قىلماقچى بولغان ئىشقا كۈچ كېتىدىغانلىقى ياكى قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

Why didn't you try calling me at home?

You've got my number.

نېمە ئۈچۈن ئۆيۈمگە تېلېفون ئۇرۇپ باقمايسەن؟

سەندە مېنىڭ تېلېفون نومۇرۇم بار ئىدىغۇ؟

I am trying to open this box, but I'm just not strong enough.

بۇ قۇتىنى ئېچىشقا شۇنچە كۈچەپ باقتىم، ئەمما كۈچۈم يەتمىدى.

2) want, need, demand, deserve, require, stand قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن كەلگەن ھەرىكەتنام ئۆزلۈك شەكىلدە بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە مەجھۇل مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Your baby wants looking after (= wants to be looked after).

بالىڭىزنىڭ ھالىدىن بىرى خەۋەر ئالمىسا بولمايدۇ.

This problom demands looking into (=demands to be looked into.)

بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك.

3) hate, like, dislike, love, prefer قاتارلىق پېئىللاردىن كېيىن ھەرىكەتنام ئىشلىتىلسە، ئادەتتە ئايلانغان ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىشلىتىلسە، كونكرېت، ۋاقتى قىسقا ئەھۋالنى كۆرسىتىدۇ.

I don't like interrupting people.

مەن باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىشنى ياقتۇرمايمەن.

I don't like to interrupt him; he seems very busy.

مېنىڭ ئۇنى ئاۋارە قىلغۇم يوق.

I hate being suspicious.

مەن گۇمانخورلۇقتا ئۆچ.

To tell you the truth, I hate to do it.

ساڭا راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇ ئىشنى قىلىشقا ئۆچ.

## ھەرىكەت پېئىللىرى
## (动态动词 Dynamic Verb)

ھەرىكەت پېئىلى ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ھەرىكەت پېئىللىرى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا تاماملىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنداق پېئىللاردىن open, shut, kick, hit, tap, jump قاتارلىقلار بار.

You have not opened it.

سەن تېخى ئۇنى ئاچمىدىڭ.

Then she shut the door.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى يېپىۋەتتى.

The big woman knocked the boy down and kickedhim.

ھېلىقى بەستلىك ئايال بالىغا سوقۇلۇپ كەتتى ۋە ئۇنى بىر تەپتى.

## 2. داۋاملىشىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار

بۇنداق پېئىللاردىن talk, fly, read, eat, play, rain, walk, write قاتارلىقلار بار.

My uncle will be flying to London next week.

كېلەر ھەپتە تاغام لوندونغا قاراپ ئۇچىدۇ.

You must open the telegram and read it to me.

سەن تېلېگراممىنى ئېچىپ ماڭا ئوقۇپ بېرىشىڭ كېرەك.

They were in the babit of eating porridge in the morning.

ئۇلارنىڭ ئەتىگەندە ئۇماچ ئىچىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

## 3. ھالەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ياكى ئورۇننىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار

بۇنداق پېئىللاردىن get, leave, become, turn, grow, change, reach قاتارلىقلار بار.

The race was getting tougher.

مۇسابىقە بارغانسېرى قىيىنلاشقىلى تۇردى.

Nobody was as happy to leave the place as I was.

ھېچكىممۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا ماڭا ئوخشاش خۇشتار ئەمەس.

The boy's face became sweaty, and he began to struggle.

بالىنىڭ يۈزلىرىدىن بارغانسېرى تەر تەپچىرەشكە باشلىدى ۋە كۈچىنىشكە باشلىدى.

## ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى
## (承受者 Recipient)

ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ.

The football is kept here by us.

توپنى بۇ يەرگە بىز قويۇپ قويغان.

(بۇ جۈملىدە the football ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر)

The task has been fulfilled ahead of schedule by her.

ۋەزىپە ئۇ تەرىپىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى. (بۇ جۈملىدە the task ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر)

The people make history.

تارىخنى خەلق يارىتىدۇ. (بۇ جۈملىدىكى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى (history

We all respect the heroine.

ھەممىمىز بۇ ئايال قەھرىماننى ھۆرمەتلەيمىز. (بۇ جۈملىدىكى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى the heroine)

## ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشى
## (大写 Capitalization)

ئىنگلىز تىلىدىكى ھەرپلەرنىڭ چوڭ يېزىلىشى ئاساسلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىدەك جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

1. جۈملە بېشىدا

Knowledge is power.

بىلىم - كۈچ

2. شېئىرنىڭ ھەربىر مىسراسى باشلانغاندا

Hold fast to dream
For if dreams die
Life is a broken-winged bird
That cannot fly

ئارزۇيۇڭدىن ۋاز كەچمە چۈنكى،
ئارمانلىرىڭ يۈتسە نى زامان؛
ئاجىز قۇشقا ئوخشار ھاياتىڭ،
قانىتى سۇنغان ئۇچالمايدىغان.

3. بىۋاستە نەقىلنىڭ بېشىدا

She turned to me and said: " We are looking for someone to type our correspondence."

ئۇ مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ: «بىز خەت-چەكلىرىمىزنى ئۇرۇپ بەرگۈدەك بىرىنى ئىزدەۋاتىمىز» دېدى.

4. خاس ئىسىملاردا

| | |
|---|---|
| America | ئامېرىكا |
| Bill Clinton | بىل كلىنتون |
| Chinese | جۇڭگولۇق، خەنزۇ تىلى |
| English | ئىنگلىز تىلى |
| Bank of China | جۇڭگو بانكىسى |

| | |
|---|---|
| Monday | دۈشەنبە |
| Shanghai | شاڭخەي |

**5. كىشىلىك ئالماش «I» ۋە ئۈندەش سۆز «O, oh» قاتارلىقلار چوڭ يېزىلىدۇ.**

It was I who broke the cup.

ئىستاكاننى چاققان مەن.

Exult, O shores! and ring, O bells!

ئالقىشلا، ئەي دېڭىز ساھىلى! جىرىڭلا، ئەي قوڭغۇراق!

**6. گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ئىسمى ياكى ماقالە تېمىسى چوڭ يېزىلىدۇ.**

گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ئىسمى ياكى ماقالە تېمىسىدىكى سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ (ئارتىكل، ئالدى قوشۇلغۇچى ۋە باغلىغۇچى بىلەن باشلانغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)

the New York Times

نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى

For whom the Bell Tolls

ماتەم قوڭغۇرىقى كىم ئۈچۈن چېلىنىدى.

**7. قاراتما سۆز ۋە ئەمەل نامىنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىدۇ.**

| | |
|---|---|
| Aunt Helen | ھېلىن ھاما |
| Dad | دادا |
| Uncle Tom | توم تاغا |
| Mother | ئانا |
| Professor Jones | پروفېسسور جونس |
| Mr. President | زۇڭتۇڭ ئەپەندى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Your Majesty ئالىيلىرى

8. باش ھەرپى قىسقارتىلغان سۆزلەر (Acronym) دە

C. O. D (cash on delivery)

پۇلنى مال تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن تۆلىمەك

EV(European Union) ياۋروپا ئىتتىپاقى

H. K. (Hong kong) شياڭگاڭ

I. O. V. (I owe you) قەرز سوراش خېتى

UFO (unidentified flying object)

كۆرۈنمەيدىغان ئۇچار جىسىم

UN (the United Nations)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

WTO (the World Trade Organization)

دۇنيا سودا تەشكىلاتى

ئەمما تۆۋەندىكىدەك باش ھەرپى قىسقارغان سۆزلەر چوڭ يېزىلمايدۇ.

laser (Lightwave amplification by stimulated emission of radiation) لازېر نۇرى

radar (radio detecting and ranging) رادار

9. ئىلاھ، تەڭرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ بېشىدا

God تەڭرى، خۇدا

Thou سەن

(خۇدانىڭ ئىسمىنى بىۋاستە زىكرى قىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ)

the Lord تەڭرى، خۇدا

the Almighty ھەممىگە قادىر خۇدا

10. ئۇقتۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ياكى لوزۇنكا سۆزىنىڭ باش ھەرپى چوڭ يېزىلىپ تەكىتلەشنى بىلدۈرىدۇ.

No parking! ماشىنا توختىتىش مەنئى قىلىنىدۇ!
No smoking! تاماكا چەكمەڭ!
Danger! خەتەرلىك!
Do It As Required! تەلەپ بويىچە قىلىنسۇن!

## ھەسسىلىك سان
## (倍数 Multiple)

ئىنگلىز تىلىدىكى ھەسسىلىك ساننى ئىپادىلەشتە كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇسۇللار تۆۋەندىكىچە:

**1. ···times ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.**

The sales of domestic refrigerator have multiplied six times since 1980.

1980-يىلىدىن بۇيان، دۆلەت ئىچىدە ئىشلەنگەن توڭلاتقۇنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئالتە ھەسسە ئاشتى.

**2. «··· سان (ياكى ھەسسىلىك سان) + سۈپەتنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى + ··· than» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.**

The irrigated lands in this area is four times bigger than in 1950.

بۇ رايوننىڭ سۇ بىلەن سۇغۇرۇلۇش كۆلىمى 1950-يىلىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى.

The volume of the modern computer is about ten times smaller than the earliest model.

ھازىرقى كومپيۇتېرنىڭ ھەجمى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەپچىقىرىلغان كومپيۇتېر ھەجمىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{10}$ گە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

3. «… ھەسسىلىك سان + as + سۈپەت ياكى رەۋىش + as …» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

Asia is four times as large as Europe.

ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يەر مەيدانى ياۋروپا قىتئەسىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

This substance reacts three times as fast as the other one.

بۇ ماددىنىڭ رېئاكسىيىلىشىش سۈرئىتى باشقا ماددىلارنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە تېز.

4. «as … + سۈپەت (مەسىلەن، high, many دېگەندەك) + سان + as …» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ جۈملە شەكلى «(يۇقىرىلىق ياكى كۆپلۈك سانىنىڭ … گە يەتكەنلىكى» نى بىلدۈرىدۇ.

The temperature is as high as 6000℃

تېمپېراتۇرا 6000℃ گرادۇستىن ئېشىپ كەتتى.

The difference in price should,in no case,be as big as 15%.

باھا پەرقى ھەر قانداق ئەھۋالدا 15% تىن كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

5. «by … + سان (ياكى ھەسسىلىك سان)» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

This room is bigger than the livingroom by four square meters.

بۇ ئۆي مېھمانخانىدىن تۆت كۋادرات مېتىر چوڭ.

6. «… by a factor of …» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

The grain production of the country was decreased by a factor

of 5 last year.

بۇلتۇر بۇ دۆلەتنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنىڭ $\frac{4}{5}$ قىسمى كېمىيىپ كەتتى.

**7. «… ھەسسىلىك سان (ياكى كەسىر سان) + سان ياكى ئىسىم …» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.**

Two times four is eight.

ئىككىگە تۆتنى كۆپەيتسە 8 بولىدۇ.

The moon is about one fiftieth the size of the earth.

ئاي شارى يەر شارىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{50}$ قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

**8. 《-fold》 ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.**

The value of this house has increased fourfold since we bought it.

بىز بۇ ئۆينى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ باھاسى ئۇچ ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى.

## ھېس-تۇيغۇ پېئىللىرى
## (感觉动词 Verb of Senses)

ھېس-تۇيغۇ پېئىلى ھېسسىياتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق پېئىللارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن taste, feel, smell, see, hear, appear, seem قاتارلىقلار بار. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، داۋاملىشىدىغان ھەرىكەتكە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما 《can》 ياكى 《could》 بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، ھېس-تۇيغۇنىڭ داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

It <u>tastes</u> a bit too hot.

بۇ سەي سەل ئاچچىق ئىكەن.

We'll go for a walk if you <u>feel</u> like it.

خالىساڭ، بىللە سەيلە قىلىپ كېلەيلى.

I can <u>see</u> some people through the window, but I can't <u>hear</u> what they're saying.

مەن دېرىزىدىن كىشىلەرنى كۆرەلەيمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالمايمەن.

# ئو

## ئورۇن رەۋىشى
## (地点副词 Adverb of Place)

ھەرىكەتنىڭ قەيەردە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ئورۇن رەۋىشى دېيىلىدۇ. ئورۇن رەۋىشى ئورۇننى بىلدۈرىدىغان رەۋىش بىلەن ئورۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورۇن رەۋىشلىرىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن there, upstairs, everywhere, nowhere, out, below, off, above, outside قاتارلىقلار بار.

She often goes there.

ئۇ دائىم ئۇ يەرگە بارىدۇ.

His son is sleeping upstairs.

ئۇنىڭ ئوغلى ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئۇخلاۋاتىدۇ.

The clouds above began to get thicker.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار بارغانسېرى قېلىنلاشقا باشلىدى.

## ئورۇن ھالەت بېقىندى جۈملە
## (地点状语从句)
## (Adverbial clause of place)

ئورۇن ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ يۈز بەرگەن ئورنىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق بېقىندى جۈملە ئاساسلىقى where, wherever قاتارلىق باغلامچى رەۋىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن باشلىنىدۇ، باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە پەش ئارقىلىق باش جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، بۇ چاغدا باش جۈملىنىڭ كەينىدە كەلسىمۇ بولىدۇ.

Put the book where it was.

كىتابنى جايىغا قويۇپ قوي.

Wherever you are , you should work for the people heart and soul

مەيلى قەيەردىلا بولما، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك.

Anywhere she goes, he goes too.

ئۇ قەيەرگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە بارىدۇ.

## ئورنىنى ئېلىش
## (替代 Substitution)

ئورنىنى ئېلىش ـ كونتېكست (تېكستنىڭ ئالدى-كەينى) نى باغلايدىغان ۋە تەكرارلىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل گراماتىكىلىق ۋاستە. ئورنىنى ئېلىش ئۆزى ئورنىنى ئالغان مۇناسىپ بۆلەككە ئاساسەن ئىسىم خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش (Nominal Substitution)، پېئىل خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش (Verbal Substitution) ۋە جۈملە خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش (Clausal Substitution) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئىسىم خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش

جۈملە تەركىبىدىكى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان سۆز ئىشلىتىلىدىغان گراماتىكىلىق ھادىسە ئىسىم خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش دېيىلىدۇ.

ئىسىم خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق ئالماشلاردىن one, ones, these, those قاتارلىقلار ۋە قىسمەن رەۋىشلەر (then, here) ھەمدە the same, the sort/kind قاتارلىقلار بار.

I have a new dictionary and several old ones.

مەندە بىر يېڭى لۇغەت بار، يەنە كونىسىدىنمۇ بىر قانچىسى بار.

The engine of your car is better than that of mine.

سىنىڭ ماشىناڭنىڭ ماتورى مېنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن.

American food is not the same as the English kind.

ئامېرىكىنىڭ يېمەكلىكلىرى ئەنگلىيىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

## 2. پېئىل خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش

ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان پېئىل ياكى پېئىللىق ئىبارىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان سۆز ئىشلىتىلىدىغان گراماتىكىلىق ھادىسە پېئىل خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش دېيىلىدۇ. پېئىل خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش سۆزنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن do ... بىلەن so do ... لار بار. ئۇنىڭ ئىچىدە «do so» پەقەت پېئىللىق ئىبارىنىڭ ئورنىغىلا ئىشلىتىلىدۇ.

Use a book as a bee does (=uses) a flower.

ھەسەل ھەرىسى گۈلگە قانداق پەرۋانە بولسا، سىزمۇ كىتابقا شۇنداق پەرۋانە بولۇڭ.

Eventually Anne diverced her busband. It was a pity she had not done so (=divorced her husband) earlier.

ئەننى ئەڭ ئاخىرى ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنراق مۇشۇنداق قىلمىغىنىغا ئەپسۇسلاندى.

## 3. جۈملە خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش

پۈتۈن جۈملە ياكى بېقىندى جۈملىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان سۆز ئىشلىتىلىدىغان گراماتىكىلىق ھادىسە جۈملە

خاراكتېرلىك ئورنىنى ئېلىش دېيىلىدۇ. بۇنداق ئورنىنى ئېلىش سۆزلىرىدىن تەستىق جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان سۆز 《so》 بىلەن ئىنكار جۈملىنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان سۆز 《not》 بار.

Go to bed; if not (=You don't go to bed), I'll tell Mother.

ئۇخلا! بولمىسا، ئاناڭغا دەپ قويىمەن.

Are you free this evenning? If so (=you are free this evening), let's have dinner.

بۈگۈن ئاخشام سەن بىكارمۇ؟ ئەگەر بىكار بولساڭ، كەچلىك تاماقنى بىللە يەپ كېلەيلى.

People believe that Class Ⅱ will win the game. Our monitor thinks so(=that class Ⅱ will win the game), but I believe not (=I don't believe/think so).

كىشىلەر مۇسابىقىدە 2-سىنىپ ئۇتىدۇ دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ سىنىپ باشلىقىمىزمۇ شۇنداق دەپ قارايدۇ. ئەمما مەن ئۇنداق قارىمايمەن.

## ئومۇمىي كېلىش
## (普通格 Common Case)

ئىسىمنىڭ باش كېلىش شەكلى بىلەن چۈشۈم كېلىش شەكلى ئوخشايدۇ، بۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئومۇمىي كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىمنىڭ باش كېلىش شەكلى ياكى چۈشۈم كېلىش شەكلى سۆز شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىمنى ئىگە، تولدۇرغۇچى ۋە كېسىم خەۋەر ئورنىدا ئىشلەتكەندە، ئومۇمىي كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

Shanghai was a consumer city before liberation.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى شاڭخەي بىر ئىستېمال شەھىرى ئىدى. (ئىگە،

باش كېلىش)

They visited Shanghai last week.

ئالدىنقى ھەپتە ئۇلار شاڭخەينى زىيارەت قىلدى. (تولدۇرغۇچى)

It is Shanghai that plays an important role in the national economy.

دەل شاڭخەي خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم رول ئويناىدۇ، (كېيىنكى خەۋەر، باش كېلىش)

## ئومۇمىي ئىسىم
## (普通名词 Common Noun)

ئومۇمىي ئىسىم ـ مەلۇم بىر تۈردىكى ئادەم، مەلۇم بىر شەيئى، مەلۇم خىل ماددا ياكى ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمدۇر. مەسىلەن، aunt, newspaper, smoke, justice دېگەندەك.

The audience are forbidden to smoke in the cinema.

تاماشىبىنلارنىڭ كىنوخانىدا تاماكا چېكىشى مەنئى قىلىنىدۇ. (مەلۇم بىر تۈردىكى ئادەم)

I searched the desk, and discovered the letter hidden under a pile of newspapers.

مەن ئۈستەلنى ئاختۇرۇپ چىقتىم، ئەسلىدە ھېلىقى خەت بىر توپ گېزىتنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئىكەن. (مەلۇم بىر شەيئى)

The car stopped, there being no fule in the tank.

ماي باكىدا بېنزىن قالمىغاچقا، ماشىنا توختاپ قالدى. (مەلۇم خىل ماددا)

Are you in San Francisco for pleasure or on business?

سەن سان فرانسىسكودا ساياھەت قىلىۋاتامسەن ياكى كاماندىروپكا قىلىۋاتامسەن؟ (ئابستراكت ئۇقۇم)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇملاشتۇرۇلغان تۈردەش ئىسىم
# (概括性集合名词 Generalizing Collective)

ئومۇملاشتۇرۇلغان تۈردەش ئىسىم كۆپىنچە ئوخشاش بىر كەسىپ ياكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە كۆپلۈك دەپ قارالسا بولىدۇ. بۇنداق ئىسىمنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىدىن police, foot (پىيادە ئەسكەر)، horse (ئاتلىق ئەسكەر)، clergy (باستىبر) قاتارلىقلار بار.

The <u>police are</u> looking for a young man aged about23.

ساقچىلار 23 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىتنى ئىزدەۋاتىدۇ.

Thirty of the <u>clergy were</u> present at the cermony.

باستىبرلاردىن 30 ى مۇراسىمغا قاتناشتى.

ئۇ

# ئۇسۇل ھالەت بىقىندى جۈملە
# (方式状语从句 Adverbial Clause of Manner)

ئۇسۇل ھالەت بىقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋەرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنىڭ ئىجرا بولۇش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئادەتتە باش جۈملىدىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇسۇل ھالەت بىقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن as, just as, as though/as if قاتارلىقلار بار. «as if/as though» بىلەن باشلىنىدىغان بىقىندى جۈملىدە، ئېيتىلغىنى ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋال بولمىسا، ساختا راي ئىشلىتىلىدۇ.

Do in Rome as the Romans do. (ماقال)

ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە.

I don't feel at all as Tom does on that subject.

مېنىڭ ئۇ مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىم تومنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ.

A balloon floats in the air as a boat floats on water.

كېمە سۇدا لەيلىگەنگە ئوخشاش شارمۇ ئاسماندا لەيلەيدۇ.

It looks as if/as though it is going to rain.

قارىغاندا، يامغۇر ياغىدىغان ئوخشايدۇ.

They sound as if/as though they come from the north.

تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇلار شىمالدىن كەلگەندەك قىلىدۇ.

He treats me as if he were my elder brother.

ئۇ ماڭا ئاكامغا ئوخشاشلا مۇئامىلە قىلىدۇ.

He looks as if he had never had a decent meal.

www.uyghurkitap.com

قارىغاندا ئۇ ئەزەلدىن بىرەر ۋاخ ئىبسىل تاماق يەپ باقمىغاندەك قىلىدۇ.

how ياكى the (that) way تىلىدا ياكى ئىبغىز سورۇنلاردا بىرەسمى قاتارلىقلارمۇ ئۇسۇل ھالەت بىقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدۇ.

She is doing her work the way she is taught.

ئۇ ئىشنى باشقىلارنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قىلىۋاتىدۇ.

He does not bother about trifles the way his elder brother does.

ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيدۇ.

Can I do the job how I like.

مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئۇسۇل بويىچە قىلالايمەنمۇ؟

I shall wear my coat how I like.

مەن كىيىممنى ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان ئۇسۇلدا كىيىمەن.

## ئۇرغۇلۇق ئوقۇش
## (重读 Stress)

ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ـ سۆزلەۋاتقان چاغدا مەلۇم بىر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا سەرپ قىلغان كۈچ باشقا تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغانغا قارىغاندا چوڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇرغۇلۇق ئوقۇش مانا مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇرغۇلۇق تەلەپپۇز قىلىنغان ئاشۇ تاۋۇش تېخىمۇ جاراڭلىق چىقىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش سۆزلەر ئىچىدىكى مەلۇم بىر بوغۇمنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Word Stress) بىلەن جۈملىنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Sentence Stress) تىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. سۆز ئىچىدىكى مەلۇم بىر بوغۇمنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش

بىر سۆز ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولسا، ئاز دېگەندىمۇ بىر بوغۇم ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. كۆپ بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەردە ئاساسىي ئۇرغۇ (Principal/Primary Stress) دىن باشقا يەنە ئىككىلەمچى ئۇرغۇ (Secondary Stress) مۇ بولىدۇ. ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرىدىكى ئۇرغۇ چۈشىدىغان جاي ئاساسەن تۆۋەندىكى قانۇنىيەت (قانۇنىيەتكە چۈشمەيدىغانلىرىمۇ بار) بويىچە بولىدۇ.

1) ئىككى بوغۇملۇق پېئىل، سۈپەت، رەۋىش، ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا ئەگەر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش (ياكى قوش سوزۇق تاۋۇش) بار بولسا، ياكى ئىككىنچى بوغۇم ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، ئىككىنچى بوغۇم ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ، ئەگەر ئىككىنچى بوغۇم قىسقا سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسا ياكى بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش ۋە بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بولسا، ئۇ ھالدا بىرىنچى بوغۇم ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ′enter | V. كىرىش | ap′ply | V. قوللانماق |
| ′envy | V. ھەسەت قىلىش | cor′rect | V: توغرىلىماق، adj توغرا |
| ′lovely | adj. سۆيۈملۈك | des′pite | prep. تەقدىردىمۇ |
| ′hollow | adj. قۇرۇق، بوش | at′tract | V. جەلپ قىلماق |
| ′open | adj. ئوچۇق، V. ئېچىش | as′sist | V. ياردەم بەرمەك |
| ′equal | adj. باراۋەر، تەڭ | ar′rive | V. يېتىپ بارماق |
| ′even | adj. ھەتتا | a′live | adj. ھايات، جېنى بار |
| ′over | prep. ئۈستىدە | to′wards | prep ··· غا قاراپ |

2) ئىككى بوغۇملۇق ئىسىمنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدا بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش بولسا، بىرىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ؛ ئەگەر ئىككىنچى بوغۇمىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولسا (ياكى قوش سوزۇق تاۋۇش)، ئۇ ھالدا ئىككىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ′money | پۇل | es′tate | ئۆي-مۈلۈك |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| 'product | مەھسۇلات | bal'loon | شار |
| 'larynx | بوغۇز، كېكىردەك | de'sign | لاھىيىلىمەك |

3) /əu/ بىلەن ئاياغلاشقان قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 'borrow | ئارىيەت ئالماق | 'follow | ئەگەشمەك |
| 'photo | سۈرەت | 'sparrow | قۇشقاچ |

4) ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەرنىڭ كەينىدىن سانىغاندىكى ئۈچىنچى بوغۇمى ئادەتتە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| 'family | ئائىلە | 'recognize | تونۇۋالماق |
| de'mocracy | دېموكراتىيە | phy'losophy | پەلسەپە |
| | | e'conomy | ئىقتىساد |

5) تۆۋەندىكى ئالدى قوشۇمچىلاردىن كېيىن كەلگەن بىرىنچى بوغۇم دائىم ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| a- | a'head | ئالدىدا | a'go | ... دىن ئىلگىرى |
| be- | be'gin | باشلىماق | be'come | ئۆزگەرمەك |
| com- | com'pare | سېلىشتۇرماق | com'mend | مەدھىيىلىمەك |
| con- | con'tain | ئۆز ئىچىگە ئالماق | con'clude | ئاياقلاشتۇرماق |
| de- | de'sign | لايىھىلىمەك | de'termine | بەل باغلىماق |
| em- | em'ploy | ئىشلەتمەك، ياللىماق | em'bark | باشلىماق |
| en- | en'courage | ئىلھاملاندۇرماق | en'joy | ھوزۇرلانماق |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| es- | es′cape | قاچماق | es′tablish | قۇرماق |
| ex- | ex′cuse | كەچۈرمەك | ex′cited | ھاياجانلانغان |
| im- | im′possible | مۇمكىن ئەمەس | im′portant | مۇھىم |
| in- | infor′mation | ئۇچۇر | in′deed | ھەقىقەتەن |
| ob- | ob′tain | ئېرىشمەك | ob′serve | كۆزەتمەك |
| per- | per′form | ئىجرا قىلماق | per′suade | نەسىھەت قىلماق |
| pre- | pre′pare | تەييارلىق كۆرمەك | pre′fer | تېخىمۇ ياخشى كۆرمەك |
| pro- | pro′pose | تەكلىپ | pro′nounce | تەلەپپۇز قىلماق |
| sub- | sub′mit | تاپشۇرماق | sub′due | بويسۇندۇرماق |
| trans- | trans′late | تەرجىمە قىلماق | trans′form | ئۆزگەرتمەك |

6) تۆۋەندىكى كەينى قوشۇمچىلارنىڭ ئالدىدىكى بىر بوغۇم ئادەتتە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ian- | ˌpoli′tician | سىياسىيون | mu′sician | مۇزىكانت |
| ic- | a′tomic | ئاتوملۇق | ˌdemo′cratic | دېموكراتىك |
| ical- | phy′sical | فىزىئولوگىيىلىك | po′litical | سىياسىي |
| id- | Solid | قاتتىق | ′stupid | ئەخمەق، دۆت |
| ial- | ′social | ئىجتىمائىي | ′partial | قىسمەن |
| ion- | ˌrevo′lution | ئىنقىلاب | so′lution | ئۇسۇل |
| ify- | ′beautify | (گۈزەللەشتۈرمەك) | ′simplity | (ئاددىيلاشتۇرماق) |
| ible- | ′possible | (مۇمكىن) | ′horrible | (قورقۇنچلۇق) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| ient- su'fficient | يېتەرلىك | o'bedient | باش ئەگكەن |
| ience-'patience | چىداملىق | e'xistence | ھاياتلىق |
| ity- i'dentity | ئوخشاش | capa'bility | قابىلىيەت |
| ish- 'foolish | ئەخمەق، دۆت | 'punish | جازالىماق |
| eous- cou'rageous | باتۇر | 'hideous | قورقۇنچلۇق |
| ious- de'licious | مەززىلىك | 'conscious | ئويغاق، سەگەك |
| ive- 'native | تۇغۇلغان جاي | pro'gressive | ئىلگىرىلىۋاتقان |
| ant-im'portant | مۇھىم | | |
| de-de'pendant | باشقىلارغا يۆلىنىۋالغۇچى | | |

ئەمما تۆۋەندىكى كەينى قوشۇمچىلار سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوقۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ؛

-ed, -es, -er, -est, -or, -ary, -ory, -ment, -ous, -cy, -ry, -ty, -al, -ure, -ute, -ble, -ar, -ly, -less, -ness, -ful, -ing

'prison — 'prisoner　　'carry —'carrying

'sorrow — 'sorrowness　　'help — 'helpless

7) ئىنگلىز تىلىدا بىرىككەن سۆزلەر (Compounds) دىن بىرىككەن ئىسىم (Noun Compounds)، بىرىككەن سۈپەت (Adjective Compounds) ۋە بىرىككەن پېئىل (Verb Compounds) قاتارلىقلار بار. بىرىككەن ئىسىم بىلەن بىرىككەن سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئادەتتە ئاساسىي ئۇرغۇ، ئىككىنچى بۆلىكىدە ئىككىلەمچى ئۇرغۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىرىككەن پېئىلنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئىككىلەمچى ئۇرغۇ، ئىككىنچى بۆلىكىدە ئاساسىي ئۇرغۇ (بۇ قائىدىگە چۈشمەيدىغانلىرىمۇ بار) ئىشلىتىلىدۇ.

a) بىرىككەن ئىسىم

| | |
|---|---|
| ˈblackˌ board | دوسكا |
| ˈclassˌroom | سىنىپ |
| ˈschoolˌ bus | مەكتەپ ماشىنىسى |
| ˈpostˌoffice | پوچتىخانا |
| fillingˌstation | ماي قاچىلاش پونكىتى |
| ˈwrithingˌdesk | پارتا، يېزىق ئۈستىلى |

b) بىرىككەن سۈپەت

| | |
|---|---|
| ˈbareˌfoot | يالاڭ ئاياغ |
| ˈchildˌlike | سەبىي، بىغۇبار |
| ˈfireˌproof | ئوتتىن مۇداپىئەلىنەلەيدىغان |
| ˈhomeˌsick | ئۆيىنى سېغىنغان |
| ˈfarˌsighted | يىراقنى كۆرەلەيدىغان |
| ˈheartˌbroken | قەلبى شىكەستىلەنگەن |

بەزى بىرىككەن سۈپەتلەردە ئىككى ئۇرغۇ بولىدۇ.

| | |
|---|---|
| ˈhand-ˈmade | قولدا ياسالغان |
| ˈhard-ˈworking | تىرىشچان |
| ˈwell-ˈknown | داڭلىق، مەشھۇر |
| ˈbad-ˈtempered | مىجەزى ئەسكى |
| ˈgood-ˈlooking | چىرايلىق |
| ˈabsent-ˈminded | كۆڭلى بىر جايدا ئەمەس |

c) بىرىككەن پېئىل

| | |
|---|---|
| ˌoutˈrun | ... دىن تېز يۈگۈرمەك |
| ˌoverˈsleep | ئۇخلىيالماسلىق |
| ˌunderˈtake | (تەيىنلەنمەك، ئۈنىماق، ماقۇل بولماق) |

### 2. جۈملىنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Sentence Stress)

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر ئايرىم تەلەپپۇز قىلىنغاندا ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ. ئەمما، ئېغىز

www.uyghurkitap.com

تىلى ئالاقىسىدە بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى بولسا ساقلىنىپ قالىدۇ. جۈملە ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان بوغۇم جۈملىنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ھادىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۈملىنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ئادەتتە مەنە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Sense Stress)، لوگىكىلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Logical Stress) ۋە ھېسسىياتلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Emotional Stress) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) مەنە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Sense Stress)

مەنە ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ئىنگلىز تىلىدىكى ئېغىز تىلىدا ئومۇمىيۈزلۈك، نورمال ھادىسىدۇر. جۈملە ئىچىدىكى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان سۆز ئادەتتە مۇستەقىل سۆز يەنى ئىسىم، سۈپەت، مۇستەقىل پېئىل، كۆپ ساندىكى رەۋىشلەر، سان، كۆرسىتىش ئالماش، سوراق ئالماش ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش قاتارلىقلاردۇر. يېنىك ئوقۇلىدىغان سۆز ئادەتتە ياردەمچى سۆز، يەنى ئارتىكىل (تاق بوغۇملۇق) ئالدى قوشۇلغۇچى، باغلىغۇچى، ياردەمچى پېئىل، كىشىلىك ئالماش، مۇناسىۋەت ئالمىشى، ئۆز ئارا ئالماش ۋە چەككىلەش ئالماش قاتارلىقلاردۇر.

I could 'hardly be'lieve my 'eyes.

كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.

I'm 'reading a 'very 'interesting 'novel.

مەن ناھايىتى قىزىقارلىق بىر رومان ئوقۇۋاتىمەن.

The 'first 'six have 'all 'won a 'prize.

ئالدىنقى ئالتىسى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

They 'help each other.

ئۇلار بىر-بىرىگە ياردەم قىلىدۇ.

2) لوگىكىلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Logical Stress) لوگىكىلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇش ئادەتتە سېلىشتۇرۇشنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئۇرغۇلۇق ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

That's 'my book, not 'yours.

ئۇ مېنىڭ كىتابىم، سېنىڭ ئەمەس.

Give it to 'them, not 'us.

ئۇنى بىزگە ئەمەس، ئۇلارغا بەر.

I 'can do the job. مەن بۇ خىزمەتنى قىلالايمەن.

3) ھېسسىياتلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇش (Emotion l Stress)

ھېسسىياتلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇش بىر خىل ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، تەكىتلىنىدىغان سۆز ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

We're 'lost! بىز يولدىن ئېزىپ قاپتۇق!

*Oh! I'm 'ill.* ئۇھ! ماڭا كېسەل تېگىپتۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئىنگلىز تىلىدىكى ئاز ساندىكى سۆز بىرىكمىلەر بىرىككە سۆز ئورنىدا ئىشلىتىلگەندە، ئاساسىي ئۇرغۇ ئالدىغا، ئىككىلەمچى ئۇرغۇ كەينىگە چۈشىدۇ؛ سۈپەت + ئىسىم شەكلىدىكى سۆز بىرىكمىسى ئورنىدا ئىشلىتىلسە، ئىككىلەمچى ئۇرغۇ ئالدىغا، ئاساسىي ئۇرغۇ كەينىگە چۈشىدۇ.

'dark,room سۈرەت يۇيۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قاراڭغۇ ئۆي

,dark'room قاراڭغۇ ئۆي

,green,house ئىللىق ئۆي

,green'house يېشىل ئۆي

,White,House ئاقساراي

,white'house ئاق رەڭلىك ئۆي

2. ئىنگلىز تىلىدىكى ئۇرغۇن سۆزلەرنىڭ يېزىلىشى ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇرغۇ چۈشكەن جاي ئوخشاش بولمىغاچقا (ئادەتتە سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشىگە بېقىنىدۇ)، سۆز مەنىسى ياكى سۆز تۈركۈمى ئۆزگىرىپ

كېتىدۇ.

| | |
|---|---|
| 1) ئىسىم | پېئىل |
| /In'kris/ | ئاشماق |
| increase /inkri:s/ | ئېشىش |
| /In'sʌlt/ | ھاقارەتلىمەك |
| insult/'insʌlt/ | ھاقارەت |
| /kən'dʌkt/ | يېتەكچىلىك قىلماق |
| conduct/'kondəkt/ | ھەرىكەت |
| /əb'dʒekt/ | قارشى تۇرماق |
| object/'obdʒikt/ | جىسىم |
| /sob'dʒekt/ | بويسۇندۇرماق |
| subject/'sʌbdʒikt/ | پەن |
| 2) سۈپەت | پېئىل |
| /pə'fekt/ | مۇكەممەللەشتۈرمەك |
| perfect/'pə:fikt/ | مۇكەممەل |
| /pri'zent/ | ئوتتۇرىغا قويماق |
| present/'preznt/ | مەيداندا بار، بار |
| /æb'sent/ | ئۆزىنى ئەپقاچماق |
| absent/'æbsnt/ | قاتناشمىغان، كەلمىگەن |
| /fri:'kwent/ | دائىم بارماق |
| frequent/'fri:kwənt/ | دائىم يۈز بېرىدىغان |
| 3) ئىسىم | سۈپەت |
| /In'stiŋkt/ | تولۇق |
| instinct/instiŋkt/ | ئىقتىدار |
| /æb'strækt/ | ئابستراكت |
| abstract/'æbstrækt/ | قىسقىچە مەزمۇنى |
| /mai'nju:t/ | بەك كىچىك |
| minute/'minit/ | مىنۇت |

3. لوگىكىلىق ئۇرغۇلۇق ئوقۇشنى قوللانغاندا، بىر جۈملە تەركىبىدىكى خالىغان بىر سۆزگە سۆزلىگۈچىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئۇرغۇ چۈشۈرۈلسە بولىدۇ، ئەمما باشقا سۆزلەر يېنىك ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

We heard John talking

بۇ جۈملە مەنە ئىپادىلىگۈچى ئاساسىي ئۇرغۇغا ئاساسەن مۇنداق ئوقۇلىدۇ.

We ′heard ′John ′talking.

بىز جوننىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدۇق.

ئەگەر جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكى تەكىتلەنمەكچى بولسا، مۇنداق ئوقۇلىدۇ:

We ′heard John talking.

بىز جوننىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان.

We heard ′John talking.

بىزنىڭ ئاڭلىغىنىمىز جوننىڭ گەپ قىلىۋاتقانلىقى.

We heard John ′talking

بىز جوننىڭ گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدۇق.

4. ئاددىي سوراق جۈملىگە بېرىلگەن قىسقا جاۋابتىكى ياردەمچى پېئىل ياكى باغلامچى پېئىل ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

— ′Have you ′read the ′book?

— سىز بۇ كىتابنى ئوقۇغانمۇ؟

— ′Yes, I ′have.

— ھەئە، ئوقۇغان.

— ′Are you on ′duty today?

سىز بۈگۈن دېجۇرنىمۇ؟

— ′Yes, I ′am.

ھەئە، مەن دېجۇرنى.

ئەمما، ئالاھىدە سوراق جۈملىگە بېرىلگەن قىسقا جاۋابتىكى ياردەمچى پېئىل ياكى باغلامچى پېئىل ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— 'Who is on 'duty?

ـ كىم نىجورنى؟

— 'I am.

ـ مەن.

— 'Who has a 'rubber?

ـ كىمدە ئۆچۈرگۈچ بار؟

— 'Tom has.

تومدا.

5. قىسقارتىلغان ئىنكار شەكىلدىكى ياردەمچى پېئىل ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

*I 'won't be 'late.*

مەن كېچىكمەيمەن.

*It 'doesn't ˌmatter.*

ھېچقىسى يوق.

6. بايىلا ئىشلىتىلگەن سۆز ئۇلىنىپلا ئىككىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەندە، ئادەتتە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ.

— *'How many 'times have you 'been there?*

سەن ئۇ يەرگە قانچە قېتىم بارغان؟

— *'Three times.*

ـ 3 قېتىم.

— *'Did he 'leave 'yesterday?*

ـ ئۇ تۈنۈگۈن كەتتىما؟

— *'No, he left 'today.*

ـ ياق، ئۇ بۈگۈن كەتتى.

7. «*so*» دېگەن رەۋىش «*think so*»، «*do so*» قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئىچىدە كەلگەندە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ.

*I 'think / 'hope / 'believe/ 'suppose so.*

مەن شۇنداق ئويلايمەن / ئۈمىد قىلىمەن / شۇنىڭغا ئىشىنىمەن / شۇنداق دەپ قارايمەن.

8. 《*street*》 كوچا ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىلگەندە ئۇرغۇلۇق ئوقۇلمايدۇ. ئەمما *road*, *avenue*, *lane* قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدۇ.

| | |
|---|---|
| '<u>Wall</u> | ۋال كوچىسى |
| '<u>Chang</u> An Street | چاڭئەن كوچىسى |
| '<u>Nanjing</u> '<u>Road</u> | نەنجىڭ يولى |
| '<u>Michigan</u> '<u>Avenue</u> | مىچىگان يولى |

www.uyghurkitap.com

# ئۆ

## ئۆتۈملۈك پېئىل
## (及物动词 Transitive Verb)

تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلەلەيدىغان پېئىل ئۆتۈملۈك پېئىل دېيىلىدۇ. بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللار پەقەت بىرلا تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، بۇ تاق ئۆتۈملۈك پېئىل دېيىلىدۇ؛ بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللار ئىككى تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، يەنى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ۋە بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، ئۇ قوش ئۆتۈملۈك پېئىل دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىل ئۆتۈملۈك پېئىل بىر تولدۇرغۇچى ۋە بىر تولۇقلىغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ، بۇ مۇرەككەپ ئۆتۈملۈك پېئىل دېيىلىدۇ.

### 1. تاق ئۆتۈملۈك پېئىل

He caught a fish.

ئۇ بىر تال بېلىق تۇتتى.

The sailors abandoned the burning ship.

كېمىچىلەر ھېلىقى ئوت كەتكەن كېمىنى تاشلىۋەتتى.

Parents seem unwilling to correct their children these days.

ھازىر ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ناچار ئادەتلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشنى خالىمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

### 2. قوش ئۆتۈملۈك پېئىل

I showed him the picture.

مەن ئۇنىڭغا سۈرەتنى كۆرسەتتىم.

He offered to lend me some books.

ئۇ ماڭا ئازراق كىتاب بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

Shall I leave you this dictionary?

بۇ لۇغەتنى ساڭا قالدۇرۇپ قويايمۇ؟

### 3. مۇرەككەپ ئۆتۈملۈك پېئىل

They have elected him Mayor.

ئۇلار ئۇنى شەھەر باشلىقلىقىغا سايلىدى.

His parents named him John.

ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا جون دەپ ئات قويدى.

He likes his desk tidy.

ئۇ پارتىسىنىڭ رەتلىك تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بىر ئۆتۈملۈك پېئىل ئوخشىمىغان جايدا ئىشلىتىلسە بىلدۈرگەن مەنىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

I found her in the library.

مەن ئۇنى كۇتۇپخانىدىن تاپتىم. (تاق ئۆتۈملۈك پېئىل)

I found her a new job.

مەن ئۇنىڭغا بىر يېڭى خىزمەت تېپىپ بەردىم. (قوش ئۆتۈملۈك پېئىل)

I found her an entertaining partner.

مەن ئۇنىڭ بىر قىزىقچى ھەمراھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. (مۇرەككەپ ئۆتۈملۈك پېئىل)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆتۈمسىز پېئىل
## （不及物动词 Intransitive Verb）

كەينىدىن تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلەلمەيدىغان پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىل دېيىلىدۇ.

I teach in a primary school.

مەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن.

She lives with her mother in a small town.

ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە بىر كىچىك شەھەردە تۇرىدۇ.

She was performingin the Opera House in Warsaw.

ئۇ شۇ چاغدا ۋارشاۋا تىياتىرخانىسىدا ئويۇن قويۇۋاتاتتى.

The postman turned round the corner on his bicycle.

پوچتىكەش ۋېلىسىپىت مىنگىنىچە دوقمۇشتىن قايرىلدى.

［قىيىن نۇقتا تەھلىلى］

ئىنگلىز تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى پېئىللار ھەم ئۆتۈملۈك ھەم ئۆتۈمسىز پېئىل بولالايدۇ. ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسى بەزىدە ئوخشاش بولمايدۇ.

It seemed that she would never dance again.

قارىغاندا، ئۇ ئەمدى مەڭگۈ ئۇسسۇل ئوينىمايدىغاندەك قىلىدۇ. (ئۆتۈمسىز پېئىل)

She was allowed to dance the part of a slave girl.

ئۇنىڭغا بىر دېدەكنىڭ رولىنى ئېلىش رۇخسەت قىلىندى. (ئۆتۈملۈك پېئىل)

The meeting concluded after three hours.

يىغىن ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئاخىرلاشتى. (ئۆتۈمسىز پېئىل)

We concluded the meeting at eight o'clock.

بىز يىغىننى سائەت 8 دە ئاخىرلاشتۇردۇق. (ئۆتۈملۈك پېئىل)

The horse refused at a fence.

ئات قاشادىن ئۆتكىلى ئۇنىمىدى. (ئۆتۈمسىز پېئىل)

My mother refused to sympathize.

ئانام قىلچىمۇ ھېسداشلىق قىلمىدى. (ئۆتۈملۈك پېئىل)

# ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان
# (过去进行时 Past Continuous Tense)

ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر پەيتتە ياكى مەلۇم بىر بۆلەك ۋاقىتتا ئىجرا بولۇۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

## 1. شەكلى

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى «was (بىرىنچى، ئۈچىنچى شەخس) ياكى were (باشقا شەخسلەر) + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى» دىن تۈزۈلىدۇ.

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى «was (بىرىنچى، ئۈچىنچى شەخس) ياكى were (باشقا شەخسلەر) + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى» دىن تۈزۈلىدۇ.

بۇ زاماننىڭ بايان جۈملە، سوراق جۈملە، ئىنكار جۈملە ھەمدە ئاددىي جاۋاب قۇرۇلمىسىدىكى ھەر خىل شەكلىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

(مىسال ئۈچۈن work پېئىلى ئېلىندى).

| | باي ان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | ئاددىي جاۋاب |
|---|---|---|---|---|
| work | I(He,She) was working. You (We, They) were working | Was I(he, she) working Were you (we,they) working? | I(He,She) was not working You (We, They) were not working | Yes,I(he, she) was. No,I(he, she) wasn't. Yes, you (we, they) were. No, you (we, they) were not. |

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر پەيتتە ياكى مەلۇم ۋاقىتتا ئىجرا بولۇۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە at eight last night, at that time, this time yesterday, yesterday aftornoon, when he came in, قاتارلىق ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ئالاھىدە ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان when I ھالەتلەر بىلەن بىللە كېلىدۇ.

When I arrived Tom was talking on the phone.

مەن يېتىپ بارغاندا، توم تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان ئىكەن.

What where you doing this time yesterday?

تۈنۈگۈن مۇشۇ چاغدا سەن نېمە ئىش قىلىۋاتاتتىڭ؟

2) بەزىدە پىلان بويىچە ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. (ھازىر داۋاملىشىۋاتقان زاماننىڭ 2.2ـسىگە قاراڭ)

I was told that he was coming to the opening ceremony of the First East Asian Games.

ئاڭلىشىمچە، ئۇ تۈنجى نۆۋەتلىك شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىكەن.

I did not know whether Mr Smith was going with us.

سىمىت ئەپەندىنىڭ بىز بىلەن بىللە بارىدىغان-بارمايدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن.

3) hope, wonder, want, wish قاتارلىق پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى، ھازىرقى زامان شەكلى ۋە ئۆتكەندە داۋاملىشىۋاتقان شەكلى سىپايە تەلەپپۇزنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۈچ خىل زاماندا ئىپادىلەنگەن سىپايىلىك دەرىجىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققىچە بولغان تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ.

I was hoping you could send me some books.

مەن سىزنىڭ ماڭا ئازراق كىتاب ئەۋەتىشىڭىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلاتتىم.

I am hoping you'll send me some books. I hoped you could send me some books.

4) ۋاقىت بېقىندى جۈملە ۋە شەرت بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلگەندە ئۆتۈپ كەتكەن كەلگۈسىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

I told him not to mention this when he was talking to her.

مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە بۇ ئىشنى تىلغا ئالماسلىقنى ئېيتتىم.

She told me to wake her up if she was dozing.

ئۇ ماڭا ئەگەر ئۆزى مۈگدەپ قالسا ئويغىتىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى.

5) always, constantly, continually, forever قاتارلىق ھالەتلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە ھېسسىي تۈسنى بىلدۈرىدۇ.

He was always ringing me up.

ئۇ ھە دېسىلا ماڭا تېلېفون ئۇراتتى. (بىزارلىقنى بىلدۈرىدۇ)

You were continually finding fault with me.

سەن ھەمىشە مەندىن قۇسۇر تاپىسەن. (نارازىلىقنى ياكى بىزارلىقنى بىلدۈرىدۇ)

www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان بىلەن ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ پەرقى

1. ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان ھەرىكەتنىڭ ھازىر داۋاملاشمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاددىي ئۆتكەن زامان بولسا ھەرىكەتنىڭ ئاللىبۇرۇن تاماملىنىپ بولۇنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

They <u>built</u> the Fengpu Bridge last autumn.

ئۇلار فېڭ پۇ كۆۋرۈكىنى بۇلتۇر كۈزدە ياسىغان. (ئاللىبۇرۇن پۈتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

They <u>were building</u> the Fengpu Bridge last autumn.

فېڭ پۇ كۆۋرۈكىنى ئۇلار بۇلتۇر كۈزدە ياساۋاتاتتى. (ھازىر ياسىلىۋاتقانلىقىنى، تېخى پۈتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

He <u>wrote</u> a letter to his girl friend last night.

تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ قىز دوستىغا خەت يازدى. (يېزىپ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ) •

He <u>was writing</u> to his girl friend last night.

تۈنۈگۈن ئۇ قىز دوستىغا خەت يېزىۋاتاتتى. (تېخىچە يېزىۋاتقانلىقىنى، يېزىپ بولغانلىقىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

2. ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ ئۈزۈلۈكسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئاددىي ئۆتكەن زامان بولسا ئەمەلىيەتنى چۈشەندۈرۈشكە، يەنى ئىلگىرى مەلۇم بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى تەكىتلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

The wind <u>blew</u> heavily the whole morning.

پۈتۈن چۈشتىن بۇرۇن بوران ناھايىتى قاتتىق چىقتى. (ئەمەلىيەت چۈشەندۈرۈلدى)

The wind <u>was blowing</u> heavily the whole morning.

پۈتۈن چۈشتىن بۇرۇن بوران توختىماستىن قاتتىق چىقتى.

3. ئىككى ھەرىكەت بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بولسا، نىسبەتەن ئۇزۇنراق داۋاملاشقان ھەرىكەت ئۆتكەندە داۋاملاشقان زامان بىلەن،

قىسقىراق داۋاملاشقان ھەرىكەت ئاددىي ئۆتكەن زامان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

He <u>was running</u> downstairs when he <u>slipped</u> and <u>fell.</u>

ئۇ ئاستىنقى قەۋەتكە يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، تېيىلىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

While they <u>were playing</u> on the sportsground, she alone <u>remained</u> in the classroom.

ئۇلار مەيداندا ئويناۋاتقاندا، ئۇ ئۆزى يالغۇز سىنىپتا ئىدى.

## ئۆتكەندە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان
## （过去完成进行时）
## （Past Perfect Continuous Tense）

ئۆتكەندە داۋاملىشىپ پۈتكەن زامان ئاساسلىقى ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

### 1. شەكلى

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى «had + been + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى» دىن تۈزۈلىدۇ.

بۇ زاماننىڭ بايان جۈملە ۋە ئىنكار جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى شەكلىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە «work» پېئىلى مىسال ئېلىندى.

| | بايان جۈملە | ئىنكار جۈملە |
|---|---|---|
| work | I(You, He, She, It, We, They) had been working | I(You, He, She, It, We, They) had not been working |

### 2. ئىشلىتىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ۋاقىتتىن باشلىنىپ، ئۆتمۈشتىكى يەنە بىر ۋاقىتقىچە داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئاشۇ ۋاقىتتا ئەمدىلا تاماملانغان بولۇشى ياكى يەنە داۋاملاشقان بولۇشى مۇمكىن.

When I got to the cinema, my mother had been waiting for me for half an hour.

مەن كىنوخانىغا بارغان ۋاقىتتا، ئانام مېنى يېرىم سائەت ساقلاپتىكەن.

Henry told me that he had been studying chinese poetry of the Tang Dynasty since he came to China.

ھېنرى ماڭا جۇڭگوغا كەلگەندىن بېرى جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

To his great joy, Lennie Steffens finally got the pony that he had been looking forward to.

لىننى ستېففېنس ئىنتايىن خۇشال، ئۇ ئاخىرى ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان تايچاقا ئېرىشتى.

## ئۆتكەندە پۈتكەن زامان
## (过去完成时 Past Perfect Tense)

ئۆتكەندە پۈتكەن زامان ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىت ياكى ھەرىكەتتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ياكى تاماملانغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

**1. شەكلى**

بۇ زاماننىڭ پېئىل شەكلى ياردەمچى پېئىل had + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ زاماننىڭ بايان جۈملە، ئىنكار جۈملە، سوراق جۈملە ۋە قىسقىچە جاۋاب قۇرۇلمىسىدىكى ھەر خىل

شەكلىنىڭ جەدۋەللىك ئىپادىلىنىشى تۆۋەندىكىچە. work پېئىلى مىسال قىلىنىدۇ.

| | بايان جۈملە | سوراق جۈملە | ئىنكار جۈملە | قىسقىچە جاۋاب |
|---|---|---|---|---|
| work | I (We, You, He, She, It, They) had worked | Had I (We, You, He, She, It, They) worked | I (We, It, You, He, She, It, They) had not worked. | Yes, I (we, you, he, she, it, they) had. No, I (you, we, he, she, it, they) had not. |

## 2. ئىشلىتىلىشى

1) بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىت ياكى يەنە بىر ھەرىكەت (ئاددىي ئۆتكەن زامان ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ) يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى تاماملانغان ياكى ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەمىشە by, before قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن ئىبارە ھەمدە when, before قاتارلىقلار بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملىلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

By the end of last term we had finished learning Book Two of "College English Intensive Reading".

ئالدىنقى مەۋسۈمنىڭ ئاخىرىغىچە بىز «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى» نىڭ 2-قىسمىنى ئۆگىنىپ بولدۇق.

The film had already begun when he reached the cinema.

ئۇ كىنوخانىغا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا كىنو ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ كەتكەنىدى.

2) ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتىن باشلىنىپ، ئۆتمۈشتىكى يەنە بىر ۋاقىتقىچە داۋاملاشقان ھەرىكەت ياكى ھالەتنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە بۇ ھەرىكەت يەنىمۇ داۋاملىنىشى مۇمكىن. كۆپىنچە ھاللاردا for ياكى since

www.uyghurkitap.com

بىلەن باشلانغان، مەلۇم بىر بۆلۈك ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە ياكى بېقىندى جۈملە بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

By the end of last month, I had been in this school for ten years.

ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مېنىڭ بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمغا 10 يىل بولدى.

She said that she had made much progress since she came to this university.

ئۇ بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيان ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەشنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتتى.

By nine o'clock she had worked twenty hours.

سائەت 9 دىن بېرى ئۇ 20 سائەت ئىشلىدى.

3) شەرت بېقىندى جۈملە ياكى wish دىن كېيىن كېلىدىغان تولدۇرغۇچىلىق بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىپ، ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈپ كەتكەن شەرت ياكى پەرەزنى يوشۇرۇن بىلدۈرىدۇ. (ساختا رايغا قاراڭ)

If Jim had studied hard, he would have passed the exam.

جىم ئەگەر تىرىشىپ ئۆگەنگەن بولسا، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. (يوشۇرۇن ئىنكار مەنە مۇنداق بولىدۇ: He didn't study hard.)

I wish I had gone to the party yesterday.

تۈنۈگۈن مەن كەچلىك ئولتۇرۇشقا قاتناشقان بولسام بەك ياخشى بولاتتى. (يوشۇرۇن ئىنكار مەنە مۇنداق بولىدۇ. I didn't go to the party, yesterday)

4) hope, want, intend, expect, mean, think قا ئوخشاش پېئىللار بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە، ئۆتمۈشتىكى پىلانى، ئۈمىدى ياكى مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئاشماي قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

I had hoped/intended/meant to take a good holiday this year,

but I wasn't able to get away.

مەن ئەسلىدە بۇ يىل تەتىلنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىمەن دەپ ئۈمىد قىلغان / پىلانلىغان / ئويلىغان، ئەمما ماڭالماي قالدىم.

Jim had wanted to act on his own judgment, but he didn't do so.

جىم ئەسلىدە ئۆز ھۆكۈمى بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئويلىغان، ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

5) بۇ زامان يەنە It was the first/second etc, time … that لىك جۈملە شەكلىنىڭ تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ. (ھازىر پۈتكەن زامانىنىڭ 4.2-تارمىقىغا قاراڭ)

I was lucky actually because that was the second time I had visited paris that year.

مەن ھەقىقەتەن تەلەيلىك ئىكەنمەن. شۇ يىلى مەن پارىژنى ئىككى قېتىم ساياھەت قىلغانىدىم.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئۆتكەندە پۈتكەن زامان بىلەن ئاددىي ئۆتكەن زامانىنىڭ پەرقى:

1. ئۆتكەندە پۈتكەن زامانىنىڭ بىلدۈرىدىغىنى ئۆتمۈشتىكى ئۆتمۈش بولۇپ، نىسپىي زاماندۇر. بۇ زامانىنى پەقەت ئۆتمۈشتىكى مەلۇم بىر ۋاقىت ياكى مەلۇم بىر ھەرىكەت بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئاددىي ئۆتكەن زامانىنىڭ بىلدۈرىدىغىنى ھازىرقى ئۆتمۈش بولۇپ، بۇ زاماندا ئاددىي ئۆتكەن ۋاقىتتىكى ئەھۋال سۆزلىنىدۇ.

He told me that corporation had bought a film company for $5 billion.

ئۇ ماڭا ئۇ شىركەتنىڭ 5 مىليارد يۈەنگە بىر كىنو شىركىتىنى سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتتى.

2. when, as soon as, before, after, until, now that قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدىكى قوشما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۈملىدە، ئەگەر باش جۈملىنىڭ خەۋىرى بىلەن بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ئۆتكەنكى ھەرىكەت ئىلگىرى-كېيىن يۈز بەرگەن بولسا، ئالدىدا يۈز بەرگىنىگە ئۆتكەندە پۈتكەن زامان، كېيىن يۈز بەرگىنىگە ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ.

When the bell <u>rang</u>, they <u>had finished</u> their test papers.

قوڭغۇراق چېلىنغاندا، ئۇلار ئىمتىھان قەغىزىگە جاۋاب يېزىپ بولغانىدى.

He <u>had studied</u> English for many years before he <u>came</u> to this college.

ئۇ بۇ ئىنستىتۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرى نەچچە يىل ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەنىدى.

I <u>decided</u> to go to the movies now that I <u>had finished</u> my home work.

مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولغاچقا، كىنو كۆرگىلى بېرىشنى قارار قىلدىم.

3. ئەگەر ئۆتمۈشتىكى ئىككى ھەرىكەت كەينى-كەينىدىن يۈز بەرگەن بولسا، ئۆتكەندە پۈتكەن زامان ئىشلىتىلمەستىن، ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ before, after, as soon as قاتارلىق باغلىغۇچىلار بىلەن باشلانغان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇ سۆزلەردە ئەسلىدىنلا ئىككى ھەرىكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى ئىپادىلەنگەن.

They <u>drow</u> at once to Jianguo Hotel after they <u>arrived.</u>

ئۇلار يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەرھال ماشىنا بىلەن جيەنگو مېھمانخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

As soon s the bell <u>rang</u> for the break, the door <u>opened</u> and in <u>came</u> Mr smith, the head master.

دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىنىش بىلەنلا ئىشىك ئېچىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى سىمىت ئەپەندى كىرىپ كەلدى.

4 . ئۆتكەندە پۈتكەن زامان ago بىلەن بىللە ئىشلىتىلمەيدۇ، ئەمما before بىلەن بىللە ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ago ئاددىي ئۆتكەن زاماندا ئىشلىتىلىدۇ.

Three days ago, I visited the History Museum with my classmates.

ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە تارىخىي مۇزېينى زىيارەت قىلدىم.

Napoleon died in 1821; he had lost the battle of Waterloo six years before.

ناپالېئون 1821-يىلى ئۆلگەن؛ ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن 6 يىل ئىلگىرى ۋاتېرلو جېڭىدا مەغلۇپ بولغان.

ئىنگلىز تىلىدىكى قوشما جۈملىلەردە، ئەگەر باش جۈملىنىڭ خەۋىرى ئۆتكەن زاماندا كەلگەن بولسا، بېقىندى جۈملە تەركىبىدە مۇتلەق ئۆتكەن ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ھالەت بار بولسا، ئۇ ھالدا بېقىندى جۈملىدە ئاددىي ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ، ئۆتكەندە پۈتكەن زاماننى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. (زاماننىڭ بىردەكلىكى دېگەن ئاتالغۇنىڭ قىيىن نۇقتا تەھلىلىنىڭ 2-تارمىقىغا قاراڭ)

John said "I was born in 1966."

جون: «مەن 1966-يىلى تۇغۇلغان» دېدى.

John said he was born in 1966.

جون ئۆزىنىڭ 1966-يىلى تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتتى.

Xiao Liu said: "I joined the football team in 1987."

شياۋليۇ: «مەن 1987-يىلى پۇتبول كوماندىسىغا قاتناشقان دېدى.»

Xiao Liu told me he joined the football team in 1987.

شياۋليۇ ماڭا ئۆزىنىڭ 1987-يىلى پۇتبول كوماندىسىغا قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى.

www.uyghurkitap.com

# ئۆزلۈك دەرىجە
# （主动语态　Active Voice）

ئۆزلۈك دەرىجە-ئىگە ھەرىكەتنىڭ ئىجراچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

I <u>ate</u> an apple this morning.

ئەتىگەن مەن بىر تال ئالما يېدىم.

She <u>has fulfilled</u> her task ahead of schedule.

ئۇ ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاپ بولدى.

Light <u>brings</u> about some chemical changes.

يورۇقلۇق بەزى خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

# ئۆزئارا ئالماش
# （相互代词　Reciprocal Pronoun）

ئۆز ئارا ئالماش ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان ئالماشتۇر. ئۇلارنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:

| چۈشۈم كېلىش | ئىگىلىك كېلىش |
|---|---|
| each other (ئۆزئارا) | each other's بىر-بىرىنىڭ |
| one another (ئۆز ئارا) | one another's بىر-بىرىنىڭ |

ئادەتتە 《each other》 ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا، 《one another》 ئىككىدىن ئارتۇق كىشى ياكى نەرسە ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىدا ئۇلار دائىم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

They always send <u>each other</u> a card at Christmas.

مىلاد بايرىمىدا ئۇلار بىر-بىرىگە ئاتكرىتكا ئەۋەتىشىدۇ. (تولدۇرغۇچى)

The two lorries collided with one another on the motorway.

ئىككى قارا ماشىنا يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئۆز ئارا سوقۇلۇپ كەتتى. (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى)

Last year we visited each other's capitals.

بۇلتۇر بىز بىر-بىرىمىزنىڭ دۆلىتىنىڭ پايتەختىنى زىيارەت قىلدۇق. (ئىنىقلىغۇچى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇ

## ئۈچىنچى شەخس
## (第三人称 Third Person)

he (ئەرلەرگە قارىتىلغان ئۇ)، she (ئاياللارغا قارىتىلغان ئۇ)، it (نەرسىلەرگە قارىتىلىدىغان ئۇ) ۋە ئۇلارنىڭ كۆپلۈك شەكلى they (ئۇلار) Ⅲ شەخسنىڭ باش كېلىش شەكلى بولۇپ، ئۇلار ئادەم، هايۋان ياكى نەرسىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى him, her, it ۋە them لاردۇر.

Hardly had <u>he</u> opened his eyes when <u>she</u> told <u>him</u> that <u>it</u> was time for <u>them</u> to leave.

ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىشىغىلا، ئۇ ئۇنىڭغا ئۇزلىرىنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

The sight of blood always makes <u>her</u> feel sick.

ئۇ قاننى كۆرسىلا ھەمىشە كۆڭلى ئېلىشىدۇ.

## ئۈندەش بەلگىسى
## (感叹号 Exclamation Mark)

ئۈندەش بەلگىسى خۇشال بولۇش، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، مەمنۇن بولۇشتەك كۈچلۈك ھېسسىياتنى بىلدۈرىدىغان تىنىش بەلگىسىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىشى تۆۋەندىكىچە:

**1. how ۋە what بىلەن باشلانغان ئۈندەش جۈملىلەردىن**

كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

What lovely weather!

ھاۋا نېمە دېگەن ياخشى-ھە!

How fast they are working!

ئۇلارنىڭ ئىش قىلىشى نېمە دېگەن تېز-ھە!

How brave she was!

ئۇ نېمە دېگەن باتۇر-ھە!

2. ئىگىسى بولمىغان قىسقا ئۈندەش جۈملىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Great! بەك ياخشى بولدى!

Terrible! بەك قورقۇنچلۇق! تازا نەس باستىغۇ!

Well done! ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ!

3. بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Be careful! دىققەت قىل! پەخەس بول!

Stop making noises! ۋاڭ-چۇڭ قىلماڭلار!

Come on! Be quick! كېلە! تېز بول!

4. ئۈندەش سوراق جۈملىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Isn't she tall! ئۇ ھەجەپ ئېگىزكىنا!

Wasn't that a wonderful idea!

ھەقىقەتەن ياخشى ئوي ئىكەن ئۇ!

My, have you grown!

ئوھوي! چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپسەنغۇ!

Was I excited!

ھەجەپ ھاياجانلىنىپ كەتتىما!

ئۈندەش سوراق جۈملىدە ئادەتتە ئۇرغۇ پەسلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

5. جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش ياكى قاراتما سۆزدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Look out! — پەخەس بول!

Help! Help! — قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار!

Fire! — ئوت كەتتى.

6. ئۈندەش سۆزدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

Aha! I have caught him at last.

ئوھوي! مەن ئاخىرى ئۇنى تۇتۇۋالدىم.

Wow! How can you believe him?

ۋوي! ئۇنىڭغا نېمانچە ئىشىنىسەن؟

Look! There goes the 100-metre dash!

قاراڭلار! 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش باشلىنىپتۇ!

7. To think that ياكى That بىلەن باشلانغان ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

To think that all that money has been wasted!

شۇنچىۋالا پۇل قاراپ تۇرۇپ ئىسراپ بولۇپ كەتتىيا!

To think that this precious book has fallen into the hands of those scoundrels!

مۇشۇنداق بىر قىممەتلىك كىتابنىڭ ئاشۇ پەسەندىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى دېمىنا!

That he should do such a thing!

ئۇ مۇشۇنداق ئىشنىمۇ قىلىدىكەن ـ ھە!

8. well ياكى If (only)، why ياكى if بىلەن باشلانغان ھەيرانلىق ياكى ئارزۇ-ئىستەكنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردىن

كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

If only you had told me!

ماڭا بالدۇرراق دېگەن بولساڭ ياخشى بولاتتىكەن!

If only she would marry me!

ئۇ ماڭا تەگكەن بولسىچۇ كاشكى!

Well, if I haven't left my umbralla in the train!

ماۋۇ نەسلىكتى كۆرۈڭ، كۆنلۈكۈمنى پويىزدا ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ!

Why, if it isn't my old friend Caroline!

ۋوي، ئۇ مېنىڭ قەدىناس دوستۇم كارولىن ئەمەسمۇ!

**9. تىلەك ياكى قارغاشنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.**

May you both be happy! ئىككىڭلارغا بەخت يار بولسۇن!

God bless you! خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

Long live the People's Republic of China!

ياشىسۇن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى!

Damn you! بېشىڭنى يەرسەن!

God forbid! خۇدايىم ئاخىرى كۆرسىتىدۇ!

## ئۈندەش جۈملە

## (感叹句 Exclamatory Sentence)

ئۈندەش جۈملە گەپ قىلغان چاغدىكى مەلۇم خىل كۈچلۈك ھېسسىيات، يەنى ھەيران قېلىش، مەمنۇن بولۇش، غەزەپلىنىش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. ئۈندەش جۈملىدىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. جۈملە ئۇرغۇ چۈشۈرۈلۈپ ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداق: ئۈندەش سۆز How ياكى what + ئۈندەش ئوبيېكتى + …
(ئاخىرى بايان جۈملىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشاش)

### 1. How بىلەن باشلانغان ئۈندەش جۈملە

《how》 «نېمە دېگەن، نەقەدەر» دېگەن مەنىنى بىرىدۇ، ھالەت بولىدۇ، سۈپەت، رەۋىش ياكى پېئىلنى ئىنىقلايدۇ.

How funny it is!

نېمە دېگەن قىزىقارلىق-ھە!

How hard she is working!

ئۇ خىزمەتنى نەقەدەر تىرىشىپ ئىشلەيدۇ-ھە!

How he hated these beasts!

ئۇ بۇ ھايۋانلارغا نېمە دېگەن ئۆچ-ھە!

How wonderfully they are dancing!

ئۇلار ئۇسسۇلنى نېمە دېگەن ياخشى ئوينايدۇ-ھە!

### 2. that بىلەن باشلانغان ئۈندەش جۈملە

《what》 «نېمە دېگەن، نەقەدەر، ئەجەب» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، ئىسىمنى ئېنىقلايدۇ.

What a fine voice she has!

ئۇنىڭ ئاۋازى ھەجەپ ياخشىكىنە!

What hardworking students they are!

ئۇلار نېمە دېگەن تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار-ھە!

What a delightful evening they have had!

ئۇلار بۈگۈن ئاخشامنى نەقەدەر خۇشال ئۆتكۈزگەن-ھە!

### 3. قىسقارغان شەكىلدىكى ئۈندەش جۈملە

How tired!

ھەجەپ ھېرىپ كەتتىما!

What a pity!

نېمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش-ھە!

What a size!

نېمە دېگەن ئېگىز-ھە!

What nonsense!

نېمە دېگەن تېتىقسىز-ھە!

**4. سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدىكى ئۈندەش جۈملە**

Wonderful! بەك ياخشى بولدى!

Nonsense! جۆيلۈمە!

Amazing! How is it they grow so fast?

قالتىس ئىش! ئۇلار ھەجەپ بۇنچە تېز چوڭ بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

A good idea! ياخشى ئويكەن!

**5. There, Here قاتارلىق رەۋىشلەر بىلەن باشلانغان ئۈندەش جۈملە**

There he is!

ئۇ قەيەردە!

Here she comes!

ئۇ كەلدى!

There goes the bell!

قوڭغۇراق چېلىندى!

Here comes Mr. Green!

گرىن ئەپەندى كەلدى!

**6. بايان جۈملە، بۇيرۇق جۈملە قاتارلىقلار ئارقىلىق**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ.

بايان جۈملە، بۇيرۇق جۈملە قاتارلىقلار ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلۇش ئارقىلىق ئۈندەش جۈملىگە ئۆزگەرتىلىپ، مەلۇم خىل كۈچلۈك ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ.

He reads so carefully!

ئۇ كىتابنى تولىمۇ ئەستايىدىل ئوقۇيدۇ!

Do stay with them!

چوقۇم ئۇلار بىلەن بىللە تۇر!

## ئۈندەش سۆز
## (感叹词 Interjection)

سۆزلىگۈچىنىڭ خۇشال بولۇش، غەزەپلىنىش، قايغۇرۇش، مەمنۇن بولۇشتەك كەيپىياتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئۈندەش سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بىلەن ھېچقانداق گراماتىكىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر مۇستەقىل بۆلەكتۇر. ئەمما مەنە جەھەتتە باشقا بۆلەكلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، مەلۇم بىر كەيپىياتنىڭ خاراكتېرى، سەۋەبى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۈندەش سۆز ئادەتتە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، ئاخىرىغا پەش قويۇلىدۇ. ھاياجانلىنىش كەيپىياتى بىر قەدەر كۈچلۈك بولسا، ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. قىسمەن ئەھۋاللاردا ئۈندەش سۆز جۈملە ئوتتۇرىسى ياكى جۈملە ئاخىرىدىمۇ كېلىدۇ.

دائىم ئىشلىتىدىغان ئۈندەش سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

(o) oh (ئوھوي، ئاھا، ئەي، ئاھ) ھەيران قېلىش، قايغۇرۇش، خۇشال بولۇش، ئازابلىنىش، قورقۇش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

hello (ۋەي، ھەي) سالام-سائەت، كىشىلىك ئالاقىدە ئىشلىتىلىدۇ.

well (ھەي، ھىم، ئاپلا) ھەيرانلىق، ئىككىلىنىش، ئۇھ تارتىش

قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

ah (ھىم، ئوھوي، ئاھا) ھەيرانلىق، قورقۇش، خۇشال بولۇش، ئازابلىنىش، ئۆتۈنۈش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

why (ھەي، ئاپلا، ھە) ھەيرانلىق، تاقەتسىزلىك، ئارسالدى بولۇش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. oh Lord, Good Heavens, Good Lord (خۇدايىم، ئاھ خۇدا، تەڭرىم، خۇدايىم ساقلىغاي) ھەيرانلىق، قايغۇرۇش قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. ئەرلەر كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

oh dear, dear me, (my) goodness, gracious me, gracious (ئاھ خۇدايىم، ئاپلا، ۋاي خۇدايىمەي) ھەيرانلىق، مەدھىيە، ئازابلىنىش، تاقەتسىزلىك قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. ئاياللار كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

aha/a:ha:/ ئاھا (رازىمەنلىكنى بىلدۈرىدۇ)

pshaw/pʃɔ:/

ھىم، تۇفى (پەس كۆرۈش، غەزەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ)

whew/hju:/

ئوھ (ھەيرانلىق، ئۈمىدسىزلىكنى بىلدۈرىدۇ)

hey/hei/

ھەي (مەمنۇنلۇق، سالام قىلىشنى بىلدۈرىدۇ)

bah/ba:/

ھىم (پەس كۆرۈش، كۆزگە ئىلماسلىقنى بىلدۈرىدۇ)

hush/hʌʃ/

ھۇش (گەپ قىلماسلىقنى، جىم بولۇشنى بىلدۈرىدۇ)

ouch/aʊtʃ/

ۋايجان، ۋايىەي (ئاغرىپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ)

Oh, so you have come after all!

ھوي، سەن ئاخىرى كەپسەندە!

Hello! Miss Lin, How are you?

ۋەي! ياخشىمۇ سىز لىن خانىم؟

Well, here we are at last!

www.uyghurkitap.com

بولدى، ئاخىرى يېتىپ كەلدۇق!

Ah! I have never heard of such things before!

ھوي، بۇنداق ئىشنى مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقماپتىمەنغۇ!

Good Heavens! who could have expected that!

توۋا خۇدايىم، بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان!

Dear me, I didn't know you were so sharp-tongued!

ھوي، ئاغزىڭنىڭ بۇنچە ئىتتىك ئىكەنلىكىنى ھەجەپ بىلمەپتىمىنا!

Hush! Don't say a word!

ھۇش! گەپ قىلماڭلار!

That little sister of his, oh, is such a dear!

ئۇنىڭ ھېلىقى سىڭلىسى، ھەي، ھەجەپ ئوماق-ھە!

What do you think about it, eh?

ھەي، بۇ ئىشقا قانداق قارايسىز؟

# ۋ

## ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى
## (间接宾语 Indirect Object)

ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى تولدۇرغۇچىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ھەرىكەتنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا ئىسىم ياكى ئالماش ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بولىدۇ، ئادەتتە پېئىل بىلەن بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ ئارىسىدا كېلىپ، ئىگە + خەۋەر (پېئىل) + ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى + بىۋاستە تولدۇرغۇچىلىق قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ. ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنى بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ كەينىگە يۆتكەپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا ئالدى قوشۇلغۇچى for, to قاتارلىقلارنى قوشۇش كېرەك. ئالدىغا قوشۇلغان ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، ئەمما مۇشۇ ئىككى تۈرگە ياتمايدىغان ئايرىم ئەھۋاللارمۇ بار.

### 1. for بىلەن باشلىنىدىغان ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى

for بىلەن باشلانغان ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ئادەتتە ھەرىكەتنىڭ ئالدىنئالا بېكىتىلگەن قوبۇل قىلغۇچىسىدۇر. بۇنداق ئەھۋاللاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پېئىللاردىن build, buy, call, change, choose, cook, cut, do, find, fix, gather, get, grow, make, order, paint, play, post, prepare, peserve, save, spare (ئورۇندىماق) قاتارلىقلار بار.

Will you please call a taxi <u>for me?</u> (=Will you please <u>call me a taxi?)</u>

ماڭا تاكسىدىن بىرنى چاقىرىپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

I've bought some chocolate for you.
(=I've bought you some chocolate)
مەن ساڭا ئازراق شاكىلات ئالدىم.
We prepared supper for them. (=We prepared them supper).
بىز ئۇلار ئۈچۈن كەچلىك تاماق تەييارلىدۇق.

### 2. to بىلەن باشلىنىدىغان ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى

to بىلەن باشلىنىدىغان ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ئادەتتە ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىي قوبۇل قىلغۇچىسىدۇر. بۇنداق ئەھۋاللاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پېئىللاردىن assign, award, bring, cause, deliver, deny, feed, give, grant, guarantee, hand, lend, offer, owe, pass, pay, promise, read, rent, return, sell, send, show, take, teach, tell, write قاتارلىقلار بار.

The girl handed the newspaper to her father. (=The girl handed her father the nespaper.)
قىزچاق گېزىتنى دادىسىغا سۇنۇپ بەردى.
I paid the money to him. (=I paid him the money.)
ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتتىم.
I'll return the book to you tomorrow.
(=I'll return you the book tomorrow.)
كىتابنى ساڭا ئەتە قايتۇرۇپ بېرىمەن.

### 3. باشقا ئەھۋاللار

يۇقىرىقىلار پەقەت ئادەتتىكى ئەھۋاللاردۇر. ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان بەزى ئەھۋاللارمۇ بار.

1) ھەم «for» بىلەن ھەم «to» بىلەن باشلىنىدىغان ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى.

cause, leave غا ئوخشاش ئايرىم پېئىللارنىڭ كېيىنگە ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا «for» نى قويسىمۇ ياكى «to» نى قويسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

I think you like causing trouble to (for) people.

مېنىڭچە سەن باشقىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىشكە ئامراق ئوخشايسەن.

Let's leave some of the food for late comers.

كېيىن كەلگەنلەرگە ئازراق تاماق ئېلىپ قويايلى.

He left all his money to his children.

ئۇ پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى بالىلىرىغا قالدۇردى.

2) باشقا ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن باشلىنىدىغان ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى

ئايرىم پېئىللار بىلەن كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىلارنىڭ كېيىنگە قوشۇلىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچى «for» مۇ ئەمەس، «to» مۇ ئەمەس.

She asked Jim a favour. →She asked a favour of Jim.

ئۇ جىمدىن ياردەم سورىدى.

He played me a trick. → He played a trick on me.

ئۇ مېنى ئەخمەق قىلدى.

Father played me a game of chess. →

Father played a game of chess with me.

دادام مەن بىلەن شاھمات ئوينىدى.

3) پەقەت بىرلا خىل تەرتىپتە كېلىدىغان ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى

بىۋاستە تولدۇرغۇچى «that» لىك بېقىندى جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولسا، ۋاستىلىك تولدۇرغۇچىنى كېيىنگە يۆتكەشكە بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلىدىغان پېئىللاردىن inform, promise, remind, show, teach, tell, warm, assure, convince, persuade قاتارلىقلار بار.

He will show them that he is not fated to be a failure.

ئۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيەتچى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

He convinced me that he could do the work.

ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەندۇردى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئىككى خىل شەكىلدىكى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بولمىسىمۇ، لېكىن بەزى ئەھۋاللاردا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى it, them قاتارلىق ئالماشلاردىن تۈزۈلگەن بولسا، ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى كەينىگە يۆتكىلىدۇ.

She brought her son the toys. →She brought them to her son.

ئۇ ئوغلىغا ئويۇنچۇق ئالغاچ كەلدى.

We are going to find our friends an apartment. →
We are going to find it for our friends.

بىز دوستلىرىمىز ئۈچۈن بىر يۈرۈش ئۆي تېپىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز.

2. ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىدىن ئۇزۇن بولسا ياكى ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنى تەكىتلەش زۆرۈرىيىتى بولسا، ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىنى كەينىگە يۆتكىگەن ياخشى.

He told the news to everybody in the village.

ئۇ خەۋەرنى كەنتتىكى ھەربىر ئادەمگە ئېيتتى.

I'll get what I can for you.

سەن ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى نەرسىنى تەييارلايمەن.

## ۋاقىت رەۋىشى
## (时间副词 Adverb of Time)

ھەرىكەتنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ۋاقىت رەۋىشى دەپ ئاتىلىدۇ. ۋاقىت رەۋىشىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن yesterday, early, soon, recently, today, tomorrow قاتارلىقلار بار.

He left for Shanghai yesterday.

ئۇ تۈنۈگۈن شاڭخەيگە كەتتى.

Call me early; I want to watch the sunrise.

مېنى بالدۇرراق ئويغىتىپ قوي، مەن قۇياشنىڭ چىققانلىقىنى كۆرىمەن.

I've only recently begun to learn French.

مەن تېخى يېقىندىلا فرانسۇزچە ئۆگىنىشنى باشلىدىم.

Don t postpone what you can do today until tomorrow.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

## ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە
## (时间状语从句 Adverbial Clause of Time)

ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ياكى ھالەت يۈز بەرگەن ۋاقىتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان بېقىندۇرما باغلىغۇچى ئەسلىدىنلا مەنىگە ئىگە.

**1. بېقىندۇرما باغلىغۇچى بىلەن باشلىنىدىغان ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە**

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇ تۈردىكى بېقىندۇرما باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن when, whenever, while, as, after, before, once, since, till, until, now (that), as (so) long (so) as, as soon as, directly, immediately قاتارلىقلار بار. ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە باش جۈملىنىڭ ئالدىدا كەلسىمۇ بولىدۇ، ئادەتتە پەش ئارقىلىق باش جۈملىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ؛ باش جۈملىنىڭ كەينىدە كەلسىمۇ بولىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا پەش قويۇلمايدۇ.

<u>When I came back home,</u> Mother was talking with my teacher.

مەن ئۆيگە قايتىپ بارغان چاغدا، ئانام مۇئەللىمىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئىكەن.

I was going out <u>when the telephone rang.</u>

ئىشىكتىن چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭلىدى.

Write to me <u>as soon as you arrive in San Francisco.</u>

سان فىرانسىسكوغا بېرىپلا ماڭا خەت يېزىۋەتكىن.

<u>Whenever She went to town,</u>she would have a look at the bookstores.

ئۇ ھەر قېتىم شەھەرگە كىرسە، كىتابخانىلارنى ئايلىنىپ چىقىدۇ.

<u>Once the principal contradiction is grasped,</u> all problems will be readily solved.

ئاساسىي زىددىيەت تۇتۇلسىلا، بارلىق مەسىلىلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

JY,1 ] <u>He had no sooner drunk the coffee than</u> he began to drowsy.

ئۇ قەھۋە ئىچىسىلا مۈگدەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

<u>Directly I heard the news,</u> I hastened to the spot.

مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئىش چىققان جايغا باردىم.

## 2. ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى بىلەن باشلىنىدىغان ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملە

بۇ تۈردىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن the moment, the second, the minute, the instant, the day, the year, every time, each time , next time قاتارلىقلار بار.

He got ill the day he got home.

ئۇ ئۆيىگە بارغان كۈنى ئاغرىپ قالدى.

Every time my aunt comes, she brings me a present.

ھامام ھەر قېتىم كەلسە ماڭا سوۋغات ئالغاچ كېلىدۇ.

The enemy plane was shot down the moment it intruded into our air space.

دۈشمەن ئايروپىلانى ھاۋا تەۋەلىكىمىزگە كىرگەن زامان ئېتىپ چۈشۈرۈلدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. when, while, as لارنىڭ ھەممىسى «... غان چاغدا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەرق بار. when ھەم «ئازراق ۋاقىت» نى ھەم «بىر بۆلەك، ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا 《when》 نى ئىشلەتكەندە، بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەت باش جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەت بىلەن بىر ۋاقىتتا يۈز بەرسىمۇ (بەزىدە suddenly دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ) ياكى باش جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ھەرىكەتتىن ئاۋۋال يۈز بەرسىمۇ بولىدۇ؛ 《while》 نى ئىشلەتكەندە، باش جۈملىدىكى ھەرىكەت ھەمىشە بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەت يۈز بەرگەن بىر بۆلۈك ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىدۇ؛ 《as》 نى ئىشلەتكەندە بولسا باش جۈملىدىكى ھەرىكەت بىلەن بېقىندى جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ، بەزىدە «بىر تەرەپتىن ... يەنە بىر تەرەپتىن» دەپ تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

I was in bed when (suddenly) I heard someone shout, "Fire! Fire!"

كارىۋاتتا ياتقان چېغىمدا، بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز: «ئوت كەتتى، ئوت كەتتى!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم.

I'll let you know when it is arranged.

ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندا مەن ساڭا خەۋەر قىلىمەن.

While water evaporates, a large amount of heat is absorbed.

سۇ پارغا ئايلانغاندا، كۆپ مىقداردىكى ئىسسىقلىق سۈمۈرۈلىدۇ.

As the young Pioneers cleaned the classroom, they sang merrily.

پىئونېرلار سىنىپنى تازىلىغاچ شادلىق ئىچىدە ناخشا ئېيتىشتى.

2. «till» بىلەن «until» نىڭ ھەر ئىككىلىسى «تاكى ··· غىچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باش جۈملە تەستىق شەكىلدە كېلىشمۇ، ئىنكار شەكىلدە كېلىشمۇ بولىدۇ. ئەگەر باش جۈملىدىكى خەۋەر داۋاملىشىشچانلىققا ئىگە بولسا، تەستىق شەكىل ئىشلىتىلىدۇ؛ ئەگەر باش جۈملىدىكى خەۋەر تۈگەنچە خاراكتېرگە ئىگە بولسا، ئىنكار شەكىل ئىشلىتىلىدۇ.

You may stay here until/till the rain stops.

سىز يامغۇر توختىغىچە مۇشۇ يەردە تۇرسىڭىز بولىدۇ.

I'll wait for you here until/till you come back.

مەن سىزنى مۇشۇ يەردە سىز قايتىپ كەلگۈچە ساقلايمەن.

I won't leave until/till the rain stops.

مەن يامغۇر توختىمىغۇچە ماڭمايمەن.

He didn't come back until/till it was dark.

ئۇ قاراڭغۇ چۈشمىگۈچە قايتىپ كەلمەيدۇ.

3. no sooner ··· than, hardly ··· when, scarcely ··· when غا ئوخشاش بېقىندۇرما باغلىغۇچىلار بىلەن باشلانغان ۋاقىت ھالەت بېقىندى

جۈملىدە ئادەتتە no sooner, hardly, scarcely دىن كېيىن ئۆتكەندە پۈتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ، than ياكى when بىلەن باشلانغان بېقىندى جۈملىدە ئادەتتە ئۆتكەن زامان ئىشلىتىلىدۇ. ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن ئىككى ھەرىكەتنى باغلاشتا، ۋاقىت as soon as ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندىنمۇ زىچ بولىدۇ ھەمدە دائىم تەتۈر جۈملە شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

I had no sooner reached home than it began to rain.

No sooner had I reached home than it began to rain.

مەن ئۆيگە كېلىشىمگىلا يامغۇر يېغىشقا باشلىدى.

The performance had hardly begun when the lights went out.

Hardly had the performance begun when the lights went out.

ئويۇن باشلىنىشى بىلەنلا چىراغ ئۆچۈپ قالدى.

I had scarcely finished these words when he came in.

Scarcely had I finished these words when he came in.

گەپلىرىم تۈگىشىگىلا ئۇ كىرىپ كەلدى.

4. ۋاقىت ھالەت بېقىندى جۈملىدە ئادەتتە كەلگۈسى زامان ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەمما ئاددىي ھازىرقى زاماننىڭ ئورنىدا ئاددىي كەلگۈسى زاماننى، ھازىر پۈتكەن زاماننىڭ ئورنىغا كەلگۈسىدە پۈتىدىغان زاماننى، ئاددىي ئۆتكەن زاماننىڭ ئورنىغا ئۆتكەن كەلگۈسى زامان ئىشلىتىلىدۇ. باشقا زامانلارنىڭ ئالمىشىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

He will go home when the sun sets.

ئۇ كۈن ئولتۇرغاندا ئۆيگە قايتىدۇ.

I'll pass on the magazine to her after I've read it.

مەن ژۇرنالنى ئوقۇپ بولۇپلا ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

She would be very happy when she got the letter.

ئۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن چوقۇم ناھايىتى خۇشال بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى
# (时刻表示法 Expression of Hour)

ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى 12 سائەتلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە 24 سائەتلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. 12 سائەتلىك ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

12 سائەتلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا، چىڭقى چۈش ۋاقتى ئارقىلىق بىر سوتكا ۋاقىت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ھەر 12 سائەت چۈشتىن بۇرۇنقى (before noon =[لاتىن تىلى] ante meridiem ; a. m.) كېچە سائەت 0 دىن چۈش سائەت 12 گىچە، چۈشتىن كېيىنكى (afternoon = [لاتىن تىلى]post meridiem;p. m.) سائەت 12 دىن كېچە سائەت 0 گىچە بولىدۇ. يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى تۆۋەندىكىچە:

at 6 a. m; at six (o'clock) a. m.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 6

at 7:15 p. m. ; at seven fifteen p. m. , at a quarter past seven p. m. ; at a quarter after seven p. m.

(ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى)

(چۈشتىن كېيىن سائەت 7 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە)

at 8:30 a. m. ; at eight thirty a. m. ; at half past eight a. m.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 8 يېرىمدا

at 9:45 p. m. ; at nine forty-five; at a quarter to ten; at a quarter of ten (ئامېرىكا ئىنگلىز تىلى)

كەچ سائەت 9 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە

## 2. 24 سائەتلىك ۋاقىتنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى

24 سائەتلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا، كېچە سائەت 0 باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىپ، بىر سوتكا ۋاقىت 24 سائەتكە بۆلۈنىدۇ. يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى تۆۋەندىكىچە:

at 00:00 at zero hour (s)

سائەت 0 دە

at 00:20 at zero twenty (hour)

سائەت 0 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە

at 09:00 at zero nine hundred (hours)

سائەت 9 دا

at 13:10 at fiften thirty (hours)

سائەت 15 تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە

at 22:08 at twenty-two zero eight (hours)

سائەت 22 دىن 8 مىنۇت ئۆتكەندە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئې

## ئېنىق ئارتىكل
## (定冠词 Definite Article)

ئېنىق ئارتىكل «the» كۆرسىتىش ئالماش «this»، «that» بىلەن مەنبەداش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي رولى «ئالاھىدە كۆرسىتىش» تىن ئىبارەت، ئادەتتە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەلۇم كىشى ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.

### 1. ئېنىق ئارتىكلنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى

«the» نىڭ /ðə/, /ðI/, /ði:/ دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوقۇلۇشى بار. /ðə/ بىلەن /ðI/ نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاجىز ئوقۇلىدۇ. /ðə/ ئۈزۈك تاۋۇش ياكى يېرىم سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تاق سۆزنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ؛ /ðI/, /ði:/ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تاق سۆزنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ. /ði/ بولسا «the» ئۇرغۇلۇق ئوقۇلۇشى بولۇپ، ئالاھىدە كۆرسىتىش ياكى سېلىشتۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ.

the morning /ðə'mɔ:niŋ/

the article /ðI'a:tikl/

the universe /ðə'ju:nivɜ:s/

the hour /ðI'aʊə/

He is <u>the</u> /ði:/ only person who could do that.

ئۇ ئۇ ئىشنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ئادەم. (تەكىتلەش)

### 2. ئېنىق ئارتىكلنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

تۇرلۇك ئىسىملارنى چەككىلەپ كېلىپ، مەلۇم بىر ئىسىمغا ئېنىق،

كونكرېت مەنە بىلدۈرىدۇ.

1) باشتا تىلغا ئېلىنىپ بولۇنغان ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.

There will be a report this afternoon. In the evening we shall discuss the report.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئېچىلىدۇ. كەچتە بىز ئاشۇ دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلىمىز.

2) ئاڭلىغۇچىغا تونۇشلۇق بولغان كىشى ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.

Kindly pass me the pen.

قەلەمنى ماڭا سۇنۇۋېتىڭە.

3) چەكلىمە خاراكتېرلىك ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ياكى ئېنىقلىغۇچىلىق بېقىندى جۈملە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

The water in this glass has now turned pink.

بۇ ئىستاكاندىكى سۇنىڭ رەڭگى ھال رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتتى.

This is the book that I promised to lend you.

بۇ مەن ساڭا بېرىپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلغان ھېلىقى كىتاب شۇ.

### 3. ئېنىق ئارتىكلىنىڭ ئاساسلىق ئىشلىتىلىشى

1) بىرلىك ئىسىملارنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىپ، «مەلۇم بىر تۈردىكى ئادەم ياكى شەيئى» نى بىلدۈرىدۇ ۋە شۇ شەيئى ياكى ئادەمنى باشقا شەيئى ياكى ئادەمدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

My father's favorite flower is the rose.

دادام ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان گۈل ئەتىرگۈل.

The computer allows us to deal with a lot of data very quickly.

كومپيۇتېر بىزنىڭ كۆپ مىقداردىكى ماتېرىياللارنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئېنىقسىز ئارتىكل بىلەن ئېنىق ئارتىكلنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈر ئايرىمىسىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما (an) a «بىر تۈردىكى ئادەم ياكى نەرسە ئىچىدىكى خالىغان بىرى» نى كۆرسىتىدۇ. ئايرىملىقنى تەكىتلەيدۇ، مەنىسى every بىلەن تەڭ كېلىدۇ؛ the ئادەم ياكى نەرسىنىڭ «پۈتۈن بىر تۈرى» نى بىلدۈرىدۇ، تۈر ئايرىمىسىنى تەكىتلەيدۇ، مەنىسى all بىلەن تەڭ كېلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللاردا a ئىشلىتىلمەيدۇ.

The tiger is in danger of becoming extinct.

يولۋاسلار نەسلى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىدە تۇرماقتا. (بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى «خالىغان بىر» يولۋاسنىڭ ئەھۋالى بولماستىن، بەلكى يولۋاسنىڭ «پۈتۈن تۈرى» نىڭ ئەھۋالىدۇر)

The motorcycle has become very popular.

موتوتسىكلىت بەك ئومۇملىشىپ كەتتى. (بۇ يەردە ئېيتىلغىنى «ئايرىم» بىر موتوتسىكلىتنىڭ ئەھۋالى بولماستىن، بەلكى موتوتسىكلىتتىن ئىبارەت بۇ قاتناش قورالىنىڭ «ئومۇمىي» ئەھۋالىدۇر.)

2) كۆپلۈك ئىسىم ياكى كوللېكتىپ ئىسىمنى چەكلەپ، ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ كوللېكتىپ گەۋدىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە يەككىلىكتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

The children were not at home.

باللار ئۆيدە يوق.

The company are so excited with their success.

شىركەت خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ھاياجانلاندى.

3) تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەر ياكى دۇنيادىكى بىردىنبىر شەيئىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئالدىدا سۈپەت ياكى ( there are/is لار بولمىغاندا شۇنداق بولىدۇ. بۇنداق ئىسىملارنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن the world, the earth, (ئالەم) the globe, the sky,

(ئاتموسفېرا) the atmosphere ، the sun, the moon, the universe
، the outer space (يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى) قاتارلىقلار بار.

We have landed men on the moon.

ئىنسانلار ئاي شارىغا چىقتى.

The sky was a brilliant blue.

ئاسمان ئوچۇق كۆك رەڭدە بولىدۇ.

ئەمما، nature (تەبىئەت، كائىنات) دېگەن بىر سۆزنىڭ ئالدىدىلا ئارتىكل ئىشلىتىلمەيدۇ.

No human being can change the law of nature.

ھېچكىم تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

4) ئىسىملاشقان سۈپەت ياكى پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، مەلۇم بىر تۈردىكى ئادەم، يەككە ئادەم ياكى مەلۇم بىر ئابستراكت مەنىگە ئىگە شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

The dead no longer need help. We must concern ourselves with the living.

ئۆلگەنلەرگە ياردەمنىڭ كېرىكى يوق. بىز ھاياتلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

The accused was found guilty.

جاۋابكار جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم قىلىندى.

The beautiful can never die.

گۈزەللىك مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

5) سۈپەت، رەۋىشنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىسى ۋە تەرتىپ سانلارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

This is the oldest building in Canterbury.

بۇ كانتېربورىدىكى ئەڭ قەدىمىي بىنا.

She was the first to join the singing group.

ئۇ ناخشىچىلار ئەترىتىگە بىرىنچى بولۇپ قاتناشقان.

www.uyghurkitap.com

6) ئىككى تۇردىكى ئادەم ياكى نەرسىلەر ئارىسىدىكى پەرقى ياكى سېلىشتۇرمىسىنى تەكىتلەيدۇ.

The house wife has a harder life than the office-worker.

ئائىلە ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشى خىزمەتچى ئاياللارنىڭكىدىن جاپالىقراق.

I like the country better than the town.

مەن يېزىلارنى شەھەرلەردىن ياخشىراق كۆرىمەن.

7) «چالغۇ ئەسۋاب» لارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

play the piano/the violin/the guitar

پىئانىنو / ئىسكىرىپكا / گىتار چېلىش

8) ئىسىم رولىنى ئۆتەيدىغان east, west, north ۋە south لارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

The sun rises in the east and sets in the west.

قۇياش شەرقتىن چىقىپ غەربتە ئولتۇرىدۇ.

Japan lies to the east of China.

ياپونىيە جۇڭگونىڭ شەرقىگە جايلاشقان.

the Middle East ئوتتۇرا شەرق

the north of England ئەنگلىيىنىڭ شىمالى

ئەمما، بۇ بىر نەچچە ئىسىم سۈپەت بولغاندا ھەمدە باشقا ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ جۇغراپىيىلىك نامنى بىلدۈرگەندە، ئالدىدا ئېنىق ئارتىكل كەلمەيدۇ.

Nort America شىمالىي ئامېرىكا

Southeast Asia شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا

9) ئىزاھلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

the planet Mercury مېركۇرىي

the poet Byron شائىر بايرون

William, the Conqueror بويسۇندۇرغۇچى ۋىليام

باش دىرېكتور بىرووۋن Brown, the General Manager

10) خاس ئىسىملارنى چەكلەپ كۆرسىتىدۇ.

a) دۆلەت، مىللەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

| | |
|---|---|
| جۇڭگولۇق | the Chinese |
| فرانسىيىلىك | the French |
| گوللاندىيىلىك | the Dutch |
| ئىسپانىيىلىك | the Spanish |

ئەمما، تۆۋەندىكى ئىسىملار ئادەتتە كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ.

| | |
|---|---|
| ئامېرىكانلار | the Americans |
| ئىتالىيانلار | the Italians |
| ئەرەبلەر | the Arabs |
| گېرمانلار | the Germans |

b) ئىبارىلەردىن تۈزۈلگەن دۆلەت ئىسمى ياكى «‎-s» بىلەن ئاياغلاشقان دۆلەت ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

the people's Republic of China

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

the United States of America

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى

the United Kingdom of Great Britain and Northern Ireland

بۈيۈك بېرتانىيە پادىشاھلىقى ۋە شىمالىي ئىرلاندىيە

| | |
|---|---|
| گوللاندىيە | the Netherlands |
| فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتى | the Philippines |

بەزى دۆلەتناملىرىنىڭ ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل قېتىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

| | |
|---|---|
| كونگو | the Congo |
| ئۇكرايىن | the Ukraine |
| سۇدان | the Sudan |

c) دەريا-ئېقىن، دېڭىز-ئوكيان، تاقىم ئارال، يېرىم ئارال، تاغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تېزمىسى، قوملۇق، دېڭىز بوغۇزى، دېڭىز قولتۇقلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

| | |
|---|---|
| the Yangtze River | چاڭجياڭ دەرياسى |
| the Mediterranean Sea | ئوتتۇرا دېڭىز |
| the Pacific Ocean | تىنچ ئوكيان |
| the British Isles | بىرتانىيە تاقىم ئاراللىرى |
| the Florida Peninsula | فلورىدا يېرىم ئارىلى |
| the Alps | ئالپس تاغ تىزمىسى |
| the Sahare | سەھرايى كەبىر چۆللۈكى |
| the Gulf of Mexico | مېكسىكا قولتۇقى |
| the panama Canal | پاناما قانىلى |

ئەمما تاق ئارال، تاغ چوققىسى، كۆل ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كەلمەيدۇ.

| | |
|---|---|
| Hainan Island | خەينەن ئارىلى |
| Mount Tai | تەي تېغى (تەيشەن تېغى) |
| Lake Geneve | جەنۋە كۆلى |

d) بەزى ئىمارەت ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

| | |
|---|---|
| the Great Wall | سەددىچىن سېپىلى |
| the National Gallery | دۆلەتلىك گۈزەل سەنئەت سارىيى |
| the Odeon Cinema | ئودېن كىنوخانىسى |
| the Ritz Hotel | رىتىز مېھمانخانىسى |
| the Middle Bank | ئوتتۇرا بانكا |
| the Taj Mahal | تاج ماھال مەقبەرىسى |

e) گېزىت، كىتاب ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

| | |
|---|---|
| the People's Daily | خەلق گېزىتى |
| the Washington Post | ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى |

ئەمما، ئادەتتە ژۇرنال ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلمەيدۇ.

| | |
|---|---|
| Newsweek | ئاخبارات ھەپتىلىك ژۇرنىلى |

Time «ۋاقىت» ھەپتىلىك ژۇرنىلى

Reader's Digest كىتابخانلار ئۈچۈن تەرمىلەر

f) يىغىن، شەرتنامە ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

the Yalta Conference يالتا يىغىنى

the Treaty of Versailles ۋېرسال شەرتنامىسى

the Olympics ئولىمپىك يىغىنى

g) پارتىيە-ھۆكۈمەت، ئورگان، تەشكىلات، مۇھىم ئىجتىمائىي-سىياسىي ۋەقە ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

the Communist Party of China

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

the State Council گوۋۇيۈەن

the Asia Table Tennis Union

ئاسىيا تېكتاك توپ ئىتتىپاقى

the Long March ئۇزۇن سەپەر

h) پاراخوت، كېمە، ئايروپىلان ناملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

the Flying Scotsman

لوندوندىن ئېدىنبۇرگقا بارىدىغان تېز پويىز.

the May flower «ماي گۈلى» ناملىق پاراخوت

the Comet «كومېتا» ناملىق ئايروپىلان

i) تارىخىي دەۋر، سۇلالە ناملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

the Stone Age تاش قوراللار دەۋرى

the Spring and Autumn Period

ئەمىنىيە دەۋرى (چۇنچيۇ دەۋرى)

the Ming Dynasty مىڭ سۇلالىسى

the Bourbon Dynasty بوربونلار سۇلالىسى

j) ئىسىم-فامىلىنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئەر-ئايال ئىككىيلەننى ياكى بىر جەمەت كىشىنى بىلدۈرىدۇ.

The Bruces will come to China.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرۋىس جەمەتى جۇڭگوغا كېلىدۇ.

**4. تەركىبىدە ئېنىق ئارتىكل ئىشلىتىلىدىغان ئادەت سۆزلىرى**

| | |
|---|---|
| in the morning/afternoon/evening | ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە |
| in the country | يېزىدا |
| in the distance | يىراقتا |
| in the end | ئەڭ ئاخىرىدا |
| in the dark | نامەلۇم |
| on the whole | ئومۇملاشتۇرغاندا |
| on the air | رادىئودا |
| around the corner | يات يېقىندا |
| on the spot | نەق مەيدان |
| behind the scene | يوشۇرۇن |
| for the time being | ۋاقتىنچە |
| at the moment | شۇ پەيتتە |
| the other day | نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا |
| to tell the truth | راستىنى ئېيتقاندا |
| go to the threatre | ئويۇن كۆرگىلى بارماق |
| go to the cinema | كىنوغا بارماق |
| go to the doctor | دوختۇرغا كۆرۈنگىلى بارماق |
| take sb. by the arm | مەلۇم بىرىنى بىلىكىدىن تۇتماق |
| pat sb. on the shoulder | مەلۇم بىرىنىڭ مۈرىسىگە شاپالدىماق |

**5. ئېنىق ئارتىكلنىڭ قىسقىراپ كېتىشى ۋە تەكرارلىنىشى**

1) تەڭداش ئىسىم ئوخشىمىغان كىشى ياكى نەرسىگە ۋەكىللىك قىلغاندا، ئادەتتە ئېنىق ئارتىكل تەكرارلىنىدۇ.

The teacher and the parents of the boy were discussing his case.

بالىنىڭ مۇئەللىمى بىلەن ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگىنى ئوخشاش بىر تۈر ياكى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەم ياكى نەرسە بولسا، بىرىنچى ئىسىمنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدىكى ئېنىق ئارتىكل قىسقارتىۋېتىلىشىمۇ بولىدۇ.

The lighting flashed and thunder crashed.

چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.

2) ئوخشاش بولمىغان ئىسىم ئوخشاش بىر ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسەتكەندە، كېيىنكى ئىسىمنىڭ ئالدىدا ئادەتتە ئېنىق ئارتىكل كەلمەيدۇ.

The secretary and accountant of the company was absent at the meeting

شىركەتنىڭ قوشۇمچە بوغالتىرلىقىنى قىلىدىغان كاتىپى يىغىنغا كەلمىدى.

3) گېزىت - ژۇرناللاردىكى خەۋەر - ماقالىلەرنىڭ تېمىسى، بەلگە، ئېلان، خەت - چەكلەردىكى ئادرېس، تېلېگرامما قاتارلىقلاردا ئادەتتە ئېنىق ئارتىكل قىسقىراپ كېتىدۇ.

Plane Crashes on Motorway

ئايروپىلان تاشيولغا چۈشۈپ كەتتى (گېزىت خەۋىرى، Plane بىلەن motorway نىڭ ئالدىدىكى ئېنىق ئارتىكل قىسقىراپ كەتكەن)

River Thames

تايمس دەرياسى ( خەرىتە بەلگىسى، ئېنىق ئارتىكل قىسقارتىۋېتىلگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

English Dept.
Shanghai Teachers' University
Shanghai, China
جۇڭگو شاڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى ئىنگلىز تىلى فاكۇلتېتى
( ئادرېس. English Dept ئالدىدىكى ئېنىق ئارتىكل قىسقارتىۋېتىلگەن)

# ئېنىقسىز ئارتىكل
# (不定冠词 Indefinite Article)

ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى one بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى «چەككىلەپ كۆرسىتىش» بولۇپ، مەلۇم بىر تۈردىكى ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى ياكى خالىغان بىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ a بىلەن an دىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار.

## 1. ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ ئوقۇلۇش قائىدىسى

«a» ئۈزۈك تاۋۇش ياكى يېرىم سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تاق سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ؛«an» سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان تاق سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. a بىلەن an ئادەتتە ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ /ə/, /ۋە /ən/ دەپ ئوقۇلىدۇ.

a red apple /ə'red'æpl/
an apple /ən'æp'l/
a university /əˌju:ni'vɛ:siti/
an umbrella /ənʌm'brelə/
a one-act play /ə'wʌnækt'plei/
an orange /ən'ɔrindʒ/

a horse /ə'hɔːs /

an honour /ən'ɔnə/

a European /əˌjuərə'piːən/

an eye /ən'ai/

ئالاھىدە تەكىتلىگەندە ياكى ئايرىم ئوقۇغاندا، a بىلەن an ئايرىم - ئايرىم ھالدا /ei/ ۋە /æn/ دەپ ئوقۇلىدۇ.

A /ei/ is used before a consonant sound while·
an /æn/ is used before a vowel sound.

a ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

an بولسا سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ ئىشلىتىلىشى

1) بىرلىك ساندىكى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنى چەكلەيدۇ.

a) يەككە ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ تۈرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، مەنىسى any گە تەڭ كېلىدۇ.

Would you like to bring a friend to my party?

زىياپىتىمگە دوستىڭىزدىن بىرنى ئېلىپ كېلەلەمسىز؟

Shall we give her a book for her birthday?

ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ئاتاپ بىرەر كىتاب سوۋغا قىلامدۇق؟

b) بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىنغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ بىرىنى ياكى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدىكى «مەلۇم بىرى» نى چەككەلەپ كۆرسىتىدۇ.

After weeks of looking, we eventually bought a house.

بىر نەچچە ھەپتە ئىزدىگەندىن كېيىن ، بىز ئاخىرى ئۆيدىن بىرنى سېتىۋالدۇق.

Agatha Christie was a Well-known writer of detective stories.

ئاگاتا كىرستى مەشھور رازۋېدكا ھېكايە يازغۇچىسى ئىدى.

c) سان جەھەتتىكى « بىر»ياكى «ھەر بىر» نى بىلدۈرىدۇ. ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ بۇ خىل ئىشلىتىلىشى ئېغىرلىق، ئۇزۇنلۇق، ۋاقىت، باھا، سۈرئەت، نىسبەت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىدە ناھايىتى ئومۇميۈزلۈكتۇر.

Rome was not built in a day

رىم شەھىرى بىر كۈندە پۈتكەن ئەمەس.

A stitch in time saves nine.

ئىشنى ۋاقتىدا قىلمىساڭ پۇشايمان يەيسەن.

20 pence a pound — بىر فوندستېرلىڭ 20 پېنس

2 yuan ameter — بىر مېتىرى ئىككى يۈەن

8 hours a day — بىر كۈندە 8 سائەت

90 miles an hour — سائەتىگە 90 ئىنگلىز مىلى

twice a week — ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئېنىقسىز ئارتىكل « بىر» نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە، مەنىسى «one» بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بەزىدە «one» بىلەن ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بەزىدە بولمايدۇ؛ بەزىدە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولسىمۇ، لېكىن مەنىسىدە بەزى ئوخشىماسلىقلار كېلىپ چىقىدۇ.

1. تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.

We are all of a (one) mind .

ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى بىردەك.

There are a (one) dozen eggs in the basket.

سېۋەتتە 12 تال تۇخۇم بار.

2. تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

1) سان ئۇقۇمىنى تەكىتلىگەندە ياكى «يەنە بىرى» بىلەن

سىلىشتۇرغاندا، one ئىشلىتىلىدۇ.

There is only one apple left; there were plenty in the morning.

ئالمىدىن بىر تاللا قالدى، تېخى ئەتىگەنلا خېلى كۆپ ئىدى.

One man's meat is another man's poison.

بىراۋغا پايدا قىلغان نەرسىنىڭ يەنە بىرىگە پايدا قىلىشى ناتايىن.

2) بەزى مۇقىم سۆز بىرىكمىلىرى ياكى ئىبارىلەردە، (an)a بىلەن one نى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

Once upon a time there was a king called Midas.

بۇرۇنقى زاماندا مىداس ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن.

Father will be back in a day or two.

دادام بىر، ئىككى كۈندىلا قايتىپ كېلىدۇ.

One stormy night he met with an accident.

ئۇ تازا بوران - چاپقۇن بولۇۋاتقان بىر كېچىدە ۋەقەگە ئۇچرىغان.

3) ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ، ئەمما مەنىسى ئوخشىمايدۇ.

Can a boy do this? — No, but a man can.

بۇ ئىشنى كىچىك بالا قىلالامدۇ؟

- ياق، لېكىن چوڭ ئادەم قىلالايدۇ. (بۇ جۈملىدە a يوشۇرۇن تەرىزدە تۈر ئايرىمىسىنى ، يەنى شۇ ئىشنى كىچىك بالا ئەمەس، چوڭ ئادەم قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.)

Can one boy do this? — No, but two boys can.

- بۇ ئىشنى بىر بالا قىلالامدۇ؟

- ياق، قىلالمايدۇ، لېكىن ئىككى بالا قىلالايدۇ. ( بۇ جۈملىدىكى one سانىنى ، يەنى شۇ ئىشنى بىر بالا ئەمەس، ئىككى بالىنىڭ قىلالايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.)

d) ئىزاھلىق ئىبارىلەردە ئىشلىتىلىپ، ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىمنى ئىزاھلايدۇ ياكى چۈشەندۈرىدۇ.

Blake, an English poet.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلايىك ـ ئەنگلىيىنىڭ بىر شائىرىدۇر.

King Lear, a play by shakespeare.

«پادىشاھ لىئىر» شېكىسپىرنىڭ بىر سەھنە ئەسىرىدۇر.

e) كەسىپ، ئىجتىمائىي نوپۇز، دىن، مىللەت ۋە ياشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كېسىم خەۋەر بولغاندا، ئالدىدا ئادەتتە an/a كېلىدۇ.

Mary's father is an officer in the Navy.

مارىسىنىڭ دادىسى بىر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى.

When he was a child, George decided to become a racing driver.

گېئورگى بالا ۋاقتىدىلا مۇسابىقە ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى بولۇشنى قارار قىلغان.

[قېيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ئەگەر مۇشۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ئەمەل ياكى خىزمەت ئورنىغا مەلۇم كىشى مەلۇم ۋاقىتتا ئۆز ئالدىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بولسا، ئالدىدا ئادەتتە an/a كەلمەيدۇ.

Nelson became Captain of the Victory in 1800.

نېلسۇن 1800- يىلى «غەلىبە» ناملىق پاراخوتقا كاپىتان بولغان.

2. turn بىلەن became ئوخشاش مەنىدە كېلىپ، ئىسىم كېسىم خەۋەر بولغاندا، ئالدىدا an/a كەلمەيدۇ.

He used to be a teacher till he turned writer.

ئۇ يازغۇچى بولۇشتىن ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى.

f) «ئوخشاش بىر تۈردىكى، ئوخشاش» (= the same) دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

The children are just of an age.

بۇ بالىلار ئوخشاش ياشتا.

g) ئادەتتە ئېنىق ئارتىكل ياكى نۆل ئارتىكل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدىغان بەزى ئىسىملار ئېنىقلىغۇچىنى ئېنىقلايدىغان تەركىبلەرنى

ئەگەشتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ئېنىقسىز ئارتىكل تەرىپىدىن چەكلىنىدۇ، بۇ چاغدا «a kind of» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

A new moon hung high up in the sky.

ھىلال ئاي ئاسماندا ئېسىلىپ تۇراتتى.

We had a very good dinner last night.

تۈنۈگۈن ئاخشام بىز ناھايىتى ئوخشىغان بىر ۋاخ تاماق يېدۇق.

2) ئېنىقسىز ئارتىكل ئادەتتە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمنى چەكلىمەيدۇ، ئەمما تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدە سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

a) سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمنىڭ مەنىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمغا ئايلىنىدۇ.

Mr Brown buys an evening paper on his way back home every day.

بىروۋن ئەپەندى ھەر كۈنى ئۆيگە قايتىش يولىدا بىر پارچە كەچلىك گېزىت سېتىۋالىدۇ.

She was pressing her blouse with an iron.

ئۇ دەزمال بىلەن كۆڭلىكىگە دەزمال سېلىۋاتىدۇ.

b) ماددىي ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ «بىر خىل» ، « بىر ھازا» ، « بىر ئۈلۈش» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

Maotai is a famous Chinese wine.

«ماۋتەي» جۇڭگونىڭ بىر خىل داڭلىق ھارىقى .

What a heavy rain!

بىر ھازا قاتتىق يامغۇر ياغدى.

Do yon care for an ice-cream?

سىزگە ماروژنا كېرەكمۇ؟

c) قىسمەن ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ مۇئەييەن ئەھۋالدىكى نىسبەتەن كونكرېتراق نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

It's a great pleasure to meet you.

www.uyghurkitap.com

سىز بىلەن كۆرۈشكىنىم تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولدى.

Alice is always ready to do her neighbours a kindness.

ئەلىس ھەمىشە قوشنىلىرىغا ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ.

d) پېئىلدىن ئۆزگەرگەن بەزى ئابستراكت ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىپ كونكرېت ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

Let's have an analysis of statistics.

ستاتىستىكا سانلىرىنى ئانالىز قىلىپ باقايلى!

I usually have a wash after a run.

مەن ئادەتتە يۈگۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنچىغا چۈشىمەن.

3) خاس ئىسىملارنى چەكلەپ كۆرسىتىدۇ.

a) سۆزلىگۈچى تىلغا ئېلىنغان كىشىنى تونۇمىسا ياكى چۈشەنمىسە.

A Mr wang called just now, but he didn't mention his full name .

ۋاڭ فامىلىلىك بىر ئەپەندى بايا تېلېفون قىلدى، ئەمما ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسمىنى ئېيتمىدى.

b) بىر پارچە ئەسەر، مەھسۇلات ياكى تەشكىلاتنىڭ بىر ئەزاسى بولغاندا

He had a Rembrandt in his room.

ئۇنىڭ ئۆيىدە رېمپراندتنىڭ بىر پارچە رەسىمى بار.

I was a Burton before my marriage.

توي قىلىشتىن ئىلگىرى مەن بارتون ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدىم.

c) سۈپەت تەرىپىدىن ئېنىقلانغان مەخسۇس ئىسىملار مەلۇم بىر ئالاھىدە ۋاقىت ئىچىدىكى ئادەم ياكى جاينىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

He is now a different John from what he was two years ago.

جوننىڭ ھازىرقى ھالىتى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

The next century will certainly see a new, modernized china

كېلەركى ئەسىردە چوقۇم يېڭى، زامانىۋىلاشقان بىر جۇڭگو مەيدانغا كېلىدۇ.

### 3. كۆپ ئۇچرايدىغان، تەركىبىدە ئېنىقسىز ئارتىكل بولغان ئادەت سۆزلەر

| | |
|---|---|
| take a loliday | تەتىل ئۆتكۈزمەك |
| have a lesson | دەرس ئۆتمەك |
| take a seat | ئورۇن ئالماق، ئولتۇرماق |
| make a fortune | بېيىماق |
| lend a hand | ياردەم بەرمەك |
| make a living | تىرىكچىلىك قىلماق |
| have a good time | ۋاقىتنى خۇشال ئۆتكۈزمەك |
| have a word with | ··· بىلەن پاراڭلاشماق |
| have a hand in | قول ئېلىشماق |
| have a mind to | ··· ئىستىكىدە بولماق |
| take a pride in | ··· بىلەن پەخىرلەنمەك |
| keep an eye on | ھالىدىن خەۋەر ئالماق |
| in a word | يىغىنچاقلىغاندا |
| in a hurry | ئالدىراشلىق ئىچىدە |
| for a while | بىردەمدىلا |
| on an average | ئوتتۇرا ھېساب بىلەن |
| at a loss | نېمە قىلارىنى بىلەلمەسلىك |
| at a time | بىر قېتىمدىلا |
| as a result | نەتىجە |
| as a rule | ئادەت بويىچە بولغاندا |
| all of a sudden | تۇيۇقسىز، ئۇشتۇمتۇت |
| a short time ago | يېقىندا |

a lot of, a great many, a great deal of, a large

www.uyghurkitap.com

amount/quantity of، a good number of

نۇرغۇن، كۆپ مىقداردىكى

have a headache / a pain / a cough/a cold

بېشى ئاغرىماق، ئاغرىماق، يۆتەلمەك، زۇكام بولۇپ قالماق.

have toothache / earache / infiluenza

چىشى ئاغرىماق، قۇلاق ئاغرىماق، يۇقۇملۇق زۇكام

what a day !

نېمە دېگەن ياخشى / ئوسال كۈن بۇ ـ ھە!

what a pity ، ھەقىقەتەن ئەپسۇس !

It is a shame to do that. ئۇنداق قىلىش نومۇس.

I want to keep this a secret.

مەن بۇ ئىشنى سىر ساقلايمەن.

## 4. ئېنىقسىز ئارتىكلنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە تەكرارلىنىشى

1) مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسە كۆپ بولسا، ئادەتتە ئېنىقسىز ئارتىكل تەكرارلىنىدۇ.

I barely have time for a smoke and a cup of tea.

بىرەر تال تاماكا چەككۈدەك ۋە بىرەر ئىستاكان چاي ئىچكۈدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن.

We have a black cat and a white dog.

بىزنىڭ بىر قارا مۈشۈكىمىز ۋە بىر ئاق ئىتىمىز بار.

2) ئوخشاش بىر تۈردىكى ياكى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئادەم ياكى نەرسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندا، ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقمايدىغان ئەھۋالدا، ئادەتتە ئىككىنچى ئىسىمنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقسىز ئارتىكل چۈشۈپ قالىدۇ.

A boy and (a) girl were walking togather.

بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىز بىللە كېتىۋاتىدۇ.

The noun is the name of a person or (a) thing.

ئىسىم ـ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىدۇر.

| | |
|---|---|
| a cup and saucer | بىر ئىستاكان ۋە پەتنۇس |
| a knife and fork | پىچاق ۋە ۋىلكا |
| a horse and cart | بىر ئات هارۋىسى |
| a hat and coat | بىر قۇر ئۇستىۋاش |

3) بىر تۈرگە تەۋە بولمىغان ئادەم ياكى نەرسىلەر تىلغا ئېلىنىش ياكى تەكىتلەش ئۈچۈن، ئېنىقسىز ئارتىكل تەكرارلىنىدۇ.

A hammer and a saw are useful tools.

بولقا بىلەن ھەرە كېرەكلىك سايماندۇر. ( ئوخشىمىغان تۈردىكى نەرسە)

Mr Smith is an old coustomer and an honest man .

سىمىت ئەپەندى بىر كونا خېرىدار، شۇنداقلا بىر سەمىمىي ئادەم. ( تەكىتلەش)

4) ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئىسىم ئوخشاش بىر ئادەمنى كۆرسەتكەندە، كېيىنكى ئىسىمنىڭ ئالدىدىكى ئېنىقسىز ئارتىكل ئادەتتە چۈشۈپ قالىدۇ.

His uncle is a writer and translator.

ئۇنىڭ تاغىسى يازغۇچى ھەم تەرجىمان.

ئەگەر تەكىتلەش زۆرۈر بولسا ، ئېنىقسىز ئارتىكل تەكرارلىنىدۇ.

He is greatly respected both as a scientist and as a poet.

ئۇ بىر ئالىم، شۇنداقلا بىر شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشتى. ( تەكىتلەش)

## ئېنىقسىز ئالماش
## (不定代词 Indefinite pronoun)

ھەر قانداق ئالاھىدە ئىسىم ياكى سۈپەتلەرنىڭ ئورنىدا كېلەلمەيدىغان

ئالماش ئېنىقسىز ئالماش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئومۇمىيلىقنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار: each, all every, every body, everyone, everything.

مىقدارنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار: much, many, few, a few, little, a little

سانى ئېنىق بولمىغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار: some, somebody, someone, something any, anybody, anyone, anything

ئىنكارنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار:

no, nobody, no one, nothing, none

«ئىككى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار: both, either, nither.

«باشقا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار: another, other

«بىر» مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماش: one

### 1. ئېنىقسىز ئالماشنىڭ ئالاھىدىلىكى

كۆپ سانىدىكى ئېنىقسىز ئالماشلار چەكلىگۈچى سۆز (چەكلىگۈچى سۆزگە قاراڭ) ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانىدىكىلىرى ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر ياكى ئېنىقلىغۇچى (قىسمەنلىرى يەنە ئىزاھلىق سۆز ۋە ھالەت بولىدۇ) بولالايدۇ. ئەمما، none ۋە تەركىبىدە some, any, no, every بار بولغان بىرىككەن ئالماشلار پەقەت ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەرلا بولالايدۇ. every بىلەن no بولسا، پەقەت ئېنىقلىغۇچىلا بولالايدۇ.

<u>Everyone</u> had an application form in his hand, but <u>no one</u> knew which office room to send it to

ھەممە ئادەمنىڭ قولىدا بىردىن ئىلتىماس جەدۋىلى بار، ئەمما

ھېچكىم ئۇنى قايسى ئىشخانىغا ئاپىرىپ بېرىشنى بىلەلمىدى. ( ئىگە)

Could you find <u>someone</u> for me to play tennis with?

سىز ماڭا پالاق توپ ئوينىشىپ بېرىدىغان بىرەرىنى تېپىپ بېرەلەمسىز؟ ( تولدۇرغۇچى)

I'm not <u>somebody</u>; I'm <u>nobody</u>.

مەن ئالاھىدە شەخس ئەمەس؛ مەن بىر ئەرزىمەس ئادەم. ( كېسىم خەۋەر)

<u>Many</u> people complain of the rapid pace of modernlife.

نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى زامان تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تولىمۇ تېز ئىكەنلىكىدىن ئاغرىنىشىدۇ. ( ئېنىقلىغۇچى)

The students <u>all</u> agreed that the concert was good.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مۇزىكا كېچىلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دەپ قارىدى. ( ئىزاھلىق سۆز)

He is <u>no</u> better and is still very ill.

ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ياخشىلىنىش يوق، كېسىلى يەنە شۇنداق بەك ئېغىر.

**2. all, every, each نىڭ سېلىشتۇرمىسى**

1) ئىككىدىن ئارتۇق كىشى ياكى نەرسە ئۈستىدە ياكى سانىغىلى بولمايدىغان نەرسە ئۈستىدە پاراڭلاشقاندا all ئىشلىتىلىدۇ.

<u>All children</u> must go to school until the age of 16.

ھەممە باللار 16 يېشىغىچە مەكتەپتە ئوقۇشى كېرەك.

<u>All banks</u> are closed on Sunday there .

ئۇ يەردە يەكشەنبە كۈنى بارلىق بانكىلار تىجارەت قىلمايدۇ.

He spent <u>all</u> of the <u>money</u> on a new car

ئۇ پۇلىنىڭ ھەممىسىگە يېڭى ماشىنا ئېلىۋەتتى.

2) every نىڭ مەنىسى ئادەتتە all بىلەن يېقىن كېلىدۇ. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قوللىنىشى ئوخشىمايدۇ. كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىل + all، every + بىرلىك شەكىلدىكى پېئىل. ئۇنىڭدىكى پەرق شۇكى، all ئىشلىتىلگەندە، پۈتۈن گەۋدە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ every ئىشلىتىلگەندە بولسا ھەر بىر شەخس كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

All the people were cheering loudly.

كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈنلۈك ئاۋازدا تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

Everybody was cheering loudly.

ھەر بىر ئادەم ئۈنلۈك ئاۋازدا تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

3) every، each يەككىلىك ئارقىلىق ھەممە كىشى ياكى نەرسىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. بارلىق كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئەمما ئۇلار مەنە جەھەتتە ئازراق پەرقلىنىدۇ.

a) every= each and all «ئومۇمىي گەۋدە» نى بەكرەك بىلدۈرىدۇ؛ each بولسا «ئايرىملىق» نى بەكرەك بىلدۈرىدۇ.

Each person signed the paper.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قەغەزگە ئىمزا قويدى.

Every person signed the paper.

ھەر بىر كىشى قەغەزگە ئىمزا قويدى.

Every student answered the question correctly, but each answered it according to his own opinion.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ سوئالغا توغرا جاۋاب بەردى، ئەمما ھەر بىر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن جاۋاب بەردى.

b) every پەقەت ئومۇمىي سانى ئىككىدىن ئارتۇق بولغان كىشى ياكى نەرسىگىلا ئىشلىتىلىدۇ؛ each بولسا ئومۇمىي سانى ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق كىشى ياكى نەرسىگە ئىشلىتىلىدۇ.

He has read every book in the school.

ئۇ مەكتەپتىكى ھەر بىر كىتابنى ئوقۇپ چىقتى.

Man has 2 hands; each has its own function.

ئادەم ئىككى قوللۇق بولىدۇ، ئەمما ھەر قايسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى بار.

Each of the first 3 runners received a prize.

ئالدىنقى ئۈچ يۈگۈرۈش ماھىرىنىڭ ھەممىسى بىـــردىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

every (c نىڭ بەزى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا each نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

You have every right to be angry.

ئۇ ئاچچىقلىنىشقا پۈتۈنلەي ھەقلىق.

This method is every bit as good as the other

بۇ ئۇسۇل باشقا ئۇسۇلغا ئوخشاشلا ياخشى.

every other day ھەر بىر كۈن ئاتلاپ

every four years ھەر تۆت يىل

every ten miles ھەر ئون ئىنگلىز مىلى

## 3. مىقدارنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماش

| | نۇرغۇن، جىق | ناھايىتى ئاز (ئىنكار) | ئازراق، بىر قانچە (تەستىق) |
|---|---|---|---|
| سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمغا ئىشلىتىلىدۇ | many | few | a few |
| سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمغا ئىشلىتىلىدۇ | much | little | a little |

بۇ سۆزلەر كۆپ ھاللاردا ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، ھەممىسىنىـــڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى ۋە ئالىي دەرىجىسى بار.

least , less; fewest, fewer; most, more Many hands make light work.

ئادەم كۆپ بولسا ئىش ئاۋۇيدۇ.

Few people really understood what the lecture was about.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىنى ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا ھەقىقىي چۈشەندى.

He spread a little honey on a slice of bread .

ئۇ بىر پارچە بولكىغا ئازراق ھەسەل سۈركىدى.

**4. some بىلەن any نىڭ سېلىشتۇرمىسى**

1) some تەستىق جۈملىگە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. any بولسا سوراق جۈملە، ئىنكار جۈملە ۋە شەرت بىقىندى جۈملىگە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ھەر ئىككىلىسى سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

There are some biscuits left, but there isn't any cake.

ئازراق پىرەنىك ئېشىپ قاپتۇ، ئەمما ئازراقمۇ تورت قالماپتۇ.

I know you speak some Frendh, but do yon speak any German?

فرانسۇزچىنى ئازراق سۆزلىيەلەيدىغانلىقىڭنى ئۇقىمەن، ئەمما نېمىسچە سۆزلىيەلەمسەن؟

If there are any good apples in the shop, bring me two pounds.

ئەگەر ماگىزىندا ياخشى ئالما بولسا، ماڭا ئىككى قاداق ئالغاچ كەل.

2) some بەزىدە تۆۋەندىكى ئىككى سوراق جۈملىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

a) سوئال قويغۇچى تەستىق جاۋابقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغاندا

Are there some stamps in the drawer?

تارتمىدا ئازراق پوچتا ماركىسى باردۇر؟

Didn't he give you some money?

ئۇ ساڭا ئازراق پۇل بەرمىگەنمىدى؟

b) سوراق جۈملە شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئۆتۈنۈش، تەكلىپ، پىكىر، بۇيرۇق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

May I give you some more tea?

ئازراق چاي ئىچىۋالامسىز؟ (تەكلىپ)

Could you give me some examples?

سەن ماڭا ئازراق مىسال كەلتۈرۈپ بېرەلەمسەن؟ (ئۆتۈنۈش)

3) some سانىغىلى بولىدىغان بىرلىك ئىسىم بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، «مەلۇم بىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

Some man phoned, but didn't leave his number.

بىر كىشى تېلېفون قىلدى، ئەمما تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ قويمىدى.

Some idiot parked his car outside the garage.

بىر ئەخمەق ماشىنىسىنى بىكەتنىڭ سىرتىغا توختىتىپ قويۇپتۇ.

4) any تەستىق جۈملىدە ئىنتوناتسىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىپ، «ھەر قانداق بىرى، خالىغان بىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

I'll accept any job as long as I don't have to get up early

ئورنۇمدىن بالدۇر تۇرمايدىغان ئىش بولسىلا، مەن ھەر قانداق خىزمەتنى قوبۇل قىلىمەن.

Any student with a little common sense should be able to answer the question

ئازراق ساۋاتى بارلىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر قاندىقى بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلىشى كېرەك.

5. no بىلەن none

1) no پەقەت ئىنچىكىلىغۇچىلا بولالايدۇ ھەمدە سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمغا ئىشلىتىلىدۇ. not any / not a گە تەڭ كېلىدۇ.

We had to walk home because there was no bus.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپتوبۇس بولمىغاچقا، بىز ئۆيگە مېڭىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق.

No words can describe the scene.

بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ.

To learn a foreign language well is no easy matter.

چەت ئەل تىلىنى ياخشى ئۆگىنىش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس.

2) none «ھېچكىم ( ھېچنېمە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ. none ھەمىشە of بىلەن ئىپادە ھاسىل قىلىدۇ، مىقدار جەھەتتە «بىر قانچە ئادەم ( نەرسە) ئىچىدە بىرىمۇ يوق» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

I wanted some string but there was none in the house.

ماڭا ئارغامچا لازىم بولدى، ئەمما ئۆيدىن بىرەر تال ئارغامچىمۇ تاپالمىدىم.

None of those farmers have ever driven a tractor.

ئاشۇ دېھقانلارنىڭ ئىچىدە ھېچكىم تراكتور ھەيدەپ باقمىغان.

## 6. every, some, any, no لاردىن ھاسىل بولغان بىرىككەن ئالماشلار

1) بۇ بىرىككەن ئالماشلارنىڭ ھەممىسى Ⅲ شەخس بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش پرىنسىپى every, some, any, no لار بىلەن ئوخشاش.

Everybody / Everyone was disappointed that yon could not come.

سەن كېلەلمەي ھەممەيلەن ناھايىتى ئۈمىدسىزلەندى.

Sue is very secretive . She never tells anybody anything.

سيۇنىڭ ئىچى بەك چوڭ ، ئۇ ئەزەلدىن ھەر قانداق كىشىگە ھەر قانداق ئىشنى ئېيتمايدۇ.

Some onegave me a ticket for a pop concert.

بىرى ماشا مودا مۆزىكا كېچىلىكىنىڭ بىلىتىدىن بىرنى بەردى.

2) everyone/everybody, someone/somebody, anyone/ anybody, no one/nobody قاتارلىقلارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى بار.

I don't want to waste anyone's time.

مەن ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىشنى خالىمايمەن.

3) everyone, someone, anyoen پەقەت ئادەمنىلا كۆرسىتىدۇ؛ every one, some one, any one ئادەمنى كۆرسەتكەندىن باشقا يەنە نەرسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

Every one of the eggs was cracked.

تۇخۇمنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ كەتتى.

Any one of these traffic accidents was caused by drunk driving.

بۇ قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەشتىن كېلىپ چىققان.

4) بۇ ئالماشلارنىڭ ئورنىدا her / his, she / he كەلسە بولىدۇ. ئېغىز تىلدىمۇ their/ they قاتارلىق كىشىلىك ئالماشلار ئالمىشىپ كېلىدۇ.

Someone has left his book on the desk.

بىر ئادەم كىتابىنى پارتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ.

No one saw Tom go out, did they?

تومنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى، شۇنداقمۇ؟

5) something, anything, nothing سۈپەت تەرىپىدىن ئېنىقلانغاندا، بۇ سۈپەت چوقۇم كەينىدە كېلىشى كېرەك.

Nothing sensible has been done yet.

ھازىرغىچە ھەر قانداق بىر ئاقىلانە ھەرىكەت ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

After a long walk in the fields I wanted to drink something cold.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئېتىزلىقتا ناھايىتى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ، مېنىڭ مۇزدەك بىر نەرسە ئىچكىم كەلدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. nobody بىلەن no one ئادەمنى كۆرسىتىدۇ؛ nothing نەرسىنى كۆرسىتىدۇ؛ none ھەر ئىككىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

No one failed the examination.

ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەر يوق. ( no one بىلەن noobody ئوخشاش)

There was nothing interesting in today's newspaper.

بۈگۈنكى گېزىتتە ھېچقانداق قىزىقارلىق خەۋەر يوق.

None of us is perfect; we all mak mistakes.

ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ. ھەممىمىز خاتالىق سادىر قىلىمىز.

2. ئاددىي جاۋابتا، nobody بىلەن nothing ئايرىم - ئايرىم ھالدا who ياكى what بىلەن باشلانغان سوراق جۈملىلەرگە جاۋاب بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ؛ none بىر ئاددىي سوراق جۈملە ياكى «How many (much)?» بىلەن باشلانغان سوراق جۈملىگە جاۋاب بېرىشتە ئىشلىتىلىپ، «باشتا تىلغا ئېلىنغان ئادەم ياكى نەرسە» نىڭ يوق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

Who is going to the lecture? —Nobody (No one).

كىم لېكسىيە ئاڭلىغىلى بارىدۇ؟

— ھېچكىم.

What is on the table? —Nothing.

ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە نېمە بار؟

— ھېچنېمە يوق.

Is there any beer in the house? — No, I'm afraid there's none left.

ئۆيدە پىۋا بارمۇ؟

- ياق، مېنىڭچە ئازراقمۇ يوققۇ دەيمەن.

How many elephants did you see? — None.

پىلدىن نەچچىنى كۆردۈڭ؟

- بىرسىنىمۇ كۆرمىدىم.

## 7. «ئىككى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماش

1) both ئىككى ئادەم ياكى نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ئېنىقلايدۇ. كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

There were excellent performances from both actresses.

ھەر ئىككى ئايال ئارتىسنىڭ ئورۇندىغان نومۇرى ناھايىتى ئېسىل ئىكەن.

Both his arms were broken in the accident.

ھادىسىدە ئۇنىڭ ئىككىلا بىلىكى سۇنۇپ كەتكەن.

2) either «ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ياكى ئۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ neither بولسا «بۇمۇ ئەمەس ياكى ئۇمۇ ئەمەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەر ئىككىلىسى بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ.

You must not favour either side in the dispute.

سەن مۇنازىرىدە ھېچقايسى تەرەپتە تۇرماسلىقىڭ كېرەك.

In reality, neither party was enthusiastic.

ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلا پارتىيە قىزغىن بولمىدى.

3) بۇ ئالماشلار ھەمىشە of بىلەن ئېپادە ھاسىل قىلىپ، ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ياكى ئالماش بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

Both of us have been to Paris but neither of us has been to Rome.

ھەر ئىككىلىمىز پارىژغا بېرىپ باققان، ئەمما ھېچقايسىمىز رىمغا بېرىپ باقمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

8. «باشقا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئېنىقسىز ئالماشلار

1) another سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىكىگە ئىشلىتىلىپ، «يەنە بىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

He opened anther shop last month.

ئالدىنقى ئايدا ئۇ دۇكاندىن يەنە بىرنى ئاچتى.

Wouldn't you like to have another piece of pie?

پىرەنىكتىن يەنە ئازراق يېمەمسەن؟

another يەنە سانى ئېنىقلانغان كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ.

Another four years passed before we met again

بىز يەنە كۆرۈشكەندە، يەنە تۆت يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

We drove another ten miles.

بىز يەنە ماشىنا بىلەن 10 ئىنگلىز مىلى يول ماڭدۇق.

2) other ھەم سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمغا ھەم سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلىگە ئىشلىتىلىدۇ. other نىڭ كۆپلۈك شەكلى others بولىدۇ. ئۇ ئېنىقلىغۇچى بولالمايدۇ.

Moral beauty ought to be ranked above all other beauty.

ئەخلاقىي گۈزەللىك باشقا گۈزەللىكتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك.

I've got other things to think about.

ئويلىشىدىغان يەنە باشقا ئىشىم بار.

3) other ئالاھىدە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە، ئالدىغا ئېنىق ئارتىكل the قېتىلىدۇ. the other سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ «ئىككىسىنىڭ ئىچىدىكى يەنە بىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، the others بولىدۇ. the others «(تىلغا ئېلىنىپ بولۇنغان) باشقا بۆلەكلەر» نى بىلدۈرىدۇ.

The little girl slowly closed one eye and then the other.

قىزچاق ئاستا ـ ئاستا بىر كۆزىنى يۇمدى، ئاندىن يەنە بىر كۆزىنىمۇ

يۈمىدى.

Bruce and John have arrived, but the other students in the class aren't here yet.

بىروۋس بىلەن جون كېلىپ بولدى. ئەمما سىنىپتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلار تېخى كەلمىدى.

4) some, any, no, every لار other بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە، كەينىدىكىسى ئەگەر سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم بولسا، ئادەتتە بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

Shanghai is most densely populated than any othercity in china.

شاڭخەي جۇڭگو بويىچە نوپۇس ئەڭ جىق شەھەر.

There must be some other reason for him refusing to help.

ئۇنىڭ ياردەم بېرىشنى رەت قىلىشىدا چوقۇم باشقا سەۋەبلەر بار.

9. one نىڭ ئىشلىتىلىشى

ئېنىقسىز ئالماش دەپ قارىلىدىغان one نىڭ كۆپلۈك شەكلى ones ئىگىلىك كېلىش شەكلى one's چەككىلەش ئالماش شەكلى oneself بولىدۇ.

ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا، رەسمىي بولمىغان سورۇنلاردا كۆپلۈكنى كۆرسىتىشتە she/he ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئىگىلىك كېلىش شەكلى ۋە چەككىلەش ئالماش ئايرىم - ئايرىم ھالدا her / his ۋە herself / himself بولىدۇ.

1) one سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «كىشىلەر» نى چەككىلەپ كۆرسىتىدۇ.

If one wants a thing done well, one had better do it oneself.

بىر ئادەم ئەگەر ئىشنى ياخشى قىلىمەن دەيدىكەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزى قىلىشى كېرەك.

One should always look after one's children.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر بالىلىرىنى ھەمىشە ياخشى باشقۇرۇشى كېرەك.
2) one «مەلۇم بىر خىل ئادەم» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

He is not one to be easily frightened.

ئۇ ئاسانلىقچە قورقۇتقىلى بولىدىغان ئادەم ئەمەس.

A good writer is one who can express the commonplace in an uncommon way.

بىر تالانتلىق يازغۇچى ئادەتتىكى ئىشلارنى ئاددىي بولمىغان ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان كىشىدۇر.

3) one ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىمنىڭ ئورنىدا كېلىپ، شۇ ئىسىمنىڭ تەكرارلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىدە تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئەھۋال بار:

a) the, this / that, these / those, which ( ياكى سۈپەتمۇ قوشۇلىدۇ) بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

Which person do you mean? The one with glasses on?

سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز كىم؟ كۆزەينەك تاقىۋالغان ئاۋۇ كىشىمۇ؟

There was a mother bird in the nest and there were four young ones.

ئۇۋىدا بىر ئانا قۇش ۋە تۆت بالا قۇش بار ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، one نىڭ ئالدىدا يەنە either, neither, the first, the last, the next, the latter, the other قاتارلىقلار كېلىپ، one نى ئېنىقلايدۇ.

You are the first one who has ever explained this clearly.

سەن بۇ مەسىلىنى ئېنىق يېشىپ بەرگەن تۇنجى ئادەم.

I arrived first; The next one to arrive was James.

ئەڭ ئاۋۋال يېتىپ بارغىنى مەن، ئۇنىڭدىن كېيىن يېتىپ بارغىنى جامېس.

b) one نىڭ ئالدىدا سۈپەت بولسا، an/a ئىشلىتىلىدۇ.

Now that we have finished the course, we shall take a new one .

بۇ دەرسنى تۈگىتىپ بولغاندىكىن، يەنە بىر يېڭى دەرسنى تاللايلى.

I like a strong cup of tea better than a weak one.

مەن سۇس دەملەنگەن چايدىن قېنىق دەملەنگەن چاينى ياخشى كۆرىمەن.

[قېنىق نۇقتا تەھلىلى]

1. one بىلەن it نىڭ ھەر ئىككىلىسى سانغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىسىنىڭ پەرقى مۇنداق: one باشتا تىلغا ئېلىنغان ئىسىمنىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئاشۇ ئىسىم بىلەن بىر تۈردىكى نەرسىگە تەۋە بولىدۇ. «ئېنىق بولمىغان» ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ؛ it باشتا تىلغا ئېلىنغان ئىسىمنىڭ ئورنىغا بىۋاسىتە ئالمىشىدۇ. «ئېنىق بولغان» ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

I haven't got a raincoat. I'll have to buy one.

مەندە يامغۇرلۇق چاپان يوق، بىرنى سېتىۋالسام بولغۇدەك.

( one — 《a raincoat》 نىڭ ئورنىغا ئالماشقان، قايسى يامغۇرلۇق چاپان ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. )

I'd like to look at that atlas. May I borrow it?

مېنىڭ ئاۋۇ ئاتلاسنى كۆرۈپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۇنى سوراپ تۇرسام بولامدۇ؟ (it — 《that atlas》 نىڭ ئورنىغا ئالماشقان، «ئاشۇ ئاتلاس» نى ئالاھىدە كۆرسەتكەن)

2) one بىلەن that نىڭ ھەر ئىككىلىسى ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان ئادەم ياكى نەرسىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدۇ. ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، one «چەككىلەپ كۆرسىتىلگەن» سانغىلى بولىدىغان ئىسىمنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ؛ that بولسا، ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن سانغىلى بولىدىغان ئىسىم ياكى سانغىلى بولمايدىغان ئىسىمنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

A cake made of wheat costs less than one made of rice.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوغداي ئۇنىدا پىشۇرۇلغان قاتلىما گۈرۈچ ئۇنىدا پىشۇرۇلغان قاتلىمىدىن ئەرزان. (one= a cake)

The book I read yesterday is more interesting than <u>that</u> you are reading now.

مەن تۈنۈگۈن ئوقۇغان كىتاب سەن هازىر ئوقۇۋاتقان كىتابتىن قىزىقارلىق ئىكەن. (that= the one)

The volume of the sun is much greater than <u>that</u> of the moon.

قۇياشنىڭ هەجمى ئاينىڭكىدىن خېلىلا چوڭ.
(Vo/ ume سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىم بولغاچقا، that ئىشلىتىلگەن.)

## ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە
## (不定式短语 Infinitive phrase)

پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى پېئىلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ياكى خەۋەر بولالمايدىغان شەكلىدۇر. ئۇ تولدۇرغۇچى ياكى هالەت ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە هاسىل قىلىدۇ.

### 1. تولدۇرغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

I sent one of the children to get <u>a loaf or two .</u>

مەن بالىلارنىڭ بىرىنى بىر - ئىككى پارچە بولكا ئەكېلىشكە ئەۋەتتىم.

Whether on the water or on land, they always turn to face <u>the wind.</u>

مەيلى سۇدا ياكى قۇرۇقلۇقتا بولسۇن، ئۇلار هامان شامالغا دۈچ كېلىدۇ.

2. هالەت ئەگەشتۇرۇپ كېلىدۇ.

He was the first to come out for the right of woman to vote.

ئۇ تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ سايلام هوقۇقى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىققان ئادەم ئىدى.

There was no way to get the silver to the united States.

شۇ چاغدا كۈمۈشنى ئامېرىكىغا ئاپىرىدىغان ئامال يوق ئىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ زامىنى ۋە دەرىجىسى.
2. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىدىكى to بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ.
( پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىگە قاراڭ)

# ئېنىقلىغۇچى
# （定 语 Attribute）

ئېنىقلىغۇچى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېردىكى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى چەكلەپ، ئېنىقلاپ كېلىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر. ئېنىقلىغۇچى ئىسىم ياكى نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرى، ئىبارىلەر ۋە بېقىندى جۈملىلەر ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

1. ھەر خىل سۆز تۈركۈملىرى ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

سۈپەت، ئالماش، سان، ئىسىم ياكى ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

The crowd saw Gray score two magnificent goals.

www.uyghurkitap.com

تاماشىبىنلار گىرىيىننىڭ چىرايلىق ئىككى توپ سولىغانلىقىنى كۆردى.

Don't put your hands in your pockets.

قولۇڭنى يانچۇقىڭغا تىقمۇالما.

One hundred and fifty people got injured in the accident.

ۋەقەدە 150 ئادەم يارىلاندى.

My birthday present is a gold watch.

مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتالغان سوۋغات — ئالتۇن سائەت.

The tomato hit Bob's eye.

پەمىدۇر بوبىنىڭ كۆزىگە تېگىپ كەتتى.

## 2. ئىبارىلەر ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

ھەرىكەتنام، پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى، پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ۋە ئالدى قوشۇلغۇچلىق ئىبارىلەرنىڭ ھەممىسى ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

The men working on the site were in some danger.

بۇ مەيداندا ئىشلىگەنلەر ئازراق خەتەر ئىچىدە قالدى.

All the broken windows have been repaired.

چېقىلغان دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى رېمونت قىلىندى.

He had no photographs to remind him of the past.

ئۇنىڭدا ئۇنىڭغا ئۆتمۈشنى ئەسلىتەلەيدىغان سۈرەت يوق.

The simplest type of instrument for measuring gas pressure is a manometer.

گازنىڭ بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ ئاددىي ئەسۋاب مانومېتىردۇر.

## 3. بېقىندى جۈملە ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.

ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان بېقىندى جۈملىلەرنى ئادەتتە مۇناسىۋەت

ئالمىشى ( that, who, which, whose, as, but قاتارلىقلار) ۋە مۇناسىۋەت رەۋىشى (when, were, why قاتارلىقلار) باشلاپ كېلىدۇ.

This is the most beatiful place that I've ever visited.

بۇ — مەن زىيارەت قىلغان جايلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل جايدۇر.

There is not one of us but wishes (= who does not wish) to help you

ئارىمىزدا ساڭا ياردەم بېرىشنى خالىمايدىغان بىرىمۇ يوق.

Do you know the reason why he did not come yesterday?

سەن ئۇنىڭ تۈنۈگۈن نېمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

## ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

## (定语从句 Attributive Clause)

جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان بېقىندى جۈملە ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئادەتتە ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىم، ئالماش ياكى باش سۆزدىن كېيىن كېلىدۇ. كۆپ ساندىكى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى مۇناسىۋەت ئالمىشى ياكى مۇناسىۋەت رەۋىشى باشلاپ كېلىدۇ. مۇناسىۋەت ئالمىشى بىلەن مۇناسىۋەت رەۋىش ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كەلگەندىن باشقا، يەنە بېقىندى جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت قاتارلىق بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ.

### 1. مۇناسىۋەت ئالمىشى بىلەن باشلانغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت ئالماشلاردىن that, which, whose, whom, who قاتارلىقلار بار. مۇناسىۋەت ئالمىشىدا رود ۋە سان جەھەتتە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئادەمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەندە who ئىشلىتىلىپ ، بېقىندى جۈملىدە ئىگە بولىدۇ. whom تولدۇرغۇچى، whose ئېنىقلىغۇچى، that ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى كېسىم خەۋەر بولىدۇ. نەرسىنى كۆرسەتكەندە which ياكى that ئىشلىتىلىپ، بېقىندى جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى ياكى كېسىم خەۋەربولىدۇ.

He who comes uncalled sits unserved.

چاقىرىلمىغان مېھمان پەگادا قالىدۇ.

This is the doctor who saved the boy's life.

بۇ ـ بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى دوختۇر شۇ.

Here is the man whom you've been looking for.

مانا بۇ سەن ئىزدەپ يۈرگەن ھېلىقى ئادەم شۇ.

This is the little boy whom Alim saved yesterday.

بۇ تۈنۈگۈن ئالىم قۇتقۇزۇۋالغان بالا شۇ.

Is there anyone here whose name is John?

بۇ يەردە جون ئىسىملىك بىرەيلەن بارمۇ؟

The girl whose work got the prize is the youngest in the class.

ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن قىز پۈتۈن سىنىپ بويىچە ئەڭ كىچىك قىزچاقتۇر.

The man that is speaking is our teacher.

سۆزلەۋاتقان ئاۋۇ كىشى بىزنىڭ مۇئەللىم.

She is rot the clever girl that you thought she is .

ئۇ سەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق ئەقىللىق قىز ئەمەس.

This is the room in which Mr. Lu xun once lived.

بۇ ـ لۇشۈن ئەپەندى ئولتۇرغان ئۆي.

These are the books which I borrowed from the library this morning.

بۇلار مەن بۈگۈن ئەتىگەن كۇتۇپخانىدىن ئارىيەت ئالغان كىتابلار شۇ.

## 2. مۇناسىۋەت رەۋىشى بىلەن باشلىنىدىغان ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە

بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت رەۋىشلىرىدىن why, where, when قاتارلىقلار بار بولۇپ، بېقىندى جۈملە ۋاقىت ھالىتى ، ئورۇن ھالىتى، سەۋەب ھالىتى بولىدۇ.

He came at a time when we needed help.

ئۇ دەل بىز ياردەمگە موھتاج بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا كەلدى.

July and August are the months when the weathe is hot.

7، 8- ئايلار ھاۋا تازا ئىسسىق بولىدىغان ئايلاردۇر.

She is going home where she can find comfort.

ئۇ ئۆيگە قايتماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇ ئۆيدىلا تەسەللى تاپالايدۇ.

This is the place where the money is buried.

بۇ — پۇل كۆمۈپ قويۇلغان جاي شۇ.

The reason why he came is not very convincing.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى كىشىنى تازا قايىل قىلالمايدۇ.

Can You tell me the reason why you were late for school this morning?

بۈگۈن ئەتىگەن نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە كېچىكىپ كەلگەنلىكىڭنىڭ سەۋەبىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

[قېيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. مۇناسىۋەت ئالمىشى ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملىدە پېئىلنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغاندا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا قىسقارتىۋېتىلسە بولىدۇ.

You can buy any skirt (that) you like most.

سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلەكتىن بىرنى سېتىۋالساڭ بولىدۇ.

The letter (which) I received yesterdaywas from my friend .

مەن تۆنۈگۈن تاپشۇرۇۋالغان خەت بىر دوستۇمدىن كەپتۇ.

2. مۇناسىۋەت ئالمىشى ئېنىقلىغۇچى بىقىندى جۈملىدە ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغاندا، ئادەتتە قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئالدى قوشۇلغۇچى مۇناسىۋەت ئالمىشىنىڭ ئالدىدا كەلگەن بولسا، ئادەمگە whom ، نەرسىگە which ئىشلىتىلىدۇ ( thatئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغاندا، ئالدى قوشۇلغۇچى ئادەتتە كەينىدە كېلىدۇ) قىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

Is he the student that youg ave the book to yesterday?

Is he the student to whom you gave the book yesterday?

ئۇ ـ سەن تۆنۈگۈن كىتابنى بەرگەن ئوقۇغۇچىمۇ؟

Let me have a look at the magazine that you talked about yesterday.

Let me have a look at the magazine about which you talked yesterday.

سەن تۆنۈگۈن گېپىنى قىلغان ھېلىقى ژۇرنالنى كۆرۈپ باقاي.

3. مۇناسىۋەت ئالماشلىرىدىن who ,whom ۋە that ئادەمگە ئىشلىتىلسە بولىۋېرىدۇ. ئەمما eneryone, enerybody, anybody, قاتارلىق ئېنىقسىز ئالماشلاردىن كېيىن ئادەتتە پەقەت eachone, anyone who ياكى whom لا ئىشلىتىلىدۇ.

Let's talk about somebody whom we know?

بىز ئۆزىمىز تونۇيدىغان بىرەرسى توغرىسىدا پاراڭلاشساق قانداق؟

There is some one who is waiting for you outside the building.

بىرەيلەن بىنانىڭ سىرتىدا سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

Is there anybody who wants to have a discussion with me about it?



www.uyghurkitap.com

مۇشۇ توغرىلىق مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟
4 . where رەۋىش بولۇپ، ئېنىقسىز جۈملىدە ھالەت بولىدۇ. ئەگەر ھالەت بولالمىسا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

This is a place (which) we've long wanted to visit. (=We have long wanted to visit this place.)

بۇ - بىز بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان جاي.

We visited a factory that makes radio parts (=We visited a factory where radio partsare made.)

بىز رادىئو زاپچاسلىرى ياسايدىغان بىر زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

# ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان سۈپەت
# (定 语 形 容 词 Attributive Adjective)

ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئىسىمنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلايدىغان سۈپەت ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان سۈپەت دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1. تەكىتلەشنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

real, pure, mere, بۇنداق سۈپەتلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن definite, clear قاتارلىقلار بار.

She's written the difinite history of Vienna.

ئۇ نوپۇزلۇق خاراكتېرگە ئىگە ۋېنا تارىخىنى يېزىپ چىقتى.

By pure chance he found the rare book he needed in a little shop.

تاسادىپىي پۇرسەتتە ئۇ بىر كىچىك كىتابخانىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئاز ئۇچرايدىغان ھېلىقى كىتابنى سېتىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### 2. دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

بۇنداق سۈپەتلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن strong, firm, close, utter, camplete قاتارلىقلار بار.

It was a complete surprise to see you on the bus yesterday.

تۈنۈگۈن ئاپتوبۇستا سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىم ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش بولدى.

He is an utter fool.

ئۇ ئۇچىغا چىققان ئەخمەق.

They kept a close watch on the prisoners.

ئۇلار جىنايەتچىلەرگە بەك قاتتىق قاراۋاتىدۇ.

### 3. چەكلەشنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

بۇنداق سۈپەتلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن only, particular, specific, exact, main قاتارلىقلار بار.

He is the only man for the task.

ئۇ بۇ ۋەزىپىگە ماس كېلىدىغان بىردىنبىر ئادەم.

It happened on that particular day.

ئىش دەل ئاشۇ ئالاھىدە كۈندە يۈز بەرگەن.

It wor't do to have no specific aim in your study.

ئېنىق نىشان تىكلىمەي تۇرۇپ ئۆگەنسەڭ بولمايدۇ.

### 4. چىققان جايى، ۋاقىت، ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

1) چىققان جايىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

| | |
|---|---|
| the Chinese nation | جۇڭخۇا مىللىتى |
| solar energy | قۇياش ئېنېرگىيىسى |
| an American friend | بىر ئامېرىكىلىق دوست |

2) ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

| | |
|---|---|
| a weekly magazine | ھەپتىلىك ژۇرنال |

| | |
|---|---|
| the present situation | نۆۋەتتىكى ئەھۋال |

3) ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەر

| | |
|---|---|
| East China | شەرقىي جۇڭگو |
| an outer region | چەت - يىراق رايون |
| the outdoor theatre | ئۇستى ئوچۇق تىياتىرخانا |

**5. ئىسىمدىن ياسالغان بەزى سۈپەتلەر**

بۇنداق سۈپەتلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن social moral, atomic, natural, criminal, medical, secretarial قاتارلىقلار بار.

| | |
|---|---|
| social customs | ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەتلەر |
| a natural musician | بىر تالانتلىق كومپوزىتور |
| an atomic scientist | بىر ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئالىمى |

**6. 《- en》 بىلەن ئاخىرلاشقان، ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان قىسمەن سۈپەتلەر**

| | |
|---|---|
| a woolen blanket | بىر يۇڭ ئەدىيال |
| a wooden chair | بىر ياغاچ ئورۇندۇق |
| an earthen jar | بىر ساپال كومزەك |

# ئېنىقلانغۇچىنىڭ كەينىدە كېلىدىغان سۈپەت
## (后置形容词 Post Adjective)

سۈپەت ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ، ئادەتتە ئۇ ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئەمما بەزى سۈپەتلەر ئېنىقلىغۇچى بولغاندا ئېنىقلىغۇچىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ ياكى بەزى ئالاھىدە ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىدا ئېنىقلىغۇچىنىڭ كەينىدە كېلىدۇ.

**1. 《-one , -where, -thing , -body》 بىلەن ئاياغلاشقان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىككەن سۆزلەرنى ئىنىقلايدۇ.

Is there anybody absent today?

بۈگۈن كەلمىگەنلەر بارمۇ؟

There is nothing new.

ھېچقانداق يېڭى نەرسە يوق.

Is there anytring wrong with your radio.

رادىئويىڭىز بىر نېمە بولمىغاندۇ-ھە؟

Let's go somewhere quiet.

جىمجىت بىر جايغا بارايلى.

## 2. 《-able, ible》 بىلەن ئاياغلاشقان پېئىللىق توسكە ئىگە بەزى سۈپەتلەر

بۇ سۈپەتلەر ئېنىقلىغۇچى بولغاندا ئادەتتە ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمدىن كېيىن كېلىدۇ ھەمدە دائىم only, every, all ياكى سۈپەتنىڭ ئالىي دەرىجىسى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

It's the only solution possible.

بۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل.

They have tried every means imaginable.

ئۇلارنىڭ ئويلىمىغان ئامالى قالمىدى.

This is the earliest edition obtainable.

بۇ ھازىر تاپقىلى بولىدىغان ئەڭ بۇرۇنقى نەشر نۇسخىسى.

## 3. absent, present, concerned, involved قاتارلىق سۈپەتلەر

All those absent will be informed of this matter.

بۇ ئىش كەلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇقتۇرۇپ قويۇلسۇن.

All the people concerned enjoyed their afternoon visit to the museum.

مۇناسىۋەتلىك بارلىق خادىملار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇزېيغا بارغىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇشتى.

**4. سىپلىشتۇرۇش ياكى مىسال كەلتۇرۇشنى بىلدۈرىدىغان ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئېنىقلىغۇچى بولىدىغان سۆپەت بىللە ئىشلىتىلىدۇ.**

All the villagers, old ane young, turned out to welcome the visitors.

پۈتۈن كەنتتىكىلەر، مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ ھەممىسى ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا چىقتى.

The sea, blue and still, is spread before us.

كۆپكۆك، تىپتىنچ دېڭىز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇراتتى.

**5. بەزى مۇقىم ئىبارىلەردىكى سۆپەتلەر**

| | |
|---|---|
| the sum total | ئومۇمىي سانى |
| the third person plural | III شەخس كۆپلۈك |
| court martial | ھەربىي ئىشلار سوتى |
| from time immemorial | ئەلمىساقتىن بۇيان |

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

بەزى سۆپەتلەر مەلۇم خىل بىرىكىش ئۇسۇلىدا ئىشلىتىلگەندە، ھەم ئالدىدا، ھەم كەينىدە كېلىۋېرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىسى ئوخشىمايدۇ.

| | |
|---|---|
| the members present | كەلگەن ئەزالار |
| the present members | ھازىرقى ئەزالار |
| an involved case | مۇرەككەپ دېلو |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| the details involved | ئالاقىدار تەپسىلاتلار |
| *the man responsib le* | مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك ئادەم |
| *the responsible friend* | ئىشەنچلىك دوست |

## ئېنىقلىغۇچىنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئېنىقلىغۇچى
## (后置修饰语 Post-modifier)

ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆز (Head Word) دىن كېيىن كېلىدىغان ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىسىنىڭ كەينىدە كېلىدىغان ئېنىقلانغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. سۈپەت «no-, every-, any-, some-» قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان بىرىككەن سۆزلەرنى ئېنىقلىغاندا چوقۇم كەينىدە كېلىدۇ.**

I have something <u>important</u> to tell you.

مېنىڭ ساڭا دەيدىغان مۇھىم بىر ئىشىم بار.

Anybody <u>intelligent</u> can do the job.

ئەقلىي قۇۋۋىتى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم بۇ خىزمەتنى قىلالايدۇ.

**2. كېسىم خەۋەر خاراكتېرلىك سۈپەت ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا ئېنىقلىغۇچى كەينىدە كېلىدۇ.**

He is the greatest scientist <u>alive.</u>

ئۇ ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئەڭ ئۇلۇغ ئالىم.

The house <u>ablaze</u> is next door to me.

ئوت كەتكەن ئۆي ياندىكى ئۆي شۇ.

3. پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا كەينىدە كېلىدۇ.

I have a lot of work to do tonight.

بۈگۈن ئاخشام قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشىم بار.

He is always the last person to leave the job.

ئۇ ھەمىشە تەجرىبىخانىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىدۇ.

4. ئۇزۇنراق بولغان سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا ئادەتتە كەينىدە كېلىدۇ.

I think he is the man qualified for this position.

مەن ئۇنى بۇ خىزمەتكە لايىق كېلىدۇ دەپ قارايمەن.

They have a house much larger than yours.

ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ بىر ئۆيى بار.

5. جۈپ سۈپەتلەر كەينىدە كېلىدۇ.

She has many pencils, blue and red.

ئۇنىڭ كۆك، قىزىل بولۇپ نۇرغۇن قېرىنداشلىرى بار.

People, old and young, like this film.

بۇ فىلىمنى چوڭ - كىچىك ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدۇ.

6. «-able» ۋە «-ible» بىلەن ئاياغلاشقان سۈپەتلەر ئالدىدا سۈپەتنىڭ ئالىي دەرىجىسى ياكى only قاتارلىقلار بار بولغان ئىسىملاردىن كېيىن كېلىدۇ.

He is the best person available.

ئۇ ھازىر بار بولغان ئەڭ ياخشى نامزات.

It's the only solution possible.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ كىشنى ھەل قىلىغلى بولىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل.

7. ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆزنى ئېنىقلىغاندا ئادەتتە كەينىدە كېلىدۇ.

I know all the people in the room.

مەن ئۆي ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تونۇيمەن.

Do you know the man with thick glasses?

يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالغان ئاۋۇ كىشىنى تونامسىز؟

8. رەۋىش ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆزنى ئېنىقلىغاندا ئادەتتە كەينىدە كېلىدۇ.

People here are very hospitable.

بۇ يەردىكى كىشىلەر بەك مېھماندوست.

The situation then was very bad.

شۇ چاغدا ۋەزىيەت بەك يامان ئىدى.

9. پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا كەينىدە كېلىدۇ.

Is this the letter written by your blind brother?

بۇ سىزنىڭ ئەما ئىنىڭىز يازغان خەتمۇ؟

The man standing there is our headmaster.

ئاۋۇ يەردە تۇرغان ئادەم بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى.

10. ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ئىسىم خاراكتېرلىك مەركىزىي سۆزنى ئېنىقلىغاندا كەينىدە كېلىدۇ.

The students who are playing basketball over there are from our class.

ئاۋۇ يەردە ۋاسكېتبول ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىزنىڭ سىنىپتىن.

**11. سۈپەت، ئورۇن، ۋاقىت بىرلىكلىرى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا كەينىدە كېلىدۇ.**

a boy less than five years <u>old</u>

بەش ياشقا توشمىغان بىر بالا.

a bridge 1,000 meteres <u>long</u>

1000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كۆۋرۈك.

a snowdrift about four feet <u>deep</u>

تەخمىنەن تۆت ئىنگلىزچىسى چوڭقۇرلۇقتىكى بىر قار دۆۋىسى.

**12. بەزى ئادەتكە ئايلانغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا سۈپەت كەينىدە كېلىدۇ.**

| | |
|---|---|
| court-<u>martial</u> | ھەربىي ئىشلار سوتى |
| the body <u>politic</u> | دۆلەت |
| departments <u>concerned</u> | مۇناسىۋەتلىك تارماقلار |
| a consul <u>general</u> | باش كونسۇل |
| the president-<u>elect</u> | سايلانغان زۇڭتۇڭ |

**[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]**

بەزى سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كەلگەن چاغدىكى مەنىسى بىلەن كەينىدە كەلگەن چاغدىكى مەنىسى ئوخشىمايدۇ.

Delegate <u>present</u> are discussing the <u>present</u> situation.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىۋاتىدۇ.

This is the <u>proper</u> way to get into the city <u>proper.</u>

بۇ شەھەر رايونىغا بارغىلى بولىدىغان توغرا يول.

The people concerned all have concerned looks.

ئالاقىدار خادىملارنىڭ ھەممىسى بەك ئالاقزادە كۆرۈندۇ.

the people involved

ئالاقىدار كىشى، چېتىشلىق كىشى

an involved explanation. مۇرەككەپ چۈشەندۈرۈش

the solution adopted قوللىنىلغان ئۇسۇل

an adopted son بېقىۋېلىنغان بالا

# ئى

## ئىبارە
## (短语 phrase)

ئىبارە ـ جۈملە ھاسىل قىلىدىغان بىر سۆز گۇرۇپپىسىدۇر. ئۇ ئۆزى مۇستەقىل جۈملە بولالمايدۇ، ئىگە ۋە خەۋىرى بولمايدۇ. ئىبارە جۈملىدىكى رولىغا ئاساسەن ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە، پېئىل خاراكتېرلىك ئىبارە، ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە، پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە، ھەرىكەتنام خاراكتېرلىك ئىبارە، سۈپەت خاراكتېرلىك ئىبارە، رەۋىش خاراكتېرلىك ئىبارە ۋە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

### 1. ئىسىم خاراكتېرلىك ئىبارە

It hit the heavy lamppost in front of the house.

ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى يوغان سىم تاناپ تۈۋرۈكىگە ئۇسسۇۋالدى.

They told us the latest news from him..

ئۇلار بىزگە ئۇ توغرىسىدا ئەڭ يېڭى خەۋەرنى ئېيتتى.

### 2. پېئىل خاراكتېرلىك ئىبارە

The lion cubs were pretending to fight them.

شىر بالىسى ئۇلار بىلەن ئېلىشقان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

Fires may start in wet hay by spontaneous combustion.

نەم تارتىپ قالغان قۇرۇق ئوت-چۆپكە ئۆزلۈكىدىن ئوت كېتىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com

### 3. ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە

It is very neccessary to study English.

ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش بەكمۇ زۆرۈر.

The men fought the swift current and managed to reach shore just in time.

كىشىلەر جىددىي ئېقىن بىلەن ئېلىشىپ، بىر ئامالлارنى قىلىپ قىرغاققا ۋاقتىدا چىقىۋالدى.

### 4. پېئىلنىڭ تارماق شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن ئىبارە

He found a large snake blocking the way.

ئۇ يوغان بىر يىلاننىڭ يولنى توسۇۋالغانلىقىنى بايقىدى.

A compound is a substance composed of two or more elements.

بىرىكمە ماددا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېلېمېنتتىن تۈزۈلگەن ماددىدۇر.

### 5. ھەرىكەتنام خاراكتېرلىك ئىبارە

Would you mind filling out this form?

بۇ جەدۋەلنى تولدۇرۇۋەتسىڭىز بولامدۇ؟

Popularizing a new product is not an easy job.

يېڭى بىر خىل مەھسۇلاتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاسان ئىش ئەمەس.

### 6. سۈپەت خاراكتېرلىك ئىبارە

Don't be too curious about other people's affairs.

باشقىلارنىڭ ئىشىغا بەك چېپىلىۋالما.

She walks quickly with her head up, completely sure of herself.

ئۇ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدۇ.

### 7. رەۋىش خاراكتېرلىك ئىبارە

He ran here and there looking for her.

ئۇ ھېلى ئۇ يەرگە، ھېلى بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ ئۇنى ئىزدەۋاتىدۇ.

The man who knew the exact spot was killed two weaks later

ئورۇننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى پىششىق بىلىدىغان ھېلىقى ئادەم ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلدى.

### 8. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە

His father did not answer for a long time.

ئۇنىڭ دادىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە جاۋاب كەلمىدى.

In times of peace, pigeons are used for many purposes.

تىنچلىق دەۋرىدە كەپتەر كۆپ ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى.

## ئىبارىلىك پېئىل
## （短语动词　Phrasal Verb）

ئىبارىلىك پېئىل يەنە كۆپ سۆزلۈك پېئىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: break up (ھالىدىن خەۋەر ئالماق) ، look after (قوللىماق) ، put up with (چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك) ، pay attention to (دىققەت قىلماق) ، be capable of (...... نى قىلالايدىغان) قاتارلىقلار.

### 1. ئىبارىلىك پېئىلنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ياسىلىش ئۇسۇللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| ھاسىل بولۇش ئۇسۇلى | مىسال |
| --- | --- |
| پېئىل + رەۋىش<br>V. + abv | bring up (تەربىيلىمەك)، take in (ئالدىماق)،<br>find out (بايقىماق)، put off (ۋاقىتنى سوزماق) |
| پېئىل + ئالدى قوشۇلغۇچى<br>V. + prep. | agree with (قوشۇلماق)، look at (قارىماق)،<br>long for (تەشنا بولماق)، join in (قاتناشماق) |
| پېئىل + رەۋىش + ئالدى قوشۇلغۇچى<br>V. + adb. + prep. | cut down on (قىسقارتماق)، do away with<br>(ئەمەلدىن قالدۇرماق)، look forward to (ئارزۇ<br>قىلماق، كۈتمەك)، stand up for (قوللىماق) |
| پېئىل + ئىسىم + ئالدى قوشۇلغۇچى<br>V. + n. + prep | find fanlt with (قۇسۇر تاپماق)، give ear to<br>(كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماق)، make fun of<br>(زاڭلىق قىلماق)، take part in (قاتناشماق) |
| باغلامچى پېئىل + سۈپەت + ئالدى قوشۇلغۇچى<br>be + adj. + prep. | be full of (توشماق)، be eager for (تەشنابول-<br>ماق)، be different from (دىن ··· پەرقلەنمەك)؛<br>be grateful to (··· غا تەشەككۈر ئېيتماق) |

## 2. ئىبارىلىك پېئىللىدىكى تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنى

تولدۇرغۇچى ئەگەر ئىسىمدىن ھاسىل بولغان بولسا، رەۋىشتىن كېيىن ياكى پېئىل بىلەن رەۋىشنىڭ ئارىسىدا كېلىدۇ؛ تولدۇرغۇچى ئەگەر كىشىلىك ئالماشتىن ھاسىل بولغان بولسا، ئادەتتە پېئىلدىن كېيىنلا كېلىدۇ.

They have brought up their chidren well.

ئۇلار بالىلىرىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيلىدى.

They have brought them up well.

ئۇلار ئۇلارنى ياخشى تەربىيلىدى.

Please fill out the attached coupon.

قوشۇمچە تالوننى تولدۇرۇۋېتىڭ.

The manuscript might be usable if the author could fill it out a little.

ئەگەر ئاپتور ماقالىسىنى ئازراق تولۇقلىغان بولسا، ماقالىنى ھەر ھالدا ئىشلەتكىلى بولاتتى.

The clock is fast; I'll put it back three minutes.

سائەت ئىلگىرى كېتىپتۇ، مەن ئۇنى ئۈچ مىنۇت كېيىنگە توغرىلاپ قوياي.

Whg are you putting back the minute hand of the watch?

سەن نېمىشقا سائەت، مىنۇت ئىسترېلكىسىنى كېيىنگە توغرىلاپ قويدۇڭ؟

**3. بەزى ئىبارىلىك پېئىللاردىكى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا سۈپەت، چەكلىگۈچى سۆز، ئىنكار سۆزلەرنى قوشۇپ ئېنىقلىغۇچى قىلىشقا بولىدۇ.**

Make good use of your time in class.

دەرس ۋاقتىدا ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنىڭلار.

You should not pay no attention to your health.

سەن سالامەتلىكىڭگە دىققەت قىلمىساڭ بولمايدۇ.

## ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى
## （短语介词 Phrasal Preposition ）

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن بىر ئىبارە ھاسىل قىلىنىپ، بىر ئالدى قوشۇلغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئالدى قوشۇلغۇچى ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. رەۋىش + ئالدى قوشۇلغۇچى**

بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن together , with, up to, away from ,insted of, out of, according to, apart

www.uyghurkitap.com

from قاتارلىقلار بار.

I cut my coat according to my cloth.

مەن يوتقانغا بېقىپ پۇت سۇنىمەن.

This is a passage out of shakespeare.

بۇ شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانغان بىر بۆلەك.

Instead of reading, he was just smoking.

ئۇ كىتاب ئوقۇشنىڭ ئورنىغا تاماكىلا چېكىدۇ.

**2. ئىسىم/پېئىللىنىڭ تارماق شەكلى + ئالدى قوشۇلغۇچى**

بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن starting from, thanks to, compared with, owing to قاتارلىقلار بار.

Owing to the long drought, the crops have failed.

قۇرغاقچىلىق ئۇزۇن داۋاملاشقاچقا، زىرائەتتىن ھوسۇل چىقمىدى.

Compared with his pronunciation, yours is much better.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سىزنىڭكى خېلىلا ياخشى.

Thanks to the favourable wind, we shall soon be there.

شامالنىڭ يۆنىلىشىدە بولغاندىكىن بىز ناھايىتى تېزلا ئۇ يەرگە يېتىپ بارالايمىز.

**3. ئالدى قوشۇلغۇچى + ئىسىم + ئالدى قوشۇلغۇچى (كۆپ قىسىم ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچىلار مۇشۇ شەكىلدە بولىدۇ)**

بۇنداق ئالدى قوشۇلغۇچىلارنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن at home in, by means of, at a great cost of, for the sake of, at the end of, as a result of, in addition to, in front of,

in time of, on account of, with an eye on/to, within the limits of قاتارلىقلار بار.

He is quite <u>at home in</u> English.

ئۇ ئىنگلىز تىلىغا پىششىق.

Thoughts are expressed <u>by means of</u> words.

ئوي - پىكىر تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

They play cards <u>for the sake of</u> killing time.

ئۇلار ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قارتا ئوينايدۇ.

She is <u>at the end of</u> patience.

ئۇنىڭ زادىلا تاقەت قىلغۇچىلىكى قالمىدى.

**[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]**

**ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارىنىڭ پەرقى**

ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى ئالدى قوشۇلغۇچىغا باراۋەر كېلىدىغان بىر سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، جۈملىنىڭ مۇستەقىل بۆلىكى بولالمايدۇ؛ ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە ئالدى قوشۇلغۇچىغا تولدۇرغۇچى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، جۈملىدە مۇستەقىل بۆلەك بولالايدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىبارە | ئىبارىلىك ئالدى قوشۇلغۇچى |
|---|---|
| in time of danger | in time of |
| خەتەرلىك مەزگىلدە | ... مەزگىلدە |
| in front of the building | in front of |
| بىنانىڭ ئالدىدا | ... نىڭ ئالدىدا |
| according to plan | according to |
| پىلان بويىچە | بويىچە، ئاساسەن |
| within the limits of | within the limits of |
| objective condition | ... دائىرىسى ئىچىدە |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## ئىبارىلىك باغلىغۇچى
## （短语连词　Phrasal Conjunction）

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆز بىرىكمىسىدىن بىرىككەن باغلىغۇچى ئىبارىلىك باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبارىلىك باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن as soon as, on condition that, in order that, as well as, so that قاتارلىقلار بار.

Finish this <u>so that</u> you can begin another.

بۇنى تۈگىتىپ بولۇپ ئاندىن باشقىسىنى قىلساڭ بولىدۇ.

You can go <u>swimming on condition</u> (that) you don't go too far from the river bank.

سەن دەريا قىرغىقىدىن بەك يىراقلاپ كەتمەسلىك شەرتى ئاستىدىلا سۇ ئۈزگىلى بارساڭ بولىدۇ.

## ئىسىم
## （名词　Noun）

ئادەم، نەرسە، ئورۇن ياكى ئابستىراكت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1. ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى رولى

#### 1) ئىگە بولىدۇ.

The <u>flood</u> has done great damage to this region.

كەلكۈن بۇ رايوننى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

2) خەۋەر بولىدۇ.

She became a world swimming champion in 1964.

1964 - يىلى ئۇ سۇ ئۈزۈشتە دۇنيا چېمپىيونى بولغان.

3) تولدۇرغۇچى بولىدۇ.

a) پېئىلنىڭ بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

Keith likes strawberries.

كېيىت بۆلجۈرگەنگە ئامراق.

b) پېئىلنىڭ ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

They reported the loss and gave the police all thenecessary details.

ئۇلار يۈتكەن نەرسىلەرنى مەلۇم قىلدى ھەمدە ساقچىلارنى زۆرۈر بولغان بارلىق تەپسىلاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

c) ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولىدۇ.

The front door of the house was wide open.

ئۆينىڭ ئالدى ئىشىكى ھاڭقىرغاي ئېچىلىپ قاپتۇ.

4) تولۇقلىغۇچى بولىدۇ.

That year my mother died, leaving me an orphan.

شۇ يىلى ئانام تۈگەپ كېتىپ، مەن يېتىم بولۇپ قالدىم.

5) ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك بولىدۇ.

This theory was advenced by the famous geologist Li Siguang.

بۇ نەزەرىيە ئاتاقلىق گېئولوگ لى سىگۇاڭ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

www.uyghurkitap.com

**6) ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ.**

During the 1996 Olympics, Jesse Owens seta world record in track and won four gold medals.

1996 - يىلدىكى ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا جېس ئوۋېنس يۈگۈرۈش تۈرىدە دۇنيا رېكورتىنى ياراتتى ھەمدە تۆت ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى.

## 2. ئىسىمنىڭ تۈرلىرى

- ئىسىم
  - خاس ئىسىم
  - ئومۇمىي ئىسىم
    - يەككە ئىسىم
    - كوللېكتىپ ئىسىم
    - ماددىي ئىسىم
    - ئابستراكت ئىسىم

ئومۇمىي ئىسىم يەنە سانىغىلى بولىدىغان ئىسىم ۋە سانىغىلى بولمايدىغان ئىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]**

ئىسىمنىڭ تۈرلىرى مۇتلەق بولمايدۇ، بەزى ئىسىملار بىر ئورۇندا ئىسىمنىڭ ماۋۇ تۈرىگە تەۋە بولسا، يەنە بىر ئورۇندا ئاۋۇ تۈرىگە تەۋە بولىدۇ ھەمدە مەنىسىدىمۇ بەلگىلىك ئۆزگىرىش بولىدۇ.

**1. بىر قىسىم ئىسىملار ھەم خاس ئىسىم ھەم ئومۇمىي ئىسىم بولىدۇ.**

China is a great country.

جۇڭگو بىر ئۇلۇغ دۆلەت. (خاس ئىسىم)

She laid out a small tray with the best china.

ئۇ ناھايىتى نەپىس ياسالغان بىر كىچىك چىنە (تەخسە) نى كۆرسەتتى. (ئومۇمىي ئىسىم)

The Terror set sail yesterday.

تېررور ناملىق پاراخوت تۈنۈگۈن يولغا چىقتى. (خاس ئىسىم)

As soon as I heard that news, I was seized with terror.

مەن ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ناھايىتى قورقۇنچ ئىچىدە قالدىم. (ئومۇمىي ئىسىم)

**2. ئابستراكت ئىسىمنى يەككە ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.**

She is a person of great beauty.

ئۇ تولىمۇ گۈزەل ئايال. ( beauty چىرايىنىڭ گۈزەللىكىنى بىلدۈرۈپ ئابستراكت ئىسىم بولدى).

She is the beauty of the place.

ئۇ بۇ يەرنىڭ گۈزىلى. ( beauty كونكرېت بىر چىرايلىق ئايالنى بىلدۈرۈپ، يەككە ئىسىم بولدى).

**3. ماددىي ئىسىمنى يەككە ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.**

The kettle is made of copper.

بۇ چەينەك مىستىن ياسالغان. (ماددىي ئىسىم)

I gave the begger a few coppers.

مەن تىلەمچىگە بىر نەچچە مىس ياماق بەردىم. (يەككە ئىسىم)

## ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى
## （复数形式 Plural Form）

ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ بىردىن كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

What measures are you going to take to improve yourreading

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

comprehension?
سەن ئوقۇپ چۈشىنىش قابىلىيىتىڭنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئۈستۈرمەكچى؟

Only recently have scientists begun to investigate occult phenomena.
ئالىملار تېخى يېقىندىلا سىرلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى.

## 1. پەقەت كۆپلۈك شەكلىلا بار بولغان ئىسىملار

ئىنگلىز تىلىدا بەزى ئىسىملار دائىم كۆپلۈك شەكلىدىلا ئۇچرايدۇ. بۇ ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى كۆپلۈك شەكىلدە، بەزىلىرى بىرلىك شەكىلدە ئىشلىتىلىدۇ.

1) شەكىل جەھەتتە كۆپلۈك، ئەمما مەنە جەھەتتە بىرلىك بولغان ئىسىملار ئادەتتە بىرلىك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

a) كۆڭۈل ئېچىش ئەسۋابلىرىنىڭ ئىسىملىرى.

مەسىلەن، billiards (بىليارت)، cards (قارتا)، bowls (دومىلاتما توپ) قاتارلىقلار.

Billiards is becoming more and more popular now.
بىليارت ھازىر بارغانسېرى ئومۇملىشىۋاتىدۇ.

b) كېسەللىكنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئىسىملار.

مەسىلەن، measles (قىزىل)، mumps (قۇلاق ئالدى بېزى ياللۇغى)، arthritis (بوغۇم ياللۇغى) قاتارلىقلار.

Measles is a disease to take seriously.
قىزىل سەل قارايدىغان كېسەل ئەمەس.

c) «-ics» بىلەن ئاياغلاشقان ئىلىم - پەن ئىسىملىرى.

مەسىلەن، mathematics (ماتېماتىكا)، physics (فىزىكا)، politics (سىياسەت ئىلمى)، economics (ئىقتىسادشۇناسلىق)، electronics (ئېلېكترون ئىلمى)، linguistics (تىلشۇناسلىق)، optics

( ئوپتىكا ئىلمى) ، acoustics (ئاكوستىكا ئىلمى) ، statistics (ستاتىستىكا ئىلمى) ، ethics (ئېتىكا ئىلمى) قاتارلىقلار.

Economics is a subject beyond the scope of a small child's mind.

ئىقتىسادشۇناسلىق بالىلارنىڭ ئەقلى يېتىدىغان پەن ئەمەس.

d) شەكىل جەھەتتە كۆپلۈك بولغان، ئەمما كەينىدىن پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلى كېلىدىغان ئىسىملار.

مەسىلەن، news (خەۋەر، ئاخبارات) ، gallows (دار) ، works (ئەسەر، زاۋۇت) ، innings (كالتەك توپ مۇسابىقىسىدىكى دەم ئېلىش، يىغىلىش) قاتارلىقلار.

The first innings is finished.

بىرىنچى مەيدان ئاخىرلاشتى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىسىملار شەكىل جەھەتتە كۆپلۈك، ئەمما ئادەتتە بىرلىك شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى مۇقىم، ئۆزگەرمەيدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىللار بەزىدە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلسىمۇ بولىدۇ.

The steel-works was(were) closed for the Christmas holidays.

پولات تاۋلاش زاۋۇتىدا مىلاد بايرىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىش توختىتىلدى.

Cards are played every evening.

ھەركۈنى ئاخشىمى قارتا ئوينىلىدۇ.

«ics —» بىلەن ئاخىرلاشقان پەن ـ تېخنىكا ئىسىملىرى كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىر كەسپىتىكى ئەمەلىي پائالىيىتى، كونكرېت ھەرىكىتى، كۆز قارىشى ياكى سان ـ سىفىر قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەندە، خەۋەر بولىدىغان پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

His mathematics are not good.

ئۇ ماتېماتىكىدا ياخشى ئەمەس.

Mathematics finds its use in every science.

ماتېماتىكا ھەرقانداق پەندە ئىشلىتىدۇ.

2) شەكىل جەھەتتە كۆپلۈك بولغان ھەمدە كۆپلۈك شەكىلدىكى پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدىغان ئىسىملار.

a) ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن ماددىي ئىسىملار.

مەسىلەن، scissors (قايچا)، glasses spectacles (كۆزەينەك)، compasses (سېركۇل)، scales (تارازا)، trousers (ئىشتان)، pants (كالتە ئىشتان)، shorts (كۇسار)، pyjamas (ئۇخلاش كىيىمى) قاتارلىقلار.

My trousers are being cleaned.

مېنىڭ ئىشتىنىم يۇيۇلۇۋاتىدۇ.

b) « ings — » بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى ئىسىملار.

مەسىلەن، belongings (تەئەللۇق)، surroundings (مۇھىت)، savings (ئامانەت)، findings (تەكشۈرۈش نەتىجىسى، تېپىلمىلار)، shavings (رەندە قىرىندىسى)، earnings (مائاش، كىرىم)، sweepings (سۈپۈرۈلگەن ئەخلەت)، lodgings (ياتاق)، clippings (پۇتالغان نەرسە)، writings (ئەسەر، يازما) قاتارلىقلار.

The clippings of the hedges are usually burnt.

چاتقۇېتىلگەن (پۇتالغان) شاخ - شۇمبىلار ئادەتتە قالىدۇ (كۆيدۈرۈلىدۇ).

c) پېئىلنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىلەن كېلىدىغان «s —» ياكى «— es» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملار.

مەسىلەن، riches (بايلىق)، contents (مۇندەرىجە)، remains (ئېشىنچا، قالدۇق)، ashes (كۈل-شاخار)، goods (تاۋار)، stairs (پەلەمپەي) قاتارلىقلار.

Riches don't always bring happiness.

بايلىق خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.

2. ئوخشىمىغان مەنىگە ئىگە كۆپلۈك شەكلىدىكى ئىسىملار
بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئالاھىدە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

| | | | |
|---|---|---|---|
| customs | ئۆرپ-ئادەت | effects | مال-دۇنيا |
| forces | قىسىم، ھەربىي قىسىم | arms | قورال ياراغ |
| manners | قائىدە يوسۇن | looks | تاشقى قىياپەت |
| minutes | خاتىرە | brains | كاللا، مېڭە |
| ruins | خارابە | damages | تۆلەش ھەققى |
| quarters | تۇرالغۇ | authorities | دائىرە |
| spirits | ئىسپىرت | greens | كۆكتات |
| times | دەۋر | grounds | سەۋەب |
| imports | ئىمپورت قىلىنىدىغان مال | papers | ھۆججەت، كىنىشكا |
| colours | بايراق | blues | غەم-قايغۇ، غەمكىنلىك |

# ئىسىملارنىڭ قائىدىلىك ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك شەكلى
# (规则复数形式 Regular Plural Form)

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى سۆزنىڭ ئاخىرىغا «-s» ياكى «-es» قوشۇلۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

### 1. ئوقۇلۇش قائىدىسى

1) f, k, t, p قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۆزلەرنىڭ كەينىدە /s/ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

cup → cups /kʌps/ bat → bats /bæts/

cake → cakes /keiks/ roof → roofs /ru:fs/

2) s، z، ʃ، ʒ، tʃ، dʒ قاتارلىق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىدە /iz/ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

class → classes /'kla:siz/

rose → roses /'rəuziz/

brush → brushes/'brʌʃiz/

bench → benches /'bentʃiz/

bridge → bridges /'bridʒiz/

ئەمما، house /haus/ بولسا houses /'hauziz/ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

3) باشقا ئەھۋاللاردا /z/ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

bed → beds /bedz/ day → days /deiz/

4) ئۇزۇن تاۋۇش /θ/ بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملار كۆپلۈككە ئۆزگەرتىلگەندە، سۆز ئاخىرى كۆپىنچە /ð/ دەپ ئوقۇلىدۇ.

bath /ba:θ/ → baths/ba:ðz/

mouth/mauθ/ → mouths/mouðz/

oath/əu:θ/ → oaths/əuzð/ (ۋەدە)

truth/tru:θ/ → truths/tru:ðz/

youth/ju:θ/ → youths/ju:ðz/

لېكىن مۇنداقمۇ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن:

month/mʌnθ/ → months/mʌnθs/

moth/mɔ:θ/ → moths/mɔ:θs/ (كۈمۈتا)

## 2. ياسىلىش ئۇسۇلى

1) ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا بىۋاستە s قېتىلىدۇ.

town → towns star → stars

2) ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى + y بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملاردا ئاۋۋال y ھەرپى i غا ئۆزگەرتىلىپ، ئاندىن es قېتىلىدۇ.

army → armies city → cities

لېكىن سوزۇق تاۋۇش ھەرپى + y بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا s بىۋاسىتە قېتىلىدۇ.

key → keys valley → valleys

boy → boys tray → trays

3) x, ch, sh, s ۋە z بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا es قېتىلىدۇ.

loss → losses bush → bushes (چاتقال)

church → churches box → boxes

buzz → buzzes (غوڭۇلدىغۇچ)

/k/ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ch بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا s قېتىلىدۇ.

epoc/ˈiːpɔk/ → epochs/ˈiːpɔks/ (دەۋر، ئىرا)

monarch/ˈmɔnək/ → monarchs/ˈmɔnəks/ (پادىشاھ، خان)

4) o بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملاردا

a) o بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپىنچە ئىسىملارغا es قېتىلىدۇ.

hero → heroes negro → negroes (نېگىرلار)

potato → potatoes echo → echoes (ئەكس سادا)

tomato → tomatoes volcano → volcanoes (ۋولقانلار)

b) سوزۇق تاۋۇش + o بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا s بىۋاسىتە قېتىلىدۇ.

studio → studios (ئىشخانىلار)

radio → radios bamboo → bamboos (بامبۇكلار)

zoo → zoos cuckoo → cuckoos (كاككۇكلار)

c) o بىلەن ئاخىرلاشقان قىسقارتىلغان سۆزلەر ۋە چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرگە s قېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

auto → autos (مىخانىكىلىق ماشىنا)
solo → solos (يالغۇز كىشىلىك ماشىنا)
memo → memos (ئەسلەتمە) tango → tangos (تانگو ئۇسسۇلى)
kilo → kilos (كىلوگرام) tobacco → tobaccos (تاماكا)
piano → pianos photo → photos

d) y ۋە o بىلەن ئاخىرلاشقان خاس ئىسىملارغا s قېتىلىدۇ.

Henry→Henrys Eskimo→Eskimos (ئىسكىموسلار)

e) o بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى ئىسىملارنىڭ ئىككى خىل كۆپلۈك شەكلى بار.

banjo → banjos/banjoes بانجۇ (چالغۇ ئەسۋابى)
cargo → cargos/cargoes (مال)
mosquito → mosquitos/mosquitoes (پاشا)

5) f, fe بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ سانلىق ئىسىملاردا، f ئاۋۋال v غا ئۆزگەرتىلىپ es قېتىلىدۇ. تەلەپپۇز قىلغاندىمۇ ئوخشاشلا /f//v/ دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

wife/waif/→ wives/waivz/
shelf/felf/→ shelves/felvz/

لېكىن f, fe بىلەن ئاخىرلاشقان نۇرغۇنلىغان ئىسىملارغا پەقەت s لا قېتىلىدۇ. مەسىلەن:

gulf → gulfs دېڭىز قولتۇقى
cliff → cliffs تىك يار
proof → proofs ئىسپات
chief → chiefs باش، باش رەھبەر
safe → safes بىخەتەرلىك ئىشكابى
dwarf → dwarfs پاكار، پەتەك
belief → beliefs ئىشەنچ، ئېتىقاد

ئايرىم ئىسىملارنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| scarf → scarfs/scarves | شارپا |
| wharf → wharfs/wharves | پرىستان |
| hoof → hoofs/ hooves | پاچاق، تۇياق |
| handkerchief → handkerchiefs/handkerchieves | قولياغلىق |

## ئىسىملارنىڭ قائىدىسىز ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك شەكلى
## (不规则复数 形式 Irregular Plural Form)

ئىنگلىز تىلىدىكى بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى قائىدىگە چۈشمەيدۇ.

### 1. ئىسىملارنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان قائىدىسىز ئۆزگىرىدىغان كۆپلۈك شەكلى

| | |
|---|---|
| man — men | ئادەملەر، ئەرلەر |
| woman — women | ئاياللار |
| gentleman — gentlemen | ئەپەندىلەر |
| foot — feet | پۇت، ئاياغ، ئىنگلىزچىسى |
| tooth — teeth | چىشلار |
| goose — geese | تۆرنىلار |
| mouse — mice | چاشقانلار |
| ox — oxen | كالىلار |
| child — children | بالىلار |

### 2. ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى كۆپلۈك شەكلىنى ساقلاپ قالغان چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر

| | |
|---|---|
| datum — data | ماتېرىياللار |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| crisis — crises | كرىزىسلار |
| medium — media | ۋاستىچى |
| analysis — analyses | ئانالىز |
| bacterium — bacteria | باكتېرىيە |
| basis — bases | ئاساس، بازا |
| curriculum — curricula | دەرسلىك |
| thesis — theses | تېزىس، ئىلمىي ماقالە |
| radius — radii | رادىئۇس |
| cactus — cacti | كاكتۇس |
| criterion — criteria | ئۆلچەم |
| stimulus — stimuli | غىدىقلىغۇچى ماددىلار |
| phenomenon — phenomena | ھادىسىلەر |

چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئىككى خىل كۆپلۈك شەكلى بار، ئەمما بۇ ئىككى خىل شەكلى ئادەتتە ئوخشىمىغان مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| *index* | *indexes* | ئاچقۇچ |
| | *indices* | ئىندېكس (ماتېماتىكىلىق بەلگە) |
| *genius* | *geniuses* | تالانت، قابىلىيەت |
| | *genii* | ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، ئالۋاستى |
| *formula* | *formulas* | كونا سۆزلەر، ماقال - تەمسىل |
| | *formulae* | فورمۇلا |
| *antenna* | *antennas* | ئانتېننا |
| | *antennae* | بۇرنچە (ھايۋانلارنىڭ سەزگۈ ئەزاسى) |
| *cloth* | *cloths* | ھەرخىل رەختلەر |
| | *clothes* | كىيىم - كېچەك |

brother {brothers / brehren}

ئاكا ـ ئۇكا، قېرىنداش
ئوخشاش كەسىپ، ئوخشاش دىن،
ئوخشاش تەشكىلاتتىكى ئادەم

**3. بىرلىك شەكلى بىلەن كۆپلۈك شەكلى ئوخشاش ئىسىملار.**

1) بەزى هايۋان، قۇش ۋە بېلىقلارنىڭ ئىسىملىرى.

مەسىلەن: sheep (قوي)، antelope (بۆكەن)، deer (بۇغا)، duck (ئۆردەك)، swine (چوشقا)، fow (ئۆي قۇشلىرى)، fish (بېلىق)، salmon (سالما بېلىقى) قاتارلىقلار.

They often went out to shoot wild duck.

ئۇلار دائىم ياۋا ئۆردەك ئاتقىلى بارىدۇ.

The best fish are near the bottom.

بېلىقنىڭ ياخشىسى سۇ ئاستىدا بولىدۇ.

2) «-ese» ياكى «-ss» بىلەن ئاخىرلاشقان دۆلەت تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئىسىملار.

مەسىلەن، Chinese (جۇڭگولۇق)، Japanese (ياپون)، Portuguese (پورتۇگالىيىلىك)، Vietnamese (ۋېيتنامىلىق)، Swiss (شۋېيتسارىيىلىك) قاتارلىقلار.

I'm a Chinese.

مەن بىر جۇڭگولۇق.

The people there are industrious and brave.

ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى ئىشچان ۋە باتۇر.

3) سان ۋە ئېغىرلىقنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئىسىملار. مەسىلەن، dozen (تال، دانە)، couple (قوش، جۈپ)، score (يىگىرمە)، head (تۇياق)، hundred (يۈز)، thousand (مىڭ)، million (يۈزمىڭ)، billion (بىر مىليارد) قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سان كەلگەندە، بۇ ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرلىك شەكلى ئوخشاش بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

two dozen eggs — ئىككى تۇخۇم
five couple (s) of players — بەش جۈپ ماھىر
three score years — 60 يىل
ten head of cattle — 10 تۇياق كالا
four thousand people — تۆت مىڭ ئادەم

تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلمىلاردا:

million, thousand, hundred, dozen, score قاتارلىقلارنىڭ كەينىگە s قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك شەكلى ياسىلىدۇ.

dozens of shirts — نەچچە قۇر كۆڭلەك
scores of times — نەچچە ئون قېتىم
scores of pounds — نەچچە يۈز قاداق

4) ئۇنىڭدىن باشقا، means (ۋاستە)، species (تۈر، خىل)، series (بىر قاتار)، aircraft (ئايروپىلان)، sail (پاراخوت) قاتارلىقلارمۇ بار.

Many beautiful species of rose are cultivated in our garden.
بىزنىڭ باغدا خىلمۇ خىل چىرايلىق ئەتىرگۈللەر بار.

A series of plane accidents has been reported lately.
يېقىندىن بۇيان بىر قاتار ئايروپىلان ھادىسىلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىلدى.

Every means has (All possible means have) been tried.
ھەرخىل (ئېھتىماللىقى بولغانلىكى) ئاماللار سىناپ بېقىلدى.

## ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە
## (名词性从句 Nominal Clause)

جۈملىدە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسىگە تەڭ كېلىدىغان ۋەزىپە

ئۆتەيدىغان بېقىندى جۈملە ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە دېيىلىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە قوشما جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى، ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك قاتارلىق ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ئۆزىنى باشلاپ كېلىدىغان سۆزنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن «that بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە» ۋە «wh- بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. that بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە

بۇ خىل ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنى بېقىندۇرما باغلىغۇچى that باشلاپ كېلىدۇ، جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، كېسىم خەۋەر، ئىزاھلىغۇچى رولىنى ئۆتەيدۇ.

It is obvious that the burglar has entered the room.

ئېنىقكى، ئوغرى ئۆيگە كىرىپ بولدى. (ئىگە)

He confessed that he disliked her from the first.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنى باشتىن باشلاپلا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى.

The problem is that we don't know how to do it better and faster.

مەسىلە ـ بىزنىڭ قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ۋە تېخىمۇ تېز راق قىلىشنى بىلمىگەنلىكىمىزدە. (كېسىم خەۋەر)

He wore a coat that reached down to his knees.

ئۇ تىزىدىن ئاشىدىغان بىر چاپان كىيىۋاپتۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

There is no doubt that he will find a satisfactory job after graduation.

شۈبھىسىزكى، ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۆڭۈلدىكىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەت تاپالايدۇ. (ئىزاھلىغۇچى)

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. that بىلەن باشلانغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ئالدى قوشۇلغۇچىدىن كېيىن ئەگىشىپ كېلىپ بىۋاسىتە تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ. لېكىن «ئالدى قوشۇلغۇچىلىق پېئىل + شەكلەن تولدۇرغۇچى» لىق قۇرۇلمىدىن كېيىن ئەگىشىپ كېلەلەيدۇ.

Can we depend upon it that he will arrive here on time?

ئۇنىڭ بۇ يەرگە ۋاقتىدا كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنسەك بولامدۇ؟

I'm counting on it that you'll overcome the difficulties by yourself.

مەن سىزنىڭ قىيىنچىلىقنى ئۆزۈڭگە تايىنىپ يېڭىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

2. that بىلەن باشلانغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ئالدى قوشۇلغۇچىلىق پېئىلدىن كېيىن كېلىپ تولدۇرغۇچى بولالمايدۇ، ئەگەر تولدۇرغۇچى ئورنىدا ئىشلىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئالدى قوشۇلغۇچى چىقىرىپ تاشلىنىشى كېرەك.

Take care that nothing happens to the baby.

ئاۋايلا، بوۋاققا بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

Take care of that nothing happens to the baby. (×)

She complained that noise pollution made here sleepless the whole night.

ئۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ دەستىدىن كېچىچە ئۇخلىيالمىغانلىقىدىن زارلاندى.

She complained of that noise pollution made her sleepless the whole night. ( × )

3. that بىلەن باشلانغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە بەزى

«سۇپەت + ئالدى قوشۇلغۇچى» لىق قورۇلمىدىن كېيىن كەلگەندە، ئالدى قوشۇلغۇچى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ.

He is fully aware that this is a riskly investment.

ئۇ بۇنىڭ بىر خەتەرلىك مەبلەغ سېلىش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ.

He is fully aware of that this is a riskly investment.
( × )

I'm surprised that she didn't sack you on the spot.

ئۇنىڭ سىزنى نەق مەيداندا ئىشتىن بوشاتمىغانلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى.

I'm surprised at that she didn't sack you on the spot.
( × )

**2. «wh -» بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە**

بۇخىل ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىنى باغلىغۇچى ئالماش whichever, which, whatever, what, whose, whom, whoever, who قاتارلىقلار، باغلىغۇچى رەۋىش how when, why, where قاتارلىقلار ۋە باغلىغۇچى if, whether قاتارلىقلار باشلاپ كېلىدۇ. بۇنداق جۈملە that بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملىگە ئوخشاش گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

Whether she will come or not is not easy to say.

ئۇنىڭ كېلىش - كەلمەسلىكىگە بىر نېمە دېمەك تەس.

Who was responsible for the accident is not yet clear.

كىمنىڭ بۇ ۋەقەگە مەسئۇل ئىكەنلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس.

I'm vondering if the letter is overweight.

بۇ خەتنىڭ ئېغىرلىقى ئېشىپ كەتكەنمىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

I con't imagine why people speak against her.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن كىشىلەرنىڭ ئۇنى نېمىشقا ئەيىبلەيدىغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيمەن.

Raw material is what we are in need of.

خام ماتېرىيال ـ دەل بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان نەرسە.

Nothing in the world is difficult for one who sets his mind to it.

قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

Before I came downstairs I had prepared myself very carefully for what I must say.

بىنادىن چۈشۈشتىن ئاۋۋال مەن نېمە دېيىش كېرەكلىكى ھەققىدە ناھايىتى ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىۋالدىم.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. «wh-» بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە جۈملىدىكى رولىغا ئاساسەن «wh-» بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك مۇناسىۋەت بېقىندى جۈملىگە بۆلۈنىدۇ.

«wh-» بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك سوئال بېقىندى جۈملە ئالاھىدە سوراق جۈملە ياكى ئادەتتىكى سوراق جۈملىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، بىر ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. جۈملىدە ئىگە بولغاندا، ئادەتتە بىرلىك دەپ قارىلىدۇ، ئۇنىڭ خەۋىرىمۇ بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ.

How the book will sell depends on its author.

كىتابنىڭ ياخشى سېتىلىش ـ سېتىلماسلىقى كىتابنىڭ ئاپتورىغا باغلىق.

Why she did it this way doesn't concern me.

ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقى مەن ئۈچۈن بەرىبىر مۇناسىۋەتسىز.

What caused the accident is now under investigation.

ۋەقەنىڭ سەۋەبى ھازىر تەكشۈرۈلىۋاتىدۇ.

2. «wh —» بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك سوئال يېقىندى جۈملە ئالدى قوشۇلغۇچىنىڭ تولدۇرغۇچىسى بولغاندا، ئالدى قوشۇلغۇچى جۈملە ئاخىرىدا كەلسىمۇ، «wh —» بىلەن باشلىنىدىغان سۆزنىڭ ئالدىدا كەلسىمۇ بولىدۇ.

They didn't know what they should pay for. ( = they didn't know for what they should pay. )

ئۇلار نېمىلەرنى ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي قالدى.

I wonder whom I can borrow a bicycle from. ( = I wonder from whom I can borrow a bicycle. )

مەن كىمدىن ۋېلىسىپىت سورىسام بولار؟

3. ئىسىم خاراكتېرلىك مۇناسىۋەت يېقىندى جۈملە «ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى + ئېنىقلىغۇچىلىق يېقىندى جۈملە» گە تەڭ بولغاندا، مەلۇم بىر ئىشتىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىگە بولغاندا، بىرلىك شەكىلدە كەلسىمۇ، كۆپلۈك شەكىلدە كەلسىمۇ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پېئىلمۇ بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە كېلىشى مۇمكىن.

When they will come hasn't been made public. (= the time when they will come hasn't been made public. )

ئۇلارنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى تېخى ئېلان قىلىنمىدى.

That's why he is late for school todoy. (=That's the reason why he is late for school today. )

ئۇنىڭ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە كېچىكىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى دەل شۇ.

What they are looking for is/are two photos. (= The thing/things that they are looking for is/are two photos. )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئىزدەۋاتقىنى ئىككى پارچە سۈرەت.

4. 《wh-》 بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە بىلەن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىسىم خاراكتېرلىك مۇناسىۋەت بېقىندى جۈملىدە ھەمىشە 《-ever》 لىق بىرىككەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر who ياكى whoever ھەم بېقىندى جۈملىدە ئىگە بولسا، ھەم گرامماتىكىلىق مەنە جەھەتتە باش جۈملىنىڭ خەۋىرىنىڭ بىۋاسىتە تولدۇرغۇچىسى بولسا، چوقۇم باش كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىشى كېرەك.

Whoever breaks the law deserves a fine.

قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھەر قانداق ئادەمدىن جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

The boy gave whoever entered the room an apple.

بۇ بالا ئۆيگە كىرگەنلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسىگە بىردىن ئالما بەردى.

## ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش

## (名词性物主代词 Nominal Possessive Pronoun)

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش «its, our, their, my, your, his, her + ئىسىم» غا تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بار بولغان ئىسىم ئادەتتە شۇ جۈملىدە ياكى ئالدىنقى جۈملىدە ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى ۋە كېسىم خەۋەر بولىدۇ.

| سان / شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | mine (مېنىڭ) | ours (بىزنىڭ) |
| II شەخس | yours (سېنىڭ) | yours (سىلەرنىڭ) |
| III شەخس | his (ئۇنىڭ) (ئەرلەرگە)/ hers (ئۇنىڭ) (ئاياللارغا)/ its (ئۇنىڭ) (نەرسىلەرگە) | theirs (ئۇلارنىڭ) |

Ours (=Our garden) is the only garden in this street that has oak trees in it.

بۇ كوچا بويىچە پەقەت بىزنىڭ باغدىلا كاۋچۇك دەرىخى بار. (ئىگە)

I've left my dictionary at home. Can I use yours (=your dictionary)?

مەن لۇغىتىمنى ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتىمەن، سىنىڭكىنى ئىشلىتىپ تۇرسام بولامدۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

Today we went in our car; tomorrow we are going in theirs ( = their car).

بۈگۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ ماشىنىسى بىلەن باردۇق، ئەتە ئۇلارنىڭ ماشىنىسى بىلەن بارماقچى بولۇۋاتىمىز. (ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تولدۇرغۇچى)

Which room is hers ( = her room)?

قايسىسى ئۇنىڭ ئۆيى؟ (كېسىم خەۋەر)

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش ئەھۋال سوراش، ئارزۇ - تىلەكنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردە ياكى سالام خەتنىڭ تۈگەنچىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

My best wishes to you and yours (=your family) from me and mine (=my family).

مەن ۋە مېنىڭ ئائىلىدىكىلىرىم سىزگە ۋە سىزنىڭ ئائىلىدىكىلىرىڭىزگە ئەڭ ئىسسىق تىلەكلىرىمىزنى بىلدۈرىمىز.

Yours sincerely/truly/faithfully.

سەمىمىيلىك بىلەن.

(بۇ ئەنگلىيىچە ئىشلىتىلىشى. ئامېرىكىلىقلار yours نى كۆپىنچە sincerely نىڭ كەينىگە قويىدۇ.)

# ئىسىملاشتۇرۇش
## (名词化 Substantivization)

باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن ئىسىم ھاسىل قىلىنىدىغان ھادىسە ئىسىملاشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

### 1. ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام

بىر ھەرىكەتنام بەزىدە ئىسىملاشتۇرۇلسا، شەكلى ھەرىكەتنام بىلەن يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئىسىملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نۇرغۇن پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

1) ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام ئارتىكىل بىلەن بىللە كېلىدۇ. ھەرىكەتنام بولسا ئارتىكىل بىلەن بىللە كېلەلمەيدۇ.

We should give our dormitory a good cleaning.

بىز ياتىقىمىزنى ياخشى بىر تازىلاپ چىقىشىمىز كېرەك. (ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام)

Talking mends no holes.

قۇرۇق گەپنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. (ھەرىكەتنام)

2) ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام سۈپەت تەرىپىدىن ئېنىقلانسا ياكى چۈشەندۈرۈلسە بولىدۇ. ئەمما ھەرىكەتنام پەقەت ھالەت تەرىپىدىنلا ئېنىقلىنىدۇ.

We jumped with joy to hear of the successful launching of our first man-made satellite.

بىز ئېلىمىزنىڭ تۇنجى سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمىزدىن سەكرەپ كېتىشتۇق. (ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام)

Eating too much is bad for one's health.

تاماقنى بەك جىق يېۋېتىش سالامەتلىككە زىيانلىق. (ھەرىكەتنام)
3) ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام كۆپلۈك شەكىلدە كەلسە بولىدۇ، ھەرىكەتنام بولسا كۆپلۈك شەكىلدە كەلمەيدۇ.

It was not until the 18th century that man realized that the whole of the brain was involved in the workings of the mind.

18 ـ ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئىنسانلار پۈتكۈل چوڭ مېڭىنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. (ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام)

Seeing is believing.

كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسە ئىشەنچلىك بولىدۇ. (ھەرىكەتنام)
4) ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنامدا زامان ۋە دەرىجە جەھەتتە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. يەنى، پۈتكەن زامان شەكلى ياكى مەجھۇل دەرىجىسى بولمايدۇ. ھەرىكەتنامدا بولسا ھەر ئىككىلىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

He was lucky to escape being sent to prison.

ئۇ تەلىيىگە تۈرمىگە كىرىشتىن قوتۇلۇپ قالدى. (ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنام)

I apologize for not having kept my promise.

ۋەدەمگە ئەمەل قىلالمىغانلىقىمغا سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن. (ھەرىكەتنامنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى)
5) ھەرىكەتنامنى ئىگە قىلغاندا، it نى شەكلەن ئىگە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ ئىسىملاشتۇرۇلغان ھەرىكەتنامنىڭ بولسا بۇنداق شەكلى بولمايدۇ.

It's no use locking the stable door when the horse is stolen.

ئۆلگەندىن كېيىن «ياسىن» ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق. (ئات ئوغرىلانغاندىن كېيىن ئىشىك تاقىغاننىڭ پايدىسى يوق). (ھەرىكەتنام)

It sounds funny hearing your voice on a a tape recorder.

سىنىڭ ئاۋازىڭنى ئۈنئالغۇدىن ئاڭلىسا، بەك كۈلكىلىك ئاڭلىنىدىكەن. (ھەرىكەتنام)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

6) بەزى ھەرىكەتنامىلار ئاللىبۇرۇن پۈتۈنلەي ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

Bowling on the green was his favorite sport.

چىمەنلىكتا بوۋلىڭ توپ ئويناش ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تەنھەرىكەت.

It took all his savings to buy the house.

ئۇ يىغقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە خەجلىۋەتتى.

## 2. ئىسىملاشتۇرۇلغان سۈپەت

بەزى سۈپەتلەر ئېنىق ئارتىكل بىلەن بىللە كېلىپ، بىر تۈردىكى ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر ئىسىمغا يېقىن كېلىدۇ. بۇنى ئىسىملاشتۇرۇلغان سۈپەت دېيىشكە بولىدۇ.

1) بىر تۈردىكى ئادەمنى بىلدۈرىدۇ، كۆپلۈك شەكلىدىكى پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

They are going to build a school for the deaf and the blind.

ئۇلار گاس ـ گاچىلار ئۈچۈن بىر مەكتەپ سېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

The British are very proud of their sense of humour.

ئەنگلىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ يۇمۇرستىك خاراكتېرىدىن پەخىرلىنىدۇ.

2) مەلۇم بىر ئابستراكت ئۇقۇم، خاراكتېر ياكى خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدۇ، پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

The old gives place to the new.

كونىلار يېڭىغا ئورۇن بوشىتىدۇ.

The aim of philosophy is to discover the good, the beautiful and the true.

پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى ۋە ھەقىقەتنى بايقاشتىن ئىبارەت.

3) بەزى ئادەت سۆزلىرىدە ياكى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| the long and the short of it | يىغىنچاقلىغاندا |
| for better or worse | مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن |
| do one's best | ھەممە تىرىشچانلىقنى كۆرسەتمەك |
| in general | ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا |
| for good | ئەبەدىلئەبەد، مەڭگۈ - مەڭگۈگە |

### 3. پېئىلنىڭ ئىسىملاشتۇرۇلغان تارماق شەكلى

بەزى پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى ئېنىق ئارتىكل بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ، بىر تۈردىكى ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، wounded (يارىدار)، accused (جاۋابكار)، firstborn (يېڭى تۇغۇلغان بالا)، outcast (قاچقۇن) قاتارلىقلار.

Life is bound to be difficult for the unemployed.

ئىش ئورنىدىن قالغانلارنىڭ تۇرمۇشى چوقۇم جاپالىق بولىدۇ.

Buildings should be specially designed so they can be used by the disabled.

قۇرۇلۇشلار مېيىپلارغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھىلىنىشى كېرەك.

## ئىككىنچى (Ⅱ) شەخس
## (第二人称 Second Person)

you (سەن، سىلەر) Ⅱ شەخسنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بولۇپ، باش كېلىش شەكلى بىلەن چۈشۈم كېلىش شەكلى ئوخشاش بولىدۇ. سۆزنىڭ ئوبيېكتى، يەنى ئاڭلىغۇچىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ.

You should have enough courage to face up to various

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

unexpected difficulties.

سەن يېتەرلىك غەيرەت بىلەن ئويلاپ باقمىغان خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشۇڭ كېرەك.

Mr. and Mrs. Jackson? This way, please. The roomis ready for <u>you</u>.

سىلەر جېكسون ئەپەندى بىلەن جېكسون خانىممۇ؟ قېنى بۇياققا مېڭىڭلار. سىلەرگە ئۆي تەييارلاپ قويۇلغان.

We regret to inform <u>you</u> that the materials <u>you</u> ordered are out of stock.

بىز تولىمۇ ئەپسۇسلانغان هالدا سىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىمىزكى، سىلەر بۇيرۇتقان ماتېرىياللار قالمىدى.

## ئىگە

## (主语 Subject)

ئىگە جۈملىنىڭ ئىككى ئاساسلىق بۆلىكىنىڭ بىرى (يەنە بىرى خەۋەر) بولۇپ، خەۋەرنىڭ بايان قىلىش ئوبيېكتىدۇر. ئىگە ئادەتتە ئىسىم ياكى ئىسىمغا تەڭداش كېلىدىغان باشقا سۆز تۈركۈملىرى، ئىبارە ۋە بېقىندى جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ.

### 1. ئىسىم ياكى ئىسىمغا تەڭداش كېلىدىغان سۆز تۈركۈملىرى ئىگە بولىدۇ.

ئىگە بولىدىغان سۆزلەر ئىچىدە ئىسىمدىن باشقا يەنە ئالماش، سان، ئىسىملاشقان سۈپەت قاتارلىقلارمۇ بار.

<u>Much of the time</u> was wasted.

نۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كەتتى.

<u>He</u> often asks silly questions.

ئۇ ھەمىشە ئەخمىقانە سوئاللارنى سورايدۇ.

The beautiful is not always the same as the good.

گۈزەل نەرسىنىڭ ھەممىسىلا ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن.

2. ئىبارە ئىگە بولىدۇ.

ئېنىقسىز شەكىللىك ئىبارە، ھەرىكەتنام خاراكتېرلىك ئىبارە قاتارلىقلار ئىگە بولىدۇ.

To read newspapers every day is a good habit.

ھەر كۈنى گېزىت ئوقۇش، ياخشى ئادەت.

It is dangerous playing with explosives.

پارتلاتقۇچ دورىلار بىلەن ئوينىشىش خەتەرلىك.

3. بېقىندى جۈملە ئىگە بولىدۇ.

ئىسىم خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ئىسىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاچقا ئىگە بولالايدۇ، ئەمما پەرق ئېتىش قىيىنراق.

What they are after is profit.

ئۇلارنىڭ قوغلىشىۋاتقىنى پايدا.

It has long been known that electricity is a form of energy.

توكنىڭ ئېنېرگىيىنىڭ بىرخىل شەكلى ئىكەنلىكى بۇرۇنلا ئاشكارىلانغان.

It happened that I met him in front of the library.

مەن كۇتۇپخانىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم.

## ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىردەكلىكى
## （主谓一致 Subject-Verb Concord）

ئىنگلىز تىلىدا، ئىگە بىلەن خەۋەر ئوتتۇرىسىدا شەخس بىلەن ساننىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىردەك بولۇشىدىن ئىبارەت مۇناسىۋەت بار. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ شەخس جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىدىن باغلامچى پېئىل be نىڭ ئوخشىمىغان شەخسلەردىكى شەكلى (مەسىلەن، is, are, am) ۋە have (Ⅲ شەخس بىرلىكتە has) بار بولغاندىن تاشقىرى، باشقا پېئىللار ئاددىي ھازىرقى زاماندا ئىشلىتىلگەندە ھەمدە شۇ زاماننىڭ پېئىلى Ⅲ شەخس بىرلىكتە كەلگەندە، پېئىل كەينىگە «-es» «-s» قېتىلىدۇ. باشقا شەخسلەر پېئىلنىڭ شەكلى جەھەتتە ئوخشاش بولىدۇ.

I am a stranger to this city.

مەن بۇ شەھەرگە ناتونۇش.

Are you a specialist in botany?

سىز بوتانىكا (ئۆسۈملۈك) مۇتەخەسسىسىمۇ؟

She is a joy to her parents.

ئۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا نىسبەتەن بىر ئەمەك.

He has great concern for our new students.

ئۇ بىزنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ.

My mother teaches English in a middle school.

مېنىڭ ئانام بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى ئۆتىدۇ.

ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى سەل مۇرەككەپ، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك جەھەتتە بىردەك بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، گرامماتىكا جەھەتتە بىردەك بولۇش، مەنە جەھەتتە بىردەك بولۇش، يېقىن بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپقا ئاساسلىنىش كېرەك. قايسى خىل پرىنسىپنى قوللىنىش تىل قائىدىسىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتىكىچە قىلىپ ئېيتقاندا، گرامماتىكا جەھەتتە بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش بىر قەدەر مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر (گرامماتىكىلىق بىرلىككە قاراڭ).

# ئىگە ېقىندى جۈملە
# (主语从句 Subjective Clause)

جۈملىدە ئىگە رولىنى ئۆتەيدىغان ېقىندى جۈملە ئىگە ېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئىگە ېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت باغلىغۇچىلىرىدىن ېقىندۇرما باغلىغۇچى، باغلىغۇچى ئالماش، باغلىغۇچى رەۋىش قاتارلىقلار بار.

**1. ېقىندۇرما باغلىغۇچى بىلەن باشلىنىدىغان ئىگە ېقىندى جۈملە**

بۇنداق ېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان ېقىندۇرما باغلىغۇچىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن that بىلەن whether بار.

That he won the game made a tremendous stir in our country.

ئۇنىڭ مۇسابىقىدە غەلىبە قىلغانلىقى ئېلىمىزدە ناھايىتى زور غۇلغۇلا قوزغىدى.

That plastic is widely used now is a common knowledge.

ھەممە كىشىنىڭ بىلگىنىدەك، پالتىراق ھازىر ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

Whether it is true remains a question.

راست ياكى يالغان ئىكەنلىكى يەنىلا بىر مەسىلە.

Whether we do this today or tomorrow doesn't make much difference.

بۇ ئىشنى بۈگۈن ياكى ئەتە قىلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق چوڭ پەرقى يوق.

**2. باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ئالماش بىلەن باشلىنىدىغان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئىگە ئېقىندى جۈملە**

بۇ خىل ئېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان باغلىغۇچى خاراكتېرلىك ئالماشلارنى كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن whichever, whoever, whatever, which, whom, who, what قاتارلىقلار بار.

What she did doesn't concern me.

ئۇنىڭ نېمە قىلغانلىقى مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

Who will win the game is still a question.

مۇسابىقىدە كىمنىڭ ئۇتۇشى يەنىلا نامەلۇم.

Whom ( = Those whom) you are going to ask for help are very busy now.

سەن ياردەم سورىماقچى بولغان ئاشۇ ئادەملەر ھازىر ناھايىتى ئالدىراش.

Whoever attends the meeting today will get a present.

بۈگۈن يىغىنغا قاتناشقانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى بىردىن سوۋغاتقا ئېرىشىدۇ.

Whichever of you have helped us will receive a letter of thanks.

ئاراڭلاردىن كىم بىزگە ياردەم بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر پارچە تەشەككۇر خېتى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

**3. باغلىغۇچى خاراكتېرلىك رەۋىش بىلەن باشلىنىدىغان ئىگە ئېقىندى جۈملە**

بۇنداق ئېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان باغلىغۇچى رەۋىشلەرنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغانلىرىدىن how, why, where, when قاتارلىقلار بار.

When man first made use of electricity is not exactly known.

ئىنسانلارنىڭ توكتىن قاچان تۇنجى بولۇپ پايدىلانغانلىقى

تازا ئېنىق ئەمەس.

Where I spend my summer vacation is no business of yours.

مېنىڭ يازلىق تەتىللىنى قەيەردە ئۆتكۈزۈشۈم سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

Why metals can conduct electricity is an interesting problem.

مېتاللارنىڭ نېمە ئۈچۈن توك ئۆتكۈزىدىغانلىقى بىر قىزىقارلىق مەسىلە.

How we should do it is still a question.

بۇ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىمىز يەنىلا بىر مەسىلە.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. بېقىندۇرما باغلىغۇچى « that » ئىگە بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كەلگەندە، باغلاش رولىنىلا ئوينايدۇ ھەمدە سۆز مەنىسىنى يوقىتىدۇ. ئەمما قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

That the earth is round is now known to every schoolchild.

يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى هازىر ھەر بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىلىدۇ.

بۇ جۈملىدىكى «that the earth is round» بىر بېقىندى جۈملە بولۇپ، جۈملىدە ئىگە بولغان. ئەگەر that قىسقارتىۋېتىلسە، «the earth» ئىگە، «is round» باغلامچى پېئىل ۋە كېسىم خەۋەر بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇ جۈملە مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىپ قالىدۇ.

The earth is round. يەر شارى يۇمىلاق بولىدۇ.

The earth is round is now known to every schoolchild. (×)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2. بەزىدە ئىگە بېقىندى جۈملە جۈملە بېشىدا كەلسە، بەك ئېغىر كۆرۈنۈپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنى جۈملە كەينىگە يۆتكەپ، « it » نى شەكلەن ئىگە قىلىسمۇ بولىدۇ. بۇنداق جۈملە شەكلى يالغۇز that بىلەن باشلىنىدىغان ئىگە بېقىندى جۈملىگە ماس كېلىپ قالماستىن، يەنە بېقىندۇرما باغلىغۇچى whether باغلىغۇچى ئالماش who ۋە باغلىغۇچى رەۋىش wehere, when قاتارلىقلار بىلەن باشلىنىدىغان ئىگە بېقىندى جۈملىلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ.

It's a pity that you can't go with us.

سىنىڭ بىز بىلەن بىللە بارالماسلىقىڭ بەك ئەپسۇسلۇق ئىش بولدى.

It's most likely that we can fulfill the task ahead of time.

ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىيالىشىمىز ھەقىقەتەن مۇمكىن.

It is always relative in sense whether a body is in a state of motion or rest.

بىر ماددىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ياكى تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇشى مەڭگۈ نىسپىي بولىدۇ.

It is still open to question whose to take up the task.

ۋەزىپىنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى تېخى بېكىتىلمىدى.

It has been decided when we'll reopen the road to traffic.

بۇ يولنى قاچان ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىنىپ بولۇندى.

It doesn't matter where we put the washing machine.

كىر ئالغۇنى قەيەرگە قويۇش مۇھىم ئەمەس.

3. تۆۋەندىكىدەك ئەھۋالدا it نى شەكلەن ئىگە قىلىش تىل ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

1) باش جۈملىسى سوراق جۈملە بولىدۇ.

Has it been decided where we are to go for practice?

بىزنىڭ قەيەرگە بېرىپ پراكتىكا قىلىدىغانلىقىمىز قارار قىلىندىمۇ؟

Is it certain that he will come to our English evening

tonight?

بۈگۈن ئاخشام ئۇ ئىنگلىز تىلى كەچلىكىمىز گە چوقۇم كېلەمدۇ؟

2) باش جۈملىسى مەجھۇل جۈملە بولىدۇ.

It wasn't recorded whether we add a negative number or subtract a positive one.

بىزنىڭ مەنپىي سانىنى قوشقىنىمىز ياكى مۇسبەت سانىنى ئېلىۋەتكىنىمىز خاتىرىلەنمىگەن.

3) باش جۈملىسى ئۈندەش جۈملە بولىدۇ.

How strange it is that the children are so quiet!

باللارنىڭ بۇنچە تىنچ ئولتۇرۇشى ھەجەپ غەلىتە ئىشقۇ!

4. ئىگە بېقىندى جۈملە ئادەتتە بىرلىك سۆپىتىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئەمما بەزىدە مەنىسىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە، باش جۈملىنىڭ كېسىم خەۋىرى بىرلىك شەكىلدە بولسا، پېئىلنىڭ بىرلىك شەكلى ئىشلىتىلىدۇ؛ باش جۈملىنىڭ كېسىم خەۋىرى ئەگەر كۆپلۈك شەكىلدە بولسا، كونتېكىستقا ئاساسەن بىرلىك شەكلىنى ياكى كۆپلۈك شەكلىنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

What my father left me are a few English books.
(=Those things which my father left ···)

دادامنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ قويغىنى پەقەت بىر نەچچە پارچە ئىنگلىزچە كىتاب.

What he wants to buy are three notebooks and two ball pens. (=Those things which he wants to buy ···)

ئۇنىڭ ئالماقچى بولغىنى ئۈچ خاتىرە ۋە ئىككى ماي قەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىگىلىك ئالماش
## (物主代词 Possessive Pronoun)

ئىگىلىك ئالماش ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بولۇپ، ئالماشنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ سۈپەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

The manager assured the customer that his complaint would be seen to immediately.

دىرېكتور خېرىدارغا ئۇنىڭ ئەرزىنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەردى. (سۈپەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش)

Mine is a conservative family.

بىزنىڭ ئائىلە كونىلىقنى ياقلايدىغان (كونسېرۋاتىپ) ئائىلە. (ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش)

I've bought some pictures for my children and yours.

مەن مېنىڭ بالىلىرىم ۋە سېنىڭ بالىلىرىڭغا بىر نەچچە پارچە رەسىم سېتىۋالدىم. ("my" سۈپەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش؛ yours ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماش)

ئىسىم خاراكتېرلىك ئىگىلىك ئالماشقا قاراڭ.

# ئىگىلىك كېلىش
## (所有格 Possessive Case)

ئىسىم جۈملىدە ئىگىدارلىق مۇناسىۋىتى ياكى باشقا بەزى مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرگەندە، ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. ئىنگلىز تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى «'s» شەكىللىك ئىگىلىك كېلىش ۋە «of» شەكىللىك ئىگىلىك كېلىش (يەنى، ئىسىمغا ئالدى قوشۇلغۇچى of نى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ)

دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1. «'s» شەكىللىك ئىگىلىك كېلىشنى ياساش ئۇسۇلى**

1) ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ۋە «s» بىلەن ئاخىرلاشمايدىغان كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «'s» قېتىلىدۇ، ئوقۇلۇشى كەينىگە «s» قېتىلىپ كۆپلۈككە ئۆزگەرگەن كۆپلۈك ئىسىم (ياكى es) لارنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئوخشاش.

| | |
|---|---|
| ھەدەمنىڭ ئۆتۈكى | my sister's boots |
| ئاياللار جەمئىيىتى | the Women's Society |

2) «s» بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپلۈك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا پەقەت پەش («'») لا قېتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| ئوقۇغۇچىلار ياتىقى | the students' dormitory |
| قەھرىمانلارنىڭ قەبرىلىرى | the heroes' tombs |

3) ئاخىرى «s» بىلەن ئاخىرلاشقان ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى ياساشتا ئادەتتە «'s» قېتىلىدۇ، ئوقۇلغاندا /iz/ دەپ ئوقۇلىدۇ.

| | |
|---|---|
| دىككىنسنىڭ رومانلىرى | Dickens's novels |
| ماركسنىڭ ئەسەرلىرى | Marx's works |

ئەمما بەزى چەت ئەل ئەسەرلىرى ياكى كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى «s» ئاخىرلاشقان ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى ياساشتا پەقەت پەش («'») لا قېتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| ئەيسانىڭ ئانىسى | Jesus' mother |
| كىتسنىڭ شېئىرلىرى | Keats' poems |

4) بىرىككەن ئىسىم ۋە بىر پۈتۈن سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئورنىدا كەلگەن ئىبارىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزنىڭ ئاخىرىغىلا «'s» قېتىلىپ، ئىگىلىك كېلىش شەكلى ھاسىل قىلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| قېيىناتامنىڭ ئۆيى | my father-in-law's house |
| باشقىلارنىڭ كۆز قارىشى | Someone else's opinion |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەخسىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرگەندە، ھەر قايسى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «'s» نى ئايرىم - ئايرىم قوشۇش كېرەك. قېنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

Japan's and America's Problems

ياپونىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئالدىغا شەخسىي مەسىلىسى

Japan and America's problems

ياپونىيە - ئامېرىكىنىڭ ئورتاق مەسىلىسى

**2. «'s» شەكلىدىكى ئىگىلىك كېلىش ئىشلىتىلىدىغان جايلار**

1) ئاساسلىقى جېنى بار نەرسىلەر (بولۇپمۇ ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان) نىڭ ئىسمىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| John's friend | جوننىڭ دوستى |
| men's clothes | ئەرەنچە كىيىم |
| the horse's back | ئاتنىڭ دۈمبىسى |
| cow's milk | كالا سۈتى |

2) ئادەمدىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپ ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| the Party's policy | پارتىيىنىڭ سىياسىتى |
| the government's decision | ھۆكۈمەتنىڭ قارارى |
| the delegation's visit | ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ زىيارىتى |

3) دۆلەت، شەھەر، جۇغراپىيە، ئاسمان جىسىملىرى قاتارلىقلارنىڭ ناملىرىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| China's future | جۇڭگونىڭ كەلگۈسى |
| London's traffic | لوندوننىڭ قاتنىشى |
| the ocean's roar | دېڭىز شاۋقۇنى |
| the earth's crust | يەر پوستى |

4) ۋاقىت، ئارىلىق، باھا، ئېغىرلىق قاتارلىقلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| a week's holiday | بىر ھەپتىلىك دەم ئېلىش |
| two hours' walk | ئىككى سائەتلىك يول (سەپەر) |
| a pound's weight | بىر قاداق ئېغىرلىق |
| two dollars' worth of stamps | ئىككى دوللارلىق ماركا |

5) بەزى ئادەت سۆزلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| for convenience'sake | قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن |
| for safety's sake | بىخەتەرلىك ئۈچۈن |
| in one's mind's eye | بىر اۋنىڭ نەزىرىدە |
| to one's heart's content | پۈتۈن زېھنى بىلەن، كۆڭۈلنى قانائەتلەندۈرمەك |
| at the death's door | ھاياتى قىل ئۈستىدە قالماق |

**3. «'s» شەكىللىك ئىگىلىك كېلىشنى قىسقارتىش ئۇسۇلى**

1) «'s» شەكىلدىكى ئىگىلىك كېلىش ئېنىقلىغان ئىسىم ئەگەر باشتا تىلغا ئېلىنغان بولسا، تەكرارلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئادەتتە قىسقارتىۋېتىلىدۇ.

She put her arm through her brother's (arm).

ئۇ ئىنىسىنى قولتۇقلىۋالدى.

The accident was the driver's own fault and not the cyclist's (fault).

بۇ ھادىسە شوپۇرنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى، ۋېلسىپىتلىك كىشىنىڭ ئەمەس.

2) ماگىزىن، ئىمارەت، تۇرالغۇ قاتارلىق ئورۇنلار ئۈستىدە سۆزلەشكەندە، ھەمىشە ئىگىلىك كېلىش بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىم قىسقارتىۋېتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

While you are in town, please call at the butcher's (shop).
بازارغا كىرىپ قالساڭ، قاسساپنىڭ يېنىغا بارغاچ كېلەرسەن.
He has been staying for a few weeks at his uncle's (house).
ئۇ تاغىسىنىڭكىدە بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى تۇرۇۋاتىدۇ.

4. «of» شەكىللىك ئىگىلىك كېلىش ئىشلىتىلىدىغان جايلار

1) ئاساسلىقى، جانسىز نەرسە ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| the foot of the mountain | تاغ ئېتىكى |
| the title of the song | ناخشىنىڭ ئىسمى |
| the colours of the flowers | گۈللەرنىڭ رەڭگى |

2) جانلىق نەرسىنىڭ ئىسمىنى بىلدۈرگەندە، ئۇزۇنراق ئېنىقلىغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كەلسە، «of» شەكىللىك ئىگىلىك كېلىش بىلەنمۇ ئىگىدارلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ.

She is the mother of the boy who lives next door.
ئۇ ياندىكى ئۆيدە تۇرىدىغان بالىنىڭ ئانىسى.
Do you know the name of the girl standing at the gate?
دەرۋازىنىڭ يېنىدا تۇرغان قىزنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟

5. ئىگىلىك كېلىشنىڭ مەنىسى

1) كەڭ مەنە جەھەتتە ئىگىدارلىق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| a lady's handbag | بىر خانىمنىڭ قول سومكىسى |
| the cat's tail | مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقى |
| the walls of the house | ئۆينىڭ تاملىرى |
| the people of the whole world | پۈتۈن دۇنيا خەلقى |

2) ئىگە ـ خەۋەر، پېئىللىق تولدۇرغۇچى مۇناسىۋىتىنى (بولۇپمۇ، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن بىر سۆز پېئىللىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇم بىر ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا) بىلدۈرىدۇ.

a) ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت

| | |
|---|---|
| پېتىرنىڭ يېتىپ كېلىشى | Peter's arrival |
| خورازنىڭ قىچقىرىشى | the cock's crow |
| خەلقنىڭ قوللىشى | the support of the people |
| خېرىدارلار ئىشلىتىدىغان ماشىنا | a car for the use of guests |

b) پېئىللىق تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت

| | |
|---|---|
| بالىلار مائارىپى | children's education |
| شەھەرنىڭ خارابىلىشىشى | the destruction of the city |
| دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولۇشى | the failure of the enemy |

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

ئىگىلىك كېلىش بىلەن ئۇ ئۆزى ئېنىقلىغان ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت «ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت» بولۇشىمۇ، «پېئىللىق، تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت» بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

1. پەقەت «ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت» نىلا بىلدۈرىدىغان ئىگىلىك كېلىش شەكلى.

ئەگەر مەلۇم بىر ئىسىمغا مۇناسىپ كېلىدىغان پېئىل ئۆتۈمسىز پېئىل بولسا، ئىگىلىك كېلىش شەكلى پەقەت «ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت» نىلا بىلدۈرىدۇ.

the dog's bark ( = The dog barks. )

ئىتنىڭ قاۋىشى («bark» ھەم ئىسىم، ھەم ئۆتۈمسىز پېئىل.)

the death of Mr. White ( = Mr. White died)

ۋايىت ئەپەندىنىڭ ئۆلۈمى (death دېگەن ئىسىمغا مۇناسىپ كېلىدىغان پېئىل die بولۇپ، ئۆتۈمسىز پېئىلدۇر.)

2. ھەم «ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋەت» نى بىلدۈرىدۇ، ھەم «پېئىللىق تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت» نىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلدۈرىدۇ. the King's praise (《praise》 ھەم ئىسىم، ھەم ئۆتۈملۈك پېئىل) نىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار:

پادىشاھنىڭ مەلۇم بىر ئادەمگە بەرگەن ئىنئامى. (ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

He was pleased by the king's praise.

ئۇ پادىشاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكىنىدىن خۇشال بولدى.

مەلۇم بىر كىشىنىڭ پادىشاھقا بولغان مەدھىيىسى (پېئىللىق تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت)

He is always singing the King's Praise.

ئۇ ھەمىشە پادىشاھقا مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

+ the love of his wife (love ھەم ئىسىم، ھەم ئۆتۈملۈك پېئىل) نىڭمۇ ئىككى خىل مەنىسى بار: ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى سۆيىدۇ. (ئىگە ـ خەۋەرلىك مۇناسىۋەت)

He was happy in the love of his wife.

ئۇ ئايالىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن سۆيۈندى. ئۇنىڭ ئايالىغا بولغان مۇھەببىتى (پېئىللىق تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەت)

He did that for the love of his wife.

ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشى ئايالىغا بولغان مۇھەببىتى ئۈچۈندۇر.

3) ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| the city of new york | نيۇيورك شەھىرى |
| the month of may | 5 ـ ئاي (ماي) |

4) نەرسىلەرنىڭ تۈرىنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| a women's college | ئاياللار ئىنستىتۇتى |
| mother's love | ئانا مۇھەببىتى |
| a doctor's degree | دوكتورلۇق ئۇنۋانى |
| a summer's day | بىر ياز كۈنى |

5) نەرسىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلدۈرىدۇ.

| | |
|---|---|
| my unt's letter | ھاممامنىڭ خېتى |

| | |
| --- | --- |
| the wines of France | فرانسىيىنىڭ ئۈزۈم ھارىقى |
| | 6) مىقدارنى بىلدۈرىدۇ. |
| a year's absence | بىر يىل يوق بولۇش |
| a hundred miles'drive | 100 ئىنگلىز چاقىرىملىق يول |

## ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى
## (主语补语 Subject Complement)

ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى - جۈملىنىڭ ئىگىسىنى تولۇقلاپ چۈشەندۈرىدىغان قوشۇمچە بۆلەكىدۇر. ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى ئاساسي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. ئەسلىدە تولۇقلىغۇچى بولغان ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى**

تولۇقلىغۇچى قېتىش زۆرۈر بولغان بەزى جۈملە شەكلىنىڭ قۇرۇلمىسى مەجھۇل جۈملىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى تولدۇرغۇچىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان ئۈچ خىل جۈملە شەكلى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىگە + خەۋەر + تولدۇرغۇچى ( + as ) + سۈپەت/ئىسىم.

We considered Bob very capable.

Bob was considered very capable.

بوب ناھايىتى قابىلىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ.

He accepted me as his assistant.

I was accepted as his assistant.

مەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قوبۇل قىلىندىم.

2. ئىگە + خەۋەر + تولدۇرغۇچى + to be + ئىسىم/سۈپەت.

We found the man to be dishonset.

The man was found to be dishonset.

بۇ ئادەمنىڭ سەمىمىيەتسىز ئىكەنلىكى بايقالدى.

We supposed him to be a doctor.

He was supposed to be a doctor.

ئۇ بىر دوختۇر دەپ قارىلىدۇ.

3) ئىگە + خەۋەر + تولدۇرغۇچى + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى/پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كەلمەيدىغان ئېنىقسىز شەكلى.

بۇ خىلدىكى جۈملە شەكلى مەجھۇلغا ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى to نى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ.

We heard the children singing a Christmas song. The children were heard to sing a Christmas song.

كىشىلەر بالىلارنىڭ مىلاد بايرىمى ناخشىسى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

I have never heard him speak ill of others = He has never been heard to speak ill of others (by me).

ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلمايدۇ.

## 2. ئىگىنىڭ باشقا خىل قورۇلمىدىكى تولۇقلىغۇچىسى

ئىگە + ئۆتۈمسىز پېئىللىق قورۇلمىغا بېقىندىغان يەنە بىر خىل ئىگىنىڭ تولۇقلىغۇچىسى بار بولۇپ، پېئىلنى ئېنىقلايدىغان ھالەتكە بەك ئوخشاپ كېتىدۇ.

She used to sit silent for hours.

ئۇ ئولتۇرغان جايىدا سائەتلەپ جىم ئولتۇراتتى.

The beggar was lying dead in the snow.

تىلەمچى قار ئۈستىدە ياتقان پېتى ئۆلۈپتۇ.

He came home sick.

ئۇ ئۆيگە كېسەل پېتى قايتىپ كەلدى.

## ئىزچىللىق پېئىلى
## (持续动词 Durative verb)

ئىزچىللىق پېئىلى ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، talk, sit, lie, stand, remain, continue, work, go on, keep on قاتارلىقلار.

They talked and talked until midnight.

ئۇلار تاكى يېرىم كېچىگىچە پاراڭلاشتى.

Vingo sat there stunned, looking at the oak tree.

ۋىنگو ئولتۇرغان جايىدا كاۋچۇك دەرىخىگە قاراپ قېتىپلا قالدى.

He lay still in the bed and seemed very detached from what was going on.

ئۇ گويا ئەتراپىدىكى ھېچنېمىگە قىزىقمىغاندەك كارىۋاتتا جىممىدە ياتاتتى.

For two days, he remained near home after school.

ئىككى كۈندىن بېرى ئۇ مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ئۆيدىن نېرى كەتمەيدىغان بولدى.

## ئىزاھلىغۇچى
## (同位语 Appositive)

ئادەتتە پېئىلدىن كېيىن كېلىپ، گرامماتىكا جەھەتتە ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان باشقا بىر سۆز (ئالماش)، سۆز بىرىكمىسى، ئىبارە ياكى بېقىندى جۈملە ئىزاھلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىزاھلىغۇچى ئالدىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەكداش بۆلەك بىلەن پەش، قوش چېكىت، سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ ھەم تەكداش مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. ئىزاھلىغۇچىنىڭ رولى ئەگەر مىسال كەلتۈرۈش ياكى ئىزاھلاش بولسا، (ياكى) or ، for example (مەسىلەن)، (… غا ئوخشاش) such as ، (دەل مۇشۇ) that is ، (ئۆز ئىچىگە ئالماق، جۈملىدىن) including ، (بولۇپمۇ) particularly قاتارلىق سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ.

**1. ئىسىم (ئالماش) ئىزاھلىغۇچى بولىدۇ.**

Half an hour later, the second diver returned with the same report—nothing.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئىككىنچى غەۋۋاس ئوخشاش دوكلاتنى - ھېچنېمە تاپالمىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

Colour television breaks down the pictures into three colours—red, green, and blue.

رەڭلىك تېلېۋىزور سۈرەتنى ئۈچ خىل رەڭگە - قىزىل، يېشىل، كۆك رەڭگە ئايرىيدۇ.

A number of American presidents—including Lincoln, Rooswelt, and kennedy—had died in office.

بىر قانچە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى، جۈملىدىن لىنكولىن، روزۋېلت ۋە كېننېدىلار خىزمەت ئۈستىدە جان ئۈزگەن.

**2. سۆز بىرىكمىسى ياكى ئىبارە ئىزاھلىغۇچى بولىدۇ.**

Tom, normally a timid young man, jumped into the river to save the drowning boy.

توم - ئادەتتە ناھايىتى قورقۇنچاق بىر يىگىت، سۇغا چۆكۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرياغا سەكرىدى.

She likes her job, teaching English.

ئۇ خىزمىتىنى - ئىنگلىز تىلى دەرسى ئۆتۈشنى ياخشى كۆرىدۇ.

3. بېقىندى جۈملە ئىزاھلىغۇچى بولىدۇ.

We nust face the fact that we have spent all our money.

بىز پاكىتقا ـ پۇللىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ بولغانلىقىمىزغا تەن بېرىشىمىز (يۈزلىنىشىمىز) كېرەك.

The question whether he should confess troubled him.

ئوچۇقىنى ئېيتايمۇ ـ ئېيتمايمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

4. باشقا شەكىلدىكى ئىزاھلىغۇچى

ئىزاھلىغۇچى ئادەتتە ئىسىم ياكى ئىسىمغا تەڭداش كېلىدىغان سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلۈپ، ئۆزىنىڭ تەڭداش بۆلىكىدىن كېيىنلا كېلىمۇ، لېكىن بەزىدە باشقا سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئىزاھلىغۇچى گەۋدىلىك بولۇش ئۈچۈن بەزىدە جۈملە بېشى ياكى جۈملە ئاخىرىدا كېلىمۇ بولىدۇ.

Most visitors reach Scotland from the south, that is, from Eng land.

شوتلاندىيىگە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبتىن، يەنى ئەنگلىيىدىن كەلگەن.

Only one problem still remains—the shortage of the grain.

پەقەت بىرلا مەسىلە ـ ئاشلىق قىس بولۇش مەسىلىسى ئېشىپ قالدى.

# ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە
# (同位语从句 Appositive Clause)

جۈملىدە ئىزاھلىق تەڭداش بۆلەك ئورنىدا كېلىدىغان بېقىندى جۈملە ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ رولى ئالدىدىكى ئىسىمنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈش. شۇ سەۋەبتىن، پەقەت مەزمۇن ياكى مەنە

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن يەنىمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ئىسىم (ئادەتتە ئابستراكت ئىسىم) لا ئاندىن ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە ئەگەشتۈرۈپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، idea, fact, news, motion, doubt, hope, belief, thought, probability, likelihood, evidence, قاتارلىقلار.

**1. ئىسىم خاراكتېرلىك «that» لىك بېقىندى جۈملە ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە بولىدۇ.**

ئىزاھلىق بېقىندى جۈملىنىڭ كۆپىنچىسى that بىلەن باشلىنىدۇ. that پەقەت باغلاش رولىنىلا ئوينايدۇ، ئۆز ئالدىغا مەنە بىلدۈرەلمەيدۇ ھەمدە بېقىندى جۈملىدە جۈملە بۆلىكى بولالمايدۇ، ئەمما قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

He seconded my motion that the vote be postponed.

ئۇ مېنىڭ سايلامنى كېچىكتۈرۈش ھەققىدىكى پىكرىمنى قوللىدى.

There can be no doubt that you are the right person for the job.

شۈبھىسىزكى، سەنلا بۇ خىزمەتكە ماس كېلىدىغان ئادەم.

**2. ئىسىم خاراكتېرلىك «wh» لىق بېقىندى جۈملە ئىزاھلىق بېقىندى جۈملە بولىدۇ.**

بۇ خىلدىكى بېقىندى جۈملە پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى ئىسىم (مەسىلەن، idea, question قاتارلىقلار) نىڭ كەينىدىنلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق بېقىندى جۈملىنى باشلاپ كېلىدىغان مۇناسىۋەت سۆزى باغلاش رولىنى ئويناشتىن باشقا، يەنە لېكسىكىلىق مەنىسىمۇ بار ھەمدە بېقىندى جۈملىدە ھالەت بولىدۇ.

Have you any idea when she will come back?

ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

We ought to discuss the question how we shall improve our abilities.

قابىلىيىتىمىزنى قانداق ئۆستۈرۈشىمىز توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك.

# ئىنكار
## (否定 Negation)

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىنكار جۈملىدىكى ئىنكار سۆز، ئىنكار مەنىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان سۆز ياكى يوشۇرۇن ئىنكار سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىنكار خاراكتېرلىك ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. ئىنكار ـ تولۇق ئىنكار (Full Negation) قىسمەن ئىنكار (Partial Negation) قوش ئىنكار (Double Negation) ۋە ئىنكارنىڭ يۆتكىلىشى (Transferred Negation), قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنكارنى ئىشلەتكەندە، يېرىم ئىنكار سۆز (Seminegation Word) نىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

### 1. تولۇق ئىنكار

تولۇق ئىنكار مەلۇم بىر نەرسە ياكى ئەمەلىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، پۈت دەسسەپ تۇرىدىغانلىقىنى ياكى چىنلىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ.

It is not necessary to go over all of them.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قاراپ چىقىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق.

In neither case can I agree.

مەن ئىككى ھالەتنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمايمەن.

None of their promises have been kept.

ئۇلار ۋەدىسىنىڭ بىرىگىمۇ ئەمەل قىلمىدى.

### 2. قىسمەن ئىنكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسمەن ئىنكار مەلۇم بىر نەرسە ياكى ئەمەلىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، پۈت دەسسەپ تۇرۇشنى ياكى چىنلىقنى قىسمەن ياكى مەلۇم دەرىجىدە ئىنكار قىلىدۇ.

Not all his children are at school.

ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ ھەممىسى مەكتەپتە ئوقۇمايدۇ.

Both windows are not open.

ئىككى دېرىزىنىڭ ھەممىسىلا ئوچۇق ئەمەس.

### 3. قوش ئىنكار

قوش ئىنكار يەنە «ئىنكارنى ئىنكار قىلىش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە تەستىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

You can't buy things without money.

پۇل بولمىسا نەرسە سېتىۋالالمايسەن.

Light is not less necessary than air to a healthy condition of body.

يورۇقلۇقنىڭ تەن سالامەتلىك ئەھۋالىغا بولغان زۆرۈرىيىتى ھاۋادىن قېلىشمايدۇ.

### 4. ئىنكارنىڭ يۆتكىلىشى

ئىنكارنىڭ يۆتكىلىشى ئىنكار خاراكتېرلىك بېقىندى جۈملە ياكى ئىبارىدىكى ئىنكار مەنىنىڭ ئاساسىي پېئىلغا يۆتكىلىشىدەك ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

Sibyl doesn't seem to like you.

سىبىيل سىزنى ياخشى كۆرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

He doesn't think Anne is fit fo the job.

ئۇ ئاننىنى ئۇ خىزمەتكە ماس كەلمەيدۇ دەپ قارايدۇ.

I didn't leave college because I was tired of learning.

• مىنىڭ ئالىي مەكتەپتىن چىقىۋىلىشىم ئۆگىنىشتىن بەزگەنلىكىمدىن ئەمەس.

# ئىنتوناتسىيىنى چۈشۈرۈپ كۆتۈرۈش
## (降升调 Fall-rise)

ئىنتوناتسىيىنى چۈشۈرۈپ كۆتۈرۈش سېلىشتۇرۇش، قوشۇلماسلىق، رەددىيە بېرىش، ئۆز ئىچىگە ئېلىش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىنتوناتسىيىنى چۈشۈرۈپ، كۆتۈرۈشتە، ئىنتوناتسىيە ئاۋۋال چۈشۈپ ئاندىن كۆتۈرۈلىدۇ («√» ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ)، ئىنتوناتسىيىنى چۈشۈرۈپ - كۆتۈرۈش تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

**1. سېلىشتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.**

— Have Bob and Jane arrived?

بوب بىلەن جېين كەلدىمۇ؟

— V Jane's here, but √ <u>Bob</u> isn't.

جېين كەلدى، بوب كەلمىدى.

— V Do you both play tennis?

ھەر ئىككىڭلار پالاق توپ ئوينامسىلەر؟

— <u>I</u> do. But my √ <u>brother</u> doesn't.

مەن ئوينايمەن، لېكىن ئىنىم ئوينىمايدۇ.

**2. ئازراق باشقىچە قاراشتا ئىكەنلىكىنى ياكى يوشۇرۇن مەنە بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.**

— He is a very clever boy.

ئۇ بىر ئەقىللىق بالا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— Yes, he is ✓ clever. ( But not dilligent. )

شۇنداق، ئۇ ئەقىللىق. (لېكىن تىرىشچان ئەمەس)

— This novel is new.

بۇ يېڭى چىققان رومان.

— Yes, it is ✓ new. ( But it is not interesting. )

ھەئە، يېڭىلىقىغۇ يېڭى. (ئەمما قىزىقارلىق ئەمەس.)

3. قوشۇلماسلىق، رەددىيە بېرىش ۋە تۈزىتىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

— I can't do the job.

- بۇ خىزمەتنى مەن قىلالمىغۇدەكمەن.

- قىلالايسەن. — You ✓ can.

— You didn't attend the meeting this morning.

- سەن بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن يىغىنغا قاتناشمىدىڭ.

— I ✓ did.

- قاتناشتىم.

— Jack didn't pass the exam.

- جېك ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

— No, ✓ Allen didn't.

- ياق، ئاللېن ئۆتەلمىدى.

4. ئاگاھلاندۇرۇش ياكى كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

✓ Hurry. ( — you'll miss the train. )

تېزرەك بول. (بولمىسا پويىزغا ئۈلگۈرەلمەيسەن.)

Mind you don't ✓ fall.

يىقىلىپ كەتمىگىن يەنە.

Try and be there by ✓ <u>six.</u> (Otherwise it'll be too late.)

سائەت 6 دىن بۇرۇن ئۇ يەرگە بېرىپ بولساق بولاتتى. (بولمىسا بەك كەچ بولۇپ كېتىدۇ.)

## ئىنتوناتسىيە كۆتۈرۈش
## (升调 Rising Tone)

ئىنگلىز تىلىدىكى ئىنتوناتسىيە كۆتۈرۈلىدىغان جۈملىلەردە ئىنتوناتسىيە ئاۋۋال كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن پەسلەپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاساسىي ئۇرغۇ كۆتۈرۈلىدۇ (تۆۋەندىكى مىساللاردا كۆتۈرۈلىدىغان بوغۇم ئالدىغا «↗» نى قويۇش ئارقىلىق ئىنتوناتسىيە كۆتۈرۈش ئىپادىلىنىدۇ) ئىنتوناتسىيە كۆتۈرۈش تۆۋەندىكىدەك جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.

**1. گۇمانلىنىش ياكى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىكنى بىلدۈرىدىغان ئاددىي سوراق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.**

Are you ↗ sure?

مۇئەييەنلەشتۈرەلەمسەن؟

Has your pen been ↗ found?

قەلىمىڭ تېپىلدىمۇ؟

Have you met my brother be ↗ fore?

سەن ئىلگىرى مېنىڭ ئىنىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ باققانمۇ؟

Did you notice anything ↗ strange?

بىرەر غەيرىي ئەھۋالغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟

**2. سوراقنى بىلدۈرىدىغان بايان جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ.**

You ↗ want it? ئۇ ساڭا كېرەك؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

I have to make my decision ↗ here?

مەن مۇشۇ يەردە ئىرادە بىلدۈرۈشۈم كېرەكمۇ؟

He's ↗ gone? ئۇ كەتتى؟

You can't ↗ go? سەن بارالمايسەن؟

3. تاللانما سوراق جۈملىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاللانمىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى بۆلىكىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Was it ↗ red or ↗ blue or ↘ green?

قىزىلمۇ - كۆكمۇ ياكى يېشىلمۇ؟

Is he a ↗ German or ↘ Russian?

ئۇ گېرمانىيىلىكمۇ ياكى روسىيىلىكمۇ؟

Do you study ↗ English or ↘ French?

سەن ئىنگلىزچە ئۆگىنەمسەن ياكى فرانسۇزچىمۇ؟

4. سوراقنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە (قارشى مەنىلىك) سوراق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

You can ↘ swim, ↗ can't you?

سەن سۇ ئۈزەلەيسەن، شۇنداقمۇ؟

You're taking the exam in June, ↗ aren't you?

سىز 6 - ئايدا ئىمتىھانغا قاتنىشىسىز، شۇنداقمۇ؟

She'll be starting school next year, ↗ won't she?

ئۇ كېلەر يىلى مەكتەپكە كىرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

5. قارشى تەرەپتىن تەكرارلاشنى، ئۆتۈنۈشنى بىلدۈرىدىغان سوراق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

— Give me that newspaper, please!

- ئاۋۇ گېزىتنى ماڭا بېرىڭ؟

— ↗ What did you say? - نېمە دېدىڭىز؟

— Mary is twenty. ـ مارى 20 ياشقا كىردى.

— ↗ How old did you say she was?

ـ ئۇنى قانچە ياشقا كىردى دېدىڭىز؟

— My cup is broken. ـ ئىستاكانىم چېقىلىپ كەتتى.

— Your ↗ what is broken? ـ نېمىڭىز چېقىلىپ كەتتى؟

**6. جۈملىسى تېخى ئاخىرلاشمىغان ئىبارە ياكى مىساللاردا ئىشلىتىلىدۇ.**

I came ↗ home and began to do my ↘ homework.

مەن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن تاپشۇرۇق ئىشلەشكە باشلىدىم.

I like ↗ football, ↗ basketball, ↗ volleyball and ↘ baseball.

مەن پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبول ۋە كالتەك توپنى ياخشى كۆرىمەن.

The boy counted ↗ one, ↗ two, ↗ three, ↗ four, ↘ five.

بالىلار بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش دەپ ساندى.

**7. جۈملە بېشىدىكى ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ.**

One ↗ day, Cruse found a footprint in the ↘ sands.

بىر كۈنى كرۇس قۇملۇقتا بىر ئاياغ ئىزىنى بايقىدى.

A moment ↗ later, he came ↘ in.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ كىرىپ كەلدى.

Before I had time to open the ↗ door, he knocked ↘ again.

مەن تېخى ئىشىكنى ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئۇ يەنە ئىشىكنى چەكتى.

**8. ئەدەپ بىلەن ئۆتۈنگەندە ئىشلىتىلىدۇ.**

Take a ↗ seat. ئولتۇرۇڭ

Do come a ↗ gain. يەنە كېلەرسىز

Open the ↗ window. دېرىزىنى ئېچىۋەتسىڭىز بوپتىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

9. بۇيرۇق جۈملىدىن كېيىنكى قوشۇمچە سوراق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

Help me with this, ↗ will you?

ماڭا بۇنى قىلىشىپ بەر، بولامدۇ؟

Let's go for a walk, ↗ shall we?

سەيلە قىلىپ كېلەيلى، بولامدۇ؟

10. ئىنتوناتسىيە يېقىنچىلىق ۋە كۆڭۈل بۆلۈشنى بىلدۈرىدىغان ئالاھىدە سوراق جۈملىدە ئىشلىتىلىدۇ.

What are you ↗ doing?

نېمە ئىشلارنى قىلىپ كېتىۋاتىسەن؟

What's your ↗ name?

ئىسمىڭىز نېمىتى؟

# ي

## ياردەمچى پېئىل
## (助动词 Auxiliary Verb)

ياردەمچى پېئىلنىڭ مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىسى بولمايدۇ، جۈملىدە مۇستەقىل خەۋەر بولالمايدۇ. مەسىلەن، will, shall, have, do, be قاتارلىقلار. ئۇلار مۇستەقىل پېئىل ياكى باغلامچى پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ، زامان، دەرىجە، راي، ئىنكار، سوراق ياكى تەكىتلەش قاتارلىق گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئۆتەيدۇ.

He will be twelve next month.

كېلەركى ئايدا 12 ياشقا تولىدۇ.

They are given comfortable rooms and fine food.

ئۇلارغا ئازادە ئۆي، ئېسىل تاماقلار بېرىلدى.

I do not know what is to be done with this.

مەن بۇ ئىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىدىم.

ياردەمچى پېئىل يەنە ئاساسىي ياردەمچى پېئىل، زامان ياردەمچى پېئىلى ۋە تۈسلۈك ياردەمچى پېئىل قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئاساسىي ياردەمچى پېئىل be, do ۋە have لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (قالغان ئىككى خىل ياردەمچى پېئىلنى شۇ ئاتالغۇدىن كۆرۈۋېلىڭ.)

ئاساسىي يارەمچى پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار بولۇپ، ئىنكار سۆز not بىلەن بىللە كېلىپ ئىنكار شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

| ياردەمچى پېئىل | ھازىرقى زامان | ئۆتكەن زامان | ئىنكار شەكلى |
|---|---|---|---|
| be | am<br>is<br>are | was<br>were | am not, is not<br>are not, was not<br>were not |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

| | | | |
|---|---|---|---|
| do | do<br>does | did | do not, does not,<br>did not |
| have | have<br>has | had | have not, has hot<br>had not |

1. be نىڭ ئىشلىتىلىشى

1) be + پېئىلنىڭ ھازىرقى زامان تارماق شەكلى داۋاملىشىۋاتقان زامانلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

You were saying something when I stopped you.

سەن گەپ قىلىۋاتقاندا مەن گېپىڭنى ئۈزۈپ قويدۇم.

He is playing outside in the snow now.

ئۇ ھازىر سىرتتا قاردا ئويناۋاتىدۇ.

She was washing the windows of the store when I to her.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ دۇكاننىڭ دېرىزىسىنى يۇيۇۋاتقان ئىكەن.

2) be + پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان تارماق شەكلى مەجھۇل دەرىجە ھاسىل قىلىدۇ.

The battle sites are visited by many tourists.

نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ئۇرۇش مەيدانلىرىنى كۆرۈپ باققان.

The satellit was directed into an area known as manhattan.

سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىش نىشانلاشقان رايون مانخاتتان.

This period of freedom from teaching is called a "sabbatical leave".

دەرس ئۆتۈلمەيدىغان بۇ مەزگىل «دەم ئېلىش يىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

3) be + پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان ئېنىقسىز شەكلى خەۋەر ھاسىل قىلىپ، مەجبۇرىيەت، بۇيرۇق، ئورۇنلاشتۇرۇش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

Guests are to be back in the hotel by twelve o'clock.

مېھمانلار سائەت 12 دە مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىشى كېرەك.

No one is to leave this building without the per-mission of

the police.

ساقچىلارنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمنىڭ بۇ بىنادىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت يوق.

4) be دىن كېيىن about to, going to قاتارلىقلار ئۇلىنىپ كەلسە، كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتنى ياكى پىلان، مۇددىئا قاتارلىقلار بويىچە يۈز بېرىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.

You aren't going to die.

سەن ئۆلمەيسەن.

I was about to begin, but Mary spoke first.

مەن ئەمدى باشلاي دەپ تۇراتتىم، لېكىن مارى بىرىنچى بولۇپ سۆزلىۋالدى.

Then, just as they were about to pounce, something would catch their attention.

ئاندىن، ئۇلار ئەمدىلا تاشلىناي دەپ تۇرۇشىغا، بەزى نەرسىلەر ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

5) be نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى were/was + پېئىلنىڭ to ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغان ئېنىقسىز شەكلى ھەمىشە ئۆتكەن كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىش ياكى يۈز بېرىشى بېكىتىلىپ بولۇنغان ئىشنى بىلدۈرىدۇ.

She was to meet kurt at an agreed place on the street.

ئۇ كوچىدىكى كېلىشىۋالغان جايدا كۇرت بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان.

He was never to see his wife and family again.

ئۇ ئايالى، بالىلىرىنى ئەمدى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ.

6) be نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى were/was + پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلىنىڭ پۈتكەن شەكلى ئەسلىدە پىلانغا ئېلىنغان، ئەمما ئەمەلىيەتتە تېخى تاماملانمىغان ياكى رېئاللىققا ئايلانمىغان پىلان ياكى مۇددىئانى بىلدۈرىدۇ.

They were to leave travelled last week.

ئۇلار ئەسلىدە ئالدىنقى ھەپتە ساياھەتكە چىقماقچى ئىدى.

Rhoda was to have come with me for a ride in the motor

www.uyghurkitap.com

car.

رودا ماشىنىدا مەن بىلەن بىللە كەلمەكچى ئىدى.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. ياردەمچى پېئىل be بىلەن ياردەمچى پېئىل do بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدۇ، پەقەت be مۇستەقىل پېئىل ئورنىدا بۇيرۇق جۈملىدە ئىشلىتىلگەندە، ئاندىن ياردەمچى پېئىل do بىلەن بىللە كېلەلەيدۇ.

Do be quiet!

جىم تۇرۇڭ!

Don 't be silly!

ئەخمەقلىق قىلما!

2. be + ئىنفىنىتىۋ شەكىل بىلەن be + ئىنفىنىتىۋ شەكىلنىڭ پۈتكەن شەكلىنىڭ پەرقىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

He is also to write a volume of Chinese Fales for children.

ئۇمۇ باللار ئۈچۈن بىر جۇڭگو باللار چۆچەكلىرى يېزىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

I was to have seen him last wednesday.

مەن ئەسلىدە ئۆتكەن چارشەنبە كۈنى ئۇنى كۆرگىلى بارماقچى ئىدىم. (لېكىن، تېخى بارمىغان)

2. do نىڭ ئىشلىتىلىشى

1) سوراق جۈملە ياسايدۇ، مۇستەقىل پېئىل بىلەن بىللە ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

How do you feel, Jhone?

قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسەن، جون؟

Do you hear the rain pattering on the leaves?

سەن يامغۇرنىڭ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

Did you see the movie yesterday?

تۈنۈگۈن كىنو كۆردۈڭمۇ؟

2) not بىلەن بىللە ئىشلىتىلىپ ئىنكار شەكىل ياسايدۇ.

I don't like pop music.

مەن مودا مۇزىكىلارنى ياقتۇرمايمەن.

Why <u>don't</u> you try to sleep?

سەن نېمىشقا ئۇخلاشقا تىرىشىپ باقمايسەن؟

He <u>did not</u> care to meet these people.

ئۇ بۇ ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈشنى تازا خالىمايدۇ.

3) قايتۇرما سوراق جۈملە ياسايدۇ.

You understand that, <u>don't</u> you?

سەن ئۇنى بىلىسەن، ئۇنداق ئەمەسمۇ - يا؟

He doesn't like apple, <u>does</u> he?

ئۇ ئالمىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇنداقمۇ؟

1) not بىلەن بىللە كېلىپ ئىنكار بۇيرۇق جۈملە ياسايدۇ.

<u>Don't</u> be so noisy.

بۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار.

<u>Don't</u> be late for class again.

دەرسكە ئەمدى كېچىكمە.

5) بۇيرۇق جۈملە ۋە بايان جۈملىنىڭ تۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

I <u>do</u> hope you'll stay to luncheon.

چۈشلۈك تاماق يەپ كېتىشىڭىزنى ھەقىقەتەن ئۈمىد قىلىمەن.

Do work a little harder!

خىزمەتنى يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەڭلار!

6) hardly, never, only, scarcely, seldom, not only قاتارلىقلار بىلەن باشلىنىدىغان جۈملىلەردە ئىشلىتىلگەندە، تەتۈر تەرتىپ ھاسىل قىلىدۇ.

<u>Never did</u> we bow the knee to fascism.

بىز فاشىستلارغا ئەزەلدىن باش ئېگىپ باقمىغان.

But <u>very rarely</u> do we see a dead bird.

لېكىن، بىز قۇشلارنىڭ ئۆلۈكىنى ھەقىقەتەن كەمدىنكەم كۆرىمىز.

<u>Not only does</u> the sun give us light, but it gives us heat.

قۇياش بىزگە يورۇقلۇق بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە بىزگە ئىسسىقلىق ئاتا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

1. سوراق جۈملىدىكى سوراق سۆز جۈملىدە ئەگەر ئىگە بولسا، ياردەمچى پېئىل do نى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

Who said so? كىم شۇنداق دېدى؟

Who came first? كىم باشتا كەلدى؟

2. بايان جۈملە سوراق جۈملە ئورنىدا ئىشلىتىلگەندە (يەنى سۆز تۈركۈمى تەتۈر بولمىغان ئەھۋالدا) ياردەمچى سۆز do نى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

You said that? ئۇنى سەن دېگەنمۇ؟

I wonder if we realize just what those damages are?

بىزنىڭ مۇشۇ زىيانلارنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان - قىلمىغانلىقىمىزنى بىلگۈم بار.

Let's just go down into his basement and break down the door?

بىز ئۇنىڭ قازنىقىغا چۈشۈپ ئىشىكنى چاقساق قانداق؟

3. have نىڭ ئىشلىتىلىشى

1) پۈتكەن زامان ۋە پۈتكەن داۋاملاشقان زاماننى ياساشقا ياردەم بېرىدۇ.

You have not been abroad before, have you?

سەن ئەزەلدىن چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغان، شۇنداقمۇ؟

He has been setting aside 10 yuan every month in order to buy a tape-recorder.

بىز ئۇنىڭدىن ئالغۇ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇ ھەر ئايدا 10 يۈەن ئىقتىساد قىلىۋاتىدۇ.

2) پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلەن بىللە خەۋەر ھاسىل قىلىپ، ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبىدىن قىلمىسا بولمايدىغان بىر ئىشنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە must نىڭ ئورنىدا كېلىپ، مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ياكى قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

I had to walk very fast to get there before dawn.

ئۇ يەرگە سۈبھىدىن بۇرۇن بېرىپ بولۇش ئۈچۈن ناھايىتى تېز ماڭمىسام بولمايتتى.

The difference has to be made up by earnings from foreign investments.

پەرق چەت ئەل مەبلىغىدىن كەلگەن پايدا ئارقىلىق تولۇقلىنىشى كېرەك.

3) had rather, had better قاتارلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىپ، «ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ...»، «... گە رازى بولماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنكار شەكلى had rather not, had better not بولۇپ، شەكىلدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.

You 'd better go back to bed.

سەن ئەڭ ياخشىسى كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلا.

I 'd rather stay awake.

مەن يەنىلا ئويغاق تۇراي.

## يەككە ئىسىم
## (个体名词 Individual Noun)

يەككە ئىسىم مەلۇم تۈردىكى كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئىچىدىكى يەككىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، table, bridge, money, child قاتارلىقلار. بۇلار سانىغىلى بولىدىغان ئىسىمغا تەۋە.

Many new railways have been laid down in the past few years.

ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىلدا نۇرغۇن تۆمۈر يوللار ياسالدى.

Mrs. Smith has booked three tickets for theatre for Friday evening.

شىمىس خانىم جۈمە كۈنى كەچتىكى تىياتىرنىڭ بېلىتىدىن ئۈچنى زاكاس قىلدى.

An electronic computer can help us do a lot of work and save a lot of time and labour.

www.uyghurkitap.com

ئېلېكترونلۇق كومپيۇتېر بىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمىزنى قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ھەمدە بىزنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىمىز ۋە زېھنىمىزنى تېجەپ بېرىدۇ.

## يېرىم ئىنكار سۆز
## （半否定词 Semi-negation Word）

يېرىم ئىنكار سۆز تولۇق ئىنكارغا يېقىن كېلىدىغان ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزدۇر. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن scarcely (=almost not), hardly, barely, little (=almost no/nothing), few (=almost no) ۋە seldom, rarely قاتارلىقلار بار.

Few people can follow what he talks about.

ئۇنىڭ گەپلىرىنى ناھايىتى ئاز كىشىلا چۈشىنەلەيدۇ.

I like the country, but I have little opportunity of seeing it.

مەن ئۇ دۆلەتنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بېرىپ كۆرۈپ كېلىش پۇرسىتىم ناھايىتى ئاز.

I've hardly slept at all this week.

بۇ ھەپتە مەن تۈزۈككىنە ئۇخلاپ باقمىدىم.

[قىيىن نۇقتا تەھلىلى]

care, realize, guess, imagine, think, know قاتارلىق ھېس - تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار بىلەن بىللە ئىشلىتىلگەندە، little نىڭ «قىلچىمۇ، ئازراقمۇ» (=not at all) دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

They little suspect that their plot has been discovered.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى قىلچىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەندى.

Little does he care whether we live or die.

ئۇ بىزنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىمىزگە ئازراقمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

## يېرىم ياردەمچى پېئىل
## (半助动词 Semi-auxiliary)

يېرىم ياردەمچى پېئىل ياردەمچى پېئىللىق گراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ پېئىلنىڭ ئېنىقسىز شەكلى بىلەن ھاسىل قىلىنغان پېئىللىق ئىبارىنى مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئەمما مەنىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ. لېكىن يېرىم ئىنكار سۆزنى مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. دائىم ئۇچرايدىغان يېرىم ئىنكار سۆزلەردىن be certain to (چوقۇم)، tend to (ھەمىشە)، be to (ناتايىن)، unlikely to (كېرەك، ئويلىماق)، be bound to (قارىماققا)، seem to (چوقۇم)، be likely to (ئېھتىمال)، fail to (... غىلى بولمايدۇ، يوق) قاتارلىقلار بار.

He is certain to return.

ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ.

This experiment is unlikely to produce good results.

بۇ تەجرىبىدىن ياخشى نەتىجە چىقىشى ناتايىن.

Such men are to be pitied rather than despised.

بۇنداق ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىنىشى، ھەرگىزمۇ كەمسىتىلمەسلىكى كېرەك.

Most shopping-bag ladies seem to be between the age o 40 and 65.

سەرگەردان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى 40 ياشتىن 65 ياشقىچە كۆرۈنەتتى.

## يېقىننى ئاساس قىلىش پرىنسىپى
## (就近原则 Principle of proximity)

يېقىننى ئاساس قىلىش پرىنسىپى خەۋەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن بولغان ئىسىم، ئالماش ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ شەخسى ياكى سان جەھەتتە خەۋەر بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆپىنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

There be لىق جۈملىلەردە ۋە بەزى تەڭداش باغلىغۇچىلار بىلەن باغلانغان ئىككى ئىسىم (ئالماش) ئىگە بولىدىغان جۈملە شەكىللىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**1. there ۋە here بىلەن باشلانغان جۈملىلەردە**

There are some books and a note-book on the desk.

ئۈستەلدە بىر نەچچە پارچە كىتاب ۋە بىر خاتىرە بار.

There is an apple, two oranges and some grapes onthe plate.

تەخسىدە بىر تال ئالما، ئىككى تال ئاپېلسىن ۋە ئازراق ئۈزۈم بار.

Here is an invitation and some letters for you.

بۇ يەردە سىزنىڭ بىر باغىقىڭ ۋە بىر نەچچە پارچە خېتىڭ بار.

**2. تەركىبىدە تەڭداش باغلىغۇچى بار بولغان ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ئىگە بولغاندا**

بۇنداق تەڭداش باغلىغۇچى كۆپىنچە ھاللاردا ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن except, not (only)··· but(also), neither ··· nor, either ··· or, or قاتارلىقلار بار.

Were you or he there?

شۇ چاغدا ئۇ يەردە سەن بارمىتىڭ ياكى ئۇمۇ؟

Either you or I am to go.

سەن بارمىساڭ، مەن بارىمەن.

Neither I nor he knows.

مەنمۇ، ئۇمۇ بىلمەيدۇ.

Neither the prices nor the quality has changed.

باھاسىمۇ، سۈپىتىمۇ ئۆزگەرمىدى.

Not one except his own supporters agree with him.

ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن باشقا، ئۇنىڭ پىكرىگە ھېچكىم قوشۇلمايدۇ.

# يىل، ئاي، كۈنناملىرىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى
(年/月/日表达法 Expression of Year/Month/Date)

**1. يىل**

567 (in) five hundred and sixty-seven-(in) دەپ ئاتىلىدۇ.

1865 (in) eighteen sixty-five-(in) دەپ ئاتىلىدۇ.

1900 (in) nineteen hundred-(in) دەپ ئاتىلىدۇ.

2000 (in) two thousand-(in) دەپ ئاتىلىدۇ.

1970's ياكى 1970s —/'nain'ti:n'seventiz/ (70 - يىللار) دەپ ئوقۇلىدۇ.

**2. ئاي**

ئاي نامىنىڭ بىرىنچى ھەرىپ چوڭ يېزىلىدۇ. «مەلۇم بىر ئايدا» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىمەكچى بولغاندا، ئاينىڭ ئالدىغا in قېتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| 1 - ئاي (دا) | (in) January |
| 8 - ئاي (دا) | (in) August |

ھەر قايسى ئايلارنىڭ ناملىرى ۋە ئۇنىڭ قىسقارغان شەكلى

| | | |
|---|---|---|
| 1 - ئاي | Ja ياكى Jan. | January |
| 2 - ئاي | FEB. | February |
| 3 - ئاي | Mar. | March |
| 4 - ئاي | Apr. | April |
| 5 - ئاي | | May |
| 6 - ئاي | Iun. | June |
| 7 - ئاي | Jul. | July |
| 8 - ئاي | Aug. | August |
| 9 - ئاي | Sep. ياكى Sept. | September |
| 10 - ئاي | Oct. | October |
| 11 - ئاي | Nov. | November |
| 12 - ئاي | Dec. | December |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**3. كۈن**

تەرتىپ سان (ئالدىدا چوقۇم the كېلىدۇ) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ؛ «مەلۇم بىر كۈن» دېگەننى ئىپادىلىگەندە ئالدىدا ئالدى قوشۇلغۇچى on ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| (on) the third | 3 ـ كۈنى (3 ـ چېسلا) |
| (on) the seventeenth | 17 ـ كۈنى (17 ـ چېسلا) |
| (on) the twenty second | 22 ـ كۈنى (22 ـ چېسلا) |

**مەلۇم يىل، مەلۇم ئاي، مەلۇم كۈننى ئىپادىلەش ئۇسۇلى.**

(in) July 1966 ← (in) July nineteen sixty-six دەپ ئوقۇلىدۇ.

(on) March 8 (th), 1990 ← (on) March (the) eighth nineteen ninety (1990 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) دەپ ئوقۇلىدۇ.

بۇنى مۇنداقمۇ ئىپادىلەشكە بولىدۇ:

8 (th) March, 1990

(on) the eighth of March nineteen ninety — (on)

(1990 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى).

8/3/90 ياكى 8،3،90 (ئەنگلىيىچە) (90 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، 3/8/90 ياكى 3،8،90 (ئامېرىكىچە)، (90 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى).

In 1849 a company was established in Sprendlingen.

1849 ـ يىلى سىپرېندالىگىندا بىر شىركەت قۇرۇلدى.

## قوشۇمچە:

كۆپ ئۇچرايدىغان قائىدىسىز پېئىللار جەدۋىلى

| Infinitive<br>ئېنىقسىز<br>شەكلى | Past Tense<br>ئۆتكەن زامان<br>شەكلى | Past Participle<br>ئۆتكەن زامان<br>ئارماق شەكلى |
| --- | --- | --- |
| arise | arose | arisen |
| awake | awoke | awoke, awaked |
| be (am, is, are) | was, were | been |
| bear | bore | borne, born |
| beat | beat | beaten |
| become | became | become |
| befall | befell | befallen |
| begin | began | begun |
| bend | bent | bent |
| bet | bet, betted | bet, betted |
| bind | bound | bound |
| bite | bit | bitten, bit |
| bleed | bled | bled |
| blow | blew | blown |
| break | broke | broken |
| bring | brought | brought |
| broadcast | broadcast, broadcasted | broadcast broadcasted |
| build | built | built |
| burn | burnt, burned | burnt, burned |
| burst | burst | burst |
| buy | bought | bought |
| cast | cast | cast |
| catch | caught | caught |
| choose | chose | chosen |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| cling | clung | clung |
| clothe | clothed, clad | clothed, clad |
| come | came | come |
| cost | cost | cost |
| creep | crept | crept |
| cut | cut | cut |
| deal | dealt | dealt |
| dig | dug | dug |
| do | did | done |
| draw | drew | drawn |
| dream | dreamed, dreamt | dreamed dreamt |
| drink | drank | drunk |
| drive | drove | driven |
| dwell | dwelt, dwelled | dwelt dwelled |
| eat | ate | eaten |
| feel | felt | felt |
| fight | fought | fought |
| find | found | found |
| flee | fled | fled |
| fling | flung | flung |
| fly | flew | flown |
| forbid | forbade, forbad | forbidden |
| foresee | foresaw | foreseen |
| foretell | foretold | foretold |
| forget | forgot | forgootten, forgot |
| forgive | forgave | forgiven |
| freeze | froze | frozen |
| get | got | got, gotten |
| give | gave | given |

| | | |
|---|---|---|
| go | went | gone |
| grind | ground | ground |
| grow | grew | grown |
| hang | hung, hanged | hung, hanged |
| have | had | had |
| hear | heard | heard |
| hide | hid | hidden, hid |
| hit | hit | hit |
| hold | held | held |
| hurt | hurt | hurt |
| keep | kept | kept |
| kneel | knelt, kneeled | knelt, kneeled |
| know | knew | known |
| lay | laid | laid |
| lead | led | led |
| leap | leapt, leaped | leapt, leaped |
| learn | learnt, learned | learnt, learned |
| leave | left | left |
| lend | lent | lent |
| let | let | let |
| lie | lay | lain |
| light | lit, lighted | lit, lighted |
| lose | lost | lost |
| make | made | made |
| mean | meant | meant |
| meet | met | met |
| mislead | misled | misled |
| mistake | mistook | mistaken |
| misunderstand | misunderstood | misunderstood |
| outgrow | outgrew | outgrown |
| overcome | overcame | overcome |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| overhear | overheard | overheard |
| pay | paid | paid |
| prove | proved | proved, proven |
| put | put | pnt |
| quit | quitted, quit | quitted, quit |
| read | read/red/ | read/red/ |
| retell | retold | retold |
| rid | rid, ridden | rid, ridded |
| ride | rode | ridden |
| ring | rang | rung |
| rise | rose | risen |
| run | ran | run |
| say | said | said |
| see | saw | seen |
| seek | sought | sought |
| sell | sold | sold |
| send | sent | sent |
| set | set | set |
| shake | shook | shaken |
| shave | shaved | shaved, shaven |
| shine | shone, shined | shone, shined |
| shoot | shot | shot |
| show | showed | shown, showed |
| shrink | shrank, shrunk | shrunk, shrunken |
| shut | shut | shut |
| sing | sang, sung | sung |
| sink | sank | sunk, sunken |
| sit | sat | sat |
| sleep | slept | slept |
| slide | slid | slid, slidden |
| smell | smelt, smelled | smelt, smelled |

| | | |
|---|---|---|
| sow | sowed | sown, sowed |
| speak | spoke | spoken |
| speed | sped, speeded | sped, speeded |
| spell | spelt, spelled | spelt, spelled |
| spend | spent | spent |
| spin | span, spun | spnn |
| spit | spat, spit | spat, spit |
| split | split | split |
| spread | spread | spread |
| spring | sprang, sprung | sprung |
| stand | stood | stood |
| steal | stole | stolen |
| stick | stuck | stuok |
| sting | stung | stung |
| stride | strode | stridden, strid |
| strike | struck | struck, stricken |
| string | strung | strung |
| sweep | swept | swept |
| swim | swam | swum |
| swing | swung | swung |
| take | took | taken |
| teach | taught | taught |
| tear | tore | torn |
| tell | told | told |
| think | thought | thought |
| throw | threw | thrown |
| understand | understood | understood |
| wake | waked, woke | waked, woken<br>woke |
| wear | wore | worn |
| weave | wove | wove, woven |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| weep | wept | wept |
| wet | wetted, wet | wetted, wet |
| win | won | won |
| wind | winded, wound | winded, wound |
| withdraw | withdrew | withdrawn |
| work | worked, wrought | worked, wrought |
| write | wrote | written |

مەسئۇل مۇھەررىرى:   خۇرشىدە ئابدۇرېھىم ھاجى
مەسئۇل كوررېكتورى:   رەيھان نۇر

# جانغا ئەسقاتىدىغان سەرخۇش ئىنگلىز تىلى گراماتىكىسى

تۈزگۈچى:   زۇلپىقار بارات ئۆزباش

---

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66-قورۇ، پوچتا نومۇرى 830001)
ئۈرۈمچى شىنشىي مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
ئۈرۈمچى ئورخون مەتبەئەچىلىك مەركىزىدە تىزىلدى
850×1168 مىللىمېتىر، 32 فورمات، 23.5 باسما تاۋاق
2004-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلدى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—5372—3768—9

---

باھاسى: 36 يۈەن